ۋۇ چېڭئېن

# غەربكە ساياھەت



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن تەربىيىلىنىش تېز ئوقۇشلۇقى
جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن بەھرىلىنىش

# غەربكە ساياھەت


ۋۇ چېڭئېن (مىڭ سۇلالىسى)
قىسقارتىپ يازغۇچى: جياڭ تىڭخۇەي
تەرجىمە قىلغۇچى: ياسىن سېيىت ئارچىن





مىللەتلەر نەشرىياتى

# مۇھەررىردىن

قەدىمكىلەردە: «تۇمەن چاقىرىملىق مۇساپىنى بېسىپ بولۇش، تۇمەن توملۇق كىتابنى ئوقۇپ تۇگەتكەن بىلەن باراۋەر» دېگەن گەپ بار. بۇ دېگەنلىك ئادەم ئىلىمدە ئۆزىنى كامالەتكە يەتكۈزۈشى، مەنىۋىيتىنى بېيىتىشى كېرەك، دېگەنلىكتۇر. هازىرقى چاغدا تۇمەن چاقىرىملىق يولنى باسماق ئاسان، چۈنكى قاتناش قوراللىرى قولاي. بىراق تۇمەن توملۇق كىتابنى ئوقۇپ تۇگەتمەك دېمەككە نېمىدىگەن ئاسان - ھە؟ هاياتنىڭ مۇشكۇل ھەم قىسقا ئىكەنلىكىنى دېمەي تۇرايلى، چامىمىزنىڭ يېتىشىچە ئوقۇپ تۇگەتكەن كىتابلىرىمىز ئېھتىمال كىتابنىڭ هاسىل بولغان «تاغ» نىڭ بىر بۇرجىكىگە، كىتابتىن هاسىل بولغان «دېڭىز» نىڭ بىر قەترىسىگىمۇ تەڭ كەلمەس، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەر كۇنى كۆپلىگەن يېڭى كىتابلار نەشر قىلىنىۋاتىدۇ، كىتابتىن هاسىل بولغان «تاغ» بارغانسېرى ئېگىزلىمەكتە، كىتابتىن هاسىل بولغان «دېڭىز» داۋاملىق كېڭىيىپ بارماقتا. بۇ هال قانداق قىلغاندا چەكلىك ۋاقىت ۋە زېھنىي كۇچنى سەرپ قىلىپ نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇپ تۇگەتكىلى بولىدۇ، دېگەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. مۇشۇ سەۋەبتىن بىز «جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن هۇزۇرلىنىش» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۇزۇپ چىقتۇق.

بۇ بىر يۇرۇش مەجمۇئەگە قەدىمكى، بۇگۇنكى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ تەسىرى چوڭقۇرراق 175 پارچە (200 قىسىم) ئەدەبىي ئەسىرى تاللاپ كىرگۈزۇلدى. ھەربىر ئەسەر: يازغۇچىنىڭ تەرجىمىھالى، ئەسەرنىڭ قىسقارتىلمىسى ۋە ئەسەردىن (ئەسلىي ئەسەر) هۇزۇرلىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرى ئۆزگىچىلىككە ئىگە مەشهۇر ئەسەرلەر، بەزى-

لىرى بىر مەزگىل ياكى ئوخشاش تۈردىكى ئەسەرلەر ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسەرلەر، بۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندا، ئاتاقلىق يازغۇچىلار ۋە مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىۋالغىلى، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكىلى، بىلىمىنى چوڭقۇرلاشتۇرغىلى ۋە ئەدەبىي جەھەتتىكى ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىشنى ئالدىنقىلار خېلى بۇرۇنلا قىلغان. ئۇلار شۇ ئەسەرلەرنىڭ «قىسقىچە چۈشەندۈرۈشى»، «ئاساسىي مەزمۇنى» قاتارلىق كىتابلارنى نەشر قىلدۇرۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ كىتابتىن ھاسىل بولغان «تاغ»قا يامىشىپ چىقىشى، كىتابتىن ھاسىل بولغان «دېڭىز»دا بەھۇزۇر ئۈزۈشى ئۈچۈن يول ھازىرلاپ بەرگەن. بىز ئالدىنقىلارنىڭ رىغبىتى بىلەن ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ ئوقۇشىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى قايتىدىن رەتلەپ تۈزۈپ چىقتۇق. ئەسلىي ئەسەرنى شۇ ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكى ۋە بەدىئىيلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا قىسقارتىشقا تىرىشتۇق. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەسەردىن ھۇزۇر ئېلىشى ئۈچۈن مۇتەخەسسىسلەرنى كىرىش سۆز يېزىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدۇق. بۇنداق بولغاندا، ئوقۇرمەنلەر ئاز ئەجىر قىلىپ كۆپ مەنپەئەتكە ئېرىشەلەيدۇ.

بۇ بىر يۈرۈش مەجمۇئەنىڭ تەھرىرلىك خىزمىتى ئانچە ئىنچىكە ئىشلەنمەي قالغان، ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆڭلىدىكىدەك چىقماي قالغان يەرلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ، بىزگە ئەسەر تاللىشىپ ھەم ئەسەرلەرگە تەھلىل يېزىپ بەرگەن يازغۇچىلارغا رەھمەت ئېيتىمىز. ئۇلارنىڭ خىزمىتى قارىماققا ئاددىيدەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمما «كىتاب دېڭىزى»دىن ياخشى ئەسەرلەرنى «سۈزۈپ ئالماق» ئانچە يەڭگىل ئىش ئەمەس.

بۇ بىر يۈرۈش مەجمۇئەلەرنىڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان كۆڭۈللۈك دوستىغا ئايلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

# يازغۇچىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

ۋۇ چېڭئېن (1500 — 1582)، تەخەللۇسى رۇجوڭ، يەنە بىر ئىسمى شېياڭ شەنرېن، جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ خۇەيئەن ناھىيىسىدىن. ئۇ چۇشكۇنلىشىپ كىچىك تىجارەتچى بولۇپ قالغان قەلەمدار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.

ۋۇ چېڭئېن كىچىكىدىنلا ئەقىللىق ھەم زېرەك ئىدى، ھېكايە - ئەپسانىلەرنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇيتتى، كۆپ كىتاب ئوقۇغاچقا، رېئاللىقتىن نارازى ئىدى. ۋۇ چېڭئېننىڭ ئەمەلدارلىق ئىمتىھانى سورۇنىدا ئۆتكەن ھاياتى تازا ئوڭۇشلۇق بولمىغان، شۇڭا قىرىق ياشتىن ئاشقاندىلا «تالىپ» بولالىغان. شۇڭا، ئىمتىھاندىن رايى قايتىپ كەتكەن، ئۆزى ئېغىر كۈندە قالغان. پات - پاتلا بايلىق ۋە مەرتىۋىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىدىغان چاكىنا كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچراپ تۇرغانلىقتىن، ئەمەلدارلار سورۇنىدىكى، ئىمتىھان مەيدانىدىكى چىرىكلىك ۋە كىشىلەر ئارىسىدىكى سوغۇق مۇناسىۋەتلەرنى چوڭقۇر چۈشەنگەن ھەم بۇنىڭدىن نەپرەتلەنگەن. ئۇ كۆڭلى تۈز، قەيسەر، خۇشامەتتىن خالىي ئادەم ئىدى. كېيىن ئۇ چاڭشىڭ ناھىيىسىنىڭ يامۇل مىرزىسى بولغان، ئەمما ئەمەلدارلارغا خۇشامەت قىلىشنى خالىماي ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرگەن.

ۋۇ چېڭئېن ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا شاراب ئىچىپ شېئىر يېزىشقا بېرىلىپ كېتىپ، ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ كىتاب ئوقۇيدىغان بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئىنتايىن نەپىس. «غەربكە ساياھەت» ناملىق رومانىدا، ئۇ سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئەرشنى مالىمان قىلىشىدىن ئىبارەت ۋەقەلىك ئارقىلىق، فېئو-

داللىق تۇزۇمگە بولغان كۇچلۇك نارازىلىقنى ئىپادىلىگەن. ئۇنىڭ ئىجادىيەتلىرى تولىمۇ كۆپ، بىراق نامرات ۋە بالا ـ چاقىسى بولمىغانلىقتىن، نۇرغۇن قولىيازمىلىرى يوقىلىپ كەتـ كەن. ئۇنىڭ «غەربكە ساياھەت» تىن باشقا، كېيىنكىلەر توپلىـ غان «شىياڭ ئەپەندىنىڭ قولىيازمىلىرى» (تۆت توم) ناملىق ئەسىرى بار.

# مۇندەرىجە

1 - باب تاشتىن تۆرەلگەن ھۆر جامال مايمۇن پادى-
شاھنىڭ داۋ ئىلمىنى ئۆگەنگەنلىكى .................. 1
2 - باب مىراخور سۇن ۋۇكۇڭنىڭ پەلەك تەڭدىشى
ئەۋلىيا ئەزەملىككە ئېرىشكەنلىكى .................. 6
3 - باب پىرونۇس شاپتۇلى بەزمىسىدە ئەرشنى
مالىمان قىلىش .................. 12
4 - باب ئالۋاستى مايمۇننىڭ ئەل بولۇپ شەپقەتكار
بۇدساتۋانىڭ يارلىقىنى قوبۇل قىلغانلىقى .................. 16
5 - باب پالچىنىڭ چۈشىدە ئەجدىھا پادىشاھنى ئۆل-
تۈرۈپ، تاڭ تەيزۇڭنى تىرىلدۈرگەنلىكى .................. 22
6 - باب تاڭ پادىشاھى راھىب تاللىغان چاغدا
شەپقەتكار بۇدساتۋانىڭ پەيدا بولغانلىقى .................. 27
7 - باب سەنزاڭنىڭ سەپەر ئۈستىدە خىسلەتلىك ئۈچ
شاگىرت قوبۇل قىلغانلىقى .................. 31
8 - باب سەنزاڭنىڭ ئەجدىھا ئاتقا ئىگە بولۇپ، كاسا-
ياسىنى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويغانلىقى .................. 37
9 - باب شەپقەتكار بۇدساتۋانىڭ ئىبلىسنى قوبۇل قىلى-
شى ۋە سۇن دانىشنىڭ ئالۋاستىنى يوقاتقانلىقى ... 42
10 - باب خۇاڭفېڭ چوققىسىدا جۇباجيېنىڭ ئۈستۈن-
لۈك تالاشقانلىقى .................. 51
11 - باب ليۇشاخې دەرياسى بويىدا ۋۇجىڭنىڭ ئەل
بولغانلىقى .................. 58

12 ـ باب ئۆلارنىڭ دىيانىتىنى شەپقەتكار بۆدساتۋا-
نىڭ ئەپچىللىك بىلەن سىنىغانلىقى ............... 62
13 ـ باب ۋۆكوۆڭنىڭ ئادەمگىياھ مېۋىسىنى ئوغرى-
لىقچە يەۋېلىپ ۋۆجۋاڭ ئىبادەتخانىسىنى مالىمان
قىلغانلىقى ............................. 66
14 ـ باب سۈن ۋۆكوۆڭنىڭ پاسىق سۆڭەك ئالۋاستىغا
ئۈچ قېتىم زەربە بەرگەنلىكى ............... 73
15 ـ باب تاڭ سېڭنىڭ پالاكەتكە يولۇققان مەلىكىنىڭ
مەكتۇپىنى دادىسىغا يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكى ......... 79
16 ـ باب سۈن ۋۆكوۆڭنىڭ قاتتىق ئېلىشىپ ئالۋاستى-
نى بويسۇندۇرغانلىقى ......................... 85
17 ـ باب سۈن ۋۆكوۆڭنىڭ خاسىيەتلىك قاپاقنى ئالداپ
ئېلىۋالغانلىقى ........................... 88
18 ـ باب ئالۋاستى موماي بىلەن قېرى ئالۋاستىنىڭ
جېنىدىن جۇدا بولغانلىقى ....................... 96
19 ـ باب تاڭ سېڭنىڭ كۆرگەن چۈشى بىلەن پادى-
شاھنىڭ قايتا تىرىلگەنلىكى ..................... 103
20 ـ باب شەپقەتكار بۆدساتۋانىڭ ئوتنى ئۆچۈرۈۋال-
غانلىقى ۋە خۇڭ خەيئېرنىڭ بەيئەت قىلغانلىقى ... 111
21 ـ باب خېيشۇي دەرياسى ئىلاھىنىڭ ئالۋاستىنى
بويسۇندۇرغانلىقى ............................ 119
22 ـ باب ئۈچ سۈزۈك ئىبادەتخانىسىدا سۈيدۈكنىڭ
دېمىدە سۈيى بولۇپ قالغانلىقى ............... 123
23 ـ باب ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ ئالۋاس-
تىلارنى پەم بىلەن يوقاتقانلىقى ............... 125
24 ـ باب چېنجۋاڭ كەنتىدە بالىلارنى قۇتۇلدۇرۇش
ۋە شەپقەتكار بۆدساتۋانىڭ سېۋەت كۆتۈرۈشى ...... 132
25 ـ باب ئالتۇن قاپ غارىدا ئەۋلىيا پېشۋانىڭ كۆك
كالىنى يوقاتقانلىقى ........................... 139

26 ـ باب هامىلدار بولۇپ قالغان تاڭ سېڭىنىڭ
كىركەك قۇرت ئالۋاستىغا ئۇچراپ قالغانلىقى ... 149
27 ـ باب سەنزاڭنىڭ ئۈچ قاراقچىنى يوقاتقان سۇن
داننىشنى ھەيدىۋەتكەنلىكى ........................ 158
28 ـ باب سۇن ۋۇكۇڭنىڭ يالغان مايمۇننى
يوقاتقانلىقى ........................... 164
29 ـ باب سۇن دەرۋىشنىڭ يالقۇنتاغدا بانان
يەلپۈگۈچنى ئارىيەت ئالغانلىقى ............... 168
30 ـ باب سېرىق كۆز مەخلۇقنىڭ ئوغرىلاپ
كېتىلگەنلىكى............................ 172
31 ـ باب ئالتۇن ئۆڭلۈك ئىبادەتخانىدا مۇنار سۈپۈ-
رۈپ بۇددا گۆھىرىنى قولغا چۈشۈرۈش ......... 177
32 ـ باب تاڭ سېڭىنىڭ گۈلدۈرماما ئىبادەتخانىسىدا
پالاكەتكە يولۇققانلىقى .................... 184
33 ـ باب جۇباجيېنىڭ سېسىقچىلىققا تولغان جىلغىدا
ھەيۋە كۆرسەتكەنلىكى ..................... 192
34 ـ باب جۇزىگو دۆلىتىنىڭ پادىشاھىنى داۋالاپ
ساقايتىش............................. 196
35 ـ باب سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئالتۇن قوڭغۇراقنى پەم
بىلەن قولغا چۈشۈرگەنلىكى ............... 200
36 ـ باب جۇباجيېنىڭ مەشۇت غارىغا شەيدا بولۇپ
قالغانلىقى ......................... 207
37 ـ باب سۇن ۋۇكۇڭنىڭ شىتو غارىدا خاسىيەتلىك
شىشىنىڭ سىرىنى ئېچىپ تاشلىغانلىقى ......... 214
38 ـ باب سۇن ۋۇكۇڭنىڭ جۇباجيېنى ئەخمەق قىلـ
غانلىقى ......................... 220
39 ـ باب بىچيۇ دۆلىتىدە ئالۋاستىنى يوقىتىپ بالـ
لارنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ...................... 228

40 ـ باب  تاڭ سېڭنىڭ تۇۋسىز غارغا سولىنىپ قالغانلىقى .................................. 233
41 ـ باب  ئەرش پادىشاھىغا ئەرز قىلىپ ئايال ئالۋاستىنى يوقىتىش .............................. 236
42 ـ باب  سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئوردا ئەھلىنى پەم بىلەن تاقىرباش قىلىۋەتكەنلىكى ....................... 242
43 ـ باب  ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ ھالقىسىمان غاردا پالاكەتكە ئۇچرىغانلىقى ............ 247
44 ـ باب  سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئەۋلىيا سۇمۇرغ ئايمىقىدا خاسىيەتلىك يامغۇر ياغدۇرغانلىقى .......... 253
45 ـ باب  سۇن ۋۇكۇڭنىڭ يۇيخۇا ناھىيىسىدە شىر ئالۋاستى بىلەن ئېلىشقانلىقى ..................... 257
46 ـ باب  يۈەنشياۋ بايرىمىدا تۆت يۇلتۇزلۇق ئەۋلىيانىڭ كەركىدان ئالۋاستىنى تۇتقانلىقى ...... 267
47 ـ باب  توشقان مەلىكە ................................ 273
48 ـ باب  دىلىڭ ناھىيىسىدە قاراقچى ئاتىلىپ ئۇۋالچىلىققا قېلىش ................................ 283
49 ـ باب  كامالەتكە يېتىپ ساكيامۇنىنىڭ دەرگاھىغا بېرىش ........................................ 289
50 ـ باب  سەكسەن بىر مۇشكۇلاتنى تۈگىتىپ ئەۋلىيا بولۇش ........................................ 294
«غەربكە ساياھەت» (ئەسلىي ئەسەر) دىن بەھرىلىنىش... 300

# 1 ـ باب    تاشتىن تۆرەلگەن ھۆر جامال مايمۇن پادىشاھنىڭ داۋ ئىلمىنى ئۆگەنگەنلىكى

بۇرۇنقى زاماندا دۇنيا شەرقىي پۇرۋاۋىدىخا، غەربىي گۇدا، جەنۇبىي جامبۇدۋىپا، شىمالىي كۇرۇدۋىپا دەپ تۆت ئىقلىمغا بۆلۈنگەن ئىكەن. مەزكۇر كىتابتا بايان قىلىنغان ۋەقەلىك شەرقىي پۇرۋاۋىدىخادا بولغان.

شەرقىي پۇرۋاۋىدىخادا ئاۋلەي دۆلىتى دېگەن بىر دۆلەت بار ئىكەن، بۇ دۆلەت دېڭىز بويىغا جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز ئوتتۇرىسىدا خۇاگوشەن دەپ ئاتىلىدىغان بىر تاغ، تاغدا ئېگىزلىكى ئۈچ جاڭ ئالتە يېرىم چى، ئايلانمىسى ئىككى جاڭ تۆت چى كېلىدىغان ئالامەت يوغان بىر تاش بار بولۇپ، بۇ تاشتا توققۇز دانە تۆشۈك بار ئىدى. ئىقلىم بىنا بولغاندىن بېرى بۇ تاش ئاسمان ـ زېمىننىڭ مۆجىزىلىك كۈچى بىلەن كۈنسايىن تاۋلىنىپ، خىسلەتلىك تاشقا ئايلاندى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئالامەت يوغان تاش يېرىلىپ، ئۇنىڭدىن بىر تاش تۇخۇم ئۇچۇپ چىقتى، بۇ تاش تۇخۇم نۇرغۇن بوران ـ چاپقۇنلارنى باشتىن كەچۈرۈپ بىر مايمۇنغا ئايلاندى. بۇ مايمۇننىڭ بەش ئەزايى بېجىرىم، پۇت ـ قوللىرى ساق ئىدى. ئۆمىلەپ ھەم ئۆرە تۇرۇپ ماڭالايتتى. كۆزلىرىدىن ئالتۇن نۇرلار چاقنايتتى. ئۇ كۈن بويى گۈل ـ گىياھ ۋە مېۋىلەرنى ئۈزۈپ يەپ، ياۋايى ھايۋان ھەم باشقا مايمۇنلار بىلەن بىللە يۈرەتتى.

يازنىڭ بىر كۈنى ئۇ بىر توپ مايمۇنلار بىلەن بىر تاغ

جىلغىسىغا يۆيۈنغىلى كېلىپ، تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قالدى. ئۇلار توساتتىن ھەيۋەت بىلەن گۈلدۈرلەپ چۈشۈۋاتقان بىر شارقىراتمىنى كۆرۈپ قالدى. بىر مايمۇن:

— قېنى، كىم قابىل بولسا، شارقىراتمىنىڭ ئىچىگە كىرىپ سۇنىڭ مەنبەسىنى تاپسۇن، بىز شۇنى پادىشاھ سايلايمىز! — دەپ توۋلىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مايمۇن:

— مەن كىرەي! مەن كىرەي! — دېدى.

تاش مايمۇن كۆزلىرىنى يۇمۇپ بىر سەكرەپلا شارقىراتمىنىڭ كەينى تەرىپىگە ئۆتۈپ كۆزىنى ئاچتى. كۆز ئالدىدا بىر تۆمۈر كۆۋرۈك تۇراتتى، تۆمۈر كۆۋرۈكنىڭ يېنىدا گۈل ـ گىياھ، تاشتىن ياسالغان كارىۋات، قازان، ئوچاق ۋە ئورۇندۇقلار بار ئىدى. بوشلۇقنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى تاش تاختىغا: «پاراغەتلىك خۇاگوشەن تېغىنىڭ سۇ پەردىلىك غارى» دېگەن خەتلەر يېزىلغان ئىدى. بۇ مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدا قىن ـ قىنىغا پاتماي قالغان تاش مايمۇن شارقىراتمىنىڭ كەينىدىن يېنىپ چىقىپ، مايمۇنلارنىڭ ھەممىسىنى سۇ پەردىلىك غارغا باشلاپ كىردى. مايمۇنلار ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، ئۇنى پادىشاھ قىلدى ھەم «ھۆر جامال مايمۇن پادىشاھ» دەپ ئاتىدى.

شۇندىن بۇيان ھۆر جامال مايمۇن پادىشاھ باشقا مايمۇنلار بىلەن سۇ پەردىلىك غاردا ئويناپ كۈلۈپ يۈردى. ئارىدىن تالاي يىللار ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى ھۆر جامال مايمۇن پادىشاھ كۆڭلى بىئارام بولۇپ يىغلىدى. مايمۇنلار ئۇنىڭدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. ھۆر جامال مايمۇن پادىشاھ:

— ھازىر شاد ـ خۇرام ياشاۋاتىمىز، بىزنى ھېچكىم باشقۇرالمايدۇ، ئەمما قېرىلىق يەتكەن چاغدا ئەزرائىلنىڭ باشقۇرۇشىغا چۈشۈپ قالىمىز. ئۇ چاغدا بۇ دۇنياغا بىكاردىن ـ بىكار تۆرىلىپ قالغان بولمامدۇق؟ — دېدى.

مايمۇنلارنىڭ ئىچىدىن بىر مايمۇن:

— پەقەت بۇدوللار، ئەۋلىيالار، پارسالارغا ئەزرائىلنىڭ ھۆكۈمى ئۆتمەيدۇ، ئۇلار زېمىن بىلەن تەڭ ياشايدۇ، — دېدى.

— ئۇلار نەدە؟ — دەپ سورىدى ھۆر جامال مايمۇن پادىشاھ. ھېلىقى مايمۇن:

— ئۇلار ئادەمزات دۇنياسىدا بار، ئەۋلىيالار غارىدا ياشايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى. ھۆر جامال مايمۇن پادىشاھ:

— مەن ئەتە تاغدىن چۈشۈپ ئۇلارنى تېپىپ، ئۇلاردىن مەڭگۈ ئۆلمەسلىكنىڭ يولىنى ئۆگىنىپ كېلەي، — دېدى.

ھۆر جامال مايمۇن پادىشاھ تاغدىن چۈشۈپ، دېڭىز ـ ئوكيانلاردىن ئۆتۈپ، ئەۋلىيالارنى ئىزدەپ، يەتتە ـ سەككىز يىلنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيلا قالدى، لېكىن ئۇ ئەۋلىيالارنى تاپالمىدى. ھۆر جامال مايمۇن پادىشاھ بىر كۈنى غەربىي گۇداغا كەلدى، ئۇ بىر ئوتۇنچىنىڭ كۆرسىتىپ قويۇشى بىلەن ئاخىر بىر تاغنىڭ غارىدىن سۇبۇتى ئىسىملىك بىر پىر ئۇستازنى تاپتى. ھۆر جامال مايمۇن پادىشاھ شۇندىن ئېتىبارەن پىر ئۇستاز سۇبۇتىدىن داۋ ئىلمىنى ئۆگەندى. پىر ئۇستاز سۇبۇتى ئۇنىڭغا «سۈن ۋۇكۇڭ» دەپ ئىسىم قويۇپ قويدى.

سۈن ۋۇكۇڭ باشقا تالىپلار بىلەن پىر ئۇستازدىن داۋ ئىلمىنى ئۆگىنىپ ئالتە ـ يەتتە يىلنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. بىر كۈنى پىر ئۇستاز مۇنبەردە دەرس سۆزلەۋېتىپ سۈن ۋۇكۇڭنىڭ پەستە خۇشاللىقىدا قىن ـ قىنىغا سىغماي ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن:

— سەن نېمىشقا ساۋاقنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىمايسەن؟ — دەپ سورىدى.

— سىلىنىڭ ئاجايىپ سېھىرلىك ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىمدا ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويدۇم، گۇناھىمدىن ئۆتكەيلا! — دەپ جاۋاب بەردى.

— ئاۋازىمنىڭ ئاجايىپ ساز ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئىكەن-
سەن، ئۇنداقتا سەن مېنىڭدىن نېمە ئىلىم - هېكمەت ئۆگەن-
مەكچى؟ — دەپ سورىدى پىر ئۇستاز.
— ئانچە - مۇنچە داۋ هېكمىتى بولسا، شاگىرتلىرى ئۆگى-
نىشكە رازى، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.
— ئەۋلىيالاردىن تىلەپ پال ئېچىشنى ئۆگەتسەم قان-
داق؟ — دېدى پىر ئۇستاز.
— مەڭگۇ ياشىغىلى بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى سۇن ۋۇ-
كۇڭ.
— ياق، — دەپ جاۋاب بەردى پىر ئۇستاز.
— ئۆگەنمەيمەن، ئۆگەنمەيمەن! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.
— كۇڭزىچىلارنىڭ ئەقىدىسىنى ئۆگەتسەم قانداق؟ —
دېدى پىر ئۇستاز.
— مەڭگۇ ياشىغىلى بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى سۇن ۋۇ-
كۇڭ.
— ياق، — دەپ جاۋاب بەردى پىر ئۇستاز.
— ئۆگەنمەيمەن، ئۆگەنمەيمەن! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.
— ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ ئىستىقامەت قىلىشنى ئۆگەتسەم
قانداق؟ — دېدى پىر ئۇستاز.
— مەڭگۇ ياشىغىلى بولامدۇ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.
— ياق، — دەپ جاۋاب بەردى پىر ئۇستاز.
— ئۆگەنمەيمەن، ئۆگەنمەيمەن! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.
— شىپائىي هايات دورىسىنى ئېچىشنى ئۆگىتىپ قويسام
قانداق؟ — دېدى پىر ئۇستاز.
— مەڭگۇ ياشىغىلى بولامدۇ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.
— ياق، — دېدى پىر ئۇستاز.
— ئۆگەنمەيمەن، ئۆگەنمەيمەن! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.
پىر ئۇستاز مۇنبەردىن چۈشۈپ، قولىدىكى پالاقنى سۇن

ۋۇكۇڭغا تەڭلەپ تۇرۇپ:

— ئۇنىمۇ ئۆگەنمەيمەن، بۇنىمۇ ئۆگەنمەيمەن دەيسەن، سەن بۇ يەرگە زادى نېمە قىلغىلى كەلدىڭ؟ — دەپ پالاق بىلەن سۇن ۋۇكۇڭنىڭ بېشىغا ئۈچنى ئۇرۇپ، قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ يۇرۇپ كەتتى. شاگىرتلار سۇن ۋۇكۇڭنى ئەيىبلەپ كېتىشتى. سۇن ۋۇكۇڭ ئۇلار بىلەن غىڭ ـ غاڭ قىلىشمىدى. ئەسلىدە ئۇ بۇ تېپىشماقنىڭ سىرىنى تېپىش خىيالىدا ئىدى. پىر ئۇستازنىڭ ئۇنىڭ بېشىغا پالاق بىلەن ئۈچنى ئۇرغانلىقى، ئۇنى يېرىم كېچىدە ئارقا ئىشىكتىن كىرىپ، تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى ماڭا دەپ بەر، دېگىنى ئىدى.

ئارىدىن يەنە ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى. سۇن ۋۇكۇڭ پىر ئۇستازىنىڭ كەينىگە كىرىپ 72 خىل نەرسىگە ئۆزگىرىش، بىر سىلكىنىپ، بىر موللاق ئېتىپ 180 مىڭ چاقىرىم يىراقلىققا بېرىش قاتارلىق ماھارەتلەرنى ئۆگىنىۋالدى. ئۇ بىر قېتىم باشقا شاگىرتلار ئالدىدا بىر سىلكىنىپ باشقا بىر نەرسىگە ئۆزگىرىپ قويۇپ پىر ئۇستازنىڭ چىشىغا تېگىپ قويدى ـ دە، پىر ئۇستاز ئۇنى تاغدىن ھەيدىۋەتتى.

سۇن ۋۇكۇڭ پىر ئۇستازدىن ئايرىلىپ بىر موللاق ئې-تىپ، بىر ئاش پىشىم ۋاقتىغا قالماي خۇاگوشەن تېغىغا قايتىپ كەلدى ـ دە: «بالىلىرىم، مەن كەلدىم!» دەپ ۋارقىرىدى. شۇ ئارىدا مايمۇنلار چاتقاللىق، دەل ـ دەرەخلىك ۋە باشقا جايلىرىدىن چىقىپ ھۆر جامال مايمۇن پادىشاھنى قارشى ئال-غاچ، ئۇنىڭغا دەرد ـ ھالىنى تۆكتى. ئەسلىي يېقىندىن بېرى ئۆزىنى مالىمانچى يالماۋۇز دەپ ئاتىۋالغان بىر يالماۋۇز ھۆر جامال مايمۇن پادىشاھنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى بو-زەك قىلغان ئىدى. سۇن ۋۇكۇڭ بۇنى ئاڭلاپ دەرغەزەپكە كەلدى ۋە مايمۇنلاردىن يالماۋۇزنىڭ تۇرار جايىنى سورىدى ۋە بىرلا موللاق ئېتىپ يالماۋۇزنىڭ تۇرار جايىغا بېرىپ ئۇنى جەڭگە

چاقىردى. يالماۋۇز غاردىن قوراللىق چىقتى. ئۇ سۇن ۋۇكۇڭ-نىڭ قۇرۇق قول ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى يېڭىۋالىدىغان-لىقىغا كۆزى يېتىپ، قولىدىكى قىلىچنى ئېگىز كۆتۈرۈپ سۇن ۋۇكۇڭنى چاپماقچى بولدى. سۇن ۋۇكۇڭ بەدىنىدىكى تۈكلەرنى يۇلۇپ: «ئۆزگەر!» دېدى. تۈكلەردىن ھاسىل بول-غان سانسىز مايمۇنلار ھەرىدەك ئولىشىپ، مالىمانچى يالماۋۇز-نى بېسىۋالدى، سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ قولىدىكى قىلىچنى تارتىۋې-لىپ، كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن چوڭ-كىچىك يالماۋۇز ۋە ئالۋاستىلارنى يوقىتىپ، مالىمانچى ئالۋاستىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان مايمۇنلارنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى. ئۇ مايمۇنلارنى باشلاپ بىرپەس چىققان بوران بىلەن خۋاگوشەن تېغىغا قايتىپ كەلدى.

## 2 - باب مىراخور سۇن ۋۇكۇڭنىڭ پەلەك تەگدىشى ئەۋلىيا ئەزەملىككە ئېرىشكەنلىكى

ھۆر جامال مايمۇن پادىشاھ مالىمانچى يالماۋۇزنىڭ زۇلپە-قارىنى تارتىۋېلىپ زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلدى ۋە مايمۇنلارنى تاياق - توقماق بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئۇلارغا لەشكىري ماھا-رەت ئۆگەتتى. كېيىن تاياق - توقماقلار ھۆر جامال مايمۇن پادىشاھنىڭ كۆزىگە سىغمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىرلا موللاق ئېتىپ ئىككى يۈز چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئاۋلەي دۆلىتىگە بې-رىپ، بەدىنىدىكى تۈكلەرنى يۇلۇپ سان - ساناقسىز مايمۇنلارغا ئايلاندۇرۇپ، قورال - ياراغ ئامبىرىدىكى قىلىچ - گۈرزىلەرنى خۋاگوشەن تېغىغا ئەكېلىۋالدى. مايمۇنلار تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن قورال - ياراغلارنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدا ئۇيان - بۇيان

شىلتىپ بىر كۈن مەشىق قىلدى.

شۇ كۈنى ھۆر جامال مايمۇن پادىشاھ مايمۇنلارغا:

— سىلەر ساز قورال - ياراغلارغا ئىگە بولدۇڭلار، لېكىن قولۇمدىكى ماۋۇ زۇلپىقار ماڭا ياقمىدى، قانداق قىلسام بولار؟ — دەپ سورىدى. ياشانغان بىر مايمۇن ئۇنىڭغا:

— بۇ تۆمۈر كۆۋرۈك ئاستىدىكى سۇ شەرقىي دېڭىزدىكى ئەجدىھا ئوردىسىغا تۇتىشىدۇ. سىلى نېمىشقا ئەجدىھا پادىشاھنىڭ دەرگاھىدىن ئۆزلىرىگە لايىق قورال - ياراغ تاپمايدىلا؟ — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇش بولغان سۈن ۋۇكۇڭ:

— مېنى ساقلاپ تۇرۇڭلار، — دېدى - دە، «سۇ تەكتىگە چۆشۈش» ھۈنىرىنى ئىشلىتىپ، ئەجدىھا شاھ ئوردىسىغا باردى. ئەجدىھا شاھ سۈن ۋۇكۇڭنىڭ قورال ئالغىلى كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، قول ئاستىدىكىلەرنى قىلىچ، يالمانلىق نەيزە ۋە چاڭگاق ئەكېلىشكە بۇيرۇدى. سۈن ۋۇكۇڭ كەلتۈرۈلگەن قوراللارنى يەڭگىل كۆردى. دەل شۇ چاغدا خانىش بىلەن مەلىكە ئوردىغا كىرىپ:

— خەزىنىدە دېڭىزنى تۇتۇپ تۇرىدىغان بىر خاسىيەتلىك تۈۋرۈك بار. ئۇ يېقىندىن بېرى بۆلەكچىلا نۇرلىنىپ كېتىۋاتىدۇ، بۇ ھال سۈن ۋۇكۇڭغا مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. ئۇنىڭغا شۇنى تەقدىم قىلىۋېتەيلى، — دېدى.

ئەجدىھا شاھ سۈن ۋۇكۇڭنى خەزىنىگە باشلاپ كىرىپ، ئۇنىڭغا ھېلىقى خاسىيەتلىك تۈۋرۈكنى كۆرسەتتى. چاقناپ تۇرغان بۇ خاسىيەتلىك تۈۋرۈككە كىشىنىڭ قۇچىقى يەتمەيتتى، ئۇزۇنلۇقى ئىككى جاڭدىن كۆپرەك كېلەتتى، ئىككى بېشىدا ئالتۇن توقا بار ئىدى. تۈۋرۈككە «ئالتۇن توقلىق دىلىپسەن گۇرزە» دېگەن خەت يېزىلغان ئىدى. ئۇن ئۈچ مىڭ بەش يۈز پاتمان ئېغىرلىقتىكى بۇ تۆمۈر تۈۋرۈك ئۇزىراش، قىسقىراش،

تۇم ھەم ئىنچىكە بولۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىدى.

ھۆر جامال مايمۇن پادىشاھ خۇشاللىقىدا ئالتۇن تۇقلىق دىلىپسەن گۇرزىنى ئويناتقان پېتى سۇ ئاستى ئوردىغا كېلىۋى-دى، ئەجدىھا شاھ ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ قورقىنىدىن جان- پېنى چىقىپ كەتتى. قېرى ئەجدىھا شاھ يەنە جەنۇبىي دېڭىزدىكى ئەجدىھا شاھ، شىمالىي دېڭىزدىكى ئەجدىھا شاھ ۋە غەربىي دېڭىزدىكى ئەجدىھا شاھنى چاقىرىپ، ھۆر جامال مايمۇن پادىشاھقا ئالتۇن تاج، زەرباب تون ھەم مەشۇت كەش كىيگۈ-زۇشكە مەجبۇر بولدى. سۇن ۋۇكۇڭ شاھانە تون كىيىپ، ئالتۇن تۇقلىق دىلىپسەن گۇرزىنى ئېلىپ خۇاگوشەن تېغىغا قايتىپ كەلدى.

بىر كۇنى ھۆر جامال مايمۇن پادىشاھ زىياپەتتە كۆپ ئى-چىپ قاتتىق مەست بولۇپ كەتتى. ئۇ كەيپچىلىكتە ئۇخلاپ قېلىپ مۇنداق بىر چۈش كۆردى:

چۈشىدە «سۇن ۋۇكۇڭ» دېگەن خەت يېزىلغان بىر پارچە تەستىقنامىنى كۆتۈرگەن ئەزرائىل سۇپەت ئىككى ئادەم ھۆر جامال مايمۇن پادىشاھنىڭ روھىنى باغلاپ دوزاخ شاھى تۇرۇش-لۇق جاي — باقىي ئالەمگە ماڭدى. ھۆر جامال مايمۇن پادىشاھ ئاستا - ئاستا ئېسىگە كېلىپ، ئۆلاردىن ئۆزىنىڭ روھىنى نېمىشقا بۇ جايغا ئەكەلگەنلىكىنى سورىدى. ئەزرائىل سۇپەت ئىككىيلەن ئۇنىڭغا ئۆمرىنىڭ چېكىگە يەتكەنلىكى ئۈچۈن روھى-نى بۇ يەرگە ئەكەلگەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرغە-زەپكە كەلگەن ھۆر جامال مايمۇن پادىشاھ ئالتۇن تۇقلىق دى-لىپسەن گۇرزىسىنى چىقىرىپ ئىككىيلەننى ئۇرۇپ قىيما - چىيما قىلىۋەتتى، ئاندىن يول بويى دوزاخ ئوردىسىغا تېگىش قىلىپ ماڭدى. قورقۇپ كەتكەن ئون ئەۋلاد دوزاخ پادىشاھلىرى سەپ تۇزۇپ ئۇنى كۇتۇۋالدى. ھۆر جامال مايمۇن پادىشاھ دوزاخ پادىشاھىغا ھايات - ماماتلىق دەپتىرىدىن سۇن ۋۇكۇڭ دېگەن

ئىسمىنى ئۆچۈرگۈزۈۋەتتى. ئۇ باقىي ئالەمدىن چىقىپ ماڭا - ماڭا پۈتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى - دە، بىردىنلا ئويغىنىپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ چۈش كۆرگەنلىكىنى بىلدى.

پەلەك شاھى يۈرۈن سۇلتان شۇ كۈنى پۈشتپەلەك ئوردىسىدا ئەتىگەنلىك قوبۇل قىلدى. شەرقىي دېڭىز ئەجدىھا شاھى سۈن ۋۇكۇڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلدى. ئۇ ئالۋاستىنى تۇتۇش توغرۇلۇق يۈرۈن سۇلتانغا ئىلتىماس سۇندى. ئاندىن كېيىن دوزاخ ئالىمىدىكى كىشتىگەربە بۇدساتۋانىڭ ئەرزى كىردى، كىشتىگەربە بۇدساتۋامۇ ئالۋاستى مايمۇن سۈن ۋۇكۇڭنى تۇتۇش توغرۇلۇق ئىلتىماس سۇنغان ئىدى. يۈرۈن سۇلتان لەشكەر ئەۋەتمەكچى بولدى. تارىق چولپان يۈرۈن سۇلتانغا:

— بۇ ئالۋاستى مايمۇننى چاقىرىپ ئەكېلىپ بىرەر ئەمەل بەرسەك، شۇنچە كۆپ ئادەمنى ئىشقا سېلىشنىڭ ھاجىتى يوقمىكىن دەيمەن، — دېدى. يۈرۈن سۇلتان يارلىق چۈشۈردى. تارىق چولپان يارلىقنى ئېلىپ زېمىنگە چۈشۈپ، ھۆر جامال مايمۇننى ساماۋى ئوردىغا تەكلىپ قىلدى.

تارىق چولپان ھۆر جامال مايمۇننى باشلاپ پۈشتپەلەك قەسرىگە كەلدى. ھۆر جامال مايمۇن يۈرۈن سۇلتانغا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئەمەس، بەلكى ئېگىلىپ سالام قىلدى. يۈرۈن سۇلتان ئەمەلدارلارنى ئىشقا قويىدىغان ئەۋلىيادىن بىرەر بوش ئورۇن بار - يوقلۇقىنى سورىدى. بىر چەتتە تۇرغان سەركەردە:

— ھەرقايسى ئورۇنلاردا ئادەم كەم ئەمەس، پەقەت مىراخورنىڭ ئورنى بوش، — دېدى. يۈرۈن سۇلتان يارلىق چۈشۈرۈپ:

— سۈن ۋۇكۇڭ مىراخورلۇققا تەيىنلەنسۇن! — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ھۆر جامال مايمۇن خۇشال بولغىنىچە مەنسەپكە ئولتۇرغىلى ماڭدى.

ئۇ كۈن بويى قول ئاستىدىكىلىرى بىلەن مىڭدىن ئارتۇق

ئاتنى سۇغىرىپ، بېقىپ ۋە يۇيۇپ سەمرىتىۋەتتى. يېرىم ئاي ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كەتتى.

بىر كۈنى ھۆر جامال مايمۇن پادىشاھ قول ئاستىدىكىلىرى بىلەن شاراب ئىچىۋېتىپ، ئۇلاردىن:

— «مىراخور» دېگەن قانداق ئەمەل؟ — دەپ سورىدى. ئۇلار:

— ئەڭ تۆۋەن، ئەڭ كىچىك ھەم ئەڭ قاتاردا يوق ئەمەل، ئات باقىدىغان ئەمەل، — دەپ جاۋاب بەردى.

ھۆر جامال مايمۇن پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق خاپا بولدى ۋە:

— مەن لاۋسۇن خۇاگوشەن تېغىدا ئۆزۈم خان، ئۆزۈم بەگ بولۇپ يۈرگەن ئىدىم. ئۇلار مېنى گوللاپ ئەكېلىپ ئات باقار قىلىپ قويغىنىنى كۆرمەمدىغان، مېنى كۆزگە ئىلمىغىنى نېمە-سى، مەن لاۋسۇن بۇ ئىشنى قىلمايمەن! — دېدى - دە، ئالدىدىكى جوزىنى ئۆرۈپ، ئالتۇن توقىلىق دىلىپسەن گۈرزى-سىنى ئويناتقان پېتى جەنۇبىي ئاسمان دەرۋازىسىغا تېگىش قى-لىپ، خۇاگوشەن تېغىغا قايتتى. سۇن ۋۇكۇڭ خۇاگوشەن تېغىدا باشقا مايمۇن ۋە يەتمىش ئىككى خىلدىكى ئالۋاستى ھەم يالماۋۇزلارنىڭ پادىشاھلىرى بىلەن شاراب ئىچىشتى. ئۇ شۇن-دىن ئېتىبارەن «پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم» دەپ ئاتالدى.

ئەتىسى يۈيۈن سۇلتانغا ئوردىدا بىر ئەۋلىيا، سۇن ۋۇ-كۇڭنىڭ ئەمىلىنى كىچىك كۆرۈپ ساماۋى ئوردىدىن كېتىپ قالغانلىقىنى، پەلەك شاھى لى جىڭ بىلەن ئۈچىنچى ۋەلىئەھد ناجا ئالۋاستى مايمۇننى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن تۇمەن ساماۋى لەشكەرگە باش قىلىنىپ ئەۋەتىلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. پەلەك شاھى لى جىڭ ئۈچ تارام لەشكەرنى باشلاپ خۇاگوشەندە بارگاھ قۇردى. ئۇ غايەت زور ئىلاھقا جەڭ قىلىش يارلىقى چۈشۈردى. سۇن ۋۇكۇڭ غايەت زور ئىلاھنى رەسۋاسىنى چىقىرىپ قېچىشقا

مەجبۇر قىلدى. كەيىندىن ئۈچىنچى ۋەلىئەھد ناجا جەڭگە چىقـ
تى. سۈن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ تۇرۇپ:
— سەن ئاغزىڭدىن ئانىسىنىڭ سۈتى كەتمىگەن سېرىق تۇك
ئىكەنسەن، سەن بىلەن جەڭگە چۈشمەيمەن، بېرىپ يۈرۈن سۇلـ
تانغا دە، مېنى «پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم» لىككە تەيىنلىسە
تەيىنلىدى، بولمىسا پۈشتپەلەك ئوردىسىغا تېگىش قىلىمەن، —
دېدى. غەزەپلەنگەن ناجا:
— ئۈزگەر! — دەپ ۋارقىرىدى ـ دە، قولىغا ئۈچ خىل
ياراغ تۇتقان ئۈچ بېشى ۋە ئالتە قولى بار مەخلۇققا ئۈزگىرىپ
سۈن ۋۇكۇڭغا ئېتىلدى. سۈن ۋۇكۇڭمۇ ناجاغا ئوخشاش سىياقـ
قا كىرىپ، ئۈچ دانە ئالتۇن توقىلىق دىلىپسەن گۈرزە بىلەن
جەڭگە ئاتلاندى، ئۇلار ئوتتۇز قېتىم ئېلىشتى. سۈن ۋۇكۇڭ
بىر تال تۈكىنى يۇلۇپ ئەسلىي ھالىتىگە ئۈزگىرىپ ناجاغا ھەملە
قىلدى. ناجانىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، ئۇنىڭ سول بىلىكىگە بىرنى
سالدى. ناجا ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي، ئەپسۇنىنى يىغىشتۇ-
رۇپ، رەسۋاسى چىقىپ قايتتى. خۆر جامال مايمۇن پادىشاھ
نۇسرەت قازىنىپ تاغقا قايتتى. ئۇ ئۈزىنى تەبرىكلەپ كەلگەن
ھەرقايسى غاردىكى ئالۋاستى ۋە يالماۋۇزلار بىلەن شاراب ئىچىپ
راسا يايرىدى.
پەلەك شاھى لى جىڭ بىلەن ئۈچىنچى ۋەلىئەھد ناجا لەشـ
كەرلىرىنى باشلاپ ساماۋى ئوردىغا قايتىپ، يۈرۈن سۇلتانغا:
— سۈن ۋۇكۇڭ ئاجايىپ ماھارەت ئىگىسى ئىكەن، قوللىـ
رى جەڭدە ئۇنى يېڭەلمىدى. ئۇ ئەگەر ماڭا «پەلەك تەڭدىشى
ئەۋلىيا ئەزەم» دېگەن نامنى بەرمىسە، پۈشتپەلەك ئوردىسىغا
تېگىش قىلىمەن» دەيدۇ، — دېدى. يۈرۈن سۇلتان يەنە لەشكەر
ئەۋەتمەكچى بولۇۋىدى، تارىق چولپان ئالدىغىراق چىقىپ:
— ئۇنىڭغا «پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم» دېگەن نامنى
بەرسىلە، ئۇنىڭ بىلەن كارىلىرى بولمىسۇن ھەم ھەقمۇ بەرسىـ

لە. شۇنىڭدا ئۇنى يامان نىيەتتىن قايتۇرغىلى بولىدۇ، جاھانمۇ تىنچلىنىدۇ، — دېدى. يۇرۇن سۇلتان يارلىق چۈشۈردى. تارىق چولپان يارلىق بويىچە سۇن ۋۇكۇڭنى ساماۋى ئوردىغا تەكلىپ قىلدى. شۇندىن ئېتىبارەن سۇن ۋۇكۇڭ ساماۋى ئوردىدا «پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم» نامى بىلەن ھەر يان چېپىپ، ئەل - ئاغىنە تۇتۇپ، شاراب ئىچىپ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ يۈرۈۋەردى.

## 3 - باب پىرونۇس شاپتۇلى بەزمىسدە ئەرشنى مالىمان قىلىش

ئەۋلىيا ئەزەم سۇن ۋۇكۇڭ ساماۋى ئوردىدا قىلىدىغان ئىش يوق ئويناپ - كۈلۈپ يۈرگەچكە، يۇرۇن سۇلتان ئۇنىڭغا پىرونۇس شاپتۇللۇقىغا قارايدىغان ئىش تېپىپ بەردى. ئەۋلىيا ئەزەم سۇن ۋۇكۇڭ بۇنىڭدىن خۇش بولۇپ، سۇلتانغا رەھمەت-ھەشقاللا ئېيتتى. ئەۋلىيا ئەزەم پىرونۇس شاپتۇللۇقىغا باردى. باغۋەن ئالدىغا چىقىپ ئۇنى قارشى ئالدى ھەم ئۇنىڭغا باغدا ئۈچ مىڭ ئالتە يۈز تۈپ پىرونۇس شاپتۇلى بارلىقىنى، بۇ شاپتۇللار-نى يېسە ئەۋلىيا بولۇپ مەڭگۈ قېرىمايدىغانلىقىنى دېدى. ئەۋلىيا ئەزەم سۇن ۋۇكۇڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاجايىپ خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇ شۇندىن كېيىن لاغايلاپ يۈرمەي، باغدا ئەتىدىن - كەچكىچە شاپتۇل ئوغرىلاپ يەيدىغان بولدى.

بىر كۈنى، خان ئانا تاشبۇلاق راۋىقىدا «پىرونۇس شاپتۇلى بەزمىسى» ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ، يەتتە پەرىزاتنى پىرونۇس شاپ-تۇلى ئۈزۈپ كېلىشكە ئەۋەتتى. يەتتە پەرىزات باغدا ئەۋلىيا ئەزەمنى تاپالماي، ئۆزلىرى شاپتۇل ئۈزمەكچى بولۇشتى. ئۇلار پىشقان شاپتۇللارنىڭ يوقلۇقىنى بايقاشتى. پىشقان شاپتۇللارنى ئەۋلىيا ئەزەمنىڭ يەپ كەتكەنلىكىنى ئۇلار نەدىن بىلسۇن. يەتتە

پەرىزات ناھايىتى تەستە چالا پىشقان بىر شاپتۇلنى كۆرۈپ ئۆزەي دېيىشىگە، دەرەخ ئۈستىدە ئۇخلاۋاتقان ئەۋلىيا ئەزەم سۇن ۋۇكۇڭ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ دەرەختىن سەكرەپ چۈشۈپ يەتتە پەرىزاتتىن كېلىش مەقسىتىنى سوراپ، خان ئانىنىڭ ئۆتكۈزمەكچى بولغان «پىرونۇس شاپتۇلى بەزمىسى» گە ئۆزىنى تەكلىپ قىلمىغانلىقىنى ئۇقۇپ، يەتتە پەرىزاتنى بىرلا ئەپسۇن بىلەن قاتۇرۇپ قويىدى ـ دە، ئۆزى تاشبۇلاق راۋىقى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

سۇن ۋۇكۇڭ تاشبۇلاق راۋىقىغا كېلىپ قارىسا، زىياپەت تېخى باشلانمىغان، كۆپچىلىك ئەۋلىيالارمۇ كەلمىگەن ئىدى. پەقەت بىرقانچە مۇلازىم، راھىب ۋە بالا ئەۋلىيالار ئالدىراش يۈرۈشەتتى. جوزىلارغا ئېسىل نازۇنېمەتلەر تىزىلغان ئىدى. ئەۋلىيا ئەزەم بىرنەچچە تال تۈكىنى يۇلۇۋېلىپ، مۈگدەتكۈچى قۇرتقا ئايلاندۇردى، مۈگدەتكۈچى قۇرتلار ھېلىقىلارنىڭ يۈزىگە چاپلىشىپ ئۇلارنى ئۇخلىتىپ قويىدى. سۇن ۋۇكۇڭ تويغۇچە يەپ ـ ئىچتى، قاتتىق مەست بولۇپ كېتىپ، دەلدەڭشىگەن پېتى ھەريان دوقۇرۇپ يۈرۈپ، ئاخىر بېرىپ پۇشتىپەلەك ئوردى-سىغا كىرىپ قالدى. ئۇ ئەرش قەھرى ئەۋلىيا پېشۋاسىنىڭ ئىسكىر ـ ناياپ تەييارلايدىغان ئۆيىدە ئىسكىر ـ ناياپ قاچىلان-غان بەش قاپاقنى كۆردى. ئۆيدە ئەرش قەھرى ئەۋلىيا پېشۋاسى يوق ئىدى. ئۇ قاپاقلاردىكى ئىسكىر ـ ناياپلارنىڭ ھەممىسىنى خۇددى پۇرچاق يېگەندەك يەپ تۈگەتتى.

ئەۋلىيا ئەزەم بىردەمدىن كېيىن مەستلىكتىن يېشىلىپ ئۆزىنىڭ چوڭ چاتاق تېرىغانلىقىنى، بۇ يەردە ئۇزاق تۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئەپسۇن ئوقۇپ غەربىي ساماۋى دەرۋازىسىدىن چىقىپ خۇاگوشەن تېغىغا قاراپ قويرۇقنى خادا قىلدى.

يۈرۈن سۇلتان ئەۋلىيا ئەزەم سۇن ۋۇكۇڭنىڭ پىرونۇس

شاپتۇلىنى ئوغرىلىقچە يەپ، ئىسىل شاراب ۋە ئىسكىر ـ ناياپلار-نى ئوغرىلىقچە يەپ ـ ئىچكەنلىكىنى، «پىرونۇس شاپتۇلى بەز-مىسى» نى پاراكەندە قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپكە كەل-دى، ئۇ ئەرش شاھى لى جىڭ ۋە ناجانى يۈز مىڭ لەشكەرنى باشلاپ ئالۋاستى مايمۇننى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئۇلار ئاسماندا تور، يەردە قاپقان قۇرۇپ، خۇاگوشەن تېغىنى قاتمۇقات قورشىدى. ئەۋلىيا ئەزەم سۇن ۋۇكۇڭ ساماۋى ئوردىسى ئەۋەت-كەن يۈز مىڭ سەركەردە ـ لەشكەردىن قورقۇپ قالمىدى، ئۇ بەدىنىدىكى تۈكىنى يۇلۇپ نەچچە ئون مىڭ ئەۋلىيا ئەزەم مايمۇن-غا ئايلاندۇرۇپ، ساماۋى ئوردىسىنىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرى-نى مەغلۇپ قىلىپ يولغا سالدى.

پۇتۇشەن تېغىدىكى شەپقەتكار بۇدساتۋا خان ئانىنىڭ پىرو-نۇس شاپتۇلى بەزمىسىگە قاتنىشىش توغرىسىدىكى تەكلىپنامى-سىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، شاگىرتى خۇيئەن بىلەن تاشبۇلاق راۋىقى-غا باردى. ئۇ يۇرۇن سۇلتاندىن پىرونۇس شاپتۇلى بەزمىسىنى ئالۋاستى مايمۇننىڭ مالىمان قىلىۋەتكەنلىكىنى، يۈز مىڭ لەش-كەرنىڭ ئۇنى تۇتالمىغانلىقىنى بىلدى. شەپقەتكار بۇدساتۋا خۇي-ئەننى ئەھۋال ئۇقۇپ بېقىشقا ئەۋەتتى. ساڭرام ئىشلەمچىسى خۇيئەن خۇاگوشەن تېغىغا كېلىپ پەلەك شاھى لى جىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئاندىن قولىغا گۈرزە ئېلىپ سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن جەڭگە چۈشتى. ئۇ ئىككىسى ئەللىك ئالتە قەپەس ئېلىشىپ خۇيئەن يېڭىلىپ قالدى. پەلەك شاھى لى جىڭ ساماۋى ئوردىغا ياردەم تەلەپ قىلىپ مەكتۇپ ئەۋەتتى. شەپقەتكار بۇدساتۋا يۇ-رۇن سۇلتانغا:

— پېقىر سىلىگە بىر ئەۋلىيانى تونۇشتۇرىمەن، ئۇ ئالۋاس-تى مايمۇننى تۇتالايدۇ، — دېدى. يۇرۇن سۇلتان:

— ئۇ كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن.

— ئۇ جانابلىرىنىڭ جىيەنى، تەڭدىشى يوق ماھارەت ئەھلى

ئەۋلىيا ئېرلاڭ، — دەپ جاۋاب بەردى.
يورۇن سۇلتان ئەۋلىيا ئېرلاڭنى پەرمان چۈشۈرۈپ جەڭگە
سالغىلى يۆتكەپ ئەكەلدى. ئەۋلىيا ئەزەم سون ۋۇكۇڭ ئالتۇن
توقىلىق دىلىپسەن گۈرزىسىنى كۆتۈرۈپ ئېرلاڭنىڭ ئالدىغا
ھىجىيىپ چىقتى. ئۇلار ئۈچ يۈز قەپەستىن كۆپرەك ئېلىشىپمۇ
بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى. ئەۋلىيا ئەزەم مايمۇن جەڭ ئارىلىقىدا
لەشكەرلىرىنىڭ ئېرلاڭنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمىدا پېتىراپ
كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ قالدى. ئۇ بىر سىلكىنىپلا
قۇشقاچقا ئايلىنىپ ئۇچۇپ كەتتى. ئېرلاڭ بۇنى كۆرۈپ بىر
سىلكىنىپلا قۇرغۇيغا ئايلىنىپ قۇشقاچنى قوغلىدى. ئەۋلىيا
ئەزەم بېلىققا ئايلىنىپ سۇغا كىرىۋالدى، ئېرلاڭمۇ بېلىقئال-
غۇچقا ئۆزگىرىپ ئۇنى تۇتۇشقا ھازىرلاندى. ئەۋلىيا ئەزەم زې-
مىن مۇئەككىلى بۇتخانىسىغا ئۆزگىرىۋالدى. ئۇ ئاغزىنى ئى-
شىك، تىلىنى بۇدساتۋا، كۆزلىرىنى روجەك قىلىۋالدى. ئەۋ-
لىيا ئېرلاڭ بىر كۆرۈپلا بىلىۋالدى - دە، بۇتخانىنىڭ ئىشىك-
دېرىزىسىنى تېپىشقا تەمشەلدى. ئەۋلىيا ئەزەم چۆچۈپ كېتىپ،
بىرلا سەكرەپ كۆزدىن غايىب بولدى. ئەسلىدە ئەۋلىيا ئەزەم
ئەۋلىيا ئېرلاڭنىڭ يۇرتى — گۇەنجياڭكۇغا بېرىپ، ئەۋلىيا
ئېرلاڭنىڭ سىياقىغا كىرىۋالغان ئىدى. ئەۋلىيا ئېرلاڭ ئۈچى
ئۇچلۇق، ئىككى بىسلىق قىلىچىنى ئوينىتىپ قوغلاپ كەلدى.
ئەۋلىيا ئەزەم ئالتۇن توقىلىق گۈرزىسى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا
چىقتى. ئىككىسى جەڭ قىلغاچ خۇاگوشەن تېغىغا بېرىپقالدى.
ساماۋى ئوردىدىكىلەر ئېرلاڭ بىلەن ئالۋاستى مايمۇننىڭ
بىر - بىرىنى يېڭەلمەي داۋاملىق ئېلىشىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر
تاپتى. شەپقەتكار بۇدساتۋا ئەۋلىيا پېشۋا بىلەن مەسلىھەتلىشىپ
ئېرلاڭغا ياردەم بېرىش قارارىغا كېلىشتى. ئەۋلىيا پېشۋا بىلى-
كىدىن «ۋەجرە چەمبىرەك» نى چىقىرىپ جەنۇبىي ساماۋى دەرۋا-
زىسىدىن زېمىنغا قارىتىپ ئاتتى. بۇ ۋەجرە چەمبىرەك ئۇدۇل

كېلىپ ئەۋلىيا ئەزەمنىڭ بېشىغا تەگدى. ئېرلاڭ بىلەن ئېلى-شىۋاتقان ئەۋلىيا ئەزەم ئاسماندىن چۈشكەن بۇ خىسلەتلىك چەم-بىرەكنىڭ زەربىسىدىن ئۆزىنىڭ يىقىلىپ چۈشىدىغانلىقىنى نە-دىن بىلسۇن، ئۇ ئەمدىلا ئورنىدىن تۇراي دېيىشىگە ئېرلاڭنىڭ تايغىنى ئۇنى پاچىقىدىن چىشلەپ يىقىتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاخىر قولغا چۈشتى.

## 4 ـ باب ئالۋاستى مايمۇننىڭ ئەل بولۇپ شەپقەتكار بۇدساتۋانىڭ يارلىقىنى قوبۇل قىلغانلىقى

ئەرش لەشكەرلىرى ئەۋلىيا ئەزەمنى مويتوڭزىگە يالاپ ئې-لىپ كېلىپ، تۈۋرۈككە باغلىدى. ئۇنى قىلىچ بىلەن چاپتى، پالتا بىلەن چاپتى، نەيزە بىلەن سانجىدى. ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە كار قىلمىدى. ئەۋلىيا پېشۋا يۈرۈن سۇلتانغا:

— بۇ ئالۋاستى مايمۇن پىرونۇس شاپتۇلىنى يېۋالدى، خان شارابىنى ئىچىۋالدى، ئىسكىر ـ نايابلارنى يېدى، شۇڭا ئۇ گىگانت بەدەنلىك مەخلۇققا ئايلىنىپ قالدى. مەن ئۇنى ئۆزۈمە-نىڭ رەم ئوچىقىغا سېلىپ، بەدىنىدىن ئىسكىر ـ نايابلارنى ئېلىۋالسام، ئۇ كۆيۈپ كۇلگە ئايلىنىپ كېتىدۇ، — دېدى. يۈرۈن سۇلتان ئەۋلىيا پېشۋانىڭ مەسلىھىتىنى قوبۇل قىلىپ يارلىق چۈشۈردى.

ئەۋلىيا ئەزەم رەم ئوچىقىدا كۆيۈپ كۇلگە ئايلىنىپ كەتمە-دى، ئىس كىرىپ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن ئالتۇن نۇرلار چاچراپ تۇراتتى. شۇ كۈنى ئەۋلىيا ئەزەمنىڭ رەم ئوچىقىدا تۇرغىنىغا ساق 49 كۈن بولغان ئىدى، ئەۋلىيا پېشۋا ئالۋاستى مايمۇننى كۇلگە ئايلىنىپ بولدى دەپ ئويلاپ، ئوچاقنىڭ ئاغزى-

نى ئاچقۇزدى. ئوچاقنىڭ ئاغزى ئېچىلىشى بىلەن ئۇ بىرلا ئىرغىپ ئوچاقتىن چىقىپ، قولىقىنىڭ ئىچىگە تىقىۋالغان ئال-تۇن توقىلىق دىلىپسەن گۆرزىنى ئويناتقان ھالدا خىسلەتدار قەسىرنى، ئاندىن پۇشتىپەلەك ئوردىسىنى ۋەيران قىلدى. بۇنىڭ-دىن چۆچۈپ كەتكەن يۇرۇن سۇلتان مەخسۇس يارلىق بىلەن لىگشەن تېغىدىكى لېيىن ئىبادەتخانىسىدا تۇرۇۋاتقان بۇددا پەي-غەمبىرى تاتىماگاتۇنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. ئۇ تاتىماگاتۇ ئارقىلىق مايمۇن ئالۋاستىنى ئەيۋەشكە كەلتۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئىدى.

تاتىماگاتۇ بىلەن بارلىق ئەۋلىيالار پۇشتىپەلەك ئوردىسىنىڭ ئالدىغا يىغىلدى. تاتىماگاتۇ لەشكەرلەرنى چېكىندۇرۇشكە، ئەۋ-لىيا ئەزەمنى سوراقنى قوبۇل قىلىشقا پەرمان قىلدى. ئەۋلىيا ئەزەم غەزەپلەنگەن پېتى كېلىپ، تاتىماگاتۇغا:

— سەن ئۆزۈڭ كىم، مېنى سوراق قىلىدىغان سېنىڭ نېمە ھەددىڭ؟ — دەپ پوپاڭ كۆتۈردى.

— مەن مەغرىبتىكى جەننەتتىن كەلگەن ھەزرەت ساكيامۇ-نى بولىمەن، سېنىڭ ئەرش ئوردىسىنى مالىمان قىلغۇدەك نېمە ئەپچىل بىگىسىڭ بار؟ — دېدى ساكيامۇنى.

— مەن 72 خىل نەرسىگە ئۆزگىرەلەيمەن، بۇلۇت - تۇمانلار ئارا كېزىپ يۈرەلەيمەن، بىر موللاق ئېتىش بىلەنلا 180 مىڭ چاقىرىم يىراققا بارالايمەن، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— ئەمىسە، ئىككىمىز باغلىشايلى، — دېدى ساكيا-مۇنى، — ناۋادا بىرلا موللاق ئېتىپ ئالىقىنىمدىن چىقىپ كېتەلىسەڭ، يۇرۇن سۇلتان ساڭا ساماۋى ئوردىنى بوشىتىپ بەرسۇن. ئەگەر ئالىقىنىمدىن چىقىپ كېتەلمىسەڭ، سەن يەنىلا پاراكەندىچىلىك سېلىشتىن قول ئۈزۈپ، يەر يۈزىدە ئالۋاستى بولۇپ يۈرۈۋېرىسەن.

ئەۋلىيا ئەزەم بىرلا سەكرەپ ساكيامۇنىنىڭ ئالىقىنىغا

چىقتى ـ دە:

— مەن كەتتىم، — دېدى ھەم بىرلا موللاق ئېتىپ كۆز-دىن غايىب بولدى. ئەۋلىيا ئەزەم بۇلۇتلار ئارىسىدا كېتىۋېتىپ، توساتتىن ئالدى تەرەپتە تۇرغان بەش تال قىزىل تۈۋرۈكنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ كۆڭلىدە: «بۇ جاھاننىڭ چېتى بولسا كې-رەك، بەلگە سېلىپ قوياي، ساكيامۇنىنىڭ ئالدىدا تىلىم ئۇزۇن بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دەپ ئويلىدى ـ دە، تۈۋرۈككە «پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم بۇ يەرنى سەيلە قىلىپ كەتتى» دەپ يېزىپ قويدى، يەنە تۈۋرۈك يېنىغا سىيىپ قويدى، ئارقى-دىن بىرلا موللاق ئېتىپ قايتىپ كەلدى. ساكيامۇنى ئۇنىڭغا:

— ۋۇي سىيگەك ئالۋاستى مايمۇن، ئالقىنىمدىن چىقىپ كېتەلمىدىڭ! — دېدى. مايمۇن:

— مەن جاھاننىڭ ئۇ چېتىگە بېرىپ كەلدىم، تېخى بەلگە-مۇ سېلىپ قويدۇم. ئىشەنمىسىلە، كۆرۈپ باقسىلا، — دېدى.

— ھاجىتى يوق، ئېڭىشىپ قاراپ باقساڭلا بىلىسەن! — دېدى ساكيامۇنى.

ئەۋلىيا ئەزەم ئېڭىشىپ قاراپ، ساكيامۇنىنىڭ بارمىقىغا يېزىلغان «ئەۋلىيا ئەزەم بۇ يەرنى سەيلە قىلىپ كەتتى» دېگەن خەتلەرنى كۆردى، بۇرنىغا سۈيدۈك پۇرىقى ئۇرۇلدى. ئۇ ھەي-ران بولۇپ:

— نەدىمۇ بۇنداق ئىش بولسۇن. مەن ئىشەنمەيمەن، باشقى-دىن بېرىپ كۆرۈپ كېلىمەن! — دېدى ـ دە، بىرلا موللاق ئېتىپ تۇرۇشىغا، ساكيامۇنى ئالقىنىنى دۈم قىلدى. بەش بارماق بەش ئاناسىرغا ۋەكىللىك قىلغان تاغقا — «ۋۇخاڭشەن» دەپ ئاتالغان تاغقا ئايلاندى. ئەۋلىيا ئەزەم مۇشۇ تاغنىڭ ئاستىدا قالدى. ساكيامۇنى ۋە باشقا بارلىق ئەۋلىيالار، شۇنىڭدەك جىمى ئوردا ئەھلى «ئاسايىش ساماۋى قۇرۇلتىيى» ئېچىپ، ئالۋاستى مايمۇن ئەل قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

شۇ كۈنى ساكيامۇنى ئاداتى، بورخان، ۋەجرە بۇدساتۋا ۋە راھىب - راھىبەلەرنى چاقىردى. رەڭگارەڭ گۈللەر تىزىلغان، تۈرلۈك مېۋە - چېۋىلەر قويۇلغان كاتتا سورۇن تۈزۈلدى. «ئۇللامبانا مۇراسىمى» ئۆتكۈزۈلدى. ساكيامۇنى كۆپچىلىك بۇدساتۋالارغا:

— مەندە ئاۋام خەلقنى ياخشىلىققا ئۈندەيدىغان ئۈچ خەزىنىلىك نوملار بار، بۇ نوملارنى مەشرىققە ئەۋەتىش خىيالىدىمەن. مەشرىقتىكى ئاۋام خەلق نادان، راھىب بولۇش يولىنىڭ مۇھىم قائىدىلىرىنى بىلىشكە ئامالسىز قېلىۋاتىدۇ. مەشرىققە بارىدىغان بىرەر ئىخلاسمەن ئەۋلىيادا سېھرىي كۈچ بولۇش كېرەك. شۇ زات سان - ساناقسىز داۋانلاردىن ئېشىپ دەريالار كېچىپ، مېنىڭ ھۇزۇرۇمدىن نوملارنى ئېلىشى، مەشرىققە بۇددا قائىدىلىرىنى مەڭگۇ تارقىتىپ، ئاۋام خەلقنى ياخشىلىققا يېتەكلىشى كېرەك، — دېدى. شەپقەتكار بۇدساتۋا ئالدىغا چىقىپ:

— مەشرىققە كەمىنە شاگىرتلىرى بېرىشنى خالايدۇ، — دېدى.

ساكيامۇنى ئاجايىپ خۇش بولۇپ ئۇنىڭغا بىر كاسايا، بىر كۈمۈش ھاسا بەردى. بۇ نەرسىلەرنى نوم ئەكېلىدىغان كاتتا ئەۋلىياغا بېرىشنى تەۋسىيە قىلدى. بۇندىن باشقا ئۇنىڭغا يەنە نوم ئەكېلىدىغان شاگىرت ۋە ئالۋاستىلارغا تاقابىل تۇرۇشى ئۈچۈن ئۈچ ئالتۇن بۆك بەردى.

شەپقەتكار بۇدساتۋا ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى خۇيئەن ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ، تاغدىن چۈشۈپ مەشرىق تامان سەپەر قىلدى. بىر كۈنى ئىككىسى لىيۇشاخې دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلدى. ئۇشتۇمتۇت سۇدىن بىر ئالۋاستى چىقتى. ئۇ يۈزى كۆك، ھىڭگاك چىش ئالۋاستى ئىدى. ئۇ قولىدىكى خاسىيەتلىك ھاسىسى بىلەن قىرغاققا چىقىپ، شەپقەتكار بۇدساتۋانى تۇتۇشقا تەمشەلدى. خۇيئەن ئۇنىڭغا قارشى جەڭگە ئاتلاندى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە

شەپقەتكار بوْدساتۋانىڭ موْشوْ يەردە ئىكەنلىكىنى ھېلىقى ئالۋاس-تىغا دېدى. ئالۋاستى بوْ گەپنى ئاڭلاپ تىزلىنىپ ئولتوْرۋوْپ باش قويدى. بوْ ئالۋاستى ئەسلىي خىسلەتدار قەسىرىدىكى پەردە قايرىغوْچ سەركەردە بولوْپ، خان ئانا ئوْيوْشتوْرغان پىرونوْس شاپتوْلى بەزمىسىدە ئېھتىياتسىزلىقتىن شاھانە روجەك ئەينىكى-نى چېقىپ قويغانلىقى ئوْچوْن يوْروْن سوْلتان ئوْنى يەر يوْزىگە ھەيدىۋەتكەن ئىدى. شەپقەتكار بوْدساتۋا ئوْنىڭغا نوم ئەكېلىشكە بارىدىغان كاتتا ئوْلىمانى ساقلاپ توْروْشنى، شوْ ئوْلىماغا شا-گىرت بولوْپ گوْناھىنى يوْيوْشنى ئېيتىپ، ئوْنىڭغا «شاۋوْجىڭ» دەپ نام بەردى.
شەپقەتكار بوْدساتۋا بىلەن خوْيئەن سەپىرىنى داۋام قىلدى. ئوْلار سەپەر ئوْستىدە يەنە بىر ئېگىز تاغقا دوْچ كەلدى. بوْلوْتقا مىنىپ تاغدىن ئوْتمەكچى بولوْپ توْرغاندا، بىرپەس چىققان قارا قوْيوْن بىلەن بىر ئالۋاستى پەيدا بولدى. ئوْ بېشى چوشقىنىڭكى-دەك يوغان، سالپاڭ قوْلاق، ئاغزى كالاچتەك، توڭكاي چىش، تىرنا كوْتوْروْۋالغان ئالۋاستى ئىدى. خوْيئەن گوْرزىسىنى ئوينى-تىپ ئوْنىڭ ئالدىنى توستى. نەتىجىدە بىر مەيدان قاتتىق ئېلى-شىش بولدى. شوْ ئەسنادا شەپقەتكار بوْدساتۋا كوْككە كوْتوْروْ-لوْپ، بىر تال نېلوْپەرنى تاشلاپ، ئالۋاستىنىڭ تىرنىسىنى ئىش-لىمەس قىلىپ قويدى. بوْ ھالنى كوْروْپ تەشۋىشكە چوْشكەن ئالۋاستى، شەپقەتكار بوْدساتۋانىڭ موْشوْ يەردە ئىكەنلىكىنى بى-لىپ، ئالدىراپ - سالدىراپ تىزلىنىپ ئولتوْروْپ باش قويدى. ئوْ ئەسلىي ئەرش دەرياسىنى باشقوْرغوْچى سىپىھدار ئىدى. پى-رونوْس شاپتوْلى بەزمىسىدە كەيپ بولوْپ قېلىپ چاڭئېغا چاق-چاق قىلىپ قويغانلىقى ئوْچوْن يوْروْن سوْلتان جازالاپ يەر يوْزىگە چوْشوْروْۋەتكەن، يەرگە چوْشكەندە ئازغىشىپ مىكىجىنى-نىڭ قورسىقىغا كىرىپ قېلىپ چوشقا سىياقىغا كىرىپ قالغان ئىدى. شەپقەتكار بوْدساتۋا ئوْنىڭغا ئوْنىڭ موْشوْ يەردە نوم ئەكې-

لىشكە ماڭغان كاتتا ئۆلىمانى كۇتۇپ تۇرۇشنى ئېيتتى ھەم «جۇۋۇنىڭ» دەپ بۇدداچە نام بەردى.

شەپقەتكار بۇدساتۋا بىلەن خۇيئەن شەرققە قاراپ مېڭىۋەر-دى، ئۇلار يولدا غەربىي دېڭىز ئەجدىھا پادىشاھىنىڭ ئوغلىنى قۇتقۇزدى. شەپقەتكار بۇدساتۋا ئۇنىڭغا غاردا تۇرۇپ نوم ئەكې-لىشكە ماڭغان كاتتا ئۆلىمانى ساقلاپ تۇرۇشنى، مۆرىتى كەل-گەندە ئۇنىڭ ئاق ئاتقا ئايلىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى، ئاندىن كېيىن يەنە سەپىرىنى داۋام قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي ۋۇخاڭشەن تېغى ئېتىكىگە كەلدى. ۋۇخاڭشەن تېغى ئاستىدا ياتقان ئەۋلىيا ئەزەم شەپقەتكار بۇدساتۋانىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى تىلىدى. شەپقەتكار بۇدساتۋا ئۇنىڭ نوم ئالغىلى بارىدىغان كاتتا ئۆلىماغا شاگىرت بولۇشنى خالايدىغان-خالىمايدىغانلىقىنى سورىدى، ئەۋلىيا ئەزەم جان دەپ ماقۇل بولدى. شەپقەتكار بۇدساتۋا بىلەن خۇيئەن ئۇدۇل شەرققە قاراپ يول ئالدى، ئۇلار بۈيۈك تاڭ دۆلىتىنىڭ پايتەختى چاڭئەنگە يېتىپ كەلدى. ئۇستاز - شاگىرت ئىككىسى بەدىنىنى قوتۇر بېسىپ كەتكەن سەيياھ راھىب بولۇۋېلىپ، يەر مۇئەككىلى ئىبادەتخانىسىغا چۈشكۈن قىلىپ، نوم ئالغىلى بارىدىغان كىشى-نى تېپىش كويىغا چۈشتى.

تاڭ تەيزۇڭ تەختكە چىققاندىن كېيىن تالانت ئىگىلىرىنى ئۆز يېنىغا تارتتى ھەم يەتتە ئىقلىمدىكى ئىقتىدارلىقلارنىڭ چاڭئەنگە كېلىپ ئىمتىھانغا قاتنىشىشىنى جاكارلىدى. خەيجۇ-لۇق چېن ئې ئىسىملىك بىر كىشى ئىمتىھانغا قاتنىشىپ ئەلا-يۇلئەلا بولدى. بۇ ئەلىيۇلئەلا ئاتلىق كوچا ئايلىنىپ يۈرگەندە، ۋەزىر يىن كەيشەننىڭ قىزى يىگىت تاللاپ ئاتقان شايى شارچە ئۇنىڭ بېشىغا تەگدى، چېن ئې ۋەزىرنىڭ قىزى بىلەن توي قىلدى. ئەتىسى ئۇ يارلىققا بىنائەن ۋەزىپىدە ئولتۇرغىلى جياڭ-جۇغا خوتۇنى بىلەن بىللە سەپەرگە چىقتى. خۇڭجياڭ كېچىكىدە

ئوغرى لىيۇ خۇڭ بىلەن لىيۇ بياۋ چېن ئېنى ئۆلتۈرۈپ، جەسىتى-
نى تاشلىۋېتىپ، يىن خېنىمنى لىيۇ خۇڭ خوتۇن قىلىۋالدى،
يىن خېنىم لىيۇ ئوغرىدىن قاتتىق نەپرەتلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن
ئېغىر ئاياغ بولغاچقا، نائىلاج تەقدىرگە تەن بەردى.

كۈنلەر ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى يىن
خېنىمنىڭ قورسىقى تۇيۇقسىز ئاغرىپ كېتىپ بىر ئوغۇل تۇغ-
دى. ئۇ لىيۇ ئوغرىنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ئەنسىرەپ،
ئوغلىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى قانلىق مەكتۇپ پۈتۈپ، ئاندىن
ئوغلىنى بىر تاختايغا باغلاپ دەرياغا ئېقىتىۋەتتى. كېيىن جىن-
شەن تېغىدىكى ئىبادەتخانىنىڭ شەيخ ھەزرىتى بالىنى قۇتقۇزۇۋې-
لىپ، ئۇنىڭغا جياڭ لىيۇئېر دەپ ئىسىم قويۇپ قويدى. جياڭ
لىيۇئېر ئون سەككىز ياشقا كىرگەندە شەيخ ھەزرەت ئۇنىڭ چې-
چىنى چۈشۈرۈپ راھىب قىلدى ھەم ئۇنىڭغا شۈەنجۇاڭ دەپ ئات
قويدى. كېيىنكى چاغلاردا شۈەنجۇاڭ ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرى-
دىن خەۋەر تېپىپ، چاڭئەنگە بېرىپ يىن فامىلىلىك ۋەزىر
ئەزەمنى تېپىپ، تاڭ پادىشاھىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ، ئاتى-
سىنىڭ قىساسىنى ئالماقچى بولدى.

## 5 - باب پالچىنىڭ چۈشىدە ئەجدىھا پادى-شاھنى ئۆلتۈرۈپ، تاڭ تەيزۇڭنى تىرىلدۈرگەنلىكى

چاڭئەن شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى جىڭخې دەرياسى بويىدا
بىر بېلىقچى بىلەن بىر ئوتۇنچى بىكارچىلىقتا پاراڭلىشىپ ئول-
تۇرۇپ، شىمېن كوچىسىدىكى پالچى ئەپەندى سالغان پالنىڭ
ناھايىتى توغرا چىقىدىغانلىقى توغرۇلۇق سۆزلەشتى. بېلىقچى:
— بۈگۈن بېرىپ پال سالدۇرغان ئىدىم، ئۇ ماڭا دەريانىڭ

شەرقى تەرىپىگە تور تاشلاپ، تورنى دەريانىڭ غەربى تەرىپىدىن
يىغسام، جەزمەن نۇرغۇن بېلىق تۇتىدىغانلىقىمنى ئېيتتى، —
دېدى. بۇ گەپنى سۇ مەھكىمىسىنىڭ مەلئۇن مىرابى ئاڭلاپ
قالدى. مەلئۇن مىراب بۇنى ئەجدىھا پادىشاھقا مەلۇم قىلدى ۋە:
— مۇشۇنداق قىلسا، جىڭخې دەرياسىدىكى سۇ جەمەتىدىكـ
لەرنىڭ ھەممىسى تۈگەپ كەتمەمدۇ؟ ـ دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ
دەرغەزەپكە كەلگەن ئەجدىھا پادىشاھ پالچى ئەپەندى بىلەن كۆـ
رۈشمەكچى بولۇپ قىرغاقتا چىقتى، ئۇ ئوقۇمۇشلۇق ئادەم سىياـ
قىغا كىرىپ چاڭئەن شەھىرىنىڭ شىمېن كوچىسىغا ماكانلاشقان
پالچى ئەپەندىنىڭ يېنىغا باردى.
پالچى ئەپەندى ئەجدىھا پادىشاھتىن قانداق پال سالدۇرىدىـ
غانلىقىنى سورىدى. ئەجدىھا پادىشاھ ھاۋا رايى توغرۇلۇق پال
سالدۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. پالچى ئەپەندى پال سېلىپ:
— ئەتە يامغۇر ياغىدۇ، — دېدى. ئەجدىھا پادىشاھ ئۇنىڭـ
دىن:
— يامغۇر قاچان ياغىدۇ؟ قانچىلىك ياغىدۇ؟ — دەپ
سورىدى.
— ئەتىگەندە ھاۋا تۇتۇلىدۇ، چۈشتە چاقماق چاقىدۇ،
چۈشتىن كېيىن يامغۇر ياغىدۇ، كەچكە بارغاندا يامغۇر كۆچىـ
يىپ، دەريا سۈيى ئۆلچىيىپ كېتىدۇ، — دېدى پالچى ئەپەندى.
ئەجدىھا پادىشاھ كۈلۈپ:
— سالغان پال توغرا چىقمىسا، ئۆي ـ ماكانىڭنى ۋەيران
قىلىۋېتىپ ئۆزۈڭنى چاڭئەن شەھىرىدىن قوغلاپ چىقىرىـ
مەن، — دېدى. پالچى ئەپەندى بۇنىڭغا ماقۇل بولدى.
ئەجدىھا پادىشاھ سۇ مەھكىمىسىگە قايتىپ، بارلىق سۇ
جەمەتىدىكىلەر بىلەن پالچى ئەپەندىنىڭ قالايمىقان جۆيلۈگەنلىكى
توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ كۈلۈشتى. دەل شۇ ۋاقىتتا مۇئەللەقتىن
زەرباپ تونلۇق پالۋاننىڭ: «ئەجدىھا پادىشاھ يارلىق» دېگەن

ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەجدىها پادىشاھ يارلىقنى كۆردى، يارلىقتا
يۈرۈن سۇلتان ئۇنىڭغا ئەتە چاڭئەنگە يامغۇر ياغدۇرۇشنى بۇيـ
ـرۇغان ئىدى. ۋاقتى، يامغۇر مىقدارى پالچى ئەپەندىنىڭ ئېيتـ
قىنى بىلەن ئوپمۇئوخشاش ئىدى. ئەجدىها پادىشاھنىڭ قورقۇپ
جان - پىنى چىقىپ كەتتى. ئەجدىها پادىشاھنىڭ بىر چەتتە
تۇرغان مۇشاۋۇرى ئۇنىڭغا ئەقىل كۆرسىتىپ:
— يامغۇرنى دېگەن ۋاقىتتىن يا ئىلگىرى يا كېيىن ياغدۇ-
رۇپ، مىقدارىنى كېمەيتىسلە، ئۇ يېڭىلىپ قالىدۇ ئەمەسمۇ؟
— دېدى. ئەجدىها پادىشاھ بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى. ئەتىسى
ئۇ ھاۋا تۇتۇلىدىغان، چاقماق چاقىدىغان ۋاقىتنى ئالماشتۇرۇپ
قويدى، يامغۇرمۇ كۆپ ياغمىدى.
يامغۇردىن كېيىن ئەجدىها پادىشاھ ئاق كىيىملىك ئوقۇ-
مۇشلۇق ئادەم سىياقىغا كىرىپ، پالچى ئەپەندىنىڭ ئىشىك ئالـ
دىغا كېلىپ، ئالدىغا ئۇچرىغان نەرسىنى ئۇرۇپ - چېقىپ
پالچى ئەپەندىگە تىل سالدى:
— ئاۋامنى ئالدايدىغان ناكەس! پال توغرا چىقمىدى، ۋاقـ
ـتىدا كۆزدىن يوقال. بىر قوشۇق قېنىڭدىن كەچتىم. پالچى
ئەپەندى سوغۇق كۈلۈپ:
— ئۆلۈمگە پەقەت سەنلا مەھكۇم! سەن يۈرۈن سۇلتانىنىڭ
يارلىقىغا خىلاپلىق قىلىپ، ۋاقىتنى، يامغۇر مىقدارىنى ئۆز-
گەرتىپ تەڭرىنىڭ ئىرادىسىنى كۆزگە ئىلمىدىڭ. سەن ئۆزۈڭـ
ـنىڭ جازالىنىپ كېتىشىڭنى ئويلىماي، يەنە مېنى تىللاۋاتىسىـ
ـنا؟ — دېدى. ئەجدىها پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ شۈركىنىپ
كەتتى - دە، دەرھال تىزلىنىپ پالچى ئەپەندىدىن بىر قوشۇق
قېنىنى تىلىدى. پالچى ئەپەندى ئۇنىڭغا:
— ئەتە چۈشتىن چارەك ئۆتكەندە، ئوردا ئەمەلدارى ۋېي
جىڭدىن ئۆزۈڭگە بېرىلگەن جازانى ئاڭلايسەن. ۋېي جىڭ تاڭ
پادىشاھىنىڭ ۋەزىرى، سەن تاڭ پادىشاھى تاڭ تەيزۇڭدىن بىر

قوشۇق قېنىڭنى تىلىسەڭ جېنىڭنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشىڭ مۇمكىن، — دېدى.

تاڭ تەيزۇڭنىڭ چۈشىدە ئەجدىها پادىشاھنىڭ تاڭ تەيزۇڭدىن ئۆز جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشنى تىلىگەنلىكى، ئۇنىڭغا ۋېي جىڭ جازا بېرىدىغانلىقى زاھىر بولدى.

تاڭ تەيزۇڭ ئۇنىڭ ئۆتۈنۈشىنى قوبۇل قىلدى. ئەجدىها پادىشاھ خۇشال بولۇپ يولىغا راۋان بولدى.

تاڭ تەيزۇڭ ئويغىنىپ، چۈشىدە كۆرگەن ئىشلارنى يادىدا چىڭ تۇتۇپ، بۇ ئىشلارنى قوبۇل ۋاقتىدا ئەمەلدارلىرىغا سۆزلەپ بەردى. بىر قىسىم ئوردا ئەمەلدارلىرى پادىشاھقا ۋېي جىڭنى قوبۇلدىن كېيىن ئوردىدىن چىقىرىۋەتمەي بىر كۈن تۇتۇپ قالسا، ئەجدىها پادىشاھنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغىلى بولىدىغانلىقىنى دېيىشتى. تاڭ تەيزۇڭ يارلىق چۈشۈردى. دەرۋەقە، ۋېي جىڭ قوبۇل ۋاقتىدا دۆلەت ئىشلىرى توغرۇلۇق مۇھاكىمە قىلدى، قوبۇلدىن كېيىن ئۇنى پادىشاھ شاھمات ئويناشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇ ئىككىسى شاھمات ئويناپ چۈشتىن چارەك ۋاقىت ئۆتكەندە ۋېي جىڭ تۇيۇقسىز جوزىغا بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قالدى. تاڭ تەيزۇڭ ئۇنى دۆلەت ئىشلىرى بىلەن چارچاپ كېتىپ ئۇخلاپ قالغان چېغى دەپ ئويغاتمىدى. كۆپ ئۆتمەي ۋېي جىڭ ئويغىنىپ، تاڭ پادىشاھىدىن گۇناھىنى تىلىگەن چاغدا، ئوردا بەگلىرىدىن چىن شۇباۋ، شۈي ماۋگوڭلار قان تېمىپ تۇرغان ئەجدىها بېشىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى ۋە بۇنىڭ ئاسماندىن چۈشكەنلىكىنى ئېيتتى. تاڭ پادىشاھى ھەيران بولدى، ئەسلى ۋېي جىڭ چۈشىدە جىڭخې دەرياسى ئەجدىها پادىشاھىنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلغان ئىدى.

ۋېي جىڭ چۈشىدە ئەجدىها پادىشاھنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، خان ئوردىسىغا پات ـ پاتلا ئەجدىها پادىشاھنىڭ ئەرۋاھى كىرىۋېلىپ، پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغاچقا، تاڭ تەيزۇڭ

تاماقتىن ھەم ئۇيقۇدىن قېلىپ، بارا ـ بارا ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ قالدى. ۋەزىر ۋېي جىڭ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ:

— كەمىنىلىرى سىلىنىڭ ئۆمۈرلىرىنى ئۇزارتىدىغانغا كاپالەت بېرىدۇ، — دېدى. تاڭ تەيزۇڭ:

— جان تۇمشۇققا يېتىپ قالغان چاغدا، قانداق كاپالەت ئىكەن ئۇ؟ — دېدى.

— كەمىنىلىرىدە بىر پارچە مەكتۇپ بار، ئالىيلىرى شۇ مەكتۇپنى ئۇ دۇنياغا بارغاندا، ياماراجاغا بەرسىلە ئىش پۈتىدۇ. ئۇ ھايات ۋاقتىدا ئىككىمىز بەك يېقىن ئۆتكەن ئىدۇق. ئالىيلىرى مۇشۇ مەكتۇپنى شۇ كىشىگە بەرسىلە. مەن سىلىنى تىرىلدۈرۈشكە كاپالەت بېرىمەن، — دېدى. تاڭ تەيزۇڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ھېلىقى مەكتۇپنى قولىغا ئېلىپلا كۆزىنى يۇمدى.

تاڭ تەيزۇڭنىڭ روھى ئۇچۇپ باقىي دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ ئالدىغا ياماراجا چىقتى. تاڭ تەيزۇڭ ۋېي جىڭ بەرگەن مەكتۇپنى ياماراجاغا بەردى. ياماراجا مەكتۇپنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا كەڭ قورساق بولۇشنى ئېيتتى. ئاندىن ئىككىسى ئونىنچى ئەۋلاد باقىي دۇنيا پادىشاھىنى زىيارەت قىلدى. ياماراجا ھايات ـ ماماتلىق دەپتىرىگە تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەننىڭ 13 ـ يىلى دەپ يېزىلغانلىقىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، «بىر» دېگەن خەتنى «ئىككى» قىلىپ ئۆزگەرتىۋەتكەن ئىدى، ئونىنچى ئەۋلاد باقىي دۇنيا پادىشاھى تاڭ تەيزۇڭنىڭ يەنە 20 يىل ھايات كەچۈرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى ـ دە، ياماراجاغا ئۇنى باقىي دۇنياغا يەتكۈزۈپ قويۇشنى بۇيرۇدى.

ياماراجا بىلەن باقىي دۇنيا ئەمىر لەشكىرى تاڭ تەيزۇڭنى خىلۋەتخانىدىن باشلاپ چىقىپ، ئۇنىڭغا جەھەننەم مەھكىمىسىنى كۆرسەتتى، سەيلە ـ ساياھەت قىلدۇردى. ئۇلار تاغ، 18 قەۋەت دوزاخ، پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ، يول بويى ئېچىنىشلىق

ئەھۋاللارنى كۆردى، قانلار دولقۇنلىناتتى، قايغۇ ـ ھەسرەتلىك نىدالار پات ـ پاتلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ياماراجا تاڭ تەيزۇڭغا مۇنداق دېدى:

— ئالىيلىرى ئۇ دۇنياغا بارغاندىن كېيىن، «سۇ ـ قۇ-رۇقلۇق قۇرۇلتىيى» نى چاقىرىپ، ئۇۋال ئەرۋاھلارنى كۆلپەت-تىن ساقىت قىلىپ، زېمىنلىرىنى مەڭگۈ ئوبدان باشقۇرسىلا.

تاڭ تەيزۇڭ ماقۇل بولدى. ئۇلار گەپ قىلغاچ ۋېيخې دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلدى. دەريادا ئالتۇن رەڭلىك سازەن بېلىقلىرى پىلتىڭلاپ ئويناپ يۈرۈشەتتى. دەل شۇ ئەسنادا باقىي دۇنيا ئەمىر لەشكىرى تاڭ تەيزۇڭنى دەرياغا ئىتتىرىۋەتتى. تاڭ تەيزۇڭ باقىي دۇنيادىن ئايرىلىپ، پانىي دۇنياغا قايتتى.

## 6 ـ باب تاڭ پادىشاھى راھىب تاللىغان چاغدا شەپقەتكار بۇدساتۋانىڭ پەيدا بولغانلىقى

شۇ تاپتا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇلكىي ۋە لەشكىرىي ئەمەل-دارلىرى، خانىش ۋە توقال خانىشلار ۋەلىئەھدنى تەختكە چىقى-رىش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىۋاتاتتى. ۋېي جېڭ بىر چەتتە تۇرۇپ:

— بولمايدۇ، بولمايدۇ! بىردەم قاراپ باقايلى. پادىشاھى-ئالەم چوقۇم تىرىلىپ كېلىدۇ، — دېدى. كۆپچىلىك ئىشەنمى-دى. ئۇلار شۇنداق دەۋاتقاندا، بىردىنلا جەسەت ساندۇقىدىن: «تۇنجۇقۇپ ئۆلەي دېدىم، تۇنجۇقۇپ ئۆلەي دېدىم!» دېگەن ئاۋاز كەلدى. ئەتراپتىكىلەر قورقۇپ قېچىپ كېتىشتى. ۋېي جېڭ، چىن چيۇڭ قاتارلىق كىشىلەر جەسەت ساندۇقىنىڭ ئاغ-زىنى ئاچتى، قارىسا تاڭ تەيزۇڭ جەسەت ساندۇقىنىڭ ئىچىدە

ئۆلتۈراتتى. ئۇلار شۇندىلا تاڭ تەيزۇڭنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى بىلدى. ۋېي جىڭ ئالدىراش ئوردا تېۋىپىنى چاقىرتىپ تاڭ تەيزۇڭغا تىنچلاندۇرۇش شورپىسى ئىچۈردى، سىپاھلاردىن بىرى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئارام ئالدۇرۇشقا ئوردىغا ئەكىرىپ كەتتى. ئەتىسى تاڭ تەيزۇڭ كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن قوبۇلغا چىقتى. ئوردا ئەمەلدارلىرى پادىشاھنىڭ تىرىلىپ قايتىپ كەلگەنلىكىدىن گۇمانلاندى، تاڭ تەيزۇڭ بولغان ئىشلارنى بىر قۇر سۆزلىگەندىن كېيىن، ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى مۇبارەكلەپ كېتىشتى. تاڭ تەيزۇڭ ئومۇمىي كەچۈرۈم قىلىش توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈردى، ئوردىدىن ئۈچ مىڭ كېنىزەكنى ئازات قىلىۋەتتى. پۈتكۈل ئىقلىمدىكىلەرنى بۇددىغا تېۋىنىپ، ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىشقا چاقىرىپ يارلىق چىقاردى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي تاڭ تەيزۇڭ مۇلكىي ۋە لەشكىرىي ئەمەلدارلارنى يىغىپ، راھىب قوبۇل قىلىش توغرۇلۇق تاختا چىقىرىپ، باقىي دۇنيادىكى ئۇۋال ئەرۋاھلارنى كۈلپەتتىن خالاس قىلىش ئۈچۈن «سۇ ـ قۇرۇقلۇق قۇرۇلتىيى» ئېچىشنى پىلانلىدى. بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بارلىق راھىبلار چاڭئەنگە يىغىلدى. تاڭ تەيزۇڭ باش ۋەزىر ۋېي جىڭ، ۋەزىر سۇ يۈي، ئوردا مىراقولى جاڭ داۋيۈەن قاتارلىق ئۈچ نەپەر ئوردا ئەمەلدارىغا راھىبلارنىڭ ئارىسىدىن پەزىلەتلىك بىر راھىبنى تاللاپ چىقىشنى بۇيرۇدى. بۇ ئۈچ نەپەر ئوردا ئەمەلدارى تاللاش ئارقىلىق كىچىكىدىن تارتىپ راھىب بولغان، دۇنياغا كېلىپلا پەرھىز تۇتقان بىر ئۇستازنى بايقىدى. بۇ ئۇستازنىڭ چوڭ دادىسى ئەينى چاغدا ئوردىدا باش غوجىدار بولغان يىن كەيشەن، دادىسى ئوردا كۇتۇپخانىسىنىڭ ئۆلىماسى چېن گۇاڭرۇ ئىدى. ئۇ ئەسلىي زاتى ياخشى، پەزىلەتلىك، ئىلىم ـ ھېكمەتتىن تولۇق خەۋەردار، بۇددا تەلىماتىغا پىششىق ئىدى. ئۈچ نەپەر ئوردا ئەمەلدارى شۈەنجۇاڭ ئۇستازنى تاڭ تەيزۇڭغا تەۋسىيە

قىلدى. تاڭ تەيزوڭ خوشال بولغان هالدا:

— ياخشى نامزاتنى تاللاپسىلەر، ئۇ ھەقىقەتەن پەزىلەتلىك ھەم دىيانەتلىك راھىب ئىكەن. مەن ئۇنىڭغا بارچە ئىقلىم سەڭگە خانى ۋەزىپىسىنى بېرىمەن، — دېدى. تاڭ تەيزوڭ ئۇنىڭ خەيرلىك بىر كۈننى تاللاپ، خۇاسېڭ ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ «سۇ قۇرۇقلۇق قۇرۇلتىيى»غا رىياسەتچىلىك قىلىشىنى، قۇرۇلتاينى نوم سۆزلەش بىلەن باشلىشىنى تاپىلىدى.

جېنگۇەننىڭ 13 - يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى مۇشۇ خاسىيەتلىك كۈندە شۈەنزاڭ ئۇستاز بىر مىڭ ئىككى يۈز نەپەر مەرتىۋىلىك راھىبلارنى يىغىپ چاڭئەندە قىرىق توققۇز كۈنگە سوزۇلىدىغان «سۇ - قۇرۇقلۇق قۇرۇلتىيى»نى باشلىدى. بۇ قۇرۇلتاي خۇاشېڭ ئىبادەتخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى. تاڭ پادىشاھى ئەتىگەنلىك قوبۇلدىن كېيىن مۇلكىي ۋە لەشكىرىي ئەمەلدارلار-نى باشلاپ ئىبادەتخانىغا كېلىپ كۈجە كۆيدۈردى، بۇتخانىغا باش ئۇردى، ئارخاتلارنى يوقلىدى.

شەپقەتكار بۇدساتۋا چاڭئەندە نوم ئەكېلىدىغان پاك نىيەتلىك بىر كىشىنى تاپالماي يۈرگەن ئىدى. ئۇ توساتتىن تاڭ پادىشاھى-نىڭ مەرتىۋىلىك راھىب تاللايدىغانلىقىنى، «سۇ - قۇرۇقلۇق قۇرۇلتىيى» ئېچىلىدىغانلىقىنى ھەم يەنە پىر ئۇستازنىڭ دەل جياڭ لۇئېر راھىب ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ كۆڭلىدە خۇشال بول-دى- دە، خۇيئەن بىلەن بىللە كاسايا بىلەن كۈمۈش ھاسىنى ئىككى مىڭ سەر كۈمۈشكە ساتقىلى بازارغا ماڭدى. ئۇ ئىككىسى يولدا ۋەزىر سۈيۈيگە ئۇچرىشىپ قالدى، ۋەزىر سۈيۈي بۇ ئەھ-ۋالنى تاڭ پادىشاھىغا ئېيتتى. تاڭ پادىشاھى كاسايا بىلەن كۈمۈش ھاسىنى كۆرۈپ ھەم ئەتىۋارلىق بۇيۇم ئىكەنلىكىنى بىلىپ، سېتىۋېلىپ ئۇستاز شۈەنزاڭغا سوۋغا قىلماقچى بولدى. شەپقەتكار بۇدساتۋا تاڭ پادىشاھىنىڭ بۇددا دىنىنى قەدىرلەۋاتقان-لىقىنى كۆرۈپ، قىممەتلىك بۇيۇملارنى قالدۇرۇپ بىر تىيىن

پۇل ئالماي ئۆز يولىغا راۋان بولدى.

«سۇ ـ قۇرۇقلۇق قۇرۇلتىيى» يەتتىنچى كۈنگە قەدەم قويدى. شۇ كۈنى تاڭ پادىشاھى مۇلكىي ۋە لەشكىرىي ئەمەلدار-لارنى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى، شۇنىڭدەك شەھەر خەلقىنى باشلاپ شۈەنزاڭ ئۇستازنىڭ نومىنى ئاڭلىغىلى ئىبادەتخانىغا كەلدى. شەپقەتكار بودساتۋا مۇنبەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، نوم ئوقۇۋاتقان ئۇستازغا:

— سەن ھىنەيەنىلا بىلىدىكەنسەن، مەھايانەنى بىلەمسەن؟ — دەپ توۋلىدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇش بولۇپ كەتكەن شۈەنزاڭ بىرلا ئىرغىپ پەسكە چۈشۈپ شەپقەتكار بودساتۋانىڭ ئۆزىگە تەلىم بېرىشىنى ئۆتۈندى. شەپقەتكار بودساتۋا:

— مەندە مەھايانە ئۈچ نوم بار ئىدى، ئۇ ھازىر ئەنەتكەك دۆلىتىدىكى مۇقەددەس لېيىن ئىبادەتخانىسىدا تۇرۇۋاتقان ساك-يامۇنىنىڭ يېنىدا. بۇ نوم ئۆۋالچىلىقلارنى تۈگىتىپ، ئۇرۇن-سىز بالايىقازالارنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، — دېدى ـ دە، يەتتە قەۋەت ئاسماننىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئۆزىنىڭ شەپقەتكار بودساتۋا-لىق سىياقىنى ئاشكارىلىدى. بۇ ئىشتىن خۇشلۇققا چۆمۈلگەن تاڭ پادىشاھى، بارلىق ئوردا ئەمەلدارلىرى، راھىب ۋە راھىبە-لەر يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ كۈجە كۆيدۈرۈپ، كۆككە قاراپ باش ئۇرۇشتى، بۇلۇتنىڭ ئۈستىدە تۇرغان شەپقەتكار بودساتۋا يىراق-لاپ كەتتى، كۆكتىن: «كۈنپېتىشتا خاسىيەتلىك دەستۇر بار، ئۇ يەر، بۇ يەردىن 18 مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتا. نوم ئەكېلىشنى خالايدىغانلار بولسا، ئالتۇن تەنلىك، ئامەتلىك بورخانغا ئىلتى-ماس قىلسا بولىدۇ» دېگەن خەتلەر يېزىلغان لەۋھە چۈشتى. تاڭ پادىشاھى ئەتراپتىكىلەردىن: «نوم ئەكېلىشكە كۈنپېتىشقا كىم بېرىشنى خالايدۇ» دەپ سورىدى. شۈەنزاڭ ئالدىغا چىقىپ تاڭ پادىشاھىغا سالام بەجا كەلتۈرۈپ:

— پېقىر بېرىشنى خالايدۇ، — دېدى. تاڭ پادىشاھى خۇش

بولۇپ، ئاغا ـ ئىنى بولۇشتى ھەم ئۇنىڭغا «خان ئىنىسى» دەپ نام بەردى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، تاڭ تەيزۇڭ ئەتىگەنلىك قوبۇل ۋاقتىدا مۇلكىي ۋە لەشكىرىي ئەمەلدارلارنى يىغىپ، نوم ئەكېلىش توغرۇلۇق ھۆججەت پۈتۈپ، يولخېتى راسلىدى. شۈەنزاڭغا ئىككى خىزمەتكار بىلەن بىر ئات سەپلەپ بەردى.

تاڭ تەيزۇڭ يەنە شۈەنزاڭنىڭ يولدا ئىشلىتىشى ئۈچۈن ئالتۇن پاترا تەييار قىلدى، ئاندىن كېيىن ئۇستازنى شەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىغا سورۇن ھازىرلاپ ئۇزىتىپ قويدى. زىياپەت ئارىلىقىدا تاڭ تەيزۇڭ بۇددا نومى نامى بىلەن ئۇنىڭ ئىسمىنى سەنزاڭغا ئۆزگەرتتى. سەنزاڭ تاڭ پادىشاھىغا رەھمەت-ھەشقاللا ئېيتىپ قورۇلدىن چىقىپ سەپەرگە ئاتلاندى.

## 7 ـ باب سەنزاڭنىڭ سەپەر ئۈستىدە خىسلەتلىك ئۈچ شاگىرت قوبۇل قىلغانلىقى

سەنزاڭ ئېتىنى يورغىلىتىپ كۈنپېتىشقا قاراپ مېڭىۋەردى، ئۇ بىر كۈنى گۇڭجۇ شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. شۇ يەردە بىر كېچە تۇرۇپ، ئەتىسى يەنە يولغا چىقتى، ئىككى ـ ئۈچ كۈن ماڭغاندىن كېيىن خېجۇ قەلئەسىگە يەتتى. بۇ يەر بۈيۈك تاڭ دۆلىتى زېمىنىنىڭ چېگرىسى ئىدى. چېگرىدىكى باشبۇغ ۋە شۇ يەردىكى راھىبلار خان ئىنىسى بولغان ئۇستازنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى ۋە خېرىدارلىقىنى قىلدى. ئەتىسى باش توخۇ چىللىشى بىلەن ئۇستاز ھەمراھلىرىنى ئويغىتىپ، ناشتا قىلىپلا يولغا چىقتى. ئالدىراقسان ئۇستاز بەك بالدۇر تۇرۇپ كەتكەچكە ئۇن

چاقىرىم يول يۈرگەن بولسىمۇ تاڭ يورۇمىدى. ئۇلار بىر تاغ-نىڭ ئالدىغا كېلىپ يول ئىزدەپ يۈرۈپ توساتتىن ئۇچەيلەن ئات بىلەن بىر ئازگالغا چۈشۈپ كەتتى. ئارقىدىن بىرپەس قويۇن چىقىپ ئون نەچچە ئالۋاستى پەيدا بولۇپ، ئۇلارنى باغلاپ ئالۋاستى پادىشاھىنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. بىردەمدىن كېيىن يەنە ئىككى ئالۋاستى پادىشاھ كەلدى. ئۈچ ئالۋاستى پادىشاھى ئۇس-تازنىڭ ئىككى ھەمراھىنى ئىچ - باغرىنى يېرىپ، بۆلۈشۈپ يەۋەتتى. سەنزاڭنىڭ قورقىنىدىن جان - پېنى چىقىپ كەتتى. بۇ سەنزاڭنىڭ چاڭئەندىن يولغا چىقىپ بىرىنچى قېتىم پالاكەتكە يولۇقۇشى ئىدى.

بارا - بارا تاڭ ئاتتى. ئالۋاستىلار تارقاپ كەتتى. سەنزاڭ گاراڭ ھالەتتە نېمە قىلارىنى بىلمەي ئولتۇراتتى. تۇيۇقسىز ئالدى تەرەپتىن ھاسا تايانغان بىر موماي چىقىپ كەلدى، ئۇ قولىنى بىر شىلتىپ سەنزاڭنى باغلاقتىن بوشاتتى. سەنزاڭ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ مومايغا رەھمەت - ھەشقاللا ئېيتتى. موماي سەنزاڭغا:

— ھېلىقى ئالۋاستىلارنىڭ بىرى قارا ئېيىق ئالۋاستى، بىرى ياۋا كالا ئالۋاستى، يەنە بىرى يولۋاس ئالۋاستى. سىلى خىسلەتلىك بولغاچقا، ئۇلار سىلىنى يېيەلمەيدۇ، — دېدى - دە، ئۇستازنى يولغا سېلىپ قويۇپ، ئۆزى بىرپەس چىققان مەيىن شامال بولۇپ كۆزدىن غايىب بولدى. ھاۋادىن «مەن كۇنپېتىشتىكى تارىق چولپان بولىمەن، ئالايتەن سىلىنى يوق-لاپ كەلدىم، ئالدىلىرىدا سىلىگە ھەمدەمدە بولىدىغان شاگىرت-لىرى بار» دېگەن خەتلەر يېزىلغان لەۋھە چۈشتى.

سەنزاڭ ئېتىنى يېتىلەپ يالغۇز يولىنى داۋام قىلدى، يېرىم كۈن ماڭغان بولسىمۇ بىرەر يېزا كۆرۈنمىدى. ئالدى تەرەپتە ئىككى يولۋاس پەيدا بولدى، كەينى تەرەپتە بىرنەچچە يىلان يەر بېغىرلاپ يۈرەتتى، خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغان سەنزاڭ

قورققىنىدىن تىپخىرقاپ تۇرۇپ قالدى. توساتتىن ھېلىقى ئىككى يولۋاس قاياقلارغىدۇر يوقالدى، زەھەرلىك يىلانلار ئىنىغا كىرىپ كەتتى، چايان ۋە ۋەھشىي ھايۋان سۇرەتلىك ئالۋاستىلار تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ كېتىشتى. تاغ باغرىدىن ئارا تۇتقان، بېلىگە ئوقيا ئاسقان بىر كىشى چۈشتى. ئەسلىي ئۇ مۇشۇ تاغدىكى ليۇ بوچىن مۇشاۋۇر لەقەملىك بىر ئوۋچى ئىدى. ئوۋچى سەنزاڭنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىپ ئۆيىگە ئاپاردى. ئۆيدە ئوۋچىنىڭ ئاپىسى ۋە خوتۇنى بار ئىدى. قېرى مەزلۇم سەنزاڭنى بەك ياقتۇرۇپ قالدى، ئۇ سەنزاڭنىڭ ئوۋچىنىڭ مەرھۇم دادىسىنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا ئوقۇپ قويۇشىنى ئۆتۈندى. شۇ كۈنى ئوۋچىنىڭ ئۆيىدىكىلىرى ئۇنى ناھايىتى ئوبدان كۈتتى. ئەتىسى ئەتىگەندە، ئوۋچىنىڭ ئۆيىدىكىلىرى مەرھۇم موشاۋۇرغا كۆجە كۆيدۈرۈپ نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزدى. ئۇستاز سەنزاڭ تاك - تاكنى ئۇرۇپ، نوم قىرائەت قىلدى. مۇشاۋۇر ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بۇنىڭدىن قاتتىق مىننەتدار بولۇپ، ئۇستاز سەنزاڭغا ئىككى سەر كۈمۈش بەردى. ئۇ بۇنى قەتئىي ئالمىدى، مۇشاۋۇرنىڭ ئاپىسى ئۇستازغا ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلاپ، ئوغلىنى ئۇزىتىپ قويۇشقا بۇيرۇدى.

ئۇستاز سەنزاڭ يېرىم كۈن يول يۈرۈپ بىر تاغنىڭ ئالدىغا كەلدى. تاغنىڭ باغرىغا چىققاندا، مۇشاۋۇر كەينىگە ئۆرۈلۈپ، سەنزاڭغا:

— ھەزرىتىم، بۇ تاغنىڭ بۇرۇنقى ئىسمى ۋۇخاڭشەن ئىدى، تاڭ خانلىقىمىز مەغرىبنى بويسۇندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن بۇ تاغنىڭ ئىسمىنى «پاسىلتاغ» قا ئۆزگەرتتى، مەشرىق تەرىپى بۈيۈك تاڭ دۆلىتىگە تەۋە، مەغرىب تەرىپى تاتارلارنىڭ چېگرىسى، ئۇ تەرەپتىكى يولۋاس - بۆرىلەرنى ئوۋلاشقا چامام يەتمەيدۇ، قالغان يولنى ئۆزلىرى يالغۇز باسىدىلا، — دېدى. سەنزاڭ مۇشاۋۇر بىلەن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي تۇرغان پەيتتە، تاغ

ئېتىكىدىن: «ئۇستازىم كەپتۇ! ئۇستازىم كەپتۇ!» دېگەن گۈل-دۈرمامىدەك بىر ئاۋاز كەلدى. ئىككىسى داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن غۇلام، بۇ تاغ ئاستىغا باستۇرۇلغان قېرى مايمۇننىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مايمۇننى كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن تاغدىن چۈشتى.

سەنزاڭ بىلەن مۇشاۋۇر راست دېگەندەك تاغ ئاستىغا باس-تۇرۇلغان بىر مايمۇننى كۆردى. مايمۇن بېشىنى چىقىرىپ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ:

— ئۇستازىم، دەل ۋاقتىدا كەلدىلا! مېنى قۇتقۇزۇۋالسى-لا، مەن سىلى بىلەن نوم ئالغىلى بارىمەن، — دېدى. سەنزاڭ ئۇنىڭدىن:

— سەن ئۆزۈڭ كىم؟ مەن سېنى قانداق قۇتقۇزۇۋال-مەن؟ — دەپ سورىدى. مايمۇن:

— مەن 500 يىلنىڭ ئالدىدا ئەرشنى مالىمان قىلغان ئەۋلىيا ئەزەم بولىمەن. تاتىما گاتو مېنى بۇ تاغنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويغان، يېقىندا تەڭرى بورخاننىڭ ئىرادىسى بىلەن بۇ يەرگە كەلگەن شەپقەتكار بۇدساتۋا ماڭا بۇددا ئەقىدىلىرىگە ئەمەل قىلسام، نوم ئالغىلى ماڭغان كىشىنى قوغداپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە نوم ئالغىلى بارىدىغانلىقىمنى ئېيتقان، — دېدى. سەنزاڭ:

— قولۇمدا ھېچنېمە بولمىسا، سېنى قانداق قۇتقۇزالاي-مەن؟ — دېدى ئۇنىڭغا.

— سىلى تاغ ئۈستىگە چىقىپ تاتىما گاتو چاپلاپ قويغان ئالتە خەتلىك پېچەت باغاقنى ئېلىپ چۈشسىلە، مەن بۇ يەردىن چىقىپ كېتىمەن، — دېدى مايمۇن. سەنزاڭ تاغ ئۈستىگە چىقىپ ھېلىقى پېچەت باغاقنى ئېلىۋەتتى. مايمۇن سەنزاڭ بى-لەن مۇشاۋۇرنىڭ بۇ تاغدىن ئۇزاپ كېتىشىنى ئېيتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي تاغ يېرىلغاندەك دەھشەتلىك بىر ئاۋاز چىقتى، مايمۇن

ئاتلىق سەنزاڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۆت قېتىم تەزىم قىلدى. سەنزاڭ مايمۇنغا راھىبلىق ئىسىم قويماقچى بولدى. مايمۇن سەنزاڭغا:

— مېنىڭ ئەسلىي راھىبچە ئىسمىم بار، ئۇ بولسىمۇ سۇن ۋۇكۇڭ، — دېدى.

سەنزاڭ مايمۇنغا سۇن دەرۋىش دەپ نام بەردى.

سۇن دەرۋىش يۈك - تاقلارنى كۆتۈرۈپ يالىڭاچ ھالدا سەنزاڭنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى. ئۇلار ئىككى تاغدىن ھالقىپ ئۆتتى، بىر چاغدا ئالدى تەرەپتىن بىر يولۋاس ھۆركىرەپ چىقىپ كەلدى. سەنزاڭ قورقۇپ كەتتى، شاگىرتى خۇشال بولغان پېتى سەنزاڭغا:

— ئۇستاز، قورقمىسلا، ئۇ ماڭا كىيىم ئەكەپتۇ، — دېدى. مايمۇن شۇنداق دەپ قۇلىقىنىڭ ئىچىدىن يىڭنىدەك بىر نەرسىنى چىقىرىپ شامالدا بىر سىلكىۋىدى، ھېلىقى نەرسە چىنىنىڭ ئاغزىدەك تومىلۇقتا بىر تۆمۈر تاياققا ئايلاندى. مايمۇن شۇ نەرسە بىلەن يولۋاسنى بىرلا ئۇرۇپ مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋەتتى. ئاندىن كېيىن بەدىنىدىن بىر تۈكنى يۇلۇپ، ئۇنى ئۆتكۈر پىچاققا ئايلاندۇرۇپ يولۋاسنىڭ تېرىسىنى شىلىپ، بېلىگە ئورىۋالدى. ئۇستاز - شاگىرت ئىككىسى غەرب تامان يولىنى داۋام قىلدى. بىر كۈنى تاغ يولىدا ئالتاغىل ۋارقىرىدىشىپ ئالتە قاراقچى پەيدا بولدى، ئۇلار قىلىچلىرىنى پۇلاڭلىتىپ:

— جېنىم ئامان قالسۇن دېسەڭ، يۈك - تاق بىلەن ئاتنى بېرىش! — دەپ ۋارقىراشتى. سەنزاڭ ئۆلگۈدەك قورقۇپ كەتتى. سۇن دەرۋىش كۈلۈپ تۇرۇپ قاراقچىلارغا:

— ئەسلىدە ئالتە قاراقچى ئىكەن بۇلار، غوجىكاڭلارنى تونۇيالماي قاپسىلەر، بولىغان ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى چىقىرىڭلار، تەڭ بۆلىشىمىز! — دېدى.

قاراقچىلار غەزەپلەندى، ئۇلار قىلىچلىرىنى ئويناتقىنىچە يوپۇرۇلۇپ كېلىشىپ سۇن دەرۋىشنىڭ بېشىنى چاپتى. سۇن دەرۋىشكە ھېچنېمە كار قىلمىدى. قاراقچىلار بۇ راھىبنىڭ بېشىنىڭ شۇنچىلىك قاتتىقلىقىغا ھەيران بولۇپ تۇرغاندا، ئۇ قۇلىقىنىڭ ئىچىدىن ئالتۇن توقىلىق دىلىپسەن گۇرزىسىنى چىقىرىپ، ھېلىقى ئالتە قاراقچىنى ئۆلتۇرۇپ، كىيىم - كېچەكلىرىنى سالدۇرۇپ، پۇل - پۇچەكلىرىنى ئېلىۋالدى.

سۇن دەرۋىشنىڭ ئادەم ئۆلتۇرگەنلىكىنى كۆرگەن سەنزاڭ ئۇنىڭغا بىرپەس كايىپ كەتتى ھەم:

— سەن بۇددا مۇخلىسى بولغان تۇرۇقلۇق، بۇرۇنقىدەك ۋەھشىيلىك قىلىپ، تىرىك جانلارغا ئازار بەرسەڭ، مەغرىبكە بارالمايسەن، راھىبمۇ بولالمايسەن! گۇناھ! گۇناھ! — دېدى.

ئۆمرىدە باشقىلارغا بوزەك بولۇپ باقمىغان مايمۇن، سەنزاڭنىڭ ۋختىماي كايىشىغا چىدىماي ئاچچىقى بىلەن سەنزاڭغا:

— شۇنداق بولسا، مەن كەتتىم ئەمىسە! — دېدى - دە، بىرلا موللاق ئېتىپ كۆزدىن غايىب بولدى. سەنزاڭ نائىلاج پەرىشان بولۇپ ئۆزى يالغۇز سەپىرىنى داۋام قىلدى. ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ كېتىۋاتاتتى، يولدا بىر موماي ئۇچرىدى. موماي سەنزاڭغا بىر كۆڭلەك، بىر ئالتۇن جىيەكلىك بۆك بەردى ھەم ئۇنىڭغا «چەمبىرەك چىڭىتىش ئەپسۇنى» ئۆگىتىپ قويدى. ئاندىن ئۆزى نۇرغا ئايلىنىپ كېتىپ قالدى. سەنزاڭنىڭ شۇندىلا ئۇ مومايىنىڭ شەپقەتكار بۇدساتۋا ئىكەنلىكىنى بىلىپ دەرھال باش ئۇردى.

سۇن دەرۋىش ئۇستازىدىن ئايرىلىپ، بۇلۇت ئۇستىگە چىقىپ شەرقىي دېڭىز ئۇستىگە باردى - دە، ئۇدۇل ئەجدىھا ئوردىسىغا كىردى، شەرقىي دېڭىز ئەجدىھا پادىشاھى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇنى چايغا تەكلىپ قىلدى. ئۇ سۇن دەرۋىشنىڭ ئۇستازىنى تاشلاپ خۇاگوشەن تېغىغا كەتمەكچى بولغانلىقىدىن

خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭغا نەسھەت قىلدى. سۇن دەرۋىش بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىرپەس ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ كېتىپ، يەنىلا بىرلا مول-لاق ئېتىپ ئۇستازىنىڭ قېشىغا يېنىپ كەلدى. سەنزاڭ مايمۇن-نىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى شەپقەتكار بۇدساتۋا ئەكېلىپ بەرگەن كىيىم بىلەن ئالتۇن جىيەكلىك بۆكنى كى-يىشكە قىزىقتۇردى. سۇن دەرۋىش بۆكنى كىيىپ تۇرۇشىغا، سەنزاڭ ئەپسۇن ئوقۇشنى باشلىدى. سۇن دەرۋىش شۇئان بېشى ئاغرىپ يەردە دومىلاپ كەتتى. ئۇ توختىماي يالۋۇرۇپ كەتتى ھەم شۇندىن ئېتىبارەن نىيىتىدىن يېنىپ ئۇستازنى قوغداپ مەغرىب تامان يۈرۈۋەردى.

## 8 ـ باب سەنزاڭنىڭ ئەجدىھا ئاتقا ئىگە بولۇپ، كاساياسنى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويغانلىقى

ئۇستاز بىلەن شاگىرت ئىككىسى نەچچە كۈن ماڭدى، بىردىنلا يېقىن ئەتراپتىن سۇلارنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلان-دى، سەنزاڭ ۋۇكۇڭدىن سورىدى، ۋۇكۇڭ:

— ھېلىمۇ يادىمدا، بۇ يەر شېپەنشەن تېغىدىكى بۈركۈت جىلغىسى، — دېدى. ئۇلار شۇنداق دېيىشىپ غار تۆۋىگە يېتىپ كەلدى. ئىككىسى غارغا قارىشىغا، غاردىن بىر ئەجدىھا كۆتۈرۈ-لۈپ چىقتى ـ دە، ھاپلا قىلىپ ئاق ئاتنى يەۋەتتى، ئاندىن شۇڭغۇپ غارغا كىرىپ كەتتى. ۋۇكۇڭ ئالتۇن توقىلىق دىلىپ-سەن گۈرزىسىنى قۇلىقىنىڭ ئىچىدىن ئېلىپ، كارامىتىنى ئىشقا سالغان پېتى سۇدا تۇرۇپ ۋارقىرىدى.

— ۋۇ كۆكەمە، ئېتىمنى قايتۇرۇپ بەر!

ھېلىقى ئەجدىھا غارنىڭ تەكتىدە يېتىپ سۇدا بىرنىڭ

ئۆزىنى تىللاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى ـ
دە، غاردىن چىقىپ سۇن دەرۋىشكە ئېتىلدى. ئىككىسى بىرنەچ-
چە مەرتەم ئېلىشتى. ھېلىقى ئەجدىھا ئاستا ـ ئاستا دەرماندىن
كېتىپ قېلىۋاتقانلىقىنى، ۋۇكۇڭغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى
بىلىپ، كەينىگە ئۆرۈلۈپ سۇغا كىرىپ كەتتى ـ دە، سۇدىن
قايتا چىقمىدى.

ۋۇكۇڭ بۇ ئەجدىھاغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى بىلەلمەي
تىت ـ تىت بولۇپ تۇرلۇك چارە ـ ئاماللارنى ئويلاپ باقتى،
ئەپسۇن ئوقۇدى، ئۇ ئاخىر بولماي شۇ يەردىكى تاغ مۇئەككىلىنى
تاپتى. بۇ ئەجدىھانىڭ شەپقەتكار بۇدساتۋا نوم ئالغىلى بارىدىغان
كىشىنى ئىزدەپ كېتىۋاتقان چاغدا قۇتقۇزۇۋالغان ئەجدىھا پادى-
شاھنىڭ ئۈچىنچى شاھزادىسى ئىكەنلىكىنى ئۇقتى. تاغ مۇئەك-
كىلى ۋۇكۇڭغا شەپقەتكار بۇدساتۋانى تېپىشنى تەۋسىيە قىلدى.
ۋۇكۇڭ قايتىپ كېلىپ بۇ ئەھۋاللارنى سەنزاڭغا ئېيتتى.

— سەن شەپقەتكار بۇدساتۋانى چاقىرغىلى كېتىپ قاچان
كېلىسەن؟ مەن مۇشۇ يەردە ئاچ قورساق ئولتۇرامدىم؟ — دېدى
سەنزاڭ. شۇنداق دېيىشىپ تۇرۇشىغا كۆكتىن بىرىنىڭ گەپ
قىلىۋاتقان ئاۋازى كەلدى، ئۇ كىشى ئەسلىدە سەنزاڭنى يوشۇ-
رۇن قوغدايدىغان تەڭرى ئەلچىسى ئىدى. تەڭرى ئەلچىسى:

— ئەۋلىيا ئەزەم بېرىپ ئاتنى تېپىپ كەلسۇن، مەن بېرىپ
شەپقەتكار بۇدساتۋانى چاقىرىپ كېلەي، — دېدى. ۋۇكۇڭ خۇ-
شال بولۇپ:

— ھارمىغايلا، ھارمىغايلا! ئەمىسە تېزرەك ماڭغايلا! —
دېدى.

كۆپ ئۆتمەستىن تەڭرى ئەلچىسى، شەپقەتكار بۇدساتۋانى
چاقىرىپ كەلدى. ۋۇكۇڭ شەپقەتكار بۇدساتۋانى كۆرۈپلا غۇدۇ-
راپ، ئۆزىگە ئەپسۇن ئوقۇسا چىڭىپ كېتىدىغان چەمبىرەكنى
كىيگۈزۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئاغرىندى. شەپقەتكار

بۇدساتۋا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان مايمۇن، سېنى مۇشۇنداق باشـقۇرۇپ تۇرمىسا، يەنە بالا تېرىيسەن. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، سەن ئاندىن بىزنىڭ بۇددا دىنىمىزغا ئىخلاس قويىسەن، — دېدى. سۇن ۋۇكۇڭ:

— بۇغۇ بوپتۇ. سىز نېمىشقا بۇ گۇناھكار ئەجدىھانى بۇ يەرگە ئەۋەتىپ ئالۋاستى قىلىپ قويىسىز؟ — دېدى. شەپقەتكار بۇدساتۋا:

— مەن ئۇنى نوم ئالغىلى بارىدىغان ئادەمگە مىنىدىغان ئات قىلىپ بەرمەكچى بولغان. سەپەر ئۇستىدىكى مىڭلىغان تاغ ـ دەريالاردىن ئۆتۈشكە مۇشۇ ئەجدىھا ئاتتىن باشقا ئادەتتىكى ئاتلار چىدىمايدۇ، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن سۇن ۋۇكۇڭ ۋە شەپقەتكار بۇدساتۋا ھېلىقى ئەجدىھانى چاقىرىپ، مەجنۇنتال چىۋىقتا ئازـراق شەبنەمنى تېمىتىپ ئۇنىڭ بەدىنىگە تەگكۈزۈپ: «ئۆزگەر!» دېگەن ئىدى، ئەجدىھا شۇ ھامان بىر تۇلپارغا ئايلاندى. ئاندىن، شەپقەتكار بۇدساتۋا مەجنۇنتال چىۋىقىدىن ئۈچ تالنى سۇندۇـرۇپ، سۇن دەرۋىشنىڭ ئارقا مېڭىسىگە قويۇپ: «ئۆزگەر!» دېدى. ئۈچ تال مەجنۇنتال چىۋىقى ئۈچ تۈگىگە ئۆزگەردى، سۇن دەرۋىش ئۇلارنى ئەڭ خەتەرلىك چاغلاردا ئىشلەتسە بولاتتى.

ئۇستاز بىلەن شاگىرت ئىككىسى مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك بۇدساتۋاغا رەھمەت ـ ھەشقاللا ئېيتىپ داۋاملىق مەغرىب تامان ماڭدى. ئۇلار ئىككى ئايغىچە سەپىرىنى داۋام قىلدى. ئوغرىـقاراقچى ھەم ۋەھشىي ياۋايى ھايۋانلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا پالاكەتلەرگە ئۇچرىمىدى.

بىر كۈنى، ئۇستاز بىلەن شاگىرت ئىككىسى تاغ جىلغىسىـغا جايلاشقان بۇتخانىغا يېتىپ كەلدى ـ دە، شۇ بۇتخانىدا قونۇشـنى نىيەت قىلدى. ئۇلار بۇتخانىنىڭ ئۇستىگە يېزىلغان «شەپـ

قەتلىك دىيانەتخانە» دېگەن خەتلەرنى كۆردى. بۇتخانىدىكى را-
ھىبلار ئۇلارنى بۇتخانىغا تەكلىپ قىلىپ، چاي تۇتتى، پەرھىز
تامىقى ھازىرلىدى. ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي ئىككى غۇلام بىر
قېرى راھىبنى قولتۇقىدىن يۆلەپ چىقتى، ئۇ مۇشۇ ئىبادەتخا-
نىنىڭ مۆتىۋىرى ئىدى. ئۇلار ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتى. ھېلىقى
راھىب:
— تەقسىر، ئۆزلىرى ئاستانىدىن كەلدىلە، چوقۇم نۇرغۇن
قىممەت باھالىق بۇيۇملارنى كۆردىلە، قانداق ئەتىۋارلىق بۇيۇم-
لارنى ئېلىپ كەلدىلە، شاگىرتلىرى كۆرۈپ باققان بولسام قاند-
داق؟ — دېدى. سەنزاڭ:
— مەشرىقتە قىممەت باھالىق بۇيۇملار بار، بىراق يول
يىراق بولغاچقا ئەكېلىشكە ئىلاجسىز قالدىم، — دېدى. سۈن
دەرۋىش:
— ئۇستاز، سىلىنىڭ ھېلىقى كاسايالىرى قىممەت باھالىق
بۇيۇم ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ قويمامدىلا؟ — دېدى.
سەنزاڭ ۋۇكۇڭنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ:
— بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، كاسايانى كۆرۈپ ئۇنىڭ
نىيىتى بۇزۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن، — دېدى. سۈن دەرۋىش:
— خاتىرجەم بولسىلا! مانا مەن بار! — دېگەن پېتى يۈك-
تاقنى يېشىپ كاسايانى ئالدى، چاقناپ تۇرغان كاسايادىن ھويلى-
نىڭ ئىچى نۇرلىنىپ كەتتى. كاسايانى ماختىمىغان راھىبلار
قالمىدى.
قېرى راھىب بۇ ئەتىۋارلىق كاسايانى كۆرۈپ، دەرۋەقە
نىيىتى بۇزۇلدى ۋە بىرقەدەم ئالدىغا چىقىپ، سەنزاڭغا:
— تەقسىر، بۇ كاسايا ھەقىقەتەن ئەتىۋارلىق بۇيۇم ئىكەن،
قاراڭغۇ چۈشكەندە، شاگىرتلىرى مەن بۇنى ھۇجرامغا ئەكىرىپ
بىر كېچە كۆرۈپ، ئەتە ئەتىگەندە قايتۇرۇپ بەرسەم، قانداق
دەيدىلا؟ — دېدى. سەنزاڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى ھەم

سوْن دەرۋىشتىن ئاغرىندى. ۋوْكوْك كوْلوْپ توْروْپ:

— قورقمىسىلا! مەن لاۋسوْن بار! — دېدى. سەنزاك نائىلاج ماقوْل بولدى، ئەمما كاسايانى كىر قىلىۋەتمەسلىكنى تەكرار تاپىلىدى.

قېرى راھىب كاسايانى ئالداپ ئېلىۋېلىپ، قانداق قىلغاندا ئوْنى ئوْزىنىڭ قىلىۋالغىلى بولىدىغانلىقى توغروْلوْق باشقا راھىبلار بىلەن مەسلىھەتلەشتى. بىر كىچىك راھىب، ئوْستاز سەنزاك ۋە ئوْنىڭ شاگىرتىنى ئوتتا كوْيدوْروْۋېتىپ، مەقسەتكە يەتكەندىن كېيىن قوْلاقنى يوپوْروْپ يوْروْۋېرىش تەكلىپىنى ئوتتوْرىغا قويدى. شوْ كوْنى كەچ، ئىبادەتخانىدىكى چوڭ - كىچىك راھىبلار ئىبادەتخانىنىڭ ئەتراپىغا ئوتوْن دوْۋىلەپ، ئوت قويوْشقا جابدوْندى.

راھىبلار ئوْستاز سەنزاك ۋە ئوْنىڭ شاگىرتىنى ئوْخلاپ قالدى دەپ ئويلىدى. لېكىن، سوْن دەرۋىش سەزگوْر مايموْن بولغاچقا، يېرىم كېچە بولغان چاغدا سىرتتىكى شەپىنى ئاڭلىدى - دە، ھەسەل ھەرىسىگە ئايلىنىپ سىرتقا چىقىپ، ئەتراپنى كوْزدىن كوْچوْردى، قارىسا بىر توپ راھىبلار ئىبادەتخانىنى كوْيدوْروْۋېتىش ئالدىدا توْراتتى. ۋوْكوْك ئىچىدە كوْلوْپ، ئوْز - ئوْزىگە: «بوْ دەرۋەقە مال - موْلوْكنى دەپ بىگوْناھ جانغا زامىن بولوْش! ئوْزلىرىنىڭ چارىسى بىلەن ئوْزلىرىنى بابلاپ ئوْنداق قازانغا موْنداق چوْموْچ قىلاي» دېدى. سوْن دەرۋىش بىرلا مول- لاق ئېتىپ جەنوْبىي ئەرش دەرۋازىسىغا بېرىپ، ۋىروْ پاكشەننى تېپىپ، ئوْنىڭدىن ئوتتىن ساقلىنىش پەردىسىنى قەرز ئېلىپ، تاڭ سەنزاك، ئاق ئات ۋە يوْك - تاقلارنى پەردە بىلەن ئوراپ قويدى. ھېلىقى راھىبلار ئوت قويغان چاغدا، سوْن دەرۋىش قېرى راھىبنىڭ ھوْجرىسىدا توْروْپ شامال چىقاردى، ئوت شوْ ھامان بىردىنلا ئوْلغىيىپ، ئىبادەتخانا ۋە قېرى راھىبنىڭ ھوْج- رىسى قوشوْلوْپ پوْتكوْل ئىبادەتخانا ھەش - پەش دېگوْچە كوْيوْپ

كۆلگە ئايلاندى.

ئىبادەتخانىدىن كۆتۈرۈلگەن ئوت بىر ئالۋاستىنى چۆچۈتۈۋەتتى، ئۇ ئالۋاستى تاماشا كۆرگىلى كېلىپ ئوت ئۆچۈردى، شۇ ئەسنادا ئۇ ئوتتىن خالىي تۇرغان كەينى ھۇجرىدىكى شىرەدە چاقناپ تۇرغان بىر كاسايانى توساتتىن كۆرۈپ قالدى. ئۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ كاسايانى ئوغرىلاپ كېتىپ قالدى.

ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا، راھىبلارنىڭ ھەممىسى ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتىنىڭ ئاق ئاتنى يېتىلەپ، يۈك - تاقلارنى كۆتۈرۈپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، قورققىنىدىن جان - پېنى چىقىپ كېتىشتى. قېرى راھىب كاسايانى تاپالمىغاچقا، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىبادەتخانا كۆيۈپ كۆلگە ئايلىنىپ كەتكەچكە، چولاق تامغا ئۇسۇپ ئۆلۈۋالدى. ۋۇكۇڭ راھىبلاردىن سوراپ شەرقىي جەنۇب تەرەپتە قاراقۇيۇن تېغى دېگەن بىر تاغ بارلىقىنى، شۇ تاغدا قاراقۇيۇن دەپ ئاتىلىدىغان بىر غاردا قارا ئېيىق ئالۋاستى تۇرىدىغانلىقىنى ئۇقتى. قېرى راھىب ئالۋاستى بىلەن تونۇش ئىدى. ۋۇكۇڭ كاسايانى چوقۇم ئاشۇ ئالۋاستى ئوغرىلاپ ئېلىپ كەتتى دەپ قىياس قىلىپ، ئۇستازنى جايلاشتۇرۇپ قويىدى، ئۆزى بىرلا موللاق ئېتىپ قاراقۇيۇن تېغىغا يۈرۈپ كەتتى.

## 9 - باب شەپقەتكار بۇدساتۋانىڭ ئىبلىسنى قوبۇل قىلىشى ۋە سۇن دانىشنىڭ ئالۋاستىنى يوقاتقانلىقى

سۇن دانىش قاراقۇيۇن تېغىغا كېلىپ بولۇتتىن چۈشتى، توساتتىن تاغنىڭ يانباغرىدا بىرىنىڭ پاراڭ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال قىيانىڭ كەينىگە ئۆتۈپ مارىدى. ئەسلىي ئۇلار ئۈچ ئالۋاستى ئىدى. بىرى قارا ئەزىمەت، ئىككىنچىسى تويىن،

ئۈچىنچىسى ئاق تونلۇق بىلىملىك بىر كىشى ئىدى. ئۇلار شۇ تاپتا قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. ھېلىقى قارا ئەزىمەت يەنە تېخى «بۇددا كىيىمى يىغىلىشى» نىڭ گېپىنى قىلدى. سۇن دەرۋىش بۇ گەپنى ئاڭلاپ «بۇددا كىيىمى» نىڭ جەزمەن ئۇستازنىڭ كاساياسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى - دە، قىيانىڭ كەينىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، ئالتۇن توقلىق دىلىپسەن گۈرزىسى بىلەن ئۇچىگە تېگىش قىلدى. ھودۇقۇپ كەتكەن قارا ئەزىمەت شامالغا ئايلىنىپ، تويىن بۇلۇتقا دەسسەپ قېچىپ كەتتى، ئاق تونلۇق بىلىملىك كىشى ئالتۇن توقلىق دىلىپسەن گۈرزىنىڭ زەربىسىدە تىن تارتماي ئۆلدى. سۇن دەرۋىش ئۇنى سۆرەپ ئەكېلىپ قارىسا، ئۇ ئەسلىدە ئاق چىپار يىلان ئالۋاستى ئىكەن. سۇن دانىش قارا ئەزىمەتنى قوغلاپ قارا قۇيۇن غارى ئالدىغا كېلىپ:

— بوۋاڭنىڭ كاساياسىنى تېز قايتۇرۇپ بەرگىن! — دەپ ۋارقىرىدى. قارا ئەزىمەت غاردىن چىقىپ سۇن دانىش بىلەن ئېلىشتى. ئۇلار نەچچە قەپەس ئېلىشىپ بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى، قارا ئەزىمەت قورسىقى ئېچىپ كەتكەنلىكىنى، تاماق يەيدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ، غارغا كىرىپ كەتتى ۋە غارنىڭ ئىشىكىنى تاش بىلەن ئېتىۋەتتى.

سۇن دانىش غارنىڭ ئىشىكىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئاچالمىدى. ئۇ نائىلاج شەپقەتكار بۇددا ئىبادەتخانىسىغا قايتتى. ئۇستازغا كاسايانىڭ دېرىكىنى ۋە ھېلىقى ئالۋاستىنىڭ ئەھۋالىنى دېدى. ئۇستازنىڭمۇ كۆڭلى تىندى. ئەتىسى ئەتىگەندە تاڭ يورۇشى بىلەنلا سەنزاڭ ۋۇكۇڭنى ئالدىراش ئويغىتىپ كاسايانى تېپىپ كېلىشكە بۇيرىدى. ۋۇكۇڭ شەيخلەرگە ئۇستازىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىشنى تاپىلاپ قويۇپ، كۆز ئالدىدىكى ئىشنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىش ئۈچۈن بىرلا موللاق ئېتىپ شەپقەتكار بۇدساتۋانىڭ يېنىغا يۈرۈپ كەتتى.

ۋوكوڭ شەپقەتكار بودساتۋانى كورۇپ:

— ئۇستازىم يولدا سىلىنىڭ ئىبادەتخانىلىرىدا قونۇپ قالـغان ئىدى، شاگىرتىڭىز قارا ئېيىق ئالۋاستى بىلەن قوشنا ئىكەن، كاسايانى شۇ ئالۋاستى ئوغرىلاپ كەتتى، ئالالماي ياردەم سوراپ ئالدىلىرىغا كەلدىم، — دېدى.

— ھەممىسى سىنىڭ كاساپىتىڭ، قىممەتلىك بۇيۇمنى پاسىق ئادەمنىڭ ئالدىدا كۆز ـ كۆز قىلدىڭ، شامال چىقىرىپ ئىبادەتخانامنى كۆيدۈرۈپ كۇلگە ئايلاندۇرۇۋەتتىڭ، ئەمدى مېـنى تەڭلىككە قويۇپ بۇ يەرگە كەپسەن! — دېدى شەپقەتكار بودساتۋا. سۈن دانىش ئالمان ـ تالمان تىزلىنىپ باش ئۇرۇپ:

— شەپقەتكار بودساتۋا ھەزرەتلىرى، شاگىرتلىرىنىڭ گۇناـھىدىن ئۆتسىلە، ماڭا شەپقەت ياغدۇرۇپ ھېلىقى ئالۋاستىنى يېڭىپ، كاسايانى قايتۇرۇۋېلىشىمغا ياردەم قىلغايلا، — دېدى. شەپقەتكار بودساتۋا:

— بوپتۇ، تاڭ سېڭنىڭ يۈز ـ خاتىرىسىنى قىلىپ سەن بىلەن بىللە باراي، — دېدى.

شەپقەتكار بودساتۋا سۈن دەرۋىش بىلەن بۇلۇتلارنى دەسسەپ قارا قۇيۇن تېغىغا يېتىپ كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، بىر تويىن پەتنۇس تۇتۇپ تۇرغان، پەتنۇستا ئىككى تال خىسلەتلىك دورا بار ئىدى. سۈن دانىش ئۇنىڭ قارا ئەزىمەتنىڭ شېرىكى ئىكەنلىـكىنى بىلىپ، ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئۇ ئەسلىدە ئاق بۆرە ئىدى، پەتنۇسقا «لىڭ شۈيزى ياسىغان» دېگەن خەتلەر چېكىلـگەن ئىدى. سۈن دەرۋىش بىلەن شەپقەتكار بودساتۋا قارا ئەزىـمەت ئالۋاستىنى ئەل قىلىدىغان بىر ئەپچىل چارە توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشتى. شەپقەتكار بودساتۋا بىر دومىلاپلا بايامقى تويىن لىڭ شۈيزىنىڭ سىياقىغا كىردى. ۋۇكوڭ ئىككى خىسلەتلىك دورىنىڭ بىرىنى يەپ، ئۆزى يەنە بىر تال خىسلەتلىك دورىغا ئۆزگەردى، بۇ بايامقىسىدىن چوڭراق دورا ئىدى. سۈن دەرۋىش

ئۆزگەرگەن دورىنىڭ قايسى ئىكەنلىكى شەپقەتكار بۇدساتۋاغا ئايان ئىدى. ئۇ پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ ئالۋاستى كىرىۋالغان غار-نىڭ ئالدىغا كەلدى.

غارنى ساقلاپ تۇرغان كىچىك ئالۋاستى، پادىشاھقا لىڭ شۇيىزىنىڭ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. ھېلىقى قارا ئەزىمەت ئالۋاستى ئالدىراش سالامغا چىقتى. شەپقەتكار بۇدساتۋا:

— كەمىنىلىرى سىلىگە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپ بىر تال خىسلەتلىك دورا تەقدىم قىلىدۇ، — دېدى. ئالۋاستى:

— لىڭ شۇيىزى بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇشقا رازىمەن، — دېدى - دە، پەتنۇستىن خىسلەتلىك دورىدىن بىر تالنى ئېلىپ ئاغزىغا ئاپىرىشىغا، دورا ئۆزلۈكىدىن ئۇنىڭ تامىقىغا كىردى. ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ قورسىقىغا كىرىپ ئەسلىگە قايتتى، قورساقتا تۇرۇپ ئۇنى مۇشتلىدى ۋە تەپتى، ئالۋاستى ئاغرىققا چىدىماي يەردە دۇمىلاپ كەتتى. شەپقەتكار بۇدساتۋامۇ ئەسلىگە قايتقان ئىدى.

ئالۋاستى كاسايانى قايتۇرۇپ بەردى. ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ بۇرنى-دىن چىقتى. شەپقەتكار بۇدساتۋا ئالۋاستىنىڭ ئەدەپسىزلىك قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، بېشىغا ئەپسۇن چەمبىرىكىنى كىيدۈرۈپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن ئالۋاستى تەسلىم بولدى.

سەنزاڭ بىلەن ۋۇكۇڭ شەپقەتكار بۇدساتۋاغا رەھمەت ئېيت-تىپ، شەپقەتكار بۇددا ئىبادەتخانىسىدىن يىراقلاپ مەغرىب تە-رەپكە قاراپ يول ئالدى. ئۇلار ئالتە - يەتتە كۈن يول يۈرۈپ يىراقتىن بىر كەنتنى كۆردى. ئۇستاز ھەم شاگىرت ئىككىسى شۇ يەرگە چۈشكۈن قىلماقچى بولۇپ، كوچىنىڭ ئاغزىغا كەلگەن-دە، ئالدىراش كېتىۋاتقان بىر ياش بالىغا ئۇچراپ قالدى. ۋۇكۇڭ ئۇنىڭدىن گەپ سوراپ، بۇ يەرنىڭ گاۋلاۋ كەنتى دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، ھېلىقى ياش بالىنىڭ ئىسمىنىڭ گاۋسەي ئىكەنلىكىنى، بوۋىسىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئالۋاستىنى يېڭە-

لەيدىغان بىر ئۇستاز تەكلىپ قىلغىلى ماڭغانلىقىنى ئۇقتى. ئەسلىي گاۋ بوۋاينىڭ كىچىك قىزىنى ئۈچ يىل ئاۋۋال بىر ئالۋاستى زورلۇق بىلەن خوتۇنلۇققا ئېلىۋالغان ئىدى. سۇن دەرۋىش:

— ئامىتىڭ كەپتۇ ئەمىسە. بىز مەغرىبكە نوم ئالغىلى ماڭغان راھىبلار، ئالۋاستىلارنى ئەل قىلىشقا قۇدرىتىمىز يېتىدۇ. بىزنى باشلاپ ئۆيۈڭگە ئاپار، — دېدى. گاۋ بوۋاي ئۇستاز بىلەن شاگىرت ئىككىسىنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ، ئالدىغا چاي قويدى. ھېلىقى ئالۋاستىنىڭ گېپى چىقىپ گاۋ بوۋاي مۇنداق دېدى:

— بۇندىن ئۈچ يىل مۇقەددەم بىر ئەزىمەت كەلدى، تەقى-تۇرقى ناھايىتى قاملاشقان ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ماڭا كۇيئوغۇل بولغۇسى بارلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنى كۇيئوغۇل قىلىۋالدىم. كېيىن ئۇنىڭ يۈزىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى بايقاپ قالدىم. كەلگەن چاغدا قارا، سېمىز ئەزىمەت ئىدى، كېيىن ئاغزى يوغان، سالپاڭ قۇلاق ھاڭۋاقتىغا ئۆزگىرىپ كەتتى، سىياقى بەئەينى چوشقىغىلا ئوخشايتتى. بىر ۋاق تامىقىدا بەش كورە گۈرۈچنى يەپ بولاتتى. ھالا بۇگۇنكى كۇنگە كەلگەندە قۇيۇنغا ئوخشاش كېلىپ، توپا - چاڭ توزۇتۇۋېتىدۇ، كىچىك قىزىمنى ئارقا ھويلىغا سولاپ قويدى، يېرىم يىل بولدى، ئۇنىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىكلىكىنى بىلمەيمەن، — دېدى.

ۋۇكۇڭ گاۋ بوۋايغا ئۆزىنى ئارقا ھويلىغا باشلاپ بېرىشنى ئېيتتى. ئۇ ئالتۇن توقىلىق دىلىپسەن گۈرزىسى بىلەن ئىشىكنى ئېچىپ قىزنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ، ئاندىن گاۋ بوۋايغا:

— بوۋا، سىلى قىزلىرىنى ئېلىپ ئالدى ھويلىغا كەتسىلە، مەن بۇ يەردە ئۇ ئالۋاستىنى ساقلاپ تۇراي، ئۇ كەلسە ئۇنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىمەن، — دېدى - دە، كېلىنچەكنىڭ سىياقىغا كىرىپ ھۇجرىدا ئولتۇرۇپ قالدى. كۆپ ئۆتمەي بىر-

پەس چىققان قۇيۇن بىلەن ھېلىقى ئالۋاستى كەلدى. ئۇ دەرۋەقە يۈزى قاپقارا، قىسقا تۈكلۈك، ئاغزى يوغان ھەم سالپاڭ قۇلاق ئالۋاستى ئىدى. ئۇ ھۇجرىغا كىرىپلا ۋۇكۇڭنى قۇچاقلاپ سۆيۈشكە تەمشەلدى.

سۇن دەرۋىش ئالۋاستىنى ئۇزۇن تۇمشۇقىدىن تارتىپ كارىۋاتتىن ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋەتمەكچى بولۇپ، خورسىنغان ھالدا:

— ئاتا - ئانام خىش - كاھىشلارنى ئېتىپ، سېنىڭ بۇ ئېرىڭ بەتبەشىرىكەن، تېگى - تەكتىنىمۇ بىلمەيمىز، نامىمىزنى بۇلغاپ، شەنىمىزگە داغ كەلتۈردى، دەپ مېنى تىللاپ رەسۋايىمنى چىقىرىۋەتتى، — دېدى. ئالۋاستى:

— مەن بەتبەشىرە بولسامۇ، خالىسام ئىسكەتلىك قىياپەتكە كىرىۋېلىشىممۇ تەس ئەمەس. مېنىڭ ئۆيۈم فۇلىڭشەن تېغى بۇلۇت غارىدا، فامىلەم جۇ، ئىسمىم جۇ گاڭشۇ، — دېدى.

سۇن دانىش:

— دادام ئۇستاز تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ سىزنى جايلىماقچى بولۇۋاتىدۇ، — دېدى.

— ئۇخلاڭ! ئۇخلاڭ! ئۇنىڭ بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن! مەن ئوتتۇز خىل ئۆزگىرەلەيمەن، توققۇز چىشلىق تىرنام بار. ئۇستازدىن قورقۇپ نېمە كەپتۇ؟ — دېدى ھېلىقى ئالۋاستى كۈلۈپ.

— ئۇ بەش يۈز يىلنىڭ ئالدىدا ئەرشنى مالىمان قىلغان پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەمنى چاقىرىپ سىزنى باپلايمەن دەيدۇ، — دېدى ۋۇكۇڭ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئالۋاستىنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى.

— بىزنىڭ ئۆيىمىز ئۆي بولمىغۇدەك، ئەرشنى مالىمان قىلغان مىراخورنىڭ ئاز - تولا بىڭسى بار، مەن ئىسسىقىدا كېتىۋالاي، — ئۇ شۇنداق دەپ كىيىملىرىنى كىيىپ سىرتقا

قاراپ ماڭدى. سوْن دەرۋىش ئوْنىڭ ئالدىنى توسوْپ، يوْزىنى بىرلا سىلاپ ئەسلىگە قايتتى ــ دە:

— ۋوْھ ئالۋاستى، نەگە قاچىسەن؟ ماڭا قاراپ باقە، مەن كىم؟ — دېدى.

ئالۋاستى، كېلىنچەكنىڭ چىشلىرى كىرىشىپ، كوْزلىرىدىن ئوت چاقناپ توْرغان سوْن ئەۋلىيا ئەزەمگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كوْروْپ، ھودوْقوْپ كەتكىنىدىن پوْت ــ قوللىرىدا جان قالمىدى. ئوْ ۋوْكوْڭنىڭ قولىدىن مىڭ بالالىقتا بوشىنىپ ئوتقا ئايلىنىپ قېچىپ كەتتى. سوْن دەرۋىش بوْلوْتقا دەسسەپ كەينىدىن قوغلىدى.

سوْن دەرۋىش ھېلىقى ئوتنى قوغلاپ بىر تامنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئالۋاستى ئەسلىگە قايتىپ، غارغا سوقوْلوْپ دېگوْدەك كىرىپ، غاردىن توقۇز چىشلىق تىرنىسىنى ئېلىپ چىقىپ جەڭگە ئاتلاندى. سوْن دەرۋىش:

— ۋوْي موْتتەھەم! سەن نەنىڭ ئالۋاستىسى؟ راستىڭنى ئېيت! — دەپ ۋارقىرىدى. ئالۋاستى:

— مەن پەلەك ئەرشى دەرياسىنى باشقۇرىدىغان سىپىھدار ئىدىم، پىرونوْس شاپتوْلى بەزمىسىدە كەيپ بولوْپ قېلىپ چاڭئېغا چاقچاق قىلىپ قويغانلىقىم ئوْچوْن ئوْلوْمگە بوْيروْلغان ئىدىم. تارىق چولپانىنىڭ ئارىغا چوْشوْشى بىلەن يەر يوْزىگە پالاندىم، يەرگە چوْشكەندە ئازغىشىپ مىكىجىنىنىڭ قورسىقىغا كىرىپ قېلىپ، چوشقا سىياقىغا كىرىپ قالدىم. ئىسمىم — جوْ گاڭشوْ، — دېدى.

ئالۋاستى شوْنداق دەپ تىرنىسىنى كوْتوْروْپ ۋوْكوْڭغا تېگىش قىلدى. سوْن دەرۋىش ئالتوْن توقىلىق دىلىپسەن گوْرزىسىنى ئوينانقان پېتى جەڭگە چوْشتى. ئىككىسى ئىككىنچى جىسەك ۋاقتىدىن تارتىپ تاڭ ئاتقوْچە ئېلىشتى، ئالۋاستى تەڭ كېلەلمەي، قوْيوْنغا ئايلىنىپ، سالپايغان ھالدا غارغا كىرىپ

كەتتى ۋە غارنىڭ ئىشىكىنى ئېتىۋېلىپ سىرتقا چىقمىدى. سون دانىش ئامال يوق بولۇتقا دەسسەپ گاۋلاۋ كەنتىگە قايتتى.
سون دەرۋىش ئۇستاز ھەم گاۋ بوۋاي بىلەن كۆرۈشۈپ، ھېلىقى ئالۋاستىنىڭ تېگى - تەكتىنى ئۇلارغا بىر قۇر سۆزلەپ بەردى. گاۋ بوۋاي تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ سون دەرۋىشنىڭ بۇ ئالۋاستىنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋېتىشىنى ئۆتۈندى.
— ئۇ ئەرشتىن يەر يۈزىگە چۈشكەن ئەۋلىيا ئىكەن، سىلىدىنىڭ ئىش - كۈشلىرىنى قىلىپ بېرىدىكەن، سىلىگىمۇ لايىق كۈيئوغۇل ئىكەن، يەنىلا ئېلىپ قالغانلىرى تۈزۈك، — دېدى.
گاۋ بوۋاي:
— خەقلەر ھەدېسىلا گاۋ جەمەتى بىر ئالۋاستىنى كۈيئوغۇل قىلىۋاپتۇ دېيىشىدۇ، بۇ سەتچىلىككە چىدىمىدۇق، — دېدى.
سەنزاڭمۇ ۋۇكۇڭغا ئۇنىڭ بۇ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىش توغرىلۇق نەسىھەت قىلدى. سون دەرۋىش:
— ئويىنىشىپ دەپ قويدۇم، مەن ئۇنى تۇتقىلى بارىمەن مانا، — دېدى - دە، بىرلا موللاق ئېتىپ كۆزدىن غايىب بولدى.
ۋۇكۇڭ ئالۋاستى كىرىپ كەتكەن غارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، گۈرزىسى بىلەن ئۇرۇپ غارنىڭ ئىشىكىنى ۋەيران قىلىۋەتتى. ئالۋاستى ئىزاغا چىدىماي غاردىن چىقىپ جەڭگە ئاتلاندى. ئۇ:
— تىرنامغا قارا، — دېگىنىچە تىرنىسىنى ئوينىتىپ كەلدى. سون دەرۋىش تىرنىنى گۈرزىسى بىلەن توسۇۋېلىپ:
— بۇ گاۋ جەمەتىنىڭ كۆكتاتلىقىدا ئىشلىتىدىغان تىرنىغۇ؟ — دېدى. ئالۋاستى:
— بۇ تىرنا باقىي ئالەمدىكى بۇيۇم، بۇنى ئۇلۇغ ئۇستاز ئۆزى سوققان. سېنىڭ بېشىڭ مىس، جىسمىڭ پولات بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ تىرنىنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەيسەن، — دېدى. سون دەرۋىش:

— مانا بېشىم، ئۆرۈپ باقە قېنى، — دېدى. ئالۋاستى دەرۋەقە تىرنىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ۋۇكۇڭنىڭ بېشىغا بىرنى سالدى، ۋۇكۇڭنىڭ بېشىدىن ئوت چاچراپ كەتتى، ئەمما ھېچ-قانداق زەخىم يەتمىدى. قورققىنىدىن ئالۋاستىنىڭ پۇت - قول-لىرى بوشىشىپ، ئارقا - ئارقىدىن:
— چىڭ باش ئىكەن، چىڭ باش ئىكەن! — دېدى، — سەن مايمۇن ئېسىمدە قېلىشىچە خۇاگوشەن تېغىدا تۇراتتىڭ، بۇ يەرگە كېلىپ مېنى بوزەك قىلىۋاتىسەن، قېيناتام چاقىرىپ كەلگەن ئوخشىمامدۇ سېنى؟
سۇن دەرۋىش:
— مېنى بۇ يەرگە قېيناتاڭ چاقىرىپ كەلمىدى، مەن ھازىر يامان يولدىن قايتىپ ياخشى يولغا مېڭىپ، بۈيۈك تاڭ دۆلىتىدىكى ئەۋلىيا راھىب سەنزاڭنى قوغداپ مەغرىبكە نوم ئالغىلى كېتىۋاتىمەن، گاۋلاۋ كەنتىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتۇق، گاۋ بوۋاي قىزىنى قۇتقۇزۇشنى بىزدىن ئىلتىماس قىلدى، — دېدى. ئالۋاستى بۇ گەپنى ئاڭلاپ تىرنىسىنى تاشلاپ ۋۇكۇڭغا سالام بېرىپ، شەپقەتكار بۇدساتۋا ماڭا نوم ئالغىلى ماڭغان كىشىنى مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇشنى ئېيتقان ئىدى، دېدى. سۇن دەرۋىش ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەي، بەدىنىدىكى بىر تال تۈكنى يۇلۇپ ئارغامچىغا ئايلاندۇرۇپ، ئالۋاستىنى باغلىدى، ئۇنى قولىقىدىن تولغاپ بۇلۇتقا دەسسىتىپ، گاۋلاۋ كەنتىگە قايتتى.
سەنزاڭ بولۇنغان ئەھۋاللارنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە ئاڭلاپ بەك خۇش بولدى، قوللىرىنى پاكىز يۇيۇپ، ئىسرىق سېلىپ، جەنۇب تامان يۈزلىنىپ تاۋاپ قىلدى ۋە:
— شەپقەتكار بۇدساتۋانىڭ شەپقىتىگە تۈمەنمىڭ مەرتەم ھەشقاللا! — دېدى. ئاندىن ۋۇكۇڭغا ئالۋاستىنى باغلاقتىن بوشىتىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئاغا - ئىنى بولۇشقا تەۋسىيە قىلدى.

سەنزاڭ ئالۋاستىغا بۇدداچە ئىسىم قويماقچى بولۇۋىدى، ئۇ:
— شەيقەتكار بۇدساتۋا ماڭا جۇ ۋۇنىڭ دەپ بۇدداچە ئىسىم قويۇپ بولغان، — دېدى. سەنزاڭ:
— ياخشى! ياخشى! مەن ساڭا بىر ئىسىم قويۇپ قوياي، ئىسمىڭ باجيې بولسۇن.
جۇ باجيې گاۋ بوۋايغا تەزىم قىلىپ:
— ئايالىمغا ئوبدان قاراپ قويسىلا، ناۋادا نوم ئەكېلەلمەي قالساق، مەن ئەسلىمگە قايتىپ، يەنىلا سىلىگە كۈيئوغۇل بولىمەن، — دېدى. سۇن دەرۋىش:
— ۋۇ لەقۋا! بىلجىرلىما! — دېدى. سەنزاڭ:
— قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ، كۈننىڭ ئەتىگىنىدە ماڭايلى، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن سەنزاڭ ئاتقا مىنىپ، جۇ باجيې يۈك - تاقلارنى كۆتۈرۈپ يولغا چىقتى، سۇن دەرۋىش يول باشلاپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا ماڭدى، ئۇلار گاۋ بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ مەغرىب تامان يۈرۈپ كەتتى.

## 10 - باب خۇاڭفېڭ چوققىسىدا جۇباجيېنىڭ ئۇستۇنلۇك تالاشقانلىقى

ئۇستاز ھەم ئۇنىڭ شاگىرتى ئايدالىدا يېتىپ، كېچە - كۈندۈز يۈرۈپ سەپەر بىلەن بولۇپ كېتىپ، يازنىڭ كىرىپ قالغىنىنى تۇيماي قېلىشتى. بىر كۈنى كەچتە ئۇلار تاغ يولىنىڭ بويىغا جايلاشقان بىر كەپىنى كۆردى، ئۇستاز ھەم ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئاشۇ كەپىنىڭ ئالدىغا باردى. كەپىدىن بىر بوۋاي چىقىپ، ئۇلاردىن قاياقتىن كېلىۋاتقانلىقىنى سورىدى. سەنزاڭ:
— پېقىر بۈيۈك تاڭ دۆلىتىنىڭ راھىبى بولىمەن، يارلىققا بىنائەن مەغرىبكە نوم ئالغىلى ماڭدۇق، — دەپ جاۋاب بەردى.

ھېلىقى بوۋاي بېشىنى چايقاپ:
— بۇ مۇمكىن ئەمەس. مەغرىبتىن نوم ئەكېلىش تەس. نوم ئەكېلىشكە توغرا كەلسە، مەشرىققە بارغان تۈزۈك، — دېدى.
— ساخاۋەتچى تەقسىر، نېمىشقا مەغرىبتىن نوم ئەكېلىش تەس؟ — دەپ سورىدى سەنزاڭ ساخاۋەتچىدىن.
— بىزنىڭ بۇ يەردىن مەغرىبكە ماڭغاندا، 30 چاقىرىم ئارىلىقتا، سەككىز يۈز چاقىرىم يىراقلىققا سوزۇلغان خۇاڭفېڭ چوققىسى دەيدىغان بىر تاغ بار. ئۇ تاغقا ماكانلاشقان ئالۋاستىلار بەك كۆپ، شۇڭا مەن بايامقى گەپنى قىلدىم، — دېدى ساخاۋەتچى. سۇن دەرۋىش:
— كېرەك يوق! كېرەك يوق! مەن بار، ئۇستازىم ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى بار، قايسى ئالۋاستى بىزگە چېقىلىشقا پېتىنالايدىكىن قېنى؟ — دېدى.
ئەتىسى ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ھېلىقى بوۋاينىڭ ئائىلىسىدىكىلىرى بىلەن خوشلىشىپ مەغرىبكە قاراپ سەپىرىنى داۋام قىلدى. ئۇلار يېرىم كۈن ماڭا ـ ماڭمايلا، دەرۋەقە ئالدىغا چوققىلىرى ئىنتايىن خەتەرلىك بىر تاغ ئۇچرىدى. ئۇستاز شاگىرتلىرى بىلەن بۇ تاغقا نەزەر سېلىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز بىرپەس قۇيۇن چىقىپ كەتتى. قورقۇپ كەتكەن سەنزاڭ بۇ يامان قۇيۇن، دېدى. باجيېمۇ ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىش كېرەكلىكىنى ئېيتتى. سۇن دەرۋىش:
— قورقماڭلار، قۇيۇننى تۇتۇپ پۇراپ باقاي، شۇنىڭغىچە ساقلاپ تۇرۇڭلار، — دېدى. ئۇ قۇيۇننىڭ قۇيرۇقىنى تۇتۇۋېلىپ چۆرۈۋىدى، قۇيۇندىن قان ھىدى كەلدى، — بۇ ھەقىقەتەن ياخشى قۇيۇن ئەمەسكەن! بىر بولسا يولۋاس، بىر بولسا ئالۋاستى چىقارغان قۇيۇن، — دېدى. سۇن دەرۋىش شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا، تاغ باغرىدىن توساتتىن بىر چىپار يولۋاس چىقىپ

كەلدى، سەنزاڭ قورقۇپ كەتكىنىدىن ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى. باجيې تىرنىسىنى ئويناتقان پېتى يولۋاسقا ئېتىلدى. ھېلىقى يولۋاس ئۆرە تۇرۇپ، تېرىسىنى تاشلاپ ئەسلىي قىياپىتىگە كەلدى ۋە:

— ئاستا! ئاستا! مەن خۇاڭفېڭ شاھىنىڭ تۇرشاۋۇلى بولىمەن. شاھ شارابقا زاكۇسكا بولىدىغان بىرنەچچە ئادەمنى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇغان ئىدى، — دېدى. ئۇ شۇنداق دەپلا ئەلپازىنى بۇزۇپ جۇباجيېغا تاشلاندى. جۇباجيې ئۇنى تىرنىسى بىلەن توستى. ئالۋاستى تاشلارنىڭ ئارىسىدىن ئىككى قىلىچنى ئالدى. ئىككىسى تاغ باغرىدا تۇتۇشۇپ كېتىشتى.

سۇن دەرۋىش ئۇستازىنى يۆلەپ تۇرۇپ:

— ئۇستازىم، قورقمىسىلا، مەن بېرىپ جۇباجيېغا ھەمدەم بولىمەن، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قۇلىقىنىڭ ئىچىدىن گۇرزىسىنى چىقىرىپ: «مانا مەن كەلدىم!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە جەڭگە ئاتلاندى. روھى كۆتۈرەڭگۈ جۇباجيې ئۇرۇشقانسېرى قورقۇمسىز بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئالۋاستى يېڭىلىپ بىرلا دومىلاپ يەنە يولۋاسقا ئۆزگىرىپ پەسكە قاراپ قاچتى. سۇن دەرۋىش بىلەن جۇباجيې ئۇنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ قوغلىدى. ھېلىقى ئالۋاستى ھودۇقۇپ كېتىپ، ئۇستىدىكى يولۋاس تېرىسىنى سېلىپ تاشقا كىيگۈزۈپ قويدى، ئۆزى قۇيۇنغا ئۆزگىرىپ بايىقى يول ئېغىزىغا بېرىپ، ئۇ يەردە ئولتۇرغان سەنزاڭغا يولۇقۇپ، ئۇنى ئالۋاستى غارىغا ئېلىپ كەتتى.

سۇن دەرۋىش بىلەن جۇباجيې بىرپەس قوغلاپ يولۋاسنىڭ مىدىرلىماي ئولتۇرغانلىقىنى بايقاپ، ھەر ئىككىلىسى قولىدىكى قورال بىلەن يولۋاسنىڭ بېشىغا ئۇردى، ئەمما ئۆزلىرىنىڭ قوللىرى ئاغرىپ كەتتى، سىنچىلاپ قاراپ ئۇنىڭ يولۋاس تېرىسى يېپىپ قويۇلغان تاش ئىكەنلىكىنى بايقاشتى. سۇن دەرۋىش چۆچۈپ:

— چاتاق بولدى! بىز قىلتاققا چۈشۈپ قاپتۇق! — دېدى. ئىككىسى ئالمان - تالمان بۇرۇنقى يېرىگە قايتتى. قارىسا، سەنزاڭنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى، ئىككىسى تاغقا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، چوققا ھەم داۋانلاردىن ئېشىپ ئىزدىدى، ئاخىر ئالۋاستى غارىنىڭ ئىشىكىنى تاپتى. سۈن دەرۋىش جۇباجيېنى يۈك- تاق ۋە ئاتقا قاراشقا قالدۇرۇپ قويۇپ، ھېلىقى ئالۋاستىنى جەڭگە چاقىردى.

خۇاڭفېڭ ئالۋاستى، ئەۋلىيا ئەزەم سۈن دەرۋىشنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، تۇرشاۋۇلنىڭ ئۆزىگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرگەنلىكىدىن خاپا بولدى. تۇرشاۋۇل:

— پادىشاھ ئالىيلىرى، سىلى خاتىرجەم بولسىلا، سىلىنىڭ بىر ۋاق تاماقلىرى ئۈچۈن ھەممىسىنى تۇتۇپ كېلىمەن، — دېدى - دە، قىلىچىنى ئويناتقىنىچە غاردىن چىقىپ جەڭگە ئاتلاندى. بىر قەپەس دەھشەتلىك جەڭدىن يەر - جاھان قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن تۇرشاۋۇل بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى، پادىشاھنىڭ ئالدىدا چوڭ گەپ قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، غارىغا كىرىپ كېتىشكە پېتىنالمىدى. شۇنىڭ بىلەن تاغ ئۈستىگە قاراپ چىقىۋېتىپ، ئات بېقىۋاتقان جۇباجيېغا ئۇچراپ قالدى. جۇباجيې ئاتنى تاشلاپ تىرنىسىنى ئويناتقان پېتى ئالۋاستىنىڭ بېشىغا زەرب بىلەن بىرنى سالدى، بېشىدىن توققۇز تۆشۈك ئېچىلىپ، شۇرقىراپ قان ئاقتى. ئالۋاستى شۇئان جان ئۈزدى. بۇنى كۆرۈپ سۈن دەرۋىش ناھايىتى خۇش بولدى.

سۈن دەرۋىش گۇرزىسىنى كۆتۈرۈپ، ئۆلگەن يولۋاس ئالۋاستىنى سۆرەپ، غاردىكىلەرنى جەڭگە چاقىرىپ ئالۋاستى غارى ئالدىغا كەلدى.

ئالۋاستى پادىشاھ:

— مەن تېخى ئۇلارنىڭ ئۇستازىنى يېمەي تۇرۇپ، ئۇلار مېنىڭ تۇرشاۋۇلۇمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. نېمىدېگەن قەبىھلىك،

نېمىدېگەن قەبىھلىك بۇ! — دېدى ۋە دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلىرىنى
كىيىپ، پولات ئارىسىنى كۆتۈرۈپ، بىر تۈركۈم ئالۋاستىلارنى
باشلاپ، جەڭ قىلىش ئۈچۈن غاردىن چىقتى. ئالۋاستى پادىشاھ
سۇن دەرۋىشنىڭ جەينەكتەك ئورۇق، بويىنىڭ پاكار ئىكەنلىكى-
نى كۆرۈپ:

— مەن قانداق ئەزىمەتكىن دېسەم، ئەسلىدە جىۋەك، كې-
سەل كۆرپىسى ئالۋاستىكەنغۇ ئۇ، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.
سۇن دەرۋىش:

— سۇن بوۋاڭ كىچىك بولغىنى بىلەن، ئاراڭ بىلەن
بېشىغا بىرنى ئۇرساڭ، بويى ئۈچ چى ئۆسۈپ كېتىدۇ، — دېدى.
ئالۋاستى پادىشاھ ئارىسى بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا بىرنى ئۇردى.
سۇن دەرۋىش بىرلا تولغىنىپ، راست دېگەندەك ئۈچ چى ئېگىز-
لەپ كەتتى. ھودۇقۇپ كەتكەن ئالۋاستى پادىشاھ:

— بىزنى بۇنداق كولدۇرلاتقۇدەك سەندە نېمە كارامەت بار؟
مانا ئەمىسە! — شۇنداق دەپ ئارىسىنى سۇن دەرۋىشنىڭ مەيدى-
سىگە سانجىدى. سۇن دەرۋىش گۈرزىسى بىلەن پولات ئارىنى
توستى ۋە ئالۋاستىنىڭ بېشىغا گۈرزە بىلەن بىرنى سالدى.
ئىككىسى خۇاڭفېڭ غارىنىڭ سىرتىدا ئوتتۇز قەپەس ئېلىشىپ
بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىدى.

سۇن دەرۋىش بەدىنىدىكى تۈكىنى يۇلۇپ، چايناپ ئاسمانغا
قاراپ پۈركۈپ: «ئۆزگەر!» دېدى. سۇن دەرۋىشتىن يۈزى
پەيدا بولدى. ئۇلار گۈرزىلىرى بىلەن ئالۋاستى پادىشاھنى قات-
مۇقات قورشىۋالدى. ئالۋاستى پادىشاھ قورقۇپ، ئۇمۇ ھىيلە
ئىشلىتىپ بىرپەس سېرىق قۇيۇن چىقاردى. بۇ قۇيۇن ھەقىقە-
تەن يامان قۇيۇن ئىدى. بىردەمدىلا قۇم ـ شېغىللارنى ئۇچۇ-
رۇپ، دەل ـ دەرەخلەرنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىدى، سۇن
دەرۋىشنىڭ بىر تال تۈكىدىن ئۆزگەرگەن بالا سۇن دەرۋىشلەر
ئۆزلىرىنى ئاسماندا كۆرۈشتى. سۇن دەرۋىش ھودۇقۇپ كېتىپ

ھېلىقى بىر تال تۈكىنى ئۆز ئورنىغا قويۇپ، گورزىسىنى ئويـ.
ـناتقىنىچە ئۆزى يالغۇز جەڭگە چىقتى. ئالۋاستى چىقارغان سىـ.
ـرىق قۇيۇندا ئەۋلىيا ئەزەم ئالتۇن نۇر چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىـ.
ـنى ئاچالماي سەپتىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

جۇباجيې ئاتنى تۇتۇپ، يۇك ـ تاقلارنى كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ توساتتىن چىققان سېرىق قۇيۇننىڭ زەربىسىدە بېشىنى كۆتۈـ.
ـرۇشكە جۈرئەت قىلالماي، تەمتىرەپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغاندا، سۈن دەرۋىشنىڭ غەرب تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئالدىراش ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بۇنىڭ زادى قانداق ئىشلىقىنى سورىدى. سۈن دەرۋىش ئالۋاستى بىلەن بولغان ئېلىشىشنىڭ جەريانىنى، سېرىق قۇيۇندا كۆزىنىڭ ئېچىشىپ ئاغرىپ، ياشاڭغىراپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ئىككىسى ياتقۇدەك بىر جاينى تېپىپ، ئالۋاستى بىلەن ئەتە تاڭ ئاتقاندا يەنە ئېلىشماقچى بولدى.

ئەتىسى، سۈن دەرۋىش جۇباجيېنى يۇك ـ تاق ۋە ئاتقا قاراشقا بۇيرۇپ، ئۆزى بىرلا موللاق ئېتىپ ئالۋاستى غارىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئالۋاستىنى جەڭگە چاقىردى، لېكىن ھېچكىم چىقمىدى. ئۇ ئەپسۇن ئوقۇپ بىر تال پاشىغا ئايلىنىپ غارغا كىردى ـ دە، شامال توختىتىش تۇۋرۇكىگە باغلانغان تاڭ سېڭـ.
ـنى كۆردى. سۈن دەرۋىش تاڭ سېڭنىڭ پارقىراق بېشىغا قوـ.
ـنۇپ، ئۇنى خاتىرجەم قىلىپ قويۇپ، ئاندىن ئالدى تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى. ئالۋاستى پادىشاھ بالا ئالۋاستىغا تۇخۇم ساندـ.
ـشىپ بېرىۋاتاتتى، توساتتىن بىر بالا ئالۋاستى كېلىپ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ جۇباجيېنى كۆرگەنلىكىنى، سۈن دەرۋىشنى كۆرمىگەنـ.
ـلىكىنى ئېيتتى. ئالۋاستى پادىشاھ:

— قۇيۇندا ئۆلگەن بولۇشى مۇمكىن، ياكى بولمىسا ياردەمـ.
ـگە ئەسكەر چاقىرغىلى كەتكەن نېمە، — دېدى. قالغان ئالۋاسـ.
ـتىلارنىڭ ھەممىسى:

— سوٛن دەرۋىش قوٛيوٛندا ئوٛلمەي قالغان بولسا، ئوٛ تەڭرى لەشكەرلىرىنى باشلاپ كەلسە قانداق قىلغوٛلوٛق؟ — دېيىشتى.
ئالۋاستى پادىشاھ:
— تەڭرى لەشكەرلىرىدىن نېمە قورققوٛلوٛق! ئەۋلىيا روھـ
ـتىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمايمەن! — دېدى.
لىمغا قونوٛۋالغان سوٛن دەرۋىش بوٛ گەپنى ئاڭلاپ خوٛشاللىـ
قىدا يايراپ كەتتى - دە، غاردىن ئوٛچوٛپ چىقىپ ئەسلىگە قايتتى ۋە ئەۋلىيا روھنى ئىزدەپ مېڭىپ كەتتى. ئەۋلىيا روھ ئەۋلىيا ئەزەم بىلەن بىللە خوٛاڭفېڭ تېغىغا كەلدى. ئەۋلىيا روھ:
— ئوٛ ئالۋاستىلار مېنىڭدىن سەل قورقىدوٛ، سەن ئوٛلارنى ئالداپ سىرتقا ئاچىق. مەن ئوٛلارنى سېھىرلىۋېتىمەن، — دېدى. سوٛن دەرۋىش بوٛلوٛتتىن يەر يوٛزىگە چوٛشوٛپ، گەپ - سوٛز قىلماستىن ئالۋاستى غارىنىڭ ئىشىكىنى گوٛرزىسى بىلەن ئوٛـ
روٛپ پاچاق - پاچاق قىلىۋەتتى. ساراسىمىگە چوٛشكەن بالا ئالۋاستى بوٛ ئىشنى دەرھال مەلوٛم قىلدى. ئالۋاستى پادىشاھ ئارىسىنى كوٛتوٛروٛپ غاردىن چىقىپ سوٛن دەرۋىشنى كوٛردى. ئوٛ ئارىسىنى سوٛن دەرۋىشنىڭ مەيدىسىگە سانجىدى. سوٛن دەرۋىش گوٛرزىسىنى ئوينىتىپ ئوٛنىڭغا ئېتىلدى. ئىككىسى سان - سا-
ناقسىز ئېلىشتى. ئالۋاستى پادىشاھ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ قوٛـ
يوٛن چىقاردى، بوٛ ئەھۋالنى كوٛروٛپ توٛرغان كوٛكتىكى ئەۋلىيا روھ ئالتوٛن ھاسىسىنى تاشلاپ، سەككىز پوٛتلوٛق ئەجدىھاغا ئايلىنىپ ئالۋاستى پادىشاھنى توٛتوٛۋېلىپ، قىيا تاشقا زەرب بىلەن ئوٛردى. ئالۋاستى پادىشاھ ئەسلىگە قايتتى، ئوٛ ئەسلىدە بوٛلغوٛن ئىكەن. سوٛن دەرۋىش ۋە جوٛباجيې غارغا كىرىپ توشـ
قان، توٛلكە، بوٛكەن، بوٛغا سىياقىغا كىرىۋالغان ئالۋاستىلارنى تىرنا ھەم گوٛرزە بىلەن ئوٛروٛپ تامام يوقىتىپ، ئوٛستازىنى قوٛتقوٛزوٛپ چىقتى. ئوٛچىسى ئەۋلىيا روھقا رەھمەت - ھەشقاللا ئېيتىپ، چوڭ يولنى بويلاپ مەغرىبكە يوٛروٛپ كېتىشتى.

## 11 ـ باب   ليۇشاخې دەرياسى بويىدا ۋۇجىڭنىڭ ئەل بولغانلىقى

كۇنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ ئىككى شاگىرتى بىر ئەزىم دەريا بويىغا كېلىپ، قىرغاقتىكى بىر تاش ئابىدىنى كۆردى. تاش ئابىدىگە «ليۇشاخې دەرياسى» دېگەن خەتلەر يوغان قىلىپ، «سەككىز يۈز چاقىرىم ئارىلىققا سوزۇلغان ليۇشاخې دەرياسى ئۈچ مىڭ گەز چوڭقۇردۇر. غاز پېيى لەيلىمەس ئۇندا، لېكىن قومۇش چېچەكلىرى چۆكۈپ كېتۇر» دېگەن خەتلەر ئۇششاق يېزىلغان ئىدى.

ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى تاش ئابىدىگە قاراپ تۇراتتى، تۇيۇقسىز ھەيۋەتلىك بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ دەريادىن چاچلىرى چۇۋۇلغان، كۆزلىرى چىراغدەك، يۈزى كۆپكۆك بىر ئالۋاستى گۇلدۇرمامىدەك نەرە تارتىپ سۇ يۈزىگە چىقتى. ئۇ بويىنىغا 90 تال قۇرۇق سۆڭەكنى مارجان قىلىپ ئېسىۋالغان ئىدى، قولىدىكى خاسىيەتلىك ھاسا بىلەن تاڭ سېڭنى تۇتۇش ئۈچۈن قىرغاققا ئېتىلدى. ۋۇكۇڭ ئۇستازىنى قۇچاقلىۋالدى. باجيې يۈك ـ تاقنى تاشلىۋېتىپ، تىرنىسنى كۆتۈرۈپ ھېلىقى ئالۋاستىغا قاراپ يۈگۈردى. ئىككىسى دەريا بويىدا يىگىرمە قەپەس ئېلىشىپ بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىدى. بىر چەتتە تۇرغان ۋۇكۇڭنىڭ قوللىرى قىچىشىپ كەتكەچكە، ئۇچقاندەك بېرىپ گۇرزىسى بىلەن ئالۋاستىنىڭ بېشىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالدى. ئالۋاستى شاپپىدە كەينىگە ئۆرۈلۈپ، ليۇشاخې دەرياسىغا كىرىپ يوقالدى. جۇباجيې ئاچچىقىدا تېپىرلاپ:

— كىم سېنى كەل دېدى! تۇتۇۋالاي دەپ تۇرغان چاغدا، سەن ئۇنى قاچۇرۇپ قويدۇڭ، — دېدى. سۇن دەرۋىش كۇلۇپ:

— گۆرزەمنى بىر ئايدەك ئىشلەتمەي قوللىرىم قىچىشىپ كەتكەن ئىدى، ئۇ ئالۋاستىنىڭ ئوينىشىپ قويغاننى بىلمەيدىغان-لىقىنى كىم بىلسۇن، — دېدى. ئىككىسى كۆلۈشۈپ ئالۋاستى-نى تۇتۇش توغرۇلۇق بىر پىلان تۈزدى، جۇباجىي ھېلىقى ئالۋاستىنى سۇ يۈزىگە چىقىشقا قىزىقتۇردى.

جۇباجىي كىيىملىرىنى سېلىپ، تىرنىسىنى ئويناتقان پېتى ئالۋاستىنى ئىزدەپ ليۇشاخې دەرياسىغا شۇڭغىدى. ئالۋاستى بولسا جەڭدە يېڭىلىپ توختىماي ھاسىراپ تۇرغاندا بىرىنىڭ شەپىسىنى ئاڭلىدى. ئۇ كەينىگە قاراپ جۇباجىينى كۆردى - دە، خاسىيەتلىك ھاسىسىنى كۆتۈرۈپ:

— نەگە بارىسەن؟ ئۇردى دېگەن مانا مۇنداق بولىدۇ! — دەپلا سۇدا جۇباجىي بىلەن تۇتۇشۇپ كەتتى. ئۇلار ئېلىشا - ئېلىشا قىرغاقتا بېرىپ قالدى. جۇباجىي يېڭىلگەن بولۇپ ماڭ-دى، ئالۋاستى بۇنىڭ ھىيلە ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلسۇن، كەي-نىدىن تاپ باستۇرۇپ كېلىۋەردى. بۇ چاغدا تاقىتى تاق بولۇپ تۇرغان ۋۇكۇڭ دەريا بويىغا سەكرەپ بېرىپ، ئالۋاستىنىڭ بېشىغا گۆرزىسى بىلەن بىرنى سالدى. ئالۋاستى ۋۇكۇڭ بىلەن ئېلىشىشقا پېتىنالماي يەنە دەرياغا كىرىپ كەتتى. جۇباجىي:

— سەن مىراخورنىزە، ھەقىقەتەنمۇ ئالدىراڭغۇ مايمۇنكەن-سەن! مەن ئۇنى ئالداپ ئېگىزرەك يەرگە باشلاپ چىققاندا، ئاندىن ئۇرغان بولساڭ، دەرياغا كىرىپ كەتمەيتتى ئەمەسمۇ ئۇ، ئەمدى ئۇ دەريادىن قاچان چىقىدۇ؟ — دېدى ۋارقىراپ. سۇن دەرۋىش كۈلۈپ:

— ئەخمەق، ئەتە كېلەيلى، — دېدى.

ئەتىسى، سۇن دەرۋىش جۇباجىينى ئالۋاستىنى قىزىقتۇ-رۇپ سۇ يۈزىگە ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇدى. جۇباجىي غەيرەتكە كېلىپ دەريا تەكتىگە چۈشتى. ئەمدىلا ئويغانغان ئالۋاستى جۇ-باجىينىڭ يەنە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ خاسىيەتلىك ھاسىسىنى

كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارشى ئاتلاندى. ئىككىسى بىر جايدا قاتتىق ئېلىشتى، شۇ تەرىزدە ئېلىشىپ سۇ تەكتىدىن سۇ يۈزىگە چىقىشتى، ئوتتۇز قەپەس ئېلىشىپ بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى. قىرغاقتا چىققاندا، جۇباجىي:

— مۇتتەھەم ئالۋاستى! چىقە، ئەمدى رەسمىي ئۇرۇشايلى! — دەپ ۋارقىرىدى. ئالۋاستى:

— سەن مېنى كولدۇرلاتماقچى بولۇۋاتىسەن، ھېلى ھەمدەمچىڭنى چاقىرىپ كېلىسەن، سېنىڭ ئالدام خالتاڭغا چۈشمەيمەن. سەن چۈش، ئىككىمىز سۇدا ئۇرۇشايلى! — دېدى.

سۈن دەرۋىش ئالۋاستىنىڭ قىرغاقتا چىقىشقا ئۇنىمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك ھالغا كېلىپ، بىرلا موللاق ئېتىپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ، ئالۋاستىنى تۇتۇش ئۈچۈن يەر يۈزىگە شۇڭغىدى. شامالنىڭ ساداسىنى ئاڭلىغان ئالۋاستى دەررۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ۋۇكۇڭنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشقا تەمشەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئالدىراش سۇغا كىرىپ كەتتى.

ئىككىسى چارىسىز ئەھۋالدا قېلىپ ئۇستازىنىڭ ئالدىغا كېلىشكە مەجبۇر بولۇشتى. سەنزاڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قاتتىق قايغۇغا چۆمدى.

سۈن دەرۋىش:

— ئۇستاز، قايغۇرمىسىلا! مەن شەپقەتكار بودىساتۋانىڭ يېنىغا باراي. نوم ئەكېلىدىغان ئىشنى شەپقەتكار بودساتۋا ئورۇنلاشتۇرغان، ليۇشاخې دەرياسىدىن ئۆتەلمەي تۇرۇپ قالدۇق، ئۇنى ئىزدىمەي كىمنى ئىزدەيمىز؟ — دېدى. ئۇستاز:

— ئەھۋال مۇشۇ، سەن تېزرەك بارغىن! — دېدى.

سۈن دەرۋىش بۇلۇتقا مىنىپ بىر ئاش پىشىم ۋاقىتتا يەتمىگەن سۈرئەتتە جەنۇبىي دېڭىزغا يېتىپ باردى. ئۇ شەپقەتكار بودساتۋانى كۆرۈپ ليۇشاخې درياسىدا بولغان ئەھۋاللارنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى. شەپقەتكار بودساتۋا:

— ئۇ ئالۋاستى ئەسلى خىسلەتدار قەسىرىدىكى پەردە قاي-رىغۇچ سەركەردە ئىدى. مەن ئۇنىڭغا نوم ئالغىلى ماڭغانلارنى شۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇشنى ئېيتقان ئىدىم. سەن مايمۇنزە، تاڭ سېڭ بىلەن مەغرىبكە نوم ئالغىلى ماڭغانلىقىڭلارنى دېگەن بول-ساڭ، ئۇ ھەرگىز سىلەر بىلەن ئېلىشمىغان بولاتتى، — دېدى. ۋۇكۇڭ:

— ئۇ ئالۋاستى قىرغاققا چىققىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ، ئەمدى قانداق قىلساق بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى. شەپقەتكار بۇدساتۋا يېڭىدىن قىزىل قاپاقنى چىقىرىپ، شاگىرت خۇيئەنگە ئۇنىڭ ۋۇكۇڭ بىلەن ليۇشاخې دەرياسىغا بىللە بېرىشىنى تاپىلاپ، زۆرۈر تېپىلغاندا قىزىل قاپاقنى چىقىرىپ «ۋۇجىڭ!» دەپ چاقىرسا، ھېلىقى ئالۋاستىنىڭ سۇدىن چىقىدىغانلىقىنى ئېيت-تى.

سۇن دەرۋىش خۇيئەن بىلەن بىللە ليۇشاخې دەرياسىغا كەلدى. خۇيئەن قىزىل قاپاقنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ۋۇجىڭ! نوم ئالغىلى ماڭغانلار مۇشۇ يەردە، دەرھال بەيئەت قىل! — دەپ ۋارقىرىدى. ئالۋاستى بىرىنىڭ ئۆزىنىڭ بۇددا ئىسمىنى دەپ، نوم ئالغىلى ماڭغانلارنىڭ گېپىنى قىلىۋات-قانلىقىنى ئاڭلاپ دەرھال سۇ يۈزىگە چىقتى ۋە ئۆزى بىلەن ئېلىشقانلارنىڭ نوم ئالغىلى ماڭغان ئەۋلىيا راھىبنىڭ شاگىرت-لىرى ئىكەنلىكىنى ئۇقتى. ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى كۆرۈشكەندىن كېيىن، سەنزاڭ قاتتىق خۇش بولدى. ئۇ ۋۇ-جىڭنىڭ چېچىنى پاكىز چۈشۈرۈپ قويدى. شەپقەتكار بۇدساتۋا ئۇنىڭغا بۇددا ئىسمى قويغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ۋۇ-جىڭنىڭ يۇرۇش - تۇرۇشلىرى شەيخلەرنىڭكىگە ئوخشاش بول-غاچقا، ئۇنىڭغا «شا شەيخ» دەپ ئىسىم قويۇپ قويدى.

ۋۇجىڭ بوينىدىن 90 تال ئۇستىخان مارجاننى ئالدى، مارجاننىڭ ئوتتۇرىسىغا شەپقەتكار بۇدساتۋانىڭ قىزىل قاپىقىنى

قويۇپ، ئۇنى قولۋاق قىلدى. قولۋاققا سەنزاڭ چىقتى. ئۇ شاگىرتلىرى ۋە خۇيئەنىنىڭ قوغدىشى بىلەن ليۇشاخې دەرياسىدىن سالامەت ئۆتتى.

## 12 ـ باب ئۇلارنىڭ دىيانىتىنى شەپقەتكار بۇدساتۋانىڭ ئەپچىللىك بىلەن سىنىغانلىقى

ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ياپيېشىل تاغ ۋە زۇمرەتتەك دەريالارنى كەينىدە قالدۇرۇپ ماڭدى، ئۇلار ۋاقىتنىڭ ئوقتەك ئۆتۈشى بىلەن كەچكۈزنىڭ كىرىپ قالغانلىقىنىمۇ تۇيماي قېلىشتى. بىر كۈنى كەچتە، تاڭ سېنىڭ ئاتلىق كېتىۋېتىپ ئالدى تەرەپتىكى بىر قورۇقنى كۆرۈپ قالدى ۋە شاگىرتلىرىغا شۇ يەردە تۈنەشنى تەۋسىيە قىلدى. سۈن دەرۋىش قورۇقنىڭ خەيرلىك بۇلۇتلارغا چۈمكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇنى بۇدساتۋا ئەۋلىيالارنىڭ ئالايىتەن ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى چۈشەندىيۇ، لېكىن مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاشقا پېتىنالماي:

— ياخشى! ياخشى! شۇ يەردە تۈنەيلى، — دېدى.

ئۇستاز شاگىرتلىرى بىلەن قورۇقنىڭ ئالدىغا كەلدى، قورۇقتىن بىر ئايال چىقىپ، ئۇلاردىن:

— سىلەر نەدىن كەلدىڭلار؟ — دەپ سورىدى. سۈن دەرۋىش:

— بىز بۈيۈك تاڭ دۆلىتىدىن كەلدۇق. مەغرىبكە نوم ئالغىلى كېتىۋاتىمىز، مۇشۇ يەردە تۈنەپ ئازراق ئارام ئالايلى دەپ كېلىشىمىز، — دېدى. ئايال خۇش بولۇپ ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنى ئىچكىرىگە باشلىدى.

سەنزاڭ ھېلىقى ئايالدىن:

— ئىسىم-شەرىپىڭىز كىمكىن؟ بۇ يەرنى نېمە دەيدۇ؟— دەپ سورىدى. ئايال:

— بۇ يەرنى غەربىي گۇدا دەپ ئاتايدۇ. مېنىڭ فامىلەم جيا، ئېرىمنىڭ فامىلىسى مۇ، قېيناتام ۋە قېينانام بۇرۇنلا تۈگەپ كەتكەن، ئۈچ قىز پەرزەنتىمىزدىن باشقا ئوغۇل پەرزەنت كۆرمىدىم. چوڭلارنىڭ چىرىغىنى ياندۇرۇپ كېلىۋاتىمىز، هال- ئوقىتىمىز خېلىلا ياخشى، مىڭ مو مۇنبەت يېرىمىز بار. ئانا - بالا تۆتەيلەن بىزگە يۆلەنچۈك بولغۇدەك كۈيئوغۇللارغا موهتاج، تۆتىلىرى كېلىپ قالتىس ياخشى ئىش بولدى، — دېدى. سەنزاڭ بۇ گەپلەرنى قەستەن ئاڭلىمىغان بولۇۋالدى. ئايال يەنە نەسىهەت قىلغان ئاهاڭدا:

— مېنىڭ ئائىلەم شۇنداق دۆلەتمەن ئائىلە، ماڭا كۈيئو-غۇل، قىزلىرىمغا كۈيۈ بولساڭلار، خالىغانچە راهەت كۆرىسى-لەر، جاپا - مۇشەققەت تارتىپ مەغرىبكە بېرىشىڭلارنىڭ نېمە هاجىتى؟ — دېدى. سەنزاڭ يەنىلا ئۈندىمىدى. ئايال:

— مەن بۇ يىل 45 ياشقا كىردىم، چوڭ قىزىم 20 ياشقا، ئوتتۇرانچى قىزىم 18 ياشقا، كىچىك قىزىم 16 ياشقا كىردى، هېچقايسىسى تېخى ياتلىق بولمىدى، — دېدى.

جۇباجيې بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز ئۇيان - بۇيان تولغىنىپ تۇرالماي قالدى. ئۇ ئالدىغا ئۆتۈپ ئۇستازنىڭ يېڭىنى تارتىپ:

— ئۇستاز، بۇ مەزلۇمنىڭ گېپىگە نېمىشقا پەرۋا قىلمايدى-لا؟ ياخشى بىر قارارغا كەلسىلە، — دېدى. سەنزاڭ:

— ۋۇه هايۋان! بىز راهىبلار راهەت - پاراغەت ۋە ساهىب-جاماللارنى كۆرۈپ ئاينىساق، بۇ قاملاشمىغان ئىش بولمامدۇ؟ — دېدى. ئايال بۇ ئەهۋالنى كۆرۈپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ چىمىلدىق-نىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى - دە، ئىشىكنى يېپىپ چىقماي قويدى. ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى مېهمانخانىدا بىر ئوتلام

ئۇسسۇلۇق ياكى بىر بۇردا نان يوق، تۇرۇپ كېتىشتى. جۇباجىي ئاچچىقىنى باسالماي سىرتقا چىقىپ ئات باقىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ۋۇكوڭ ۋۇجىڭغا:

— سەن ئۇستازغا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرۇپ تۇر، مەن ھېلىقى ھاماقەتكە قاراپ باقاي، ئات باققىلى نەگە ماڭىدىكىن، — دېدى - دە، بىرلا سىلكىنىپ بىر يىڭناغۇچقا ئايلىنىپ، ئۇچقان پېتى جۇباجىيغا يېتىشىۋالدى. جۇباجىي ئاتنى يېتىلەپ كەينى ئىشىككە كېلىپ، ئايالنىڭ ئۈچ قىزى بىلەن كەينى ھويلىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، مەزلۇمنى گەپكە تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ كۈيئوغۇل بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئايال:

— قىزلىرىم سىزنى سەت دەپ ياراتماسمىكىن، — دېدى.

جۇباجىي:

— ئاپا، قىزلىرىغا دېسىلە، تاڭ سېڭ قاملاشقان بولغىنى بىلەن كارغا كەلمەيدۇ. مەن كۆرۈمسىز بولغىنىم بىلەن ئاز - تولا كۈچ - قۇۋۋىتىم بار، مىڭ مو يەر دېگەننى ئۈكۈز كېرەك قىلماي بىر تىرنا بىلەن ئاغدۇرۇۋېتەلەيمەن، ئۇرۇق چاچقان ۋاقىتتا يامغۇر ياغمىسا، يامغۇر ياغدۇرالايمەن، شامال چىقمىسا شامال چىقىرالايمەن، ئۆيلىرىڭىزنى پاكار دېسىڭىز، ئىككى - ئۈچ قەۋەتلىك ئىمارەت سېلىپ بېرەلەيمەن. ئۆينىڭ پارچە - پۇرات ئىشلىرىنى قىلىش قولۇمدىن كېلىدۇ — دېدى. ئايال:

— ئەمىسە، قىزلىرىمغا دەپ باقاي، — دېدى.

سۇن دەرۋىش قايتىپ كېلىپ ئەسلىگە قايتتى ۋە بايا ئاڭلىغانلىرىنى ئۇستازىغا دېدى. كۆپ ئۆتمەي جۇباجىي يېنىپ كەلدى. تاڭ سېڭ ئۇنىڭدىن:

— باجىي، ئات بېقىپ كەلدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

جۇباجىي:

— ئوت - چۆپىنىڭ تايىنى يوق ئىكەن، ئات باققۇدەك يەر

تاپالمىدىم، — دېدى.

— ئات باققۇدەك يەر بولمىغان بىلەن، ئات يېتىلەيدىغان يەر چىققاندۇر؟ — دېدى ۋۇكوك. جۇباجيې بۇ گەپنى ئاڭلاپ سىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىنى بىلىپ، بىرھازاغىچە گەپ قىلماي بېشىنى سىلىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئايال ئۈچ قىزىنى باشلاپ كىردى، دېگەندەك ئۇنىڭ قىزلىرى بىر - بىرىدىن چىرايلىق ئىدى. ئايال:

— ھەزرەتلىرىم، قايسىڭلار قىزلىرىمغا لايىق بولىسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

— بىز مەسلىھەتلەشتۇق، سىزگە جۇباجيې كۈيئوغۇل بولسۇن، — دېدى ۋۇكوك. جۇباجيې:

— مېنى زاڭلىق قىلما، يەنىلا يىراقنى ئويلاپ بىرنېمە دەيلى، — دېدى. ۋۇكوك:

— ئانا دەپمۇ بولدۇڭ، يەنە مەسلىھەتلىشىدىغان نېمە بار؟ چاپسان كىرە! — دېدى.

دەرۋەقە، باجيې ئايالنىڭ كەينىدىن ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— ئانا، قايسى قىزىڭىزنى ماڭا لايىق كۆردىڭىز؟ — دەپ سورىدى جۇباجيې ئايالدىن. ئايال:

— مەندە بىر قولياغلىق بار، مۇشۇ ياغلىقنى بېشىڭىزغا سېلىپ يۈزىڭىزنى ئېتىۋالسىز، قىزلىرىم ئالدىڭىزدىن ئۆتىدۇ، سىز قايسىسىنى تۇتۇۋالسىڭىز، شۇنى سىزگە بېرىمەن، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۈچ قىزىنى چاقىرىپ چىقتى. جۇباجيې يۈزىنى ياغلىق بىلەن يېپىپ قوللىرىنى سوزۇپ، قىزلارنى تۇتۇشقا تەمشەلدى، ئۇيان - بۇيان ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ، ھەرنېمە قىلىپمۇ بىرەر قىزنى تۇتالماي بېشى ئايلىنىپ يىقىلىپ چۈشتى ۋە شۇ يەردە ئولتۇرۇپ توختىماي «ئانا!» دەپ توۋلىدى. ئايال:

— مۇنداق بولسۇن، قىزلىرىمنىڭ ھەربىرى بىردىن كۆڭ-

لەك تىككەن، قايسى قىزىمنىڭ تىككەن كۆڭلىكى سىزگە دەل كەلسە، شۇ قىزىمنى سىزگە بېرەي، — دېدى. ئۇ شۇنداق دەپ ئىچكىرىكى ئۆيدىن بىر كۆڭلەك ئېلىپ چىقتى. جۇباجيې ئال-مان- تالمان كىيىملىرىنى يېشىپ تەييار بولدى. ئۇ كۆڭلەك-نىڭ ئىزمىلىرىنى ئەتمەي تۇرۇپلا يىقىلدى. ئۇ ئەسلىي نەچچە تال ئارغامچا بىلەن باغلىنىپ قالغان ئىدى، شۇڭا ئۇئاغرىقتا چىدىماي تولاپ كەتتى. ئايال ۋە ئۇنىڭ قىزلىرى كۆزدىن غايىب بولغان ئىدى.

سەنزاڭ، ۋۇكۇڭ، ۋۇجىڭ ئويغىنىپ قارىسا، ھېلىقى قورۇقتىن ئەسەر قالمىغان، ئۆزلىرى قارىغايزارلىقتا ئۇخلاپ ياتقان. ئۇلار دەرەختە ئېسىقلىق تۇرغان بىر باغاقچىنى كۆرۈپ، بىرنەچچە بۇدساتۋانىڭ ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ دىياند-تىنى سىناش مەقسىتىدە ساھىبجامالىلار سۈرىتىگە كىرگەنلىك-نى ئۇقتى. ئۇلار باغاقچىنى كۆرۈپ تۇرغان چاغدا، تۇساتتىن جۇباجيېنىڭ ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىدىن:

— ئۇستاز! بوغۇلۇپ ئۆلەي دېدىم! مېنى قۇتقۇزۇۋالسى-لا! ئەمدى ئۇنداق قىلمايمەن! — دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ۋۇكۇڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنى راسا مازاق قىلدى. جۇباجيېنى ۋۇجىڭ باغلاقتىن بوشاتتى. قاتتىق ئىزا تارتقان جۇباجيې بۇندىن كېيىن نىيىتىنى بۇزماسلىققا قەسەم بەردى. ئۇستاز شاگىرتلىرى بىلەن مەغرىب سەپىرىنى يەنە باشلىدى.

## 13 - باب ۋۇكۇڭنىڭ ئادەمگىيا ھ مېۋىسىنى ئوغرىلىقچە يەۋېلىپ ۋۇجۇاڭ ئىبادەتخا-نىسىنى مالىمان قىلغانلىقى

تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى مەغرىبكە قاراپ كېتىۋات-

قان يول ئۈستىدە ۋەنشۇشەن تېغى دېگەن بىر تاغ، تاغدا ۋۇجۇاڭ ئىبادەتخانىسى دېگەن بىر ئىبادەتخانا، ئىبادەتخانىدا جىن يۈەن ئىسىملىك بىر پىركامىل بار ئىدى. ۋۇجۇاڭ ئىبادەتخانىسىدا ئادەمگىياھ دەرىخى بولۇپ، بۇ مېۋىلىك دەرەخ ئۈچ مىڭ يىلدا بىر چېچەكلەيدىكەن، ئۈچ مىڭ يىلدا مېۋىگە كىرىدىكەن، ئۈچ مىڭ يىلدا پىشىدىكەن، مېۋىسى بەئەينى پۇت - قوللىرى تولۇق يېتىلگەن ھامىلىگە ئوخشايدىكەن. ئۇنىڭ ھىدىنى پۇرىغان ئادەم ئۈچ يۈز ئاتمىش يىل، بىر تال مېۋىسىنى يېگەن ئادەم قىرىق يەتتە مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرىدىكەن.

بىر كۈنى، پىركامىل جىن يۈەن چىڭ فېڭ ۋە مىڭ يۆ ئىسىملىك ئىككى شاگىرتىنى ئىبادەتخانىغا قارىتىپ قويۇپ، ئۆزى دەرس ئاڭلىغىلى ئەرشكە راۋان بولۇشنىڭ ئالدىدا، شاگىرتلىرىغا پات ئارىدا شەرقتىكى بۈيۈك تاڭ دۆلىتىدىن كېلىدىغان بىر ئەۋلىيا راھىبنىڭ ئۆزىنىڭ دوستى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا ئىككى ئادەمگىياھ مېۋىسى يېگۈزۈشنى، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ۋاكالىتەن دوستلۇق مېھرىنى يەتكۈزۈشنى، ئەمما تاڭ سېڭنىڭ شاگىرتلىرىغا بۇ يەردە ئادەمگىياھ مېۋىسى بارلىقىنى بىلدۈرۈپ قويماسلىقنى تاپىلىدى.

دەل شۇ كۈنى تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ۋۇجۇاڭ ئىبادەتخانىسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئىشىكتىن كىرىشىگە، چىڭ فېڭ ۋە مىڭ يۆ ئىسىملىك ئىككى بالا دەرۋىش ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئىككى بالا دەرۋىش ئۇلارنىڭ بۈيۈك تاڭ دۆلىتىدىن مەغرىبكە نوم ئالغىلى ماڭغان راھىبلار ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ، ئۇلارنى ئىچكىرىگە باشلاپ، ئالدىلىرىغا چاي كەلتۈردى. بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن سەنزاڭ ۋۇكۇڭنى ئات بېقىشقا، ۋۇجىڭنى يۈك - تاقلارغا قاراشقا، جۇباجيېنى تاماق ئېتىشكە بۇيرۇدى. چىڭ فېڭ بىلەن مىڭ يۆ تاڭ سېڭنىڭ يېنىدا ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ ھۇجرىلىرىغا قايتىپ، بىرى ئالتۇن

كالتەك، يەنە بىرى قىزىل پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ باغقا كىردى. چىلىڭ فىڭ دەرەخكە يامىشىپ چىقىپ كالتەك بىلەن قىقىپ ئىككى تال ئادەمگىياھ مېۋىسىنى چۈشۈردى. مىڭ يۆ دەرەخ تۈۋىدە پەتنۇسنى تۇتۇپ تۇردى. ئىككىسى ئىككى تال ئادەمگىياھ مېۋىسىنى ئەۋلىيا راھىبنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇۋېلىشنى ئېيتتى. تاڭ سېڭ بۇنى كۆرۈپ، قورققىنىدىن غالىلداپ تىترەپ تۇرۇپ:

— بۇ يا قەھەتچىلىك يىلى بولمىسا، ئىبادەتخانىدىكىلەرنىڭ باللارنى يېيىشى قىزىق ئىشقۇ بۇ! — دېدى. چىلىڭ فىڭ بىلەن مىڭ يۆ:

— بۇ دەرەختە ئۈنگەن ئادەمگىياھ مېۋىسى، بىرەر تال يېسىلە يامان بولمايدۇ! — دېدى.

سەنزاڭ:

— جۆيلۈمەڭلار! جۆيلۈمەڭلار! دەرەختە قانداقمۇ ئادەم ئۈنىدۇ؟ تېز ئېلىپ كېتىڭلار، — دېدى.

چىلىڭ فىڭ بىلەن مىڭ يۆ تاڭ سېڭنىڭ بۇ مېۋىلەرنىڭ خاسىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھۇجرىسىغا كىرىپ ئۆزلىرى يەۋالدى.

تامنىڭمۇ قۇلىقى بارلىقىنى كىم بىلسۇن، ياندىكى ئۆيدە تاماق ئېتىۋاتقان جۇباجيې بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپتى. ئۇ بۇ يەردە ئادەمگىياھ مېۋىسى بارلىقىنى ئاڭلاپ نەپسى تاقىلداپ، ئاغزىدىن شۆلگەيلىرى ئېقىپ توختىمىدى، ئۇ سۈن دەرۋىشنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇنى ئادەمگىياھ مېۋىسىنى ئوغرىلاپ كېلىشكە كۈشكۈرتتى. سۈن دەرۋىش سىياقىنى ئۆزگەرتىپ، ئاۋۋال ئالتۇن كالتەكنى ئوغرىلاپ، ئاندىن باغقا كىرىپ، دەرەخكە سەكرەپ چىقىپ بىر تال ئادەمگىياھ مېۋىسىنى قېقىپ چۈشۈردى. بىراق، ئادەمگىياھ مېۋىسى يەرگە چۈشۈپلا يوقاپ كەتتى. سۈن دەرۋىش تىللىغان پېتى شۇ يەردىكى زېمىن مۇئەككىلىنى

چاقىرىپ ئەكېلىپ، ئۇنىڭدىن ئادەمگىياھ مېۋىسىنىڭ ياغاچقا
تەگسە قۇرۇپ، سۇغا تەگسە ئېرىپ، ئوتقا تەگسە كۆيۈپ، توپىغا
تەگسە يەرگە كىرىپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇقتى. سۇن دەرۋىش بىر
قولىدا چاپىنىنىڭ پېشىنى تۇتۇپ، بىر قولىدا ئادەمگىياھ مېۋى-
سىنى قاقتى. ئۇ شۇنداق قىلىپ ئۈچ تال ئادەمگىياھ مېۋىسىنى
قېقىپ چۈشۈرۈپ، شا شەيخ، جۇباجىيې بىلەن بىردىن بۆلۈشۈپ
يېدى. جۇباجىيې نەپسى يامان، ئاغزى يوغان بولغاچقا، ئادەمگى-
ياھ مېۋىسىنى ئاغزىغا سېلىپلا يۇتۇۋېتىپ تەمىنىڭ قانداقلىقى-
نى بىلەلمەي قالدى. ئۇ سۇن دەرۋىشكە يەنە ئوغرىلاپ كېلىشنى
ئېيتىۋىدى، سۇن دەرۋىش رەت قىلدى. ئۇ هاماقەت ئادەمگىياھ
مېۋىسىنىڭ تەمىنى بىلەلمەي قالغانلىقى ئۈچۈن غودۇراپ تۇرۇ-
شىغا، چىڭ فېڭ بىلەن مىڭ يۆ ئۆيگە كىرىپ بولغان ئىشلاردىن
خەۋەر تاپتى. ئۇ ئىككىسى باغقا كىرىپ قارىغۇدەك بولسا،
دەرەختە پەقەت يىگىرمە تۆت تال ئادەمگىياھ مېۋىسى قالغان
ئىدى، ئۇلار كەينىگە يېنىپ تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنى
تىللاپ كەتتى.

سۇن دەرۋىش نائىلاج ئۆزىنىڭ ئادەمگىياھ مېۋىسىنى ئوغ-
رىلىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى، لېكىن زادى نەچچە تال مېۋە
ئوغرىلىغانلىقىنى دەپ بېرەلمىدى. چىڭ فېڭ بىلەن مىڭ يۆ
ئۇلارنى يەنە تىللاپ كەتتى. بۇنىڭدىن ئاچچىقى كەلگەن سۇن
دەرۋىش بەدىنىدىن بىر تال تۈكنى يۇلۇپ يالغان بىر سۇن
دەرۋىشكە ئايلاندۇرۇپ ئۆز ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، باغقا
كىرىپ ئالتۇن توقماق دېلىپسەن گۇرزىسىنى ئىشقا سېلىپ،
باغدىكى ئادەمگىياھ مېۋىلىك دەرىخىنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇ-
ۋېتىپ، ئاندىن غىپپىدە ئۇستازىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى.

ئاغزى بېسىلماي تىللىغان بولسىمۇ، تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ
شاگىرتلىرىنىڭ لام - جىم دېمەي تۇرغانلىقىنى كۆرگەن بۇ
ئىككى بالا دەرۋىش مېۋىلەرنى خاتا ساناپ قويغان ئوخشايمىز دەپ

يەنە باغقا كىردى. قارىسا، باغدىكى ئادەمگىياھ دەرىخى يىلتىزى
بىلەن قومۇرۇۋېتىلگەن، مېۋىلەرنىڭ بىرىمۇ يوق، ئۇلارنىڭ
قورقۇپ جان - پېنى چىقىپ كەتتى. مىڭ يۆ:

— بىزنىڭ خاسىيەتلىك دەرىخىمىزنى چوقۇم يۈز - كۆزى-
نى تۈك باسقان ھېلىقى راھىب ۋەيران قىلىۋەتتى، — دېدى.
ئىككىسى ئەپچىل چارە - ئامال توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشتى.
ئۇلار تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنى مېھمان قىلدى، مۇشۇ
پەيتتىن پايدىلىنىپ تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنى سولاپ
قويۇپ، پىركاملىنىڭ كېلىشىنى كۈتتى. ئىككىسى سۈن دەر-
ۋىشنى سولاپ قويۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلمەيتتى.
ئەتىسى تاڭ ئاتماستا سۈن دەرۋىش قۇلۇپ ئېچىش ھۈنىرىنى
ئىشقا سېلىپ ئىشىكنى ئاچتى ۋە ئۇستاز بىلەن ئىككى ھەمراھى-
نى باشلاپ ۋۇجۇاڭ ئىبادەتخانىسىدىن ئاستا چىقىپ كەتتى.

پىركامىل جىن يۈەن ۋۇجۇاڭ ئىبادەتخانىسىغا قايتىپ كەل-
دى. مىڭ يۆ بىلەن چىڭ فېڭ پىركاملىنىڭ يېنىپ كەلگەنلىكى-
نى كۆرۈپ، تىزلانغان پېتى يىغلاپ:

— ئۇستاز، سىلىنىڭ بۈيۈك تاڭ دۆلىتىدىن كەلگەن ھې-
لىقى دوستلىرى بىر توپ قاراقچىلار ئىكەن. ئۇلار تۆت تال
ئادەمگىياھ مېۋىسىنى ئوغرىلاپ يەپ قانائەت قىلماي، يەنە خاسى-
يەتلىك دەرەخنىمۇ يىلتىزى بىلەن قومۇرۇۋەتتى. بىز ئۇلارنى
سولاپ قويۇپ سىلىنىڭ كېلىشلىرىنى كۈتكەن ئىدۇق، ئۇلار-
نىڭ قېچىپ كېتىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن! — دېدى. پىركا-
مىل بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ خاپا بولماي:

— يىغلىماڭلار، سىلەر ھېلىقى سۈن فامىلىلىكنىڭ ئەرش-
نى مالىمان قىلغان كارامەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەيسى-
لەر. مەن ھازىرلا بېرىپ ئۇلارنى تۇتۇپ كېلىمەن، — دېدى.

پىركامىل بۇلۇتقا چىقىپ غەربكە قاراپ يول ئالدى. ئارى-
دىن كۆپ ئۆتمەي، ئۇ تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ

مەغرىبكە قاراپ ئالدىراش كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. پىركامىل
يېڭىگە سولىۋېلىش ھېيلىسىنى ئىشلىتىپ، يېڭىنى بىر سىلكى-
تىپلا تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنى يېڭىگە سولاپ، ۋۇ-
جۇاڭ ئىبادەتخانىسىغا ئېلىپ كەلدى. پىركامىل ئۇستاز ۋە
ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنى يېڭىدىن چىقىرىپ تۈۋرۈكلەرگە چىرماپ
باغلاتقۇزۇۋەتتى، ئەجدىھا تېرىسىدىن ئىشلىگەن يەتتە ئۆرۈملۈك
قامچا بىلەن ئۇرۇپ تاڭ سېڭدىن ئاچچىقىنى چىقارماقچى بول-
دى. ۋۇكۇڭ:
— مېۋىنى يېگەن مەن، دەرەخنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ
تاشلىغانمۇ مەن، ئۇرسىلا مېنى ئۇرسىلا، — دېدى. پىركامىل
شاگىرتلىرىغا ۋۇكۇڭنى قامچا بىلەن ئون قېتىم ساۋاشقا
بۇيرۇدى.
قاراڭغۇ چۈشكەندە ۋۇكۇڭ ئەپسۇن ئوقۇپ، ئۇستاز ۋە
ئىككى ھەمراھىنى باغلاقتىن بوشىتىپ، بىرنەچچە تۈپ سۆگەت-
نى ئۇلارنىڭ سىياقىغا ئۆزگەرتىپ باغلاپ قويدى. ئۇلار ھېچ-
كىمگە تۇيدۇرماي ۋۇجۇاڭ ئىبادەتخانىسىدىن چىقىپ كەتتى.
ئەتىسى پىركامىل ئۇلارنىڭ يەنە قېچىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ،
تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنى قايتا تۇتۇپ كەلدى. پىركا-
مىل بۇ نۆۋەت يەنە يېڭىگە سولىۋېلىش ھېيلىسىنى ئىشلەتتى.
ئۇ شاگىرتلىرىغا بىر قازان ماي قاينىتىشنى بۇيرۇدى. ۋۇكۇڭ-
نى قايناۋاتقان مايغا سېلىپ ئادەمگىياھ دەرىخىنىڭ ئۆچىنى
ئالماقچى بولدى. سۇن دەرۋىش ياندا تۇرغان تاش شىرنى سېھىر
بىلەن ئۆزىگە ئايلاندۇرۇپ، ئۆزى ئاسمانغا چىقىپ تاماشا كۆر-
دى. تۆرت شاگىرت سۇن دەرۋىشنى ھەرقانچە كۆتۈرۈپمۇ ئورنى-
دىن مىدىرلىتالمىدى، يەنە تۆت شاگىرت كېلىپمۇ سۇن دەر-
ۋىشنى ئورنىدىن قوزغىتالمىغان بولغاچقا، يىگىرمە نەچچە شا-
گىرت بىراقلا كېلىپ سۇن دەرۋىشنى كۆتۈرۈپ قازانغا تاشلىيا-
لىدى. «چولتوڭ» قىلغان غايەت زور ئاۋاز بىلەن تەڭ قازان

تېشىلىپ، مايلار ئەتراپقا ئېقىپ كەتتى. پىركامىل قاتتىق ئاچچىقلاپ، باشقا قازان ئەكېلىپ قازانغا تاڭ سېڭنى تاشلاشنى بۇيرۇدى. سۇن دەرۋىش بۇ گەپنى ئاسماندا تۇرۇپ ئاڭلاپ دەرھال يەرگە چۈشۈپ:

— تەرىتىم قىستاپ كەتكەچكە، قازاننى بۇلغاپ قويماي دەپ كېتىپ قالغان ئىدىم. مانا ئەمدى تېنىمنى پاكلاپ كەلدىم، قازانغا مېنى تاشلا! — دېدى.

پىركامىل ئورنىدىن تۇرۇپ ۋۇكۇڭنىڭ ياقىسىدىن قاماللاپ تۇتۇپ:

— مەن سېنىڭ نامىڭنى ئاڭلىغان، كارامىتىڭدىنمۇ خەۋەرىم بار، لېكىن سەن مېنىڭ دەرىخىمنى ۋەيران قىلىۋەتتىڭ. مەغرىبكە بېرىپ ساكيامۇنىغا مەيلى دەۋا قىل، ئادەمگىياھ دەرىخىمنى تىرىلدۈرۈپ بەرمىسەڭ، سىلەرگە ياخشى كۈن يوق، — دېدى. سۇن دەرۋىش كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سىلى ھەقىقەتەن كۆزى كىچىك ئادەم ئىكەنلا، دەرەخنى تىرىلدۈرۈش ھېچقانچە تەس ئىش ئەمەس! — دېدى.

— دەرىخىمنى تىرىلدۈرۈپ بەرسەڭ، سەن بىلەن ئاكا-ئۇكا بولىمەن، — دېدى پىركامىل.

— ئەمىسە، ئۇستازىمنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالسىلا، ئاچ - توق قېلىپ، بوينى قىسىلىپ قالمىسۇن، مەن بېرىپلا كېلىمەن، — دېدى سۇن دەرۋىش.

سۇن دەرۋىش بۇلۇتقا چىقىپ ھەممە يەرگە بېرىپ، ئادەمگىياھ دەرىخىنى تىرىلدۈرىدىغان خىسلەتلىك دورىنى تاپالمىدى. شۇنىڭ بىلەن شەيقەتكار بۇدساتۋادىن ياردەم سوراشقا مەجبۇر بولدى. شەيقەتكار بۇدساتۋا ۋۇكۇڭنى راسا بىر قەپەس تىللاپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ۋۇجۇاڭ ئىبادەتخانىسىغا كەلدى. پىركامىل، تاڭ سېڭ قاتارلىقلار شەيقەتكار بۇدساتۋانى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئالدىراش تەزىم بەجا قىلدى. پىركامىل شاگىرتلىرىغا

كۈجە كۆيدۈرۈپ، ئىسرىق سېلىشنى ۋە ھويلا ـ ئارامنى پاكىز سۈپۈرۈشنى بۇيرۇدى. شەپقەتكار بۇدساتۋا شەبنەم سۈيى قاچىلانغان شىشە بىلەن ۋۇكۇڭنىڭ ئالىقىنىغا ئۆلگەن جاننى تىرىلدۈرۈش تۇمارى پۈتتى. ۋۇكۇڭنى دەرەخنىڭ تۆۋىگە ئۇ-رۇشنى بۇيرۇدى. پىركامىل شۇ ئارىدا بىر بۇلاق پەيدا قىلدى. شەپقەتكار بۇدساتۋا ۋۇكۇڭ، جۇباجيې ۋە شا شەيخنى دەرەخنى يۆلەپ تۇرغۇزۇشقا، بۇلاق سۈيى بىلەن سۇغىرىشقا بۇيرۇپ، ئۆزى دۇرۇت ئوقۇدى. كۆپ ئۆتمەي ئادەمگىياھ دەرىخى قايتى-دىن كۆكلىدى. بۇنىڭدىن قالتىس خۇش بولغان پىركامىل ئون تالچە مېۋىنى قېقىپ چۈشۈرۈپ، شەپقەتكار بۇدساتۋا بىلەن تاڭ سېڭنى مېۋىگە ئېغىز تېگىشكە تەكلىپ قىلدى ۋە سۇن دەرۋىش بىلەن ئاغا ـ ئىنى بولۇشتى.

## 14 ـ باب سۇن ۋۇكۇڭنىڭ پاسىق سۆڭەك ئالۋاستىغا ئۈچ قېتىم زەربە بەرگەنلىكى

تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى پىركامىل جىن يۈەن بىلەن خوشلىشىپ مەغرىب تامان يول ئالدى. بىر كۈنى ئۇلار بۈك ـ باراقسان ئورمان بىلەن ئورالغان ئاسمان پەلەك ئېگىز بىر تاغنىڭ ئېچكىرىسىگە يېتىپ كەلدى. سەنزاڭ ۋۇكۇڭغا:

— بىر كۈن يول يۈرۈپ قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى. سەن بېرىپ ئازراق سەدىقە تامىقى تېپىپ كەل! — دېدى. ۋۇكۇڭ:

— ئۇستاز، تەخىر قىلىپ ئولتۇرۇپ تۇرسىلا، نەدە بىرەر ئۆيلۈك ئادەم بار، قاراپ بېقىپ كېلىمەن، — دېدى ـ دە، بىرلا سەكرەپ بۇلۇتقا چىقىپ تۇرۇپ ئەتراپقا قارىدى. يىراق-

يېقىندا دېھقان كەپسىمۇ كۆرۈنمەيتتى، جەنۇب تەرەپتىكى تاغدا شاپتۇللۇق باغ قارىيىپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ۋۇكۇڭ يەرگە چۈ-شۈپ ئۇستازغا:

— بۇ ئەتراپتا بىزگە سەدىقە تامىقى بەرگۈدەك ئىنس - جىن يوق ئىكەن، جەنۇب تەرەپتىكى تاغدا شاپتۇللۇق باغ بار ئىكەن. شۇ باغدىن شاپتۇل ئۈزۈپ كېلەي، قورساقلىرىنى ئەس-تەرلەپ تۇرارلا، — دېدى. ئۇستاز رۇخسەت قىلدى، ۋۇكۇڭ شۇ ياققا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

كونىلاردا: «ئېگىز تاغدا ئالۋاستى، تىك چوققىدا جىن - شاياتۇن بار» دېگەن گەپ بار. بۇ تاغدا ھەقىقەتەن بىر پاسىق سۆڭەك ئالۋاستى بار ئىدى. بۇ ئالۋاستى مەغرىبكە نوم ئالغىلى ماڭغان تاڭ سېڭنىڭ مۇشۇ يەردىن ئۆتىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ گۆشىنى يېگەن ئادەمنىڭ مەڭگۈ قېرىمايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، خېلىدىن بېرى مۇشۇ يەردە تاڭ سېڭنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ تۇرغان ئىدى. شۇ كۈنى ئۇ بۇلۇتنىڭ چېتىدە تۇرۇپ تاڭ سېڭنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى تۇتۇشقا تەمشەل-دى، توساتتىن جۇباجيې بىلەن شا شەيخىنىڭ تاڭ سېڭنى قوغداپ تۇرغانلىقى كۆزىگە چېلىقىپ قالدى - دە، قاراملىق قىلىشقا پېتىنالماي، بىر جىراغا چۈشۈپ بىرلا سىلكىنىپ، كومزەك كۆتۈرگەن چىرايلىق بىر قىزغا ئايلىنىپ، تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ ئالدىغا ماڭدى. جۇباجيې ساھىبجامال بىر قىز-نىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ نىيىتى بۇزۇلدى - دە، ئىغاڭلى-غان پېتى ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— راھىبە، يول نەگە؟ قوللىرىڭىزدىكى نېمە ئۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن. ئاق ئالۋاستى:

— شەيخىم، قولۇمدىكى كومزەكتە تاماق ھەم مەنجاڭ بار. ئېرىم تاغنىڭ شىمال تەرىپىدىكى جىلغىدا ئىشلەۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا تاماق ئېلىپ كېتىۋاتىمەن. ئاتا - ئانام ئاق ئۇستىخان كىشىلەر

ئىدى، راھىبىلەرگە سەدىقە تاماق بېرەتتى، بۇ تاماقنى سىلەرگە سەدىقە تامىقى قىلىشقا رازىمەن. ياراتساڭلار مانا يەڭلار، — دېدى. تاڭ سىڭ:

— شاگىرتىم مېۋە ئۈزگىلى كەتتى، سىزنىڭ تامىقىڭىزنى يېمەيمىز، — دېدى. جۇۋاجىي خاپا بولۇپ:

— تەييار تاماقنى يېمەي، ھېلىقى مايمۇنەك ئەكەلگەن مېۋىلەرنى تۆت ئۇلۇش قىلىپ يەمدۇق! — دېدى - دە، كومىزەكنى ئاغزىغا ئۆڭتۈرۈپ، ئىچىدىكى نەرسىلەرنى يېيىشكە باشلىدى.

سۇن دەرۋىش مېۋىلەرنى كۆتۈرۈپ كەلدى، ئۇ ھېلىقى قىزنىڭ ئالۋاستى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئالتۇن توقىلىق دىلىپسەن گۈرزىسىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ بېشىغا كېلىشتۈرۈپ سالماقچى بولغان ئىدى، بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتكەن تاڭ سىڭ ئالمان- تالمان ۋۇكۇڭنى توسۇپ:

— كىمنى ئۇرىسەن؟ — دەپ سورىدى ۋۇكۇڭدىن. ۋۇكۇڭ:

— ئۇستازىم، بۇ قىز ئالۋاستى، سىلىنى كولدۇرلاتقىلى كەلگەن، كېچىكىپ كەلگەن بولسام، ئۇ سىلىگە قىلتاق قۇرۇپ زەھەرلىك قولىنى سالغان بولاتتى! — دېدى. تاڭ سىڭ بۇ گەپكە ئىشەنمەي قىزنى ياخشى ئادەم دەپ تۇرۇۋالدى. ۋۇكۇڭنىڭ ئاچچىقى كېلىپ گۈرزىسى بىلەن ئاق ئالۋاستىنىڭ بېشىغا بىرنى سالدى. ئالۋاستى جەسەت پارچىلاش سېھرىنى ئىشلىتىپ، يالغان جەسەتنى قالدۇرۇپ قېچىپ كەتتى. تاڭ سىڭ قورقۇپ تىترەپ كەتتى ۋە:

— سەن مايمۇن نېمىدېگەن ئەدەپسىز، بىر گۇناھسىز جانغا زامىن بولغىنىڭ نېمىسى؟! — دېدى. ۋۇكۇڭ:

— ئۇستاز، كومزەكنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرگە قاراپ باقسىلا، نېمىلەر بار ئىكەن؟ — دېدى.

تاڭ سېڭ قارىغۇدەك بولسا، كومزەكنىڭ ئىچىدە گۈرۈچ تامىقى نېمە قىلسۇن، كومزەكتە قۇرت ـ قوڭغۇز، پاقىلار قىمىلدىشىپ، سەكرىشىپ يۈرۈشەتتى. لېكىن، جۇباجىي قارا نىيەتلىك بىلەن:

— ئۇ سىلىنىڭ چەمبىرەك چىگىتىش ئەپسۇنىنى ئوقۇشلىرىدىن قورقۇپ، سېھىر بىلەن تاماقنى بۇ نەرسىلەرگە ئايلاندۇرۇپ قارىغۇسىز قىلىۋەتتى، — دېدى. تاڭ سېڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھال چەمبىرەك چىگىتىش ئەپسۇنىنى ئوقۇشقا باشلىدى. ۋۇكوڭ جان ئاچچىقىدا ۋارقىراپ كەتتى:

— بېشىم ئاغرىپ كەتتى! بېشىم ئاغرىپ كەتتى! ئەپسۇننى ئوقۇمىسىلا! ئوقۇمىسىلا! گەپ بولسا چىرايلىق دېيىشەيلى، — دېدى. تاڭ سېڭ:

— چىرايلىق دېيىشكۇدەك يەنە نېمە گەپ بار؟ راھىبلار ھەر ۋاقىت رەھىمدىللىقنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى زۆرۈر، سەن نېمىشقا قەدەمدە بىر ياۋۇزلۇق قىلىسەن؟ يوقال! مەن سېنى شاگىرت قىلمايمەن، — دېدى. ۋۇكوڭ ئۇستازىدىن ئايرىلمايدىغانلىقىنى دەپ يالۋۇرۇپ كەتتى. تاڭ سېڭ:

— مۇشۇ بىر قېتىم گۇناھىڭدىن ئۆتەي، يەنە مۇشۇنداق قىلساڭ، چەمبىرەك چىگىتىش ئەپسۇنىنى يىگىرمە قېتىم ئوقۇيمەن، — دېدى.

ھېلىقى ئالۋاستى بولۇتنىڭ چېتىدە سۇن ۋۇكوڭغا قاتتىق ئۆچمەنلىكى قوزغىلىپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ يەنە بىرلا سىلكىنىپ موماي‌غا ئايلىنىپ، ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ يىغلىغان پېتى تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى. جۇباجىي مومايىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى ـ دە:

— چاتاق بولدى! ئاپىسى قىزىنى ئىزدەپ كەلدى! — دېدى. ۋۇكوڭ:

— جۆيلۈمە! ھېلىقى قىز 18 ياش، بۇ موماي سەكسەن

ياشتا باردەك قىلىدۇ، ئۇنداقتا ئۇ ئاتمىش يېشىدا بالا كۆرگەن بولۇپ قالامدۇ؟ يالغان! — دېدى ۋە ئالدىغا بېرىپ قاراپ موماينىڭ ئالۋاستى ئىكەنلىكىنى پەرق قىلىۋالدى ـ دە، گۇرزى-سى بىلەن تازا سالدى. ئالۋاستى يەنە سېھىر ئىشلىتىپ يالغان جەسەتنى قالدۇرۇپ، ئۆزى قېچىپ كەتتى. تاڭ سېڭ بۇ ئەھۋال-نى كۆرۈپ تەشۋىشلەنگەن پېتى ئاتتىن چۈشۈپ چەمبىرەك چى-ڭىتىش ئەپسۇنىنى يىگىرمە قېتىم ئوقۇدى. ۋۇكۇڭ ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي يەردە دومىلاپ كەتتى ۋە:

— ئۇستاز، ئەپسۇنىنى ئوقۇمىسىلا! گەپ بولسا چىرايلىق قىلىشايلى! — دەپ يالۋۇردى.

— مەن ساڭا كۆپ قېتىم تەربىيە قىلدىم، سەن ياۋۇزلۇق قىلىپ كەينى ـ كەينىدىن پۇقرالارنىڭ جېنىغا زامىن بولدۇڭ. نەدىمۇ بۇنداق ئىش بولسۇن؟ — دېدى ئۇستاز.

— ئۇ دېگەن ئالۋاستى، — دېدى ۋۇكۇڭ. تاڭ سېڭ:

— يوق گەپ! سەن كەتكىن! — دېدى. ۋۇكۇڭ:

— ئۇستاز، ناۋادا مېنى كېرەك قىلمىسىلا، چەمبىرەك بوشىتىش ئەپسۇنىنى ئوقۇپ، مېنى چەمبىرەكتىن ئازاد قىلى-ۋەتسىلە، مەن بۇ يەردىن خۇشال كېتىپ قالاي. مەن سىلى بىلەن سەپەردە بىر مەنزىل بىرگە بولۇپتىمەن، — دېدى.

— بۇدساتۋا ماڭا چەمبىرەك چىڭىتىش ئەپسۇنىنى ئوقۇش، بوشىتىش ئەپسۇنىنى ئوقۇماسلىقنى ئېيتقان، — دېدى تاڭ سېڭ تەڭلىكتە قالغان هالدا.

— ئەمىسە، مېنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭسىلا، — دېدى ۋۇكۇڭ. تاڭ سېڭ نائىلاج:

— يەنە بىر قېتىم گۇناھىڭدىن ئۆتەي، ئەمدى ياۋۇزلۇق قىلما، — دېدى.

ئىككى قېتىم مەقسىتىگە يېتەلمىگەن پاسىق سۆڭەك ئاق ئالۋاستى ئاخىرقى قېتىم مەقسىتىگە يېتىشنى كۆزلەپ، بوۋايغا

ئايلىنىپ تاڭ سىڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ ئالدىغا ماڭدى.
جۇباجىپ:
— يامان بولدى! بىر بوۋاي كېلىۋاتىدۇ، قانداق قىلغۇلۇق ئەمدى؟! — دېدى.
— ۋۇھ هاماقەت، يەنە ئۇستازنى قورقۇتقىلى تۇردۇڭغۇ، مەن بېرىپ قاراپ باقاي، — دېدى ۋۇكوڭ. بوۋاي ۋۇكوڭنى كۆرۈپ بىچارە قىياپەتكە كىرىپ:
— شەيخ، مېنىڭ ئوغلۇم يوق، بىرلا قىزىم بار ئىدى، ئۇ كۈيئوغلۇمغا تاماق ئاپىرىپ بەرگىلى ئېتىزلىققا كەتكەن. شۇ كەتكەن پېتى كەلمىگەچكە، كەمپىرىم ئىزدەپ چىقىپ كېتىپ هازىرغىچە دېرىكى بولمىدى، ئۆزۈم ئالايتەن ئىزدەپ چىقتىم، — دېدى.
— سەن باشقىلارنى ئالدىيالىغىنىڭ بىلەن مېنى ئالدىيالمايسەن، سېنىڭ ئالۋاستى ئىكەنلىكىڭنى مەن بىلىمەن، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ ۋۇكوڭ. ئالۋاستى گەپ قىلالماي قالدى. ۋۇكوڭ كۆڭلىدە: مەن ئۇنى ئۆلتۈرمىسەم، ئۇ ئۇستازنى ئېپكېتىپ قالىدۇ، مەن يەنە ئۇستازنى قۇتقۇزغىلى بارىمەن. ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەم، ئۇستاز چەمبىرەك چىڭىتىش ئەپسۇنىنى ئوقۇپ مېنى پاراكەندە قىلىدۇ، دېگەنلەرنى ئويلىدى. كونىلاردا: «ئوتنىڭ سىرتىدا كۆيگۈچە، ئىچىدە كۆي» دېگەن گەپ بار، ئۇستازنى ئىشەندۈرسەملا بولمىدىمۇ. ۋۇكوڭ يەنە مۇشۇلارنىمۇ ئويلىدى. ئۇ گۇرزىسىنى كۆتۈرۈپ ئالۋاستىنى ئۇردى. بۇ قېتىم ئالۋاستىنىڭ سېھىرلىرى تۈگەپ بىر دۆۋە ئاق سۆڭەك قالدى.

تاڭ سىڭ ئات ئۇستىدە قورققىنىدىن تىترەپ كەتتى، ئاغزى گەپكىمۇ كەلمىدى. سۇن دەرۋىش ئۇستازىغا بىر دۆۋە ئاق سۆڭەككە يېزىلغان «ئاق سۆڭەكلىك خانىم» دېگەن خەتلەرنى كۆرسەتتى. تاڭ سىڭ سەل - پەل ئىشىنىپ قالدى، لېكىن

جۇباجيې ئۇستازغا مايمۇننىڭ سېھىر ئىشلىتىپ ئۇنىڭ كۆزىنى بوياۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ سوغۇق نەپەس گەپلەرنى قىلدى. تاڭ سىڭ چەمبىرەك چىڭىتىش ئەپسۇنىنى ئوقۇشقا باشلىدى. سۇن دەرۋىش بېشىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىماي يەردە دومىلاپ كەتتى ۋە:

— ئۇستاز، ئەپسۇننى ئوقۇمىسىلا! گەپ بولسا دەۋەرسىلە! — دېدى.

تاڭ سىڭ سۇن دەرۋىشنىڭ يېلىنىپ - يالۋۇرۇشلىرىغا قارىماي شا شەيخكە بىر پارچە قەغەز ئەكەلدۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇستاز - شاگىرتلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەنلىك توغرىسىدا بىر پارچە ئەيىبنامە يازدى.

ۋۇكۇڭ شا شەيخكە:

— ناۋادا ئالۋاستىلارغا يولۇقۇپ قالساڭلار، مېنىڭ ئۇستازىمنىڭ چوڭ شاگىرتى ئىكەنلىكىمنى دېسەڭلار، مەغرىبتىكى ئالۋاستىلار ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىشقا پېتىنالمايدۇ. جۇباجيېنىڭ ياغلىما گەپلىرىدىن ھەزەر ئەيلەڭلار، — دېدى - دە، بىرلا موللاق ئېتىپ بۇلۇت ئۈستىگە چىقىپ، خۇاگوشەن تېغىغا يۈرۈپ كەتتى.

## 15 - باب تاڭ سىڭنىڭ پالاكەتكە يولۇققان مەلىكىنىڭ مەكتۇپىنى دادىسىغا يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكى

سۇن ۋۇكۇڭ خۇاگوشەن تېغىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تاڭ سىڭ جۇباجيې بىلەن شا شەيخنىڭ مۇھاپىزىتىدە داۋاملىق مەغرىبكە قاراپ ماڭدى. بىر كۈنى، ئۇلار قاپقاراڭغۇ بىر قارىغايزارلىققا كەلدى، تاڭ سىڭ قورسىقى ئېچىپ كېتىپ جۇباجيېنى سەدىقە تاماق تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. جۇباجيې

ئۇياق ـ بۇياققا بېرىپ بېقىپ ھېچنېمە تاپالماي ھېرىپ كەتكەچ-
كە، چىملىقتا ئولتۇرۇپ ئىختىيارسىز ئۇخلاپ كەتتى.

تاڭ سېڭ ساقلا ـ ساقلا، جۇباجىيېنىڭ كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئىزدەپ كېلىشكە شا شەيخنى ئەۋەتتى، ئۆزى قارىغايزارلىقتا ئولتۇردى. بىرھازادىن كېيىن ئۇ چارچاپ كەت-كەنلىكتىن ئۇيقۇسى كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ يۈرۈپ يولدىن ئادىشىپ، بىر ئالتۇن مۇنارنىڭ تۈۋىگە كېلىپ قالدى. تاڭ سېڭ مۇنارنىڭ ئىشىكىگە تارتىلغان بامبۇك پەردىنى كۆرۈپ، پەردىنى قايرىپ ئىچكىرىگە كىردى. قارىغۇدەك بولسا، بىر تاش كات ئۈستىدە سېرىق تونلۇق بىر ئالۋاستى ياتاتتى. ئالۋاستى ئولجىنىڭ ئۆز ئايىغى بىلەن كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئاجايىپ خۇش بولدى، ئۇ بالا ئالۋاستىلارنى تاڭ سېڭنى باغلاشقا چاقىردى.

تاڭ سېڭ ئالۋاستىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان شۇ پەيت-تە، جۇباجىيې بىلەن شا شەيخ ئالۋاستى تۇرۇشلۇق جاي — ۋەنزى تېغى قىيپاش ئاي غارىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئەسلىدە شا شەيخ ئۇخلاپ قېتىپ كەتكەن جۇباجىيېنى تاپقاندىن كېيىن، كەينىگە يېنىپ ئۇستازىنى تاپالمىغان ئىدى. ئۇلار ئاتنى يېتىلەپ، يۈك-تاقنى كۆتۈرۈپ يول بويى ئۇستازىنى ئىزدەپ ماڭدى. دەل مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئىككىسى بۇ غارنىڭ ئىچىدە ئالۋاستى بار، دەپ جەزم قىلدى. جۇباجىيې گەپ سۆز قىلماستىن تىرنىسى بىلەن غارنىڭ ئىشىكىنى ئۇرۇشقا باشلىدى. سېرىق تونلۇق ئالۋاستى بالا ئالۋاستىنىڭ ئاغزى يوغان، سالپاڭ قۇلاق راھىب بىلەن يۈزى كۆپكۆك بىر راھىبنىڭ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى مەلۇمات-نى ئاڭلاپ قاتتىق خورسەن بولۇپ:

— جۇباجىيې بىلەن شا شەيخ كەپتۇ، — دېدى ـ دە، قولىغا قىلىچ ئېلىپ، ئۇلار بىلەن ئېلىشقىلى سىرتقا چىقتى. ئۇلار ئون نەچچە قەپەس ئېلىشىپ بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىدى.

بۇ چاغدا، ئالۋاستى باغلاپ قويغان تاڭ سىڭ غار ئىچىدە تۇرۇپ يىغلاپ كەتتى. توساتتىن ئالدى تەرەپتىن بىر ئايال چىقىپ، تاڭ سېڭدىن:

— ھەزرەت، سىلى نەدىن كەلدىلە؟ — دەپ سورىدى. تاڭ سىڭ بۇ ئايالنىڭ ئالۋاستىغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئەھۋالنى ئېيتىپ بەردى. ئۇ ئايال تاڭ سېڭغا ئۆزىنىڭ ئالۋاستى ئەمەسلىكىنى، بۇ يەردىن ئۈچ چاقىرىم يىراقلىقتىكى جايلاشقان باۋشياڭ دۆلىتىنىڭ مەلىكىسى ئىكەنلىكىنى، سۈت ئىسمىنىڭ بەي خۇاشيۇ ئىكەنلىكىنى، ئالۋاستىنىڭ بۇلاپ ئەكېلىپ خوتۇن قىلىپ يۈرۈۋاتقانلىقىغا ئون ئۈچ يىلدىن ئاشقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. مەلىكە تاڭ سېڭغا:

— مەن سىلىنى بۇ يەردىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقالايمەن، بىر پارچە مەكتۇپىمنى ئاتا ـ ئانامغا يەتكۈزۈپ بەرسىلە، — دېدى. تاڭ سىڭ بۇنىڭغا ماقۇل بولدى.

شۇنىڭ بىلەن تاڭ سىڭ مەلىكىنىڭ ياردىمىدە باغلاقتىن بوشاندى. مەلىكە مەكتۇپنى قولىغا تۇتقۇزۇپ ئۇنى ئارقا ئىشىكتىن يولغا سېلىپ قويدى. تاڭ سىڭ غاردىن چىقىپ يالغۇز مېڭىشقا پېتىنالماي، بىر تۈپ تىكەننىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇندى.

ھېلىقى مەلىكە غارنىڭ ئالدىغا كېلىپ جۇباجيې ۋە شا شەيخ بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقان سېرىق تونلۇق ئالۋاستىنى چاقىرىۋېلىپ، ئۇنىڭغا:

— غوجام، مەن بايام بىر چۈش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈمدە سېرىق ساۋۇتلۇق ئەۋلىيا سەدىقە قىلىنغان راھىب كالاننى قويۇۋېتىشنى تەۋسىيە قىلدى. كۆزۈمنى ئېچىپ تۈۋرۈككە باغلانغان راھىب كالاننى كۆردۈم. ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن، مانا مېنىلا سەدىقە قىلىنغان راھىب كالان ئورنىدا بىر تەرەپ قىلسىلا! — دېدى. سېرىق تونلۇق ئالۋاستى:

— بىرەر راھىب كالان دېگەن نېمىدى، بولدى، قويۇۋېتەي-

لى، — دېدى. ئالۋاستى مەلىكىنىڭ تاڭ سېڭنى ئارقا ئىشىك-تىن يولغا سېلىپ قويغانلىقىنى ئاڭلاپ غـاردىن چىقىپ، جۇباجيې بىلەن شا شەيخكە:
— مەن مەلىكىنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلىپ سىلەرنىڭ گۇناھىڭلاردىن ئۆتتۇم، كەينىگە ئۆتۈپ ئۇستازىڭلارنى تېپىۋې-لىڭلار! يەنە تەۋەيىمگە دەخلى - تەرۇز قىلساڭلار، ھەرگىز كەچۈرمەيمەن! — دېدى.
جۇباجيې ۋە شا شەيخ ئۇستازنى تېپىپ، ئالدىراش سەپىرى-نى باشلاپ كېچە - كۈندۈز يول ماڭدى. ئۇلار بىر كۈنى باۋشياڭ دۆلىتىگە كەلگەنلىكىنى تۇيمايلا قالدى. ئۇلار بىر مېھمانسارايغا چۈشتى. ئەتىسى تاڭ سېڭ ئۆزى يالغۇز باۋشياڭ دۆلىتىنىڭ پادىشاھ ھۇزۇرىغا قەدەم تەشرىپ قىلدى ۋە پادىشاھقا يولخېتىنى كۆرسىتىپ، ئاندىن مەلىكىنىڭ مەكتۇپىنى سۇندى.
پادىشاھ مەكتۇپنى ئوقۇپ بولۇپ ھۆكرەپ يىغلاپ تاشلىدى ۋە مەلىكىنى ئالۋاستىنىڭ قولىدىن كىمنىڭ قۇتقۇزالايدىغان-لىقىنى سورىدى. پۈتۈن ئوردىدىكى مۇلكىي ۋە ھەربىي ئە-مەلدارلارنىڭ ھېچقايسىسى مەيدىسىگە ئۇرۇپ ئوتتۇرىغا چىقالمى-دى. بىر ئوردا ئەمەلدارى مەشرىقتىن نوم ئالغىلى ماڭغان تاڭ سېڭنىڭ ئالۋاستىنى ئەل قىلالايدىغان كارامىتى بارلىقىنى تىلغا ئالدى. پادىشاھ ئالۋاستىنى ئەل قىلىشقا تاڭ سېڭنىڭ بېرىشىنى ئۆتۈندى. تاڭ سېڭ نائىلاج جۇباجيې ۋە شا شەيخنىڭ ئىسمىنى چىقاردى. پادىشاھ جۇباجيې بىلەن شا شەيخنى چاقىرىپ كېلىش-كە مېھمانسارايغا ئادەم ئەۋەتتى. ئۇ ئىككىسىنى ئالۋاستىنى تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتمەكچى بولدى. جۇباجيې بۇ ئىشنىڭ ھۆد-دىسىدىن چىقىش - چىقالماسلىقى بىلەن كارى بولماي ماقۇل بولدى، شا شەيخ جۇباجيې بىلەن بىللە بېرىشقا مەجبۇر بولدى.
جۇباجيې ۋە شا شەيخ ئىككىسى قىيپاش ئاي غارىنىڭ ئالدىغا كەلدى. جۇباجيې تىرنىسى بىلەن غارنىڭ ئىشىكىنى ئۇرۇپ

تېشىۋەتتى. سېرىق تونلۇق ئالۋاستى قىلىچىنى پۇلاڭلىتىپ چىقىپ:

— ئۇستازىڭلارنى كەچۇرۇۋەتكەن تۇرسام، ئىشىكىمنىڭ ئالدىغا يەنە نېمىدەپ كەلدىڭلار؟ — دەپ ۋارقىرىدى. جۇباجيې:

— سەن باۋشياڭ پادىشاھىنىڭ مەلىكىسىنى ئىگىلىۋاپ-سەن. مەن پەرمانغا بىنائەن سېنى تۇتقىلى كەلدىم، ئۆزۈڭنى باغلىتىپ بۇ ياققا چىق، بولمىسا مەن قول سالىمەن! — دېدى. غەزەپلەنگەن سېرىق تونلۇق ئالۋاستى قىلىچىنى ئوينىتىپ مەي-دانغا چۈشتى. ئىككىسى يەتتە - سەككىز قەپەس ئېلىشتى، جۇباجيې ئاستا - ئاستا بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى. ئۇ شا شەيخكە:

— سەن چىقە، مەن بىردەم ئارام ئېلىۋالاي، — دېدى - دە، ئوت - چۆپلەرنىڭ ئارىسىغا باشچىلاپ كىرىپ كېتىپ قايتا چىقماي قويدى. شا شەيخ سېرىق تونلۇق ئالۋاستىغا تەڭ كېلەل-مەي، قولغا چۈشۈپ غارغا كىرىپ قالدى.

سېرىق تونلۇق ئالۋاستى شا شەيخنىڭ كۆز ئالدىدا قىلىچى-نى ئوينىتىپ، مەلىكىدىن ئۇنىڭ پادىشاھقا مەكتۇپ ئەۋەتكەن-ئەۋەتمىگەنلىكىنى كوچىلاپ سورىدى. شا شەيخ ئۇستازنى مۇشۇ مەلىكىنىڭ قويۇۋەتكەنلىكىنى پەرەز قىلىپ، باۋشياڭ دۆلىتىدە ئۇچىنچى مەلىكىنى ئىزدەپ كوچا - كويلارغا ئۇنىڭ رەسمىنى چاپلىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىشنى پادىشاھقا مەلۇم قىلغانلىقىنى ئېيتتى.

سېرىق تونلۇق ئالۋاستى شا شەيخنىڭ گەپلىرىنىڭ ئورۇن-لۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئالمان - تالمان مەلىكىدىن كەچۈرۈم سورىدى، ئاندىن بىر سىلكىنىپ قاملاشقان بىر يىگىت-كە ئايلاندى - دە، بۇلۇت ئۇستىگە چىقىپ باۋشياڭ دۆلىتىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ پادىشاھنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنى «كۇيئو-غۇل» دەپ تونۇشتۇردى ۋە ئۆزىنىڭ ئون ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا

ئوۋ ئوۋلاۋېتىپ، دۆمبىسىگە بىر قىزنى ئارتىپ قېچىپ كېتىۋاتقان بىر ۋەھشىي يولۋاسنى ئۇچرىتىپ قېلىپ قىزنى قۇتۇلدۇرۇۋالغانلىقىنى، كېيىن شۇ قىز بىلەن ئەر - خوتۇن بولغانلىقىنى، بۈگۈن ئۆزىنىڭ كۆيئوغۇل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش يۈزىسىدىن ئالايىتەن كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئالۋاستى يەنە ئاشۇ يولۋاسنىڭ مۇشۇ نەچچە يىلدىن بېرى يالماۋۇزغا ئايلىنىپ تاڭ دۆلىتىدىن نوم ئالغىلى ماڭغان كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، شۇ كىشىنىڭ سىياقىغا كىرىۋېلىپ ھەممە يەردە كىشىلەرگە زىيان - زەخمەت سېلىۋاتقانلىقىنى تىلغا ئالدى. ئۇ شۇنداق دەپ بىرلا ئەپسۇن ئوقۇپ، تاڭ سېڭغا تۈكۈرۈكىنى پۈركۈۋىدى، تاڭ سېڭ يوغان بىر يولۋاسقا ئايلىنىپ قالدى. پادىشاھ قورقۇپ كېتىپ ئۆلۈپ قالغىلى تاس قالدى. بىرنەچچە يۈرەكلىك باتۇرلار يولۋاسنى تۇتۇپ تۆمۈر قەپەسكە سولىدى. پادىشاھ خۇشال بولۇپ، كۈيئوغلىغا كاتتا زىياپەت بەردى.

تاڭ سېڭنىڭ يولۋاسقا ئايلىنىپ قالغانلىق ئىشى ناھايىتى تېزلا تارقىلىپ كەتتى. ئاق ئات سەردار ۋە سەرۋازلارنىڭ گەپ-سۆزلىرىدىن ئالۋاستىنىڭ ئۇستازىغا زىيانكەشلىك قىلغانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇ ئاق ئەجدىھا سىياقىغا كىرىپ ئوردىغا كىردى. ئالۋاستى ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى قىلغان ئوردا كېنىزىكىنى يەپ ئولتۇراتتى. ئاق ئەجدىھا ئوردا كېنىزىكىگە ئايلىنىپ ئالۋاستىغا شاراب كەلتۈردى، ئۆزىنىڭ ناخشا ئېيتىپ، قىلىچ ئوينىتالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئالۋاستى بېلىدىكى قىلىچنى يېشىپ ئاق ئەجدىھاغا بەردى. ئاق ئەجدىھا قىلىچنى ئويناتقان پېتى ئالۋاستىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا قىلىچ ئۇردى. بۇنىڭدىن ھودۇقۇپ كەتكەن ئالۋاستى تۆمۈر شامداننى ئېلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. ئىككىسى بىر قەپەس ئېلىشىپ كەتتى، ئالۋاستى قولىدىكى تۆمۈر شامدان بىلەن ئاق ئەجدىھانىڭ پۇتىنى يارىلاندۇرۇۋېتىپ قويدى. ئاق ئەجدىھا دەرھال يۇشۇي دەرياسىغا شۇڭغۇپ كىرىپ

جېنىنى ساقلاپ قالدى. ئەتراپتا ھېچقانداق شەپە ئاڭلانمىغان قەدەر دەريادا تۇرۇپ، ئاندىن مېھمانسارايغا قايتىپ ئاق ئات ھالىتىگە كېلىۋالدى.

جۇباجيې يېرىم كېچە بولغاندا مېھمانسارايغا يېنىپ كې-لىپ، ئۇستازى بىلەن شا شەيخنى تاپالمىدى. ئاق ئات ئۇستىۋې-شى سۇ ھالەتتە ئېغىلدا ياتاتتى، ئۇنىڭ پۇتى يارىلانغان ئىدى. جۇباجيې دەرگۇمان بولۇپ تۇرغاندا، ئاق ئات بىردىنلا زۇۋانغا كېلىپ بۈگۈن بولغان ئىشلارنى جۇباجيېغا دېدى ۋە سۇن ۋۇ-كۇڭنى چاقىرىپ كېلىشنى ئىلتىماس قىلدى. جۇباجيې سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئۆزىنى سەتلەپ كېتىدىغانلىقىدىن قورقۇپ بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئاق ئاتنىڭ يېلىنىشى ۋە نەسىھەت قىلىشى بىلەن ئۇ ئاخىر رازى بولدى.

## 16 ـ باب سۇن ۋۇكۇڭنىڭ قاتتىق ئېلىشىپ ئالۋاستىنى بويسۇندۇرغانلىقى

جۇباجيې بۇلۇتتا دەسسەپ خۇاگوشەن تېغىغا بېرىپ ۋۇكۇڭ بىلەن كۆرۈشتى، باشتا ئۇستازىنىڭ ئۇنى بەك كۆرگۈسى كېلىپ كەتكەنلىكىنى دەپ يالغان ئېيتتى. سۇن دەرۋىش بۇنىڭغا ئىشەن-مەي، جۇباجيېنى كەتكۈزۈۋەتتى. جۇباجيې قايتىپ كېتىۋېتىپ يول بويى ۋۇكۇڭنى تىللاپ ماڭدى، ئۇنىڭ كەينىگە چۈشكەن مايمۇنچاقلار جۇباجيېنى تۇتۇپ ياندۇرۇپ كەلدى.

ۋۇكۇڭ ئۇستازىنىڭ پېشكەللىككە يولۇققانلىقىنى بۇرۇنلا پەرەز قىلغان ئىدى، شۇڭا ئۇ جۇباجيېنى ئالتۇن توقلىق دىلىپ-سەن گۇرزىسى بىلەن ئۇرىمەن، دەپ قورقۇتتى. جۇباجيې ئۇس-تازىنىڭ پېشكەللىككە ئۇچرىغانلىقىنى دەپ، ئۇستازىنى قۇتقۇزۇ-ۋېلىش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ ئۇنىڭغا يېلىندى ھەم ئالۋاستى سېنى يامان تىللاپ كەتتى، دەپ يالغان سۆزلىدى. دەرغەزەپكە

كەلگەن سوٗن دەرۋىش چىچاڭشىپ كەتتى ۋە ئوٗستازنى قوٗتقوٗ-زوٗش، ئالۋاستىنى ئەل قىلىشقا بىرىشقا ماقوٗل بولدى.

سوٗن دەرۋىش بىلەن جوٗباجىي قول توٗتوٗشوٗپ بوٗلوٗتلارغا دەسسەپ قىيپاش ئاي غارىغا كىلىپ، ئالدى بىلەن شا شەيخنى قوٗتوٗلدوٗروٗپ چىقتى، ئاندىن مەلىكىنى يوشوٗروٗپ قويدى. ئوٗ سىرىق تونلوٗق ئالۋاستىنى قايتوٗروٗپ كىلىشكە شا شەيخ بىلەن جوٗباجىينى ئەۋەتتى. سىرىق تونلوٗق ئالۋاستى كەلگوٗچە ئوٗزى مەلىكىنىڭ سىياقىغا كىرىپ ئولتوٗروٗپ توٗرىدىغان بولدى. جوٗ-باجىي بىلەن شا شەيخ سىرىق تونلوٗق ئالۋاستىنىڭ ئىككى ئادەم-سىمان ئالۋاستى ئوغلىنى توٗتوٗپ، بوٗلوٗتلارغا دەسسەپ باۋشىياڭ دوٗلىتىگە كەلدى. ئوٗ ئىككىسى:

— سىرىق تونلوٗق ئالۋاستى، ئىككى ئوغلوٗڭ مانا! — دەپ ۋارقىراپ، ئىككى بالىنى بوٗلوٗتتىن ئاق قاشتېشى پەلەمپەيگە تاشلىدى. ئىككى بالا مىجىلىپ گوٗشناندەك بولوٗپ قالدى. سى-رىق تونلوٗق ئالۋاستى ئوغوٗللىرىنىڭ راست - يالغانلىقىنى بى-لەلمەي، بوٗلوٗتقا چىقىپ ئوٗدوٗل غارغا قايتتى.

سىرىق تونلوٗق ئالۋاستى غارغا كىرىپ مەلىكىنىڭ مەيدى-سىگە موٗشتلاپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كوٗردى. مەلىكە ئوٗنىڭغا مەيدى-سىنىڭ ئاغرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. سىرىق تونلوٗق ئال-ۋاستى دەرھال بىرىپ مەلىكىنى يوٗلىدى. ئوٗ يېنىدىن توٗخوٗم چوڭلوٗقىدىكى ئىككى دانە دورىنى چىقىرىپ، موٗشوٗنى نە ئاغرىسا شوٗ يەرگە سوٗركىسە ئاغرىق توختايدىغانلىقىنى دەپ، مەلىكىگە بەردى. مەلىكە بىر تال دورىنى يوٗتوٗۋېلىپ يوٗزىنى سىلىۋىدى، ئەسلىي قىياپىتىگە قايتتى. ئوٗ:

— ئالۋاستى، ماڭا قارىغىنا، مەن كىم؟ — دېدى.

ئالۋاستى ھەيران بولدى، ۋوٗكوٗڭنىڭ سىياقى ئوٗنىڭغا ئاز-تولا تونوٗش ئىدى، لېكىن ئوٗنىڭ كىملىكىنى ئېسىگە ئالالمى-دى. ئوٗ بالا ئالۋاستىلارنى ۋوٗكوٗڭنى قاتموٗقات قورشىۋېلىشقا

بۇيرۇدى. ۋۇكوڭ ئۇچ باشلىق، ئالتە بىلەكلىك پالۋانغا ئۆزگىرىپ، ئۇچ تال ئالتۇن توقلىق دىلىپسەن گۇرزىسىنى ئويناتقان پېتى ئالدىغا كەلگەن ئالۋاستىنى ئۇجۇقتۇرۇپ مېڭىپ، بىرەر يۇزدىن ئارتۇق بالا ئالۋاستىلارنى جەھەننەمگە ئۇزاتتى. سېرىق تونلۇق ئالۋاستى جىددىيلىشىپ كېتىپ غارنىڭ سىرتىغا چىقتى، ئۇ قىلىچ بىلەن ۋۇكوڭنىڭ بېشىغا ئىككى قېتىم چاپتى. ئەللىك - ئاتمىش قەپەس ئېلىشىپ ھېچكىم ھېچكىمنى يېڭەلمەدى. كەسكىن ئېلىشىشتا، ۋۇكوڭ بىر سىرنى بىلىۋالدى، سېرىق تونلۇق ئالۋاستى نېمە ئۇچۇندۇر قىلىچىنى يۇقىرى - تۆۋەن ئۇچ قېتىم شىلتىپ ۋۇكوڭنىڭ بېشىغا بىرلا ئۇرۇپ غايىب بولۇپ كېتەتتى. ۋۇكوڭ ئىچىدە، ئۇ مېنى تونۇيمەن دەيدۇ، قارىغاندا ئۇ ئەرشتىكى ئالۋاستى ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى. ۋۇكوڭ بىرلا موللاق ئېتىپ جەنۇبىي ئەرش دەرۋازىسىغا چىقىپ، ئۇدۇل نۇرانە سارايغا كىرىپ يۇرۇن سۇلتاندىن يوقاپ كەتكەن ئەۋلىيالارنىڭ دېرىكىنى قىلىپ بېقىشنى ئىلتىماس قىلىدى. تۆت ساماۋى ئۇستاز پەرمانغا بىنائەن ئەرشتىكى ئەۋلىيالارنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ تەكشۇرۇپ ئەپرا يۇلتۇز تۇركۇمىدىكى بىر ئەۋلىيانىڭ يەر يۇزىگە چۇشۇپ كەتكەنلىكىگە ئون ئۇچ كۇن بولغانلىقىنى بايقىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنى ئەل قىلىشقا ئادەم ئەۋەتتى. ئەسلىدە باۋشياڭ دۆلىتىنىڭ مەلىكىسىمۇ بوش كىشى ئەمەس ئىدى. ئۇ ئەرشتىكى ئىسرىق سالىدىغان سارايىنىڭ دېدىكى بولۇپ، ئالۋاستى بىلەن بىر - بىرىگە ئىسسىق ئۆتۇشۇپ قېلىپ، يەر يۇزىگە چۇشۇپ ئون ئۇچ يىل ئەر - خوتۇن بولۇشقان ئىدى.

ۋۇكوڭ باۋشياڭ دۆلىتىگە قايتىپ كېلىپ، جۇباجيېنى سۇ ئەكېلىشكە بۇيرۇدى، ئاندىن ئەپسۇن ئوقۇپ، يولۋاس سىياقىغا كىرىپ قالغان تاڭ سېڭغا سۇ پۇركىدى. تاڭ سېڭ ئەسلىگە قايتىپ، ۋۇكوڭغا رەھمەت - ھەشقاللا ئېيتتى، ئۇستاز بىلەن

شاگىرت بۇرۇنقىدەك ئىناق بولدى. پادىشاھ كاتتا زىياپەت بې-رىپ تۆت شەيخكە رەھمەت ئېيتتى. ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلى-رى مەغرىبكە قاراپ يول ئالدى. پادىشاھ مۇلكىي ۋە لەشكىرىي ئەمەلدارلىرى بىلەن ئۇلارنى خېلى يەرگىچە ئۇزىتىپ قويدى.

## 17 - باب سۇن ۋۇكۇڭنىڭ خاسىيەتلىك قاپاقنى ئالداپ ئېلىۋالغانلىقى

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى، تاڭ سېڭ شاگىرتلىرى بىلەن مەغ-رىب تامان كېتىۋېتىپ يولنى توسۇپ ياتقان بىر تاغقا دۇچ كەلدى. بۇ كۆك بىلەن بوي تالاشقان، چوققىلىرى خەنجەردەك ئۇچلۇق، ھەقىقەتەن خەتەرلىك تاغ ئىدى. تاڭ سېڭ ئات ئۇستى-دە ئولتۇرۇپ ئەتراپنىڭ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىۋاتقاندا، تاغ باغرىدا كېتىۋاتقان بىر ئوتۇنچى ئۇنىڭغا:

— مەغرىبكە نوم ئالغىلى ماڭغان شەيخ، قۇلاق سېلىپ ئاڭلىسىلا، بۇ تاغدا بىر توپ ئالۋاستى بار، ئۇلار سىلەرنى يېمەكچى، — دەپ ۋارقىرىدى. تاڭ سېڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ قورقۇپ جان - پېنى چىقىپ كەتتى.

— ئۇستاز، قورقمىسىلا، مەن بېرىپ ئېنىق سوراپ كې-لەي، — دېدى ۋۇكۇڭ.

ۋۇكۇڭ تاغ باغرىغا بېرىپ، ئوتۇنچىدىن:

— ئاكا، مېنى سىلىنىڭ قاشلىرىغا ئۇستازىم بىر نەرسىنى سوراپ كېلىشكە ئەۋەتتى. بۇ يەردە قانچە ئالۋاستى بار؟ — دەپ سورىدى. ئوتۇنچى:

— بۇ تاغنىڭ ئىسمى پىڭدىڭشەن، تاغدا نىلۇپەر غارى بار، شۇ غاردا ئىككى ئالۋاستى تۇرىدۇ. ئۇلار بۈيۈك تاڭ دۆلىتىدىن كەلگەن شەيخنى يېيىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ رەسىمىنى سىزىپ تەي-يار قىلىپ قويدى، — دېدى.

— ئۇلار قانداق يەيدىكەن، باش تەرەپتىن باشلاپ يەمدىكەن ياكى پۇت تەرەپتىن باشلاپ يەمدىكەن؟ باش تەرەپتىن باشلاپ يېسە ئاغرىقىنى بىلمەيمەن، ناۋادا پۇت تەرەپتىن باشلاپ يېسە، ئاز - تولا ئازاپ تارتقۇدەكمەن، — دېدى ۋۇكۇك.

— ئۇلارنىڭ نەدىمۇ بوش ۋاقتى بولسۇن، سېنى قاسقانغا سېلىپ دۇملەپ يەيدۇ! — دېدى ئوتۇنچى.

— ياخشى گەپكەنغۇ بۇ! قارىغاندا، ئازراقلا تىنجىقنىڭ دەردىنى تارتقۇدەكمەن، — دېدى ۋۇكۇك.

— ئاغزىڭنى تاتلىق قىلما. بۇ ئالۋاستىلارنىڭ بەش تۈرلۈك خاسىيەتلىك نەرسىسى بار، قالتىس كارامەتلىك ئالۋاستى ئۇلار، ئېھتىيات قىل! — ئوتۇنچى شۇنداق دەپ بولۇپتىقا چىقىپ كەتتى، ئۇ ئەسلىدە خەۋەر يەتكۈزگىلى كەلگەن نۆۋەتچى كۆن ئىلاھى ئىدى.

سۈن دەرۋىش تاڭ سېڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئۇستاز، بايا نۆۋەتچى كۆن ئىلاھى ئوتۇنچى قىياپىتىدە كېلىپ خەۋەر يەتكۈزۈپ كېتىپ قالدى، بۇ ئالۋاستىلار يامان ۋەھشىي، ئالدىغا ماڭماق تەس، دەيدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە قايتىپ كەتسەك بولمامدۇ؟ — دېدى. تاڭ سېڭ:

— مەنزىلنىڭ يېرىمىنى بېسىپ بولاي دېدۇق، نېمىدەپ قايتىپ كەتكۈدەكمىز؟ — دېدى.

— مەن يالغۇز بىر كىشى، قولۇمدا بىرلا قورال بار، قانچىسىگە تەڭ كېلەلەرمەن؟ — دېدى ۋۇكۇك.

— جۇباجيې بىلەن شا شەيخ بار ئەمەسمۇ، ئۇلارنىمۇ ئىشقا سال، — دېدى تاڭ سېڭ.

سۈن دەرۋىش مۇشۇ گەپنى كۈتۈپ تۇرغان ئىدى. ئۇ:

— ئۇستاز، مۇشۇ تاغدىن ئۆتۈش زۆرۈر بولسا، جۇباجيې تاغنى چارلىسۇن، بۇ تاغدا قانچىلىك ئالۋاستى بارلىقىنى ئۇقۇپ كەلسۇن، — دېدى. جۇباجيې بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— بۇ قانچىلىك ئىشتى! بولدى، مەن بېرىپ تاغنى چارلاي ئەمىسە، — دېدى - دە تىرنىسنى كۆتۈرۈپ جاسارەت بىلەن تاغقا قاراپ يول ئالدى.

جۇباجىي كېتىشى بىلەن سۇن ۋۇكۇڭ سوغۇق كۈلۈپ، ئۇستازغا:

— پەرىزىمچە، جۇباجىي تاغقا چارلىغىلى بارمايدۇ، ئۇنىڭدا ئالۋاستىلارنى كۆرگۈدەك جۈرئەت يوق، ئۇ بىر يەرلەردە بىردەم يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، يالغاننى توقۇپ بىزنى كولدۇرلىتىدۇ، — دېدى - دە، ھاشارانقا ئايلىنىپ جۇباجىينىڭ قۇلىقىنىڭ كەينىگە قونۇۋالدى. جۇباجىي ئالدىغا قاراپ كېتىۋەردى، كەينىگە ئادەم چۈشكىنىدىن خەۋىرى يوق، يەتتە - سەككىز چاقىرىم يول يۈرۈپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ:

— يۇمشاقباش قېرى راھىب، ئۆلۈمگە مەھكۇم مىراخور، نىمجان شا شەيخ! سىلەر مېنى تاغقا چارلاشقا چىقىرىۋېتىپ، ئۆزۈڭلار ئەركىن يۈرۈپ قالدىڭلار، بۇنداق جاپا تارتقۇچە بىر يەرنى تېپىپ ئۇخلايچۇ. تاغنى چارلىدىم، ئالۋاستى يوق ئىكەن، دەپ ئىشنى تۈگەتمەمدىمەن، — دەپ ئۇلارنى تىللاپ كەتتى. جۇباجىي بىر چۈپلۈككە كىرىپ ئۇخلاپ كەتتى. ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، تۆمۈرتۇمشۇققا ئۆزگىرىپ جۇباجىينىڭ بۇرنىنى چوقۇلىدى. جۇباجىي بۇرنىنى تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ چوقۇلىغانلىقىنى كۆرۈپ، ۋۇكۇڭ ئىكەنلىكىنى بىلمەي، ئۇزۇن تۇمشۇقىنى قوينىغا تىقىپ يەنە ئۇيقۇغا كەتتى. ۋۇكۇڭ جۇباجىينىڭ قۇلىقىنىڭ كەينىنى چوقۇلىۋىدى، ئۇ ئۇنىدەرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ تىرنىسنى كۆتۈرگەن پېتى يۈرۈپ كەتتى، ۋۇكۇڭ يەنە ھاشارانقا ئۆزگىرىپ كەينىدىن ماڭدى. جۇباجىي تۆت - بەش چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن، يول بويىدىكى ئۈچ پارچە تاشقا سالام بېرىپ بىرنېمىلەرنى دەپ كەتتى.

ۋۇكۇڭ ئۇستازنىڭ يېنىغا كېلىپ ئەسلىي قىياپىتىگە كې-

لىپ، ئۇنىڭغا جۇباجىيىنىڭ قانداق ئۇخلىغانلىقىنى، قانداق يال-
غانلارنى توقۇغانلىقىنى دەپ بەردى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي جۇ-
باجىي يېنىپ كەلدى. تاڭ سىڭ ئۇنىڭدىن:

— شاگىرتىم، جاپا چەكتىڭ! ئالۋاستى بارمىكەن؟ —
دەپ سورىدى. جۇباجىي:

— بار ئىكەن! بىر توپ ئالۋاستى بار ئىكەن! ئۇلار مېنى
جۇ پەدەر، جۇ بوۋا، دەپ ھۆرمەتلەپ، گۆشسىز تاماق بىلەن
مېھمان قىلدى. ئۇلار بىزنى توغ - ئەلەملىرىنى لەپىلدىتىپ،
داقا - دۇمباق چېلىپ تاغدىن ئۆتكۈزۈپ قويماقچى بولۇش-
تى، — دېدى. ۋۇكۇڭ:

— لېكىن، سەن چۆپلۈكتە ئۇخلاپ جۆيلۈپ چىقتىڭ! —
دېدى. جۇباجىي بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھودۇقۇپ كەتتى ۋە:

— توۋا، ئۇخلىغانلىقىمنى ئۇ قانداق بىلىپ قالدى؟ —
دېدى. ۋۇكۇڭ:

— سەن ئۈچ پارچە تاشنى بىز ئۈچىمىز ساناپ، ئۇلاردىن
ئۆزۈڭ سوئال سوراپ، ئۆزۈڭ جاۋاب بېرىپ مەشىق قىلدىڭ،
يالغان گەپ توقۇپ قېرى راھىب بىلەن مىراخورنى كولدۇرلىتى-
مەن، دېدىڭ، مۇشۇ ئىش راستمۇ؟ — دېدى.

جۇباجىي دەرھال تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ گۇناھىنى تىلىدى.
ۋۇكۇڭ ئالتۇن توقىلىق دىلىپسەن گۈرزىسى بىلەن جۇباجىيىنى
ئۇرماقچى بولغاندا، ئۇ تاڭ سىڭنىڭ كەينىگە ئۆتۇۋېلىپ، ئۇس-
تازدىن رەھىم - شەپقەت تىلىدى. تاڭ سىڭ:

— ۋۇكۇڭ سېنى يالغان گەپ توقۇدى دېسە، ئىشەنمەيتتى-
مەن. قارىغاندا سەن تاياققا لايىق ئىكەنسەن. لېكىن، ھازىر
ئادەم ئىشلىتىدىغان چاغ، ۋۇكۇڭ، ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆت.
ئۇنى تاغدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇر! — دېدى. ۋۇكۇڭ جۇبا-
جىيىنى قويۇپ بېرىپ، ئۇنى قايتا تاغ چارلاشقا ئەۋەتتى.

جۇباجىي تاغنى چارلىغىلى ئالدىراش ماڭدى. يول بويى

ئۇچرىغان ئۇچار قۇش، دەل ـ دەرەخ، قۇرت ـ قوڭغۇز، يولۋاس قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ۋۇكۇڭ شۇلارنىڭ سىياقىغا كىرىۋېلىپ كەينىدىن كېلىۋاتقاندەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

دېمىسىمۇ، پىڭدىڭشەن تېغىنىڭ نېلۇپەر غارىدا ئالتۇن مۈڭگۈزلۈك پالۋان، كۈمۈش مۈڭگۈزلۈك پالۋان دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى ئالۋاستى بار ئىدى. شۇ كۈنى ئالتۇن مۈڭگۈزلۈك پالۋان كۈمۈش مۈڭگۈزلۈك پالۋانغا تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ رەسىمىنى كۆتۈرگۈزۈپ تاغ چارلاشقا چىقارغان ئىدى. ئۇ ئۇلارنى تۇتۇپ كېلىپ تاڭ سېڭنىڭ گۆشىنى يېمەكچى ئىدى. كۈمۈش مۈڭگۈزلۈك پالۋان ئوتتۇزدەك بالا ئالۋاستىنى باشلاپ چارلاپ كېتىۋېتىپ، جۇباجيېنى ئۇچرىتىپ قالدى. بىر بالا ئالۋاستى جۇباجيېنى تونۇپ قالدى ـ دە:

— پالۋان، ئۇ شەيخ جۇباجيې ئەمەسمۇ! — دەپ توۋلىدى.

كۈمۈش مۈڭگۈزلۈك ئالۋاستى يەتتە يولتۇزلۇق شەمشىرىنى چىقىرىپ جۇباجيېغا ئېتىلدى. جۇباجيې تىرنىسىنى ئويناتقان پېتى ئالدىغا يۈگۈردى. ئىككىسى يىگىرمە قەپەس ئېلىشىپ بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىدى. كۈمۈش مۈڭگۈزلۈك پالۋان قالغان بالا ئالۋاستىلارنى چاقىردى. جۇباجيې ھودۇقۇپ كەينىگە قاراپ قېچىپ كېتىۋېتىپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى. ئالۋاستىلار ئولاش ـ چولاش يوپۇرۇلۇپ كېلىپ جۇباجيېنى پۇت ـ قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي نېلۇپەر غارىغا ئەكىرىپ كەتتى.

تاڭ سېڭ جۇباجيېنىڭ كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ سەل ئەندىشىدە قالدى. ۋۇكۇڭ ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈپ، ئالتۇن توقۇلىق دىلىپسەن گۈرزىسىنى كۆتۈرۈپ يول بويى ئالدىدا ماڭدى. ئالتۇن مۈڭگۈزلۈك پالۋان يىراقتىن سۇن دەرۋىشنىڭ ئالتۇن توقۇلىق دىلىپسەن گۈرزىسىنى كۆتۈرۈپ ئالدىدا يول باشلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قورقىنىدىن جان ـ پېنى چىقىپ

كەتتى. ئۇ:

— سۇن دەرۋىشنىڭ كارامىتىنى ئاللىبۇرۇنلا ئاڭلىغان، ھەقىقەتەن شۇنداق ئىكەن. غاردىكى تۆت - بەش يۈز ئالۋاستى لەشكەرلىرى ئۇنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، تاڭ سېڭنىڭ گۆشىنى يېيەلمەيدىغان ئوخشايمىز، — دېدى. كۇمۇش مۇڭگۈزلۈك پالۋان:

— تاڭ سېڭنىڭ گۆشىنى يېيىش خىيالىمىز بولسا، رەقىبنى كۈچ بىلەن ئەمەس، پەم - پاراسەت بىلەن يېڭىش كېرەك، — دېدى - دە، يول ياقىسىغا چىقىپ بىر سىلكىنىپلا بىر قېرى دەرۋىشكە ئايلاندى، يىقىلىپ كېتىپ پۇتى سۇنغان قىياپەتتە پۇتىدىن قان ئېقىتىپ بار ئاۋازى بىلەن، مېنى قۇتۇلدۇرۇڭلار، دەپ ۋارقىرىدى.

كۆڭلى يۇمشاق تاڭ سېڭ يول ياقىسىدا بىرىنىڭ ياردەم تىلەپ توۋلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ قېرى دەرۋىشنىڭ ئالدىغا باردى ۋە ئۇنىڭدىن:

— خەلپىتىم، نەدىن كەلدىلە؟ پۇتلىرىنى قانداق يارىلاندۇرۇۋالدىلا؟ — دەپ سورىدى. كۇمۇش مۇڭگۈزلۈك پالۋان:

— مەن بىر دەرۋىش، شاگىرتىمنى يولۋاس چىشلەپ ئېلىپ كەتتى. مەن قېچىپ كېتىۋېتىپ شېغىللىققا يىقىلىپ كەتتىم. ئۇستاز، ماڭا رەھىم - شەپقەت قىلىپ مېنى قۇتقۇزۇۋالغان بولسىلا! — دېدى. تاڭ سېڭ ئېتىنى ئۇنىڭغا بەردى. ئالۋاستى پۇتۇم يارىلاندى، ئاتقا مىنەلمەيمەن، دېدى. تاڭ سېڭ شا شەيخكە ئۇنى كۆتۈرۈپ مېڭىشنى بۇيرۇدى، ئالۋاستى شا شەيختىن قورقىدىغانلىقىنى ئېيتتى. تاڭ سېڭ بۇ ئىشنى ۋۇكوڭغا بۇيرۇدى، ئالۋاستى بۇنىڭغا كۆندى.

ۋۇكوڭ كۇمۇش مۇڭگۈزلۈك ئالۋاستىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋېتىپ: «سەن ئالۋاستى ئۇستازنى ئالدىيالىغىنىڭ بىلەن مېنى قانداق ئالداپ كېتەلەرسەن، مەن ئەپلىك بىر يەرنى تېپىپ سېنى

يىقىتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دەپ ئويلىدى. ئالۋاستى ۋۇكۇڭنىڭ
ئىچىدىكىنى بىلىۋېلىپ، ئۇنى تاغ ئاستىغا باستۇرۇپ قويۇش
ئۈچۈن ئەپسۇن ئوقۇپ شۇمېيشەن تېغىنى يۆتكەپ كەلدى. سۇن
دەرۋىش بېشىنى بىر يانغا قىلىۋىدى، ئۇ تاغ كېلىپ سول
مۈرىسىنى باستى، شۇنداقتىمۇ سۇن دەرۋىش ئۇستازىغا يېتى-
شىپ كېلىۋاتاتتى. ئالۋاستى يەنە ئەپسۇن ئوقۇپ ئېمېيشەن
تېغىنى يۆتكەپ كەلدى. سۇن دەرۋىش بېشىنى يەنە بىر يانغا
قىلىۋىدى، ئۇ تاغ كېلىپ ئوڭ مۈرىسىنى باستى. سۇن دەرۋىش
يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ئۇستازى بىلەن تەڭ مېڭىپ كېتىۋەردى.
بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتكەن ئالۋاستى تەيشەن تېغىنى يۆتكەپ
كېلىپ، سۇن دەرۋىشنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ، ئۇنى مىدىرلى-
يالماس قىلىپ قويدى. كۈمۈش مۈڭگۈزلۈك ئالۋاستى ئاخىر
سۇن دەرۋىشنى بويسۇندۇردى، تاڭ سېڭنى تۇتماقچى بولدى.
شا شەيخ ھودۇقۇپ كېتىپ، ئالۋاستى بىلەن ئېلىشتى. بۇ بىر
قەپەس ئېلىشىشتا يەر - جاھان غۇۋالىشىپ، كۆكتە كۈن نۇرى
ئۆچتى. ئۇ ئىككىسى شۇ تەقلىدتە سەككىز - توققۇز قېتىم
ئېلىشتى، ئاخىر شا شەيخ بەرداشلىق بېرەلمەي كەينىگە ئۆرۈل-
دى، كۈمۈش مۈڭگۈزلۈك پالۋان ئۇنى سول يېنىغا قاماللاپ
ئالدى، ئوڭ قولىدا تاڭ سېڭنى تۇتتى، يۈك - تاقلارنى پۇتىنىڭ
بارماقلىرىغا قىستۇردى، ئاتنى ئاغزىدا چىشلەپ، بىرپەس شامال
چىقىرىپ نېلۇپەر غارىغا قايتتى.

كۈمۈش مۈڭگۈزلۈك پالۋان تاڭ سېڭ بىلەن شا شەيخنى
تۇتۇپ كەلدى، ئۇ ئىككى جىنغا ئۆزلىرىنىڭ قىزىل ئالتۇن
قاپاق بىلەن قوي مېيىدا مايلىغان قاشتېشى كوزىسىنى ئېلىپ
بېرىپ تاغ ئاستىغا باستۇرۇپ قويغان سۇن دەرۋىشنى چاقىرىش-
نى، سۇن دەرۋىش جاۋاب بەرگەن ھامان ئۇنى قاپاقىقا سولاپ
ئېرىتىۋېتىشنى بۇيرۇدى.

ئۈچ تاغ ئاستىدا مىدىرلىيالماي ياتقان سۇن دەرۋىش ئۇستا-

زىنى ئويلاپ يىغلاپ تاشلىدى، بۇ ھال تاغ ئىلاھى بىلەن زېمىن مۇئەككىلىنى چۆچۈتىۋەتتى. تاغ ئىلاھى بىلەن زېمىن مۇئەككىلى بارلىق ئىلاھلارنى يىغىپ، سۇن دەرۋىشنىڭ تاغ ئاستىدا ياتقانلىقىنى كۆرۈپ ئالمان ـ تالمان تاغنى يۆتكىۋېتىپ، ئۇنىڭدىن گۇناھىنى تىلىدى.

ۋۇكۇڭ يىراقتا كېلىۋاتقان ئىككى جىننى كۆرۈپ قېرى دەرۋىشكە ئۆزگەردى. جىنلار يېقىنلاپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلاردىن:

— ئىككىلىرى نەدىن كېلىشتىلە، قاياققا يول ئېلىشتىلا؟ — دەپ سورىدى. بۇ جىنلار ئۆزلىرىنىڭ سۇن دەرۋىشنى تۇتقىلى مېڭىشقانلىرىنى دېدى. ۋۇكۇڭ ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ھەمدەم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جىنلار زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى، ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىدا خاسىيەتلىك نەرسە بارلىقىنى، ۋۇكۇڭنى بىرلا چاقىرىپ تۇتۇۋالالايدىغانلىقلىرىنى ئېيتتى. ۋۇكۇڭ:

— مەندىمۇ بىر خاسىيەتلىك نەرسە بار، ئۇ ئادەمنىلا ئەمەس، ئەرشنىمۇ قاچىلىۋالالايدۇ، تېگىشەيلى، — دېدى. ئۇ شۇنداق دەپ بەدىنىدىن بىر تال تۈكنى يۇلۇپ يەتتە سۇڭ ئۇزۇنلۇقتا بىر قىزىل قاپاقنى ھازىر قىلدى. جىنلار بۇ قاپاقنىڭ ئەرشنى قاچىلىيالايدىغانلىقىغا ئىشەنمەي، ۋۇكۇڭغا ئاسماننى قاچىلاپ كۆرسىتىشنى ئېيتتى. سۇن دەرۋىش نۆۋەتچى كۈن ئىلاھى بىلەن نۆۋەتچى تۈن ئىلاھىنى ئەپسۇن ئوقۇپ چاقىرىپ، ئۇلارنى يۇرۇن سۇلتاننىڭ قېشىغا بېرىپ، ئەتراپتىكى ئەۋلىيالارغا ئەرشنى قاپاققا قاچىلاپ بېرىش توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈرۈشنى ئىلتىماس قىلىشقا ئەۋەتتى. يۇرۇن سۇلتان:

— ھېلىقى مايمۇن ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق، ئەرشنى قانداق قاچىلىيالايدىكەن؟ — دەپ سورىدى ناجادىن. ناجا:

— جىنۋۇ تۇغ ـ ئەلەملىرىنى جەنۇبىي ئەرش دەرۋازىسىدا

لەپىلدەتسە، ئاسمانۇزېمىن قاراڭغۇلىشىپ، كۈن، ئاي ۋە يۇل-تۇزلارنىڭ نۇرى ئۆچسىلا بولىدىكەن، — دېدى. يۇرۇن سۇلتان پەرمان چۈشۈردى.

ۋۇكۇڭ ئەرشتىكى تەييارلىقلارنىڭ تەق بولغانلىقىنى بى-لىپ، قاپاقنى يۇقىرىغا ئاتتى. ناجا بۇنى كۆرۈپ تۇغ - ئەلەملى-رىنى لەپىلدىتىۋىدى، يەر - زېمىننى شۇئان قاراڭغۇلۇق قاپلى-دى. جىنلار بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ:

— ھەقىقەتەن كارامەت ئىكەن! دەرۋەقە ئەرشنى قاچىلىغى-لى بولىدىكەن! تېگىشەيلى! — دېيىشتى، جىنلار ئۆزلىرىنىڭ قىزىل ئالتۇن قاپىقى بىلەن قوي مېيىدا مايلىغان كوزىنى سۈن دەرۋىشنىڭ قىزىل قاپىقىغا تېگىشتى. سۈن دەرۋىش خاسىيەت-لىك نەرسىلەرنى ئېلىپ بىرلا موللاق ئېتىپ، رەھمەت - ھەش-قاللا ئېيتقىلى جەنۇبىي ئەرش دەرۋازىسىدىكى ناجانىڭ يېنىغا ماڭدى.

## 18 - باب ئالۋاستى موماي بىلەن قېرى ئالۋاستىنىڭ جېنىدىن جۇدا بولغانلىقى

ئىككى جىن ۋۇكۇڭنىڭ خاسىيەتلىك قاپىقىغا ئېرىشىپ، قاپاقتا ئەرشنى قاچىلىماقچى بولۇپ، قاپاقنى ئاسمانغا ئاتتى، قاپاق موللاقشىغان پېتى يەرگە چۈشتى. ئۇلار شۇندىلا ئۆزلىرى-نىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ، نائىلاج ئەھۋالنى مەلۇم قىلغىلى غارغا قايتتى. ۋۇكۇڭ بىرلا سىلكىنىپ چىۋىنگە ئايلىنىپ، جىنلار بىلەن بىللە غارغا كىردى. ئالتۇن مۈڭگۈزلۈك پالۋان كىچىك جىنلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، چىچاڭشىغان پېتى:

— خاسىيەتلىك نەرسىلەرنى چوقۇم سۈن دەرۋىش ئالداپ

كەتكەن گەپ! — دېدى. كومۇش مۇگگۈزلۈك پالۋان:
— ئاغا، ئاچچىقلىرىغا هاي بەرسىلە! بىزدە يەنە ئۈچ خاسىيەتلىك نەرسە بار. بۇلارنىڭ بىرى، يەتتە يۇلتۇزلۇق شەمشەر، يەنە بىرى بانان يەلپۈگۈچ، يەنە بىرى ئالتۇن ئارقان. ئۇلار يالۇڭ تېغىدىكى يالۇڭ غارىدا تۇرۇۋاتقان ئاپىمىزنىڭ قېشىدا. ئاپىمىزنى ئىككى كىچىك جىننى ئەۋەتىپ تاڭ سېگىنىڭ گۈشىنى يېيىشكە تەكلىپ قىلايلى، سۇن دەرۋىشنى تۇتقىلى ئالتۇن ئارقاننى ئالغاچ كەلسۇن، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاپىسىنى تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىشكە باشەنخۇ بىلەن يىخەيلۇڭنى ئەۋەتتى.
ئىككى كىچىك جىن بۇيرۇقنى بىنائەن غاردىن چىقىپ مومايىنى تاڭ سېگىنىڭ گۈشىنى يېيىشكە تەكلىپ قىلىشقا ماڭدى. سۇن دەرۋىشمۇ ئۇلار بىلەن تەڭ غاردىن چىقىپ، يالۇڭ غارىغا بارىدىغان يولنى بىلىۋالغاندىن كېيىن ئىككى كىچىك جىننى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، بىر تال تۈكىنى سېھىر قىلىپ يىخەيلۇڭغا ئايلاندۇرۇپ، ئۆزى باشەنخۇغا ئايلاندى - دە، ئالۋاستىلارنىڭ ئاپىسىنى تەكلىپ قىلىشقا يالۇڭ غارىغا كەلدى. ئالۋاستى موماي تاڭ سېگىنىڭ گۈشىنى يېيىشكە بارىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ قالتىس خۇش بولدى ۋە ئالتۇن ئارقاننى ئېلىپ كىچىك ئالۋاستىلار ئولتۇرغان مەپىدە ئولتۇرۇپ ئۇدۇل نېلۇپەر غارىغا قاراپ يولغا چىقتى. يېرىم يولغا كەلگەندە، سۇن دەرۋىش ئەسلى هالىتىگە قايتىپ ئالۋاستى موماي ۋە بىر توپ كىچىك جىنلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن ئالتۇن ئارقاننى ئىزدەپ تېپىپ، خۇرسەن بولغىنىچە:
— ئالۋاستىلارنىڭ بەش خاسىيەتلىك نەرسىسىنىڭ ئۈچى مېنىڭ بولدى! — دېدى - دە، بەدىنىدىكى بىر تال تۈكنى يۇلۇپ سېھىر قىلىپ باشەنخۇ، يىخەيلۇڭ ۋە مەپە كۆتۈرىدىغان كىچىك جىنلارغا ئايلاندۇرۇپ، ئۆزى موماي ئالۋاستىغا ئۆزگە-

رىپ نىلۇپەر غارىغا كەلدى.
ئالتۇن مۈڭگۈزلۈك پالۋان بىلەن كۈمۈش مۈڭگۈزلۈك پالۋان ئاپىسىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئالدىراش تىزلىنىپ ئاپىسىغا سالام بەردى. ۋۇكۇڭ:
— بالىلىرىم تۇرۇڭلار، — دېدى. بۇ چاغدا لىمغا چىڭ باغلانغان جۇباجيې بىردىنلا كۈلۈپ تاشلىدى. شا شەيخ ئۇنىڭ-دىن:
— ئىككىنچى ئاكا، لىمغا باغلانغان تۇرۇقلۇق يەنە كۈلە-سىزغۇ؟ — دەپ سورىدى. جۇباجيې:
— مەن تېخى ئۇلارنىڭ ئاپىسى كېلىپ بىزنى قاسقاندا پىشۇرۇپ يەيدىغان بولدى دەپتىمەن. ئەسلىدە كەلگەن ئۇلارنىڭ ئاپىسى ئەمەس، مىراخوركەن، — دېدى.
ئەسلىدە ئالۋاستىلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ تۇرغاندا ۋۇكۇڭنىڭ قۇيرۇقى چىقىپ قالغان ئىدى. ۋۇكۇڭ ئالۋاستى-لاردىن:
— بالىلىرىم، مېنى نېمە ئىشقا چاقىردىڭلار؟ — دەپ سورىدى. ئالۋاستىلار:
— سىلىنى تاڭ سېڭنىڭ گۆشىنى يېيىشكە تەكلىپ قىلى-دۇق، — دېدى. ۋۇكۇڭ:
— بالىلىرىم ئاڭلىسام جۇباجيېنىڭ قۇلىقىنىڭ گۆشى بەك تاتلىقمىش، شۇنى شارابقا زاكۇسكا قىلىپ يەي، — دېدى. جۇباجيې ھودۇقۇپ كەتتى ۋە:
— بۇ ناكەس! مېنىڭ قۇلىقىمنىڭ گۆشىنى يېگىلى كەل-گەن ئىكەن ـ دە! — دەپ تىللاپ كەتتى.
شۇ ئىشنىڭ ئۇستىگە سىرتتىن بىرنەچچە كىچىك جىنلار كىرىپ، مومايىنى يولدا سۇن دەرۋىش ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۇنىڭ موماي سىياقىدا غارغا كىرگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. كۈمۈش مۈڭگۈزلۈك پالۋان يەتتە يۇلتۇزلۇق شەمشىرىنى چىقىرىپ ۋۇ-

كۇڭغا ئېتىلدى. سۇن دەرۋىش ئالتۇن توقۇلمىق دىلىپسەن گۆرزىسىنى ئوينىتىپ تەييار بولدى. ئىككىسى ئوتتۇز قەپەس ئېلىشىپ بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى.

سۇن دەرۋىش ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىپ قۇرۇق ئاۋارە بولغۇچە، ئۇنى ئالتۇن ئارقىلىق باپلاي، دەپ ئويلىدى. ئۇ ئالتۇن ئارقاننى كۈمۈش مۈڭگۈزلۈك پالۋانغا تاشلىدى، ئالتۇن ئارقان كۈمۈش مۈڭگۈزلۈك پالۋاننى باغلىۋالدى. ئەمما، ئالتۇن ئارقاننى بوشىتىش ئەپسۇنى ۋە چىگىتىش ئەپسۇنىنىڭ بارلىقىدىن سۇن دەرۋىش بىخەۋەر ئىدى. كۈمۈش مۈڭگۈزلۈك پالۋان ئالتۇن ئارقاننىڭ ئۆزىنى باغلىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، بوشىتىش ئەپسۇنىنى ئوقۇدى، ئۇ ئارقاندىن بوشىنىپ، ئارقاننى سۇن دەرۋىشكە تاشلاپ سۇن دەرۋىشنى باغلىۋالدى. سۇن دەرۋىش كىچىكلەش سېھرىنى ئىشلىتىپ ئارقاندىن بوشاناماقچى بولۇۋىدى، لېكىن ئالۋاستى چىگىتىش ئەپسۇنىنى ئوقۇپ ئۇنى مىدىرلىيالماس قىلىۋېتىپ غارغا ئەكىرىپ كەتتى.

ئالتۇن مۈڭگۈزلۈك پالۋان سۇن دەرۋىشنىڭ قولغا چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقتا گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى.

سۇن دەرۋىش قۇلىقىنىڭ ئىچىدىن ئالتۇن توقۇلمىق دىلىپسەن گۆرزىسىنى چاندۇرماي ئېلىپ، ئۇنى پولات ئېكەككە ئايلاندۇرۇپ، تۆت - بەش ئېكەكلەپلا ئالتۇن ئارقاننى ئوتتۇرىدىن ئىككى قىلىۋەتتى، بەدىنىدىن بىر تال تۈكنى يۇلۇپ ئېلىپ يالغان سۇن دەرۋىشكە ئايلاندۇردى ۋە باغلاقتا تۇرغان ھالەتتە قالدۇرۇپ، ئۆزى كىچىك جىنغا ئۆزگىرىپ ئالۋاستىنىڭ ئالدىغا كېلىپ؛

— شاھىم، سۇن دەرۋىش ياۋاش بولمايۋاتىدۇ، تومراق ئارقان بىلەن باغلايلى! — دېدى. ئالتۇن مۈڭگۈزلۈك پالۋان بېلىدىكى بەلۋېغىنى يېشىپ ۋۇكۇڭغا بەردى، ۋۇكۇڭ يالغان سۇن دەرۋىشنى بەلۋاغ بىلەن باغلاپ قويۇپ، ئالتۇن ئارقاننى

يېڭىنىڭ ئىچىگە تىقىۋالدى، بەدىنىدىن بىر تال تۈكىنى يۇلۇپ ئالتۇن ئارقانغا ئايلاندۇرۇپ ئالتۇن مۈڭگۈزلۈك پالۋانغا بەردى.

سۇن دەرۋىش ئالتۇن ئارقانغا ئېرىشىپ، جىمىدىلا غارنىڭ سىرتىغا چىقىپ:

— ئالۋاستىلارنىڭ سەردارلىرىغا ئېيت، سۇن دەرۋىش كەلدى! — دەپ ۋارقىرىدى. ئالتۇن مۈڭگۈزلۈك پالۋان بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران بولغان ھالدا:

— سۇن دەرۋىشنى تۇتۇۋالغان تۇرساق، ئۇ نەدىن كەلگەن دەرۋىش سۇن ئىكەن؟ — دېدى. كۈمۈش مۈڭگۈزلۈك پالۋان:

— قورقماڭ، مەن خاسىيەتلىك نەرسەم بىلەن ئۇنى تۇتۇپ ئېلىپ كېلىمەن، — دېدى. ئۇ شۇنداق دەپ ئالتۇن قاپاقنى كۆتۈرۈپ غارنىڭ سىرتىغا چىقتى ۋە سۇن دەرۋىشكە قاراپ:

— دەرۋىش سۇن، — دەپ توۋلىدى، سۇن دەرۋىش مېنىڭ ھەقىقىي ئىسمىم دەرۋىش سۇن بولمىغاندىكىن مېنى دەم تارتىۋالالماس دەپ ئويلاپ، «ھە» دەپ جاۋاب بەردى، نەتىجىدە قاپاق ئۇنى دەم تارتىۋالدى.

سۇن دەرۋىش ئالتۇن - كۈمۈشتىن سوقۇلغان بولسىمۇ، قاپاقنىڭ ئىچىدە ئېرىپ كېتەتتى، شۇڭا قاپاقتىن چىقىپ كېتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ چىقىپ كېتەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «ۋاي ئاپام! ئۇستىخانلىرىم ئېرىپ كەتتى!» دەپ ۋايساپ كەتتى. دەرۋىش سۇن ئېرىپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلىغان ئالۋاستى قاراپ باقماقچى بولۇپ قاپاقنىڭ ئاغزىنى ئاچتى، سۇن دەرۋىش مۈشۈ پۇرسەتتە ھاشارىتقا ئايلىنىپ قاپاقتىن چىقىۋالدى، ئۇ كىچىك جىنغا ئۆزگىرىپ، بىر چەتتە تۇرۇپ شاراب قۇيغاچ، ئېپىنى كەلتۈرۈپ ئالتۇن قاپاقنى ئالداپ ئېلىۋالدى-دە، غاردىن غىپپىدە چىقىپ كەتتى.

ۋۇكۇڭ ئەسلىي قىياپىتىگە كېلىپ قاتتىق ئاۋازدا:

— ئالۋاستى، ئىشىكنى ئاچ! سۇن دەرۋىش كەلدى! —

دەپ توۋلىدى. ئالتۇن مۇڭگۇزلۇك پالۋان ھەيران بولۇپ:
— چاتاق بولدى! ھەرە ئۇۋىسىغا چىقىلغاندەك ئىش قىپ-تۇق! ئۇلارنىڭ ھەممىسى كەلگەن ئوخشايدۇ، — دېدى. كۇ-مۇش مۇڭگۇزلۇك پالۋان:
— قورقۇپ كەتمەيلى! مېنىڭ قاپىقىمغا مىڭ ئادەم سىغى-دۇ! — دېدى - دە، يالغان قاپاقنى كۆتۈرۈپ غارنىڭ سىرتىغا چىقتى، ئۇ ۋۇكۇڭغا:
— مەن سەن بىلەن ئېلىشمايمەن، سېنى چاقىرسام «ھە» دېيەلەمسەن؟ — دېدى.
— مېنى چاقىرساڭ، «ھە» دېيەلەيمەن، سېنى چاقىر-سام، «ھە» دېيەلەمسەن؟ — دېدى ۋۇكۇڭ.
— سېنى قاپاققا سولىۋېلىش ئۈچۈن چاقىرىمەن، — دېدى كۇمۇش مۇڭگۇزلۇك ئالۋاستى. ۋۇكۇڭ:
— مەندىمۇ بىر قاپاق بار. مېنىڭ قاپىقىم ئەركەك، سې-نىڭ قاپىقىڭ چىشى، — دېدى. كۇمۇش مۇڭگۇزلۇك پالۋان بىرلا موللاق ئېتىپ:
— سۇن دەرۋىش! — دەپ ۋارقىرىدى. سۇن دەرۋىش ئۇلاپلا يەتتە قېتىم «ھە» دېگەن بولسىمۇ، قاپاق ئۇنى دەم تارتالمىدى. كۇمۇش مۇڭگۇزلۇك پالۋان:
— توۋا! جاھان ئۆزگەرمىدى دەيدۇ تېخى! بۇ خاسىيەتلىك قاپاقمۇ ئېرىدىن قورقىدىكەن، شۇڭا ئۇنى دەم تارتىشقا پېتىنال-مىدى! — دېدى مەيدىسىگە مۇشتلاپ. سۇن دەرۋىش قاپاقنى ئالۋاستىغا توغرىلاپ:
— كۇمۇش مۇڭگۇزلۇك پالۋان! — دەپ چاقىرىۋىدى، ئالۋاستى «ھە» دېيىشىگە قاپاقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. سۇن دەرۋىش كۈلۈپ:
— ئوغلۇم، مەن كۆرگەن كۈننى سەنمۇ كۆرۈپ باق! — دېدى.

ئالتۇن مۇڭگۈزلۈك پالۋان كۈمۈش مۈڭگۈزلۈك پالۋاننىڭ قاپاققا سولىنىپ ئېرىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ھۆكىرەپ يىغلاپ جىنلارنىڭ ھەممىسىنى باشلاپ ۋۇكۇڭ بىلەن ئېلىشقىلى غاردىن چىقتى. ئۇ سۇن دەرۋىش بىلەن يىگىرمە قەپەس ئېلىشىپ، بىر- بىرىنى يېڭەلمىدى، ۋۇكۇڭغا ئىككى يۇزدىن ئارتۇق جىن بىراقلا چىقتى. ۋۇكۇڭ بەدىنىدىكى بىر تال تۈكنى يۇلۇپ، ئۇنى نەچچە يۈز سۇن ۋۇكۇڭغا ئايلاندۇرۇپ جىنلارنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. ھودۇقۇپ قالغان ئالتۇن مۇڭگۈزلۈك پالۋان بانان يەلپۈگۈچنى قولىغا ئېلىپ سۇن ۋۇكۇڭنى يەلپۈدى. شۇ زامان يەر - جاھاننى قاپلىغان ئوت يالقۇنى ۋۇكۇڭغا يوپۇرۇلۇپ كەلـ-دى. ئۇ بەدىنىدىن يۇلغان تۈكنى ئەسلىگە قايتۇرۇپ، بىر تاللا تۈكنى ئۆزىنىڭ سىياقىغا ئايلاندۇرۇپ ئالۋاستى بىلەن ئېلىـ-شىشقا قالدۇرۇپ قويدى - دە، ئۆزى نېلۇپەر غارىغا كىرىپ، غارنى قوغداۋاتقان جىنلارنىڭ ھەممىسىنى يوقاتتى ھەم قوي مېيىدا مايلىغان قاشتېشى كوزىنى قولغا چۈشۈردى. بۇ چاغدا، ئالتۇن مۇڭگۈزلۈك پالۋان دەم ئالغىلى غارغا كىرگەن ئىدى، ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ ئۇخلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، يېنىدىكى بانان يەلپۈگۈچنى ئېلىپلا كەينىگە بۇرۇلۇپ قاچتى. چۆچۈپ ئويغىـ-نىپ كەتكەن ئالتۇن مۇڭگۈزلۈك پالۋان كەينىدىن قوغلاپ ۋۇ-كۇڭ بىلەن يەنە تۇتۇشۇپ كەتتى. ئۇ ئىككىسىنىڭ ئېلىشىشىـ-دىن بوران چىقىپ، يەر - جاھاننى قاراڭغۇلۇق بېسىپ كەتتى. ئالۋاستى ئاخىرى بولالماي غەربىي جەنۇب تەرەپكە قېچىپ يالۇڭ-شەن تېغىنى پاناھ قىلدى. ۋۇكۇڭ ئۇستازى، جۇباجيې ۋە شا شەيخلەرنى قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇستاز بىلەن شاگىرتلار خۇشال ھالدا قورساقلىرىنى تويغۇزۇۋېلىپ غاردا تۈنىدى.

ئەتىسى، ئالتۇن مۇڭگۈزلۈك پالۋان ياردەمگە لەشكەر چا-قىرىپ كەلدى. ئالۋاستى موماينىڭ ئىنىسى — يەتتىنچى خۇئا پالۋان ئىدى. بىر توپ لەشكەر جىنلار نېلۇپەر غارىغا كەلگۈندەك

يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى. ۋۇكۇڭ، جۇباجيې، شا شەيخلەر جەڭگە
ئاتلاندى، كەسكىن جەڭ باشلىنىپ كەتتى. يەتتىنچى خۇئا پال-
ۋان شا شەيخكە تەڭ كېلەلمەي قېچىشقا تەمشىلىۋىدى، جۇباجيې
تىرنىسى بىلەن ئۇرۇپ بەدىنىنى ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋەتتى. ئال-
تۇن مۇڭگۇزلۇك پالۋان شەمشىرىنى ئوينىتىپ جۇباجيېغا ئې-
تىلدى. سۇن دەرۋىش هاۋادا تۇرۇپ قوي مېيىدا مايلىغان
كوزىنى ئالۋاستىغا توغرىلاپ: «ئالتۇن مۇڭگۇزلۇك پالۋان»
دەپ چاقىردى. ئالتۇن مۇڭگۇزلۇك پالۋان مېنى كىچىك جىن-
لاردىن بىرى چاقىرىۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ، «ھە» دېدى، شۇ-
نىڭ بىلەن ئۇ كوزىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى مەغرىبكە قاراپ سەپىرىنى
داۋاملاشتۇردى. توساتتىن ئۇلارغا يول بويىدا بىر دەرۋىش ئۇچ-
راپ، تاڭ سېڭنىڭ ئېتىنىڭ چولۋۇرىنى تارتىپ، ئۇنىڭدىن
خاسىيەتلىك نەرسىلەرنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ۋۇ-
كۇڭ ئۇنىڭ تەڭرى ئەۋلىياسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، خاسىيەت-
لىك بەش بۇيۇمنى ئۇنىڭغا دەرھال قايتۇرۇپ بەردى. تەڭرى
ئەۋلىياسى ئالتۇن قاپاق بىلەن قوي مېيىدا مايلىغان كوزىنى
دوم كۆمتۈرۈپ ئىچىدىن سېھىرلىك ئىس چىقاردى، ئالۋاستىلار
ئەسلىي قىياپىتىگە قايتتى. ئۇ ئىككىسى ئەسلىدە تەڭرى ئەۋلى-
ياسىنىڭ قول ئاستىدا ئوچاققا قارايدىغان ئىزچىلار ئىكەن.

## 19 ـ باب تاڭ سېڭنىڭ كۆرگەن چۈشى بىلەن پادىشاھنىڭ قايتا تىرىلگەنلىكى

تەڭرى ئەۋلىيا ئىككى ئىزچىنى ئېلىپ ئەرشكە چىقىپ
كەتتى. تاڭ سېڭ شاگىرتلىرى بىلەن سەپىرىنى داۋام قىلدى.
شۇ كۇنى ئۇلار گۇگۇم چۈشكەن چاغدا تاغ ئارىسىغا جايلاشقان
بىر ئىبادەتخانىنى كۆردى. سەنزاڭ شاگىرتلىرىغا ئاشۇ ئىبادەت-

خانىدا تۇنەشنى بۇيرۇدى. ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئىبادەتخانىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئىشىك بېشىدا «ئۈچ ئەقتاپ ئىبادەتخانىسى» دېگەن خەتلەر يېزىلغان ئىدى. سەنزاڭ ئىبادەتخانىغا كىرىپ بۇتلارنى تاۋاپ قىلدى. ئىبادەتخانىدىكى راھىبلار تاڭ سېڭغا تولىمۇ سوغۇق مۇئامىلە قىلدى. بۇنىڭدىن ئاچچىقى كەلگەن ۋۇكۇڭ ئالتۇن توقىلىق دىلىپسەن گۈرزىسىنى چىقىرىپ ساماۋى قۇدۇق ئۇستىگە تىكلەپ قويدى. قورقۇپ كەتكەن راھىبلار ئۆچرەتتە تۇرۇپ تاڭ سېڭنى قارشى ئالدى.

شۇ كۈنى كەچ، ۋۇكۇڭ، جۇباجيې ۋە شا شەيخلەر ئۇخلاپ كەتتى، تاڭ سېڭ ئۇخلىماي قىرائەت قىلماقتا ئىدى. ئۈچىنچى جېسەك ۋاقتى بولغاندا، ئۇنىڭمۇ كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ چۈشىدە پادىشاھ سىياقىدىكى بىر ئادەم ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، يىغلىغان پېتى:

— ئۇستاز! مەن مۇشۇ يەردىن قىرىق چاقىرىم يىراقلىقتىكى قاراتوخۇ دۆلىتىدە تۇرىمەن. مەن قاراتوخۇ دۆلىتىنىڭ پادىشاھى، بەش يىلنىڭ ئالدىدا قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ پۇقرالار قەھەتچىلىكتە ئۆلۈپ كەتتى، شۇ ئارىدا شامال چىقىرىپ، يامغۇر ياغدۇرالايدىغان پىركامىل چىن دەرۋىش كەلدى. ئۇ سېھىر ئىشلىتىپ يامغۇر ياغدۇرۇپ قۇرغاقچىلىققا خاتىمە بەردى. ئۇنىڭغا رەھمەت - ھەشقاللا بىلدۈرۈش ئۈچۈن، مەن ئۇنىڭ بىلەن ئاغا - ئىنى بولدۇم، بىر تۇغقاندىن چارە ئۆتتۇق، — دېدى.

— بۇ ناھايىتى ياخشىغۇ! — دېدى سەنزاڭ. ھېلىقى ئادەم:

— مەن ئۇنىڭ بىلەن شۇ تەرىقىدە ئىككى يىل بىللە ئۆتتۇم، كىم بىلسۇن، ئۈچىنچى يىلى ئۇنىڭ بىلەن باھار مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغىلى باغقا كىردىم. ئۇ مېنىڭ بىخەستەلىكىمدىن پايدىلىنىپ مېنى قۇدۇققا ئىتتىرىۋېتىپ، قۇدۇقنىڭ ئاغ-

زىنى تاش بىلەن بېسىپ، ئەتراپىغا توپا دۆۋىلەپ، ئۈستىگە بىر
تۈپ بانان دەرىخى تىكىپ قويدى. ئۇ مېنىڭ سىياقىمغا كىرىپ
دۆلىتىمنى تارتىۋالدى، مۈلكىي ۋە لەشكىرىي ئەمەلدارلار ۋە
ئوردا ئۇنىڭغا تەۋە بولۇپ كەتتى، — دېدى.
— ئۇنداقتا، مېنى ئىزدەشتىن مەقسەتلىرى نېمە؟ — دېدى
سەنزاڭ.
— بايا نۆۋەتچى تۈن ئىلاھى شامال ئەۋەتتى، ئاڭلىسام،
سىلىنىڭ بىر شاگىرتلىرى بار ئىكەن، ئالۋاستىنى شۇ بويسۇن-
دۇرالايدىكەن. شۇڭا سىلىدىن ياردەم سوراپ كېلىشىم، —
دېدى ھېلىقى ئادەم. ئۇ شۇنداق دەپ يېنىدىن بىر قاشتېشى
بۇيۇمنى چىقاردى ۋە:
— ئەتە ۋەلىئەھد ئوۋغا چىقىدۇ، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدى-
لىنىپ سىلى مۇشۇ ئىشلارنى ئۇنىڭغا دېسىلە، بۇ نەرسە پاكىت
بولالايدۇ، مەن بۇنى ھايات ۋاقتىمدا يېنىمدىن ئايرىپ باقمىغان.
ئالۋاستى مېنىڭ سىياقىمغا كىرىۋالغىنى بىلەن ئۇنىڭدا بۇ نەرسە
يوق. ۋەلىئەھد كۆرسە، مېنى ياد ئېتىپ، قىساس ئالىدۇ، —
دېدى. سەنزاڭ پادىشاھنىڭ ئىلتىماسىغا ماقۇل بولدى.
پادىشاھ تەزىم قىلىپ خوشلاشتى، سەنزاڭ ئۇزىتىپ قو-
يۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ ئېھتىياتسىزلىقتىن يىقىلىپ كەت-
تى، ئۇ شۇندىلا چۆچۈپ ئويغىنىپ دەرھال شاگىرتلىرىنى ئوي-
غىتىپ، چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى ئۇلارغا دەپ بەردى. ۋۇكۇڭ
ئىشىكنى ئېچىپ، پەلەمپەيدە تۇرغان ئاق قاشتېشى بۇيۇمنى
كۆردى، كۆپچىلىك ئۇستازىنىڭ كۆرگەن چۈشىنىڭ راستلىقىغا
چىن پۈتتى ـ دە، ئالۋاستىنى قانداق تۇتۇش توغرۇلۇق بىرلىك-
تە مەسلىھەتلەشتى.
ئەتىسى ئەتىگەندە ۋۇكۇڭ بىرلا موللاق ئېتىپ ئاسمانغا
چىقىپ ئەتراپنى كۆزەتتى، دەرۋەقە ۋەلىئەھد بىر توپ ئاتلىقلار-
نى باشلاپ قاراتوخۇ دۆلىتىنىڭ دارۋازىسىدىن چىقىپ كېتىۋاتات-

تى. ئۇ بىر ئاق توشقانغا ئايلىنىپ ئاتلىقلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ، ۋەلىئەھدىنىڭ ئالدىدا يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ۋەلىئەھد ئوقيا ئۈزدى، ئوق توشقانغا تەگدى. سۇن دەرۋىش ئۇنىڭ ئوق ئۈزۈشىنى كۆتكەن ئىدى، توشقان قاچتى، ۋەلىئەھد كەينىدىن قوغلاپ بىر دەمدىلا ئىبادەتخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. ۋەلى-ئەھد ئاق توشقاننى تاپالمىدى، ئىشىكنىڭ بېشىدا بىر يا ئوقى سانجىقلىق تۇراتتى.

ۋەلىئەھد ئىبادەتخانىغا كىردى، ئۇ سەنزاڭنى كۆرۈپ سالام قىلمىدى، قاتتىق ئاچچىقلانغان ۋەلىئەھدكە سەنزاڭ ئۆزىنىڭ كېلىش جەريانىنى دېدى. ۋەلىئەھد:

— سىلەر شەرقتىن كەلگەنلەر تولىمۇ نامرات، قانداق خاسىيەتلىك نەرسەڭلار بار؟ — دەپ سورىدى سەنزاڭدىن.

سەنزاڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۈچ خاسىيەتلىك نەرسىسىنىڭ بارلى-قىنى، بۇنىڭ بىرى كاسايا ئىكەنلىكى، بۇنى كىيسە دادىسىنىڭ قانداق ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى بىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ۋەلىئەھد ئىشەنمىدى. ئارقىدىن تاڭ سېڭ يەنە بىر خاسىيەتلىك نەرسىنىڭ بارلىقىنى دەپ يېنىدىن بىر قۇتىنى چىقاردى ۋە بۇنىڭ بىلەن بىر مىڭ بەش يۈز يىل ئىلگىرىكى ئىشلارنى بىلگىلى بولىدىغانلىقىنى دېدى، ئاندىن قۇتىنىڭ ئاغزىنى ئېچە-ۋىدى، ئىچىدىن ئىككى سۆڭ ئېگىزلىكتىكى بىر ئادەم چىقىپ يەرگە چۈشۈپ قالايمىقان مېڭىشقا باشلىدى. ۋەلىئەھد:

— بۇ پارپا نېمىلەرنى بىلىدۇ؟ — دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلى-غان ۋۇكۇڭ بېلىنى بىرلا پۈكلەپ ئۈچ يېرىم چى ئېگىزلىدى. يەنە بىرنەچچە قېتىم سەكرەپ ئەسلىگە قايتتى، ئاندىن پادىشاھ-نىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراش جەريانىنى ئۇنىڭغا تەپسىلىي سۆز-لەپ بەردى. ئۇ ئاخىرىدا:

— ئۆلۈپ كەتكەن سىلىنىڭ ئۆز دادىلىرى، هازىر تەختتە ئولتۇرۇۋاتقان هېلىقى يامغۇر تەلەپ قىلغان دەرۋىش، —

دېدى.
تاڭ سېڭ ۋەلىئەھدنىڭ دەرگۇمان بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۇپ يەنە بىر خاسىيەتلىك نەرسە بار دەپ، بىر پارچە ئاق قاشتېشى بۇيۇمنى چىقاردى. ۋەلىئەھد بۇنىڭ دادىسىنىڭ نەرسىسى ئىكەن-لىكىنى بىلىپ يەنىلا ئىشەنمىدى. ۋۇكۇڭ:

— جانابلىرى ئىشەنمىسىلە، خانىش ئاپىلىرىدىن سوراپ باقسىلا، ئەر - خوتۇنچىلىق مېھىر - مۇھەببەتنىڭ ئۇچ يىلنىڭ ئالدىدا قانداقلىقىنى بىلىسىلە، بۇنىڭ راست - يالغانلىقى ئايدىڭ بولىدۇ، — دېدى. ۋەلىئەھد بۇ گەپنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئاپىسى بىلەن كۆرۇشكىلى شەھەرگە قايتتى.

ۋەلىئەھد ئاپىسىنىڭ ئالدىدا بۇ ئىشنى تىلغا ئېلىۋىدى، ئاپىسى قار - يامغۇر يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئوغلۇم، ئاخشام تۆتىنچى جېسەك ۋاقتىدا بىر چۇش كۆردۇم. چۇشۇمدە داداڭ مەن ئۆلۇپ كەتتىم، روھىم ئەسلى ھاياتلىق تېنىمنى قۇتۇلدۇرۇشقا تاڭ سېڭنى تەكلىپ قىلدى دەۋاتقۇدەك، — دېدى. ۋەلىئەھد ئەمدى ئىشەندى - دە، ئالۋاس-تىنى ئەل قىلغىلى ئەۋلىيا ئەزەمنى تەكلىپ قىلىشقا ئالدىراش ئىبادەتخانىغا ياندى.

ۋۇكۇڭ ۋەلىئەھدنى كېتىپ تۇرۇشقا، سىرنى ئاشكارىلاپ قويماسلىقىقا ئۇندىدى. ئاندىن ئۇستازىنى جۇباجىيېنى ئۆزى بىلەن بىللە قاراتوخۇ دۆلىتىگە بېرىپ «خاسىيەتلىك نەرسە» نى ئوغرى-لاپ كېلىشكە كۆندۇردى. ئاچ كۆز جۇباجىيې ۋۇكۇڭ بىلەن بىللە بۇلۇتلارنى دەسسەپ پادىشاھ ئوردىسىنىڭ كەينىدىكى گۇل-لۇككە كەلدى. جۇباجىيې قۇدۇق ئۇستىدىكى بانان دەرىخىنى يۆتكەپ، يوغان تاشنىمۇ ئېلىۋەتتى - دە، ۋۇكۇڭنىڭ ئالتۇن توقىلىق دىلىپسەن گۇرزىسىنى تۇتۇپ ئېھتىيات بىلەن قۇدۇققا چۇشتى.

ئەجدىھا پادىشاھى جۇباجىيېنى كۆرۇپ ئۇنى خرۇستال ئور-

دىغا باشلىدى. جوۋاجىي ئۇنىڭغا خاسىيەتلىك نەرسىنى كۆرسىتىشنى دەۋەت قىلدى. ئەجدىھا پادىشاھ جوۋاجىينى باشلاپ ئايۋانغا ئەكىرىپ، ئۇنىڭغا قاراتوخۇ دۆلىتىنىڭ پادىشاھىنى كۆرسەتتى ۋە:

— خاسىيەتلىك نەرسە مانا مۇشۇ، مەن ئۇنى چىراي قاتۇرۇش مەرۋايىتى بىلەن قاتۇرۇپ قويدۇم، جەسەت بۇزۇلمىدى. ئۇنى يۇدۇپ ئۇستىگە ئاچىقىپ كېتىڭ، — دېدى. ئۇ شۇنداق دەپ شەبنەم تامچىسىنى تېمىتىپ غايىب بولدى. جوۋاجىي سۇنىڭ شارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ كەينىگە قارىدى، يېنىدا پادىشاھنىڭ جەسىتىدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى. قورقۇپ كەتكەن جوۋاجىي ۋۇكۇڭنىڭ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى ئېيتىپ چۇقان سالدى. ۋۇكۇڭ ئۇنىڭغا جەسەتنى يۇدۇپ ئۇستىگە ئېلىپ چىقىشنى، جەسەتنىڭ خاسىيەتلىك نەرسە ئىكەنلىكىنى دېدى. جوۋاجىي ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. ۋۇكۇڭ:

— بوپتۇ ئەمىسە، مەن بېرىپ ئۇخلاپ تۇراي، ئۆزۈڭ يامىشىپ چىق، — دېدى. ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغان جوۋاجىي ماقۇل بولدى. ۋۇكۇڭ گورزىسىنى قۇدۇققا ساڭگىلاتتى، جوۋاجىي پادىشاھنى مۈرىسىگە ئارتىپ، گورزىگە يامىشىپ ئۇستىگە ئۆرلەشكە باشلىدى، ۋۇكۇڭ ئۇنى چىقىرىۋالدى.

ئىككىسى پادىشاھنى گۆھەر ئورمان ئىبادەتخانىسىغا ئەكەلدى. جوۋاجىي تاڭ سېڭغا:

— ۋۇكۇڭ ئاغام ماڭا ئۆزىنىڭ بۇ پادىشاھنى داۋالاپ تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى، — دەپ يالغان گەپ قىلدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان تاڭ سېڭ خۇشال بولۇپ، ۋۇكۇڭغا بۇ پادىشاھنى تىرىلدۈرۈشنى بۇيرۇدى. ۋۇكۇڭ تاڭ سېڭغا جوۋاجىينىڭ گېپىگە چىنپۈتمەسلىكنى دېدى. جوۋاجىي:

— ئۇستاز، ۋۇكۇڭنىڭ كارامىتى بار، سىلى ھېلىقى ئەپسۇننى ئوقۇسىلا، ۋۇكۇڭ بۇ پادىشاھنى تىرىلدۈرەلەيدۇ، —

دېدى. سەنزاڭ دەرۋەقە چەمبىرەك چىڭتىش ئەپسۇنىنى ئوقۇش-
قا باشلىدى. ۋۇكۇڭ ئىلاجسىز ماقۇل بولدى. ئۇ ئەرش تېۋىپ-
دىن بىر تال شىپالىق كۇمىلاچ ئەكەلسە پادىشاھنى قۇتۇلدۇرغى-
لى بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. لېكىن، جۇباجىي پادىشاھنىڭ
يېنىدا توختىماي يىغلىشى شەرت ئىدى. جۇباجىي بۇنىڭغا رازى
بولدى. ئەۋلىيا ئەزەم بىرلا موللاق ئېتىپ بۇلۇت ئۈستىگە
چىقىپ، ياردەم سوراپ ئەرش تېۋىپىنىڭ يېنىغا باردى، ئەرش
تېۋىپى ئۇنىڭ تاڭ سېڭنى قوغداپ نوم ئالغىلى مەغرىبكە ماڭغان-
لىقىنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلىپ، ئۇنىڭغا شىپالىق كۇمى-
لاچتىن بىرنى بەردى. ۋۇكۇڭ ئۇنى ئېلىپ گۆھەر ئورمان
ئىبادەتخانىسىغا قايتىپ كېلىپ كۇمىلاچنى پادىشاھنىڭ ئاغزىغا
سالدى، ھېلىقى پادىشاھ دېگەندەك تىرىلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ
تاڭ سېڭغا تىزلىنىپ تۇرۇپ تەزىم قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆزىنى
قۇتۇلدۇرۇۋالغانلىقىغا كۆپتىن - كۆپ ھەشقاللا ئېيتتى. ۋۇ-
كۇڭ يەنە بىر ئەپچىل پىلان تۈزدى، ئۇ پادىشاھنىڭ شەيخچە
ياسىنىپ، ئەتە ئۆزلىرى بىلەن قاراتوخۇ دۆلىتىگە بېرىپ،
پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئالۋاستىنىڭ ھىيلە - نەيرەڭلىرىنى
كۆز ئالدىدا ئېچىپ تاشلاشنى ئېيتتى.

ئەتىسى، ئۇلار بەش كىشى يولخېتىنى ئالماشتۇرغىلى قارا-
توخۇ دۆلىتىگە باردى. يالغان پادىشاھ ئالدىغا كەلگەنلەرنىڭ
ئۆزىگە تەزىم بەجا كەلتۈرمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، پالۋانلىرىغا
پەرمان چۈشۈرۈپ ئۇلارنى تۇتۇشقا بۇيرۇدى. ۋۇكۇڭ قولىنى
بىرلا تەڭلەپ پالۋانلارنى قاتۇرۇپ مىدىرلىيالماس قىلىپ قوي-
دى. يالغان پادىشاھ ئۇلارنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى سوراشقا
مەجبۇر بولدى. ۋۇكۇڭ سالاھىيىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يۈز
تۇرانە ئۇنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىنى ئېچىپ تاشلىدى. دەرۋەش
قورقۇپ كېتىپ بىر پالۋاننىڭ قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ
بۇلۇڭقا دەسسەپ قاچتى. ۋۇكۇڭ ئۇنى كەينىدىن قوغلىدى.

ئۇلار ئىلىشا - ئىلىشا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. ئالۋاستى بارا-بارا بەرداشلىق بېرەلمەي قاچماقچى بولدى. ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ تۇرۇۋالدى، ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ ئوردىغا قاراپ قاچتى - دە، بىرلا سىلكىنىپ تاڭ سېڭنىڭ سىياقىغا كىرىۋالدى. كىشىلەر توپى ئىچىدە تۇرغان ئوخشاش سىياقتىكى ئىككى تاڭ سېڭنىڭ قايسىسى راست تاڭ سېڭ، قايسىسى يالغان تاڭ سېڭ پەرق ئەتكىلى بولمايتتى.

جۇباجيې بىر ئامال ئويلاپ تاپتى، ئۇ شا شەيخ ئىككىسىنىڭ بىردىن تاڭ سېڭنى تۇتۇپ تۇرىدىغانلىقىنى، ھەر ئىككى تاڭ سېڭنىڭ چەمبىرەك چىڭىتىش ئەپسۇنى ئوقۇشىنى، ئەپسۇن ئوقۇيالمىغان تاڭ سېڭنىڭ ئالۋاستى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ۋۇ-كۇڭ ئۆزىنىڭ ئازاب چېكىدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، لېكىن ئالۋاس-تىنى يوقىتىش ئۈچۈن يەنىلا ماقۇل بولدى. ئىككى تاڭ سېڭ ئىككى يەردە تۇرۇپ ئەپسۇن ئوقۇدى. جۇباجيې ئۆزى تۇتۇپ تۇرغان تاڭ سېڭنىڭ قالايمىقان بىرنېمىلەرنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى بايقاپ، ئۇنىڭ ئۇستازى ئەمەسلىكىنى جەزملەشتۇرۇپ، تىرنى-سى بىلەن ئۇنى ئۇرۇشقا باشلىدى. ئالۋاستى مۆللاقشىپ كۆككە كۆتۇرۇلۇپ، كەينىدىن ئۆزىنى قوغلاپ كەلگەن جۇباجيې ۋە شا شەيخ بىلەن ئېلىشىپ كەتتى. ۋۇكۇڭ بېشىنىڭ ئاغرىقىغا قارى-ماي كۆككە قوغلاپ چىقىپ گۈرزىسى بىلەن ئالۋاستىنى بىرنى سېلىپ جېنىنى ئالاي دېيىشىگە، بىردىنلا ھاۋادىن:

— ۋۇكۇڭ، قولۇڭنى تارت! — دېگەن بىر ئاۋاز كەلدى. ئەسلي مەنجۇ شىرى بۇدساتۋا كەلگەن ئىدى. ئۇ تىلسىم ئەينەك-نى چىقاردى، ئالۋاستى شۇئان ئەسلي قىياپىتىگە ياندى، ئۇ ئەسلىدە مەنجۇ شىرى بۇدساتۋا مىنىدىغان قارا يايىلىق شىر ئىكەن.

قاراتوخۇ دۆلىتىنىڭ پادىشاھى تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرت-لىرىغا كاتتا زىياپەت بەردى. ئەتىسى، ئۇلار پادىشاھ بىلەن

خوشلىشىپ مەغرىبكە قاراپ يول ئالدى.

## 20 ـ باب  شەپقەتكار بۇدساتۋانىڭ ئوتنى ئۆچۈرۈۋالغانلىقى، خۇڭ خەيئېرنىڭ بەيئەت قىلغانلىقى

تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى قاراتوخۇ دۆلىتىدىن ئاي-رىلىپ، يول بويى ئىلاھىي تاغلارغا چىن كۆڭۈللىرىدىن تاۋاپ قىلىپ ماڭدى. ئۇلار كەچ يېتىپ، سەھەر يۇرۇپ ئون بەش-يىگىرمە كۈننىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قېلىشتى. بىر كۈنى، تۆتەيلەن خەتەرلىك بىر تاغنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. توساتتىن تاغ قاپتىلىدىن بىر پارچە قىزىل بۇلۇت كۆتۈرۈلۈپ چىقتى. بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگەن ئەۋلىيا ئەزەم ئۇستازىنى يۆلەپ ئاتتىن چۈشۈردى، جۇباجيې بىلەن شا شەيخ قورالللىرىنى تەق قىلىپ تۇردى.

بۇ قىزىل بۇلۇت ئەسلىي بىر ئالۋاستى ئىدى، ئۇ تاڭ سېڭنىڭ گۆشىنى يېسە ئادەم قېرىمايدۇ دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، تاڭ سېڭنى تۇتقىلى كەلگەن ئىدى. لېكىن، ئۇ تاڭ سېڭنى قوغدايدىغان شاگىرتلارنىڭ بارلىقىنى ئويلىمىغان ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە تاڭ سېڭنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۆزىدىن ئۇس-تۈن كارامەت ئىگىلىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ، بىرلا سىلكى-نىپ يەتتە ـ سەككىز ياشلار ئەتراپىدىكى ئوغۇل بالىغا ئايلاندى-دە، قىپيالىڭاچ پېتى دەرەخ شېخىدا ئېسىقلىق تۇرغان ھالدا:

— ئادەم بارمۇ، مېنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭلار! — دەپ ۋارقى-راشقا باشلىدى.

بۇ ھالنى كۆرگەن تاڭ سېڭ رەھىمى كېلىپ جۇباجيېغا دەرھال ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى ھەم ئۆزىنىڭ ئاق ئېتىغا مىنى-

دۇرۇپ قويۇشنى تاپىلىدى. ئالۋاستى دەرەختە ئېسقىلىق تۇرۇپ پۇتۇن بەدىنىنىڭ ئاغرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئات ئۇس-تىدە ئولتۇرالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. تاڭ سېلىك ۋۇكۇڭغا ئۇنى يۇدۇپ مېڭىشنى بۇيرۇدى. ۋۇكۇڭ ماقۇل بولۇپ ئالۋاستىنى يۇدۇپ ماڭدى.

ئەۋلىيا ئەزەم كۇلۇپ تۇرۇپ:

— سەن ئالۋاستى، مەن لاۋسۇننىڭ ئالدىدا نەيرەڭۋازلىق قىلىۋاتىسەن، مەن سېنىڭ «ئالۋاستى» ئىكەنلىكىڭنى بىلد-مەن. مەن سېنى يۇدۇپ كېتىۋاتىمەن، تەرەت قىلغۇڭ كەلسە گەپ قىل، — دېدى - دە، كۆڭلىدە ئۇ ئالۋاستىنى ئېپىنى تېپىپ يەرگە ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولدى. ۋۇكۇڭنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئۇنىڭ بىلىۋالغانلىقىنى كىم بىلسۇن، ئۇ تەننى ئېغىرلىتىش سېھرىنى ئىشلىتىپ ئەۋلىيا ئەزەمنى باستى. يال-غان بىر بالىنى ۋۇكۇڭغا ھاپاش قىلدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى موللاق ئېتىپ ھاۋاغا چىقىپ كەتتى. ۋۇكۇڭ دۇمبىسىدىكى بالىنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، قاتتىق ئاچچىقى كەلدى- دە، يالغان بالىنى يول ياقىسىدىكى تاشقا ئۇرۇپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلدى. ئالۋاستىمۇ غەزەپكە كېلىپ، بىرپەس قۇيۇن چىقىرىپ، يەر - زېمىننى غۇۋالاشتۇرۇۋەتتى ۋە مۇشۇ پۇرسەتتىن غەنيمەت بىلىپ تاڭ سېڭنى تۇتۇپ ئوت بۇلۇتى غارىغا ئەكىرىپ كەتتى.

ۋۇكۇڭ، جۇباجيې ۋە شا شەيخ ئۇستازىنى ھېچ يەردىن تاپالمىدى. تىتىلداپ كەتكەن ۋۇكۇڭ ئۇچ ياشلىق، ئالتە بىلەك-لىك پالۋانغا ئايلىنىپ، ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى نەرسىنى ئۇرۇپ، بىر چاغدا يەرلىك تاغ مۇئەككىلى ۋە يەر - زېمىن مۇئەككىلىنى ئالدىغا ھازىر قىلدى ۋە ئۇلاردىن بايىقى ئالۋاستىنىڭ يالماۋۇز كالىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى، ئىسمىنىڭ خۇڭ خەيئېر، لەقد-مىنىڭ ئەۋلىيا بوۋاق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ مۇشۇ تاغدىكى قاق-

شال قارىغاي جىلغىسىغا جايلاشقان ئوت بۇلۇتى غارىدا تۇرىدىغانلىقىنى، ئىلگىرى يالقۇن تاغدا ئۈچ يۈز يىل ئىستىقامەت قىلىپ، يالقۇن ئىچىدە تاۋلانغان كارامەت ئىگىسى بولۇپ يېتىشكەنلىكىنى بىلدى.

ئەۋلىيا ئەزەم بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇش بولۇپ كەتتى، ئەسلىدە ئۇ ئەرشنى مالىمان قىلغان چاغدا يالماۋۇز كالا بىلەن ئاكا- ئۇكا بولۇشقان ئىدى. ئۇ جۇباجىي بىلەن شا شەيخكە:

— تۇرۇڭلار، مەن دېگەن ھېلىقى ئالۋاستىنىڭ تاغىسى بولىمەن. يۈرۈڭلار، بىرىپ تونۇشلۇق بېرەيلى! — دېدى - دە، شا شەيخنى ئات بىلەن يۈك - تاقلارغا قاراشقا قالدۇرۇپ قويۇپ، جۇباجىي ئىككىسى قوراللىرىنى ئېلىپ ئالۋاستىنى ئىزدەپ ماڭدى.

ۋۇكوڭ بىلەن جۇباجىي قاقشال قارىغاي جىلغىسىدىكى ئوت بۇلۇتى غارىنى بىردەمدىلا تاپتى. قارىسا، بىر توپ كىچىك جىنلار غارنىڭ ئالدىدا ئويناۋاتاتتى. ۋۇكوڭ بىلەن جۇباجىي يۇقىرى ئاۋازدا:

— ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالىمىز دېسەڭلار، ئۇستازنى چاپسان چىقىرىپ بېرىڭلار، بولمىسا غارىڭلارنى تۈپتۈز قىلىۋېتىپ، تېغىڭلارنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىمىز! — دېدى.

مەلۇماتنى ئاڭلىغان ئالۋاستى كىچىك جىنلارغا ئالتۇن، ئوتۇن، سۇ، ئوت ۋە تۇپراق قاچىلانغان بەش ھارۋىنى غارنىڭ ئاغزىغا ئاچىقتۇرۇپ قاتار قىلىپ تىزدۇردى ۋە ئوت پۈركۈيدىغان قورال بىلەن جەڭگە تەييارلاندى. ئەۋلىيا ئەزەم ئالۋاستى بىلەن يىگىرمە قېتىم ئېلىشتى. جۇباجىينىڭ قولى قىچىشىپ كېتىپ، تىرنىسىنى ئوينىتىپ مەيدانغا چۈشتى. ئالۋاستى كەينىگە ئۆرۈلۈپ ماڭدى، ئۇ ئەپسۇن ئوقۇش بىلەن بەش ھارۋا تەڭلا ئوت ئالدى. ئوت يالقۇنى كۆتۈرۈلۈپ ئەتراپ ئىس - تۈتەككە تولدى. جۇباجىي ھودۇققىنىدىن ۋۇكوڭغىمۇ قارىماي

غارنى تاشلاپ تىكشۈەتتى. ۋۇكۇڭ ئوتتىن ساقلىنىش سېھرىنى ئىشلىتىپ ئوتنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئالۋاستىنى ئىزدىدى. لې. كىن، غارنىڭ يوللىرىنى بىلمىگەچكە، ئامال يوق غاردىن چىق. تى.

ئۈچ شاگىرت يەنە ئەجدىھا پادىشاھنى يامغۇر ياغدۇرۇپ ئوتنى ئۆچۈرۈشكە تەكلىپ قىلىش توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشتى. ئەۋلىيا ئەزەم بىرلا موللاق ئېتىپ بۇلۇتقا دەسسەپ شەرقىي دېڭىزغا كەلدى. شەرقىي دېڭىز ئەجدىھا پادىشاھى ئەۋلىيا ئەزەم. نىڭ كېلىش مەقسىتىنى ئۇقۇپ، تاڭ سېڭنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇچ ئىنىسىنى چاقىرىپ ئەكەلدى.

تۆت ئەجدىھا پادىشاھ ۋە ۋۇكۇڭ ئوت بۇلۇت غارىنىڭ ئۇستىگە يېتىپ كەلدى. ۋۇكۇڭ غارنىڭ ئالدىدا خۇڭ خەيئېرنى تىللاپ چاقىرىپ چىقتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشتى. ئىككىسى بىر - بىرى بىلەن يىگىرمە قېتىم ئېلىشقاندىن كېيىن، خۇڭ خەيئېر نۇسرەت قازىنالمايدىغانلىقىنى بىلىپ ئوت قويۇپ بەر. دى. ۋۇكۇڭ كەينىگە قايرىلىپ:

— ئەجدىھا پادىشاھ قېنى؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

ئەجدىھا پادىشاھ ئىنىلىرى بىلەن چېلەكلەپ يامغۇر ياغدۇر. دى. يامغۇر گەرچە ھەرقانچە قاتتىق ياغقان بولسىمۇ، ئالۋاستى قويغان ئوتنى ئۆچۈرەلمىدى، ئەكسىچە ئوت ئۇستىگە ماي چاچ. قاندەك تېخىمۇ ئۇلغىيىپ كەتتى. ۋۇكۇڭ ئوت ئىچىگە ئېتىلىپ كىرىپ ئالۋاستىنى ئىزدىدى. لېكىن، ئالۋاستى ئاغزىدىن قو. يۇق ئىس - تۈتەك پۈركۈپ، ۋۇكۇڭنى كۆز ئاچالماس قىلىپ قويدى. كۆزىدىن يامغۇردەك ياش قۇيۇلغان ۋۇكۇڭ ئوت ئۆچۈر. گىلى جىلغىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئويلىمىغان يەردىن سوغۇق سۇنىڭ تەسىرىدە ئوتنىڭ تەپتى ئىچىگە تېپىپ، نەپەس ئالالماي ھوشى. دىن كەتتى.

جۇباجيې ۋە شا شەيخ ۋۇكۇڭنى قۇتقۇزۇۋالدى ۋە تۆت

ئەجدىھا پادىشاھىغا رەھمەت ئېيتىپ يولغا سېلىپ قويىدى. ئۇلار شەپقەتكار بۇدساتۋانى چاقىرىش توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشتى. ۋۇ-كۇڭنىڭ پۈتۈن بەدىنى بىئارام بولۇپ، ماغدۇرسىزلىنىپ كەت-كەنلىكتىن بۇلۇتقا چىقىشقا ئامالسىز قالدى. جۇباجيې مەرداندلىق بىلەن شەپقەتكار بۇدساتۋانى چاقىرىپ كېلىدىغان بولدى.

خۇڭ خەيئېر نۇسرەت قازاندى، ئۇ ئۇلارنىڭ ياردەمگە لەش-كەر چاقىرىپ كېلىشىدىن ئەنسىرەپ، موللاق ئېتىپ كۆككە چىقىپ قاراپ باقتى، جۇباجيېنىڭ بۇلۇتقا دەسسەپ جەنۇبقا قا-راپ يول ئالغانلىقىنى بايقىدى. ئۇ جۇباجيې چوقۇم شەپقەتكار بۇدساتۋانى چاقىرىپ كەلگىلى ماڭدى دەپ ئويلاپ، جۇباجيېنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىپ، شەپقەتكار بۇدساتۋانىڭ سىياقىغا كىرىۋال-دى. جۇباجيې دەرۋەقە ئالدامغا چۈشتى. ئۇ يالغان شەپقەتكار بۇدساتۋا بىلەن ئوت بۇلۇت غارىغا ئالۋاستىنى تۇتقىلى كەلدى. غارنىڭ ئالدىغا كېلىشىگە كىچىك جىنلار ئۇنى يەرگە بېسىپ باغلىۋالدى.

ۋۇكۇڭ شۇنچە ئۇزاق ساقلىغان بولسىمۇ جۇباجيې كەلمى-دى، ئۇ غارنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىڭ - تىڭلاپ باقتى. كىچىك جىنلار ئۇنى كۆرۈپ قوراللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ تۇتقىلى ماڭدى. ۋۇكۇڭ پۈت - قوللىرىنىڭ سىرقىراپ ئاغرىپ كېتىۋاتقانلىقى-نى، ماغدۇرىنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ، ئۇلار بىلەن ئېلى-شىشقا جۈرئەت قىلالماي بوپىغا ئۆزگىرىۋالدى. كىچىك جىنلار ۋۇكۇڭنى ھېچ يەردىن تاپالمىدى. يەردە تۇرغان بوپىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئېلىپ غارغا قايتتى، بوپىنى بولسا بىر چەتكە تاشلاپ قويىدى.

ۋۇكۇڭ غاردا تۇرۇپ خۇڭ خەيئېرنىڭ ئىككى جىننى تاڭ سېڭنىڭ گۆشىنى يېيىشكە يالماۋۇز كالىنى تەكلىپ قىلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەنلىكىنى ئۇقتى - دە، بەدىنىدىكى بىر تال تۈكىنى يۇلۇپ بوپىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۆزى غارنىڭ سىرتىغا ئۇ-

چۈپ چىقىۋالدى، ئۇ جىنلار ماڭىدىغان يولدا يالماۋۇز كالا سىياقىغا ئۆزگىرىپ، بىر توپ جىنلار بىلەن ئوۋ ئوۋلىغاندەك بولۇۋالدى. جىنلار راست ـ يالغاننى پەرق قىلماي يالماۋۇز كالا سۈرىتىگە كىرىۋالغان ۋۇكۇڭنى ئوت بولۇت غارىغا باشلاپ كىر-دى. خوڭ خەيئېر دادىسىنى تاڭ سېڭنىڭ گۆشىنى يېيىشكە تەكلىپ قىلدى. ۋۇكۇڭ ئۆزىنىڭ نەچچە كۈندىن بېرى سەدىقە تامىقى يەۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن بىر گەپ بولسۇن دېدى. بۇ گەپ خوڭ خەيئېرنىڭ گۇمانىنى قوزغى-دى. ئۇ قەستەن ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى-نى، ئۇنىڭ دەپ بېرىشىنى ئۆتۈندى. ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ۋۇكۇڭ نەدىن بىلسۇن، نەتىجىدە سىر پاش بولۇپ قالدى. خوڭ خەيئېر بىرلا پەرمان چۈشۈرۈۋىدى، جىنلارنىڭ ھەممىسى قو-راللىرىنى ئېلىپ ۋۇكۇڭغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى. ۋۇكۇڭ ئەسلىي سىياقىغا قايتىپ ئالتۇن توقىلىق دىلىپسەن گۈرزىسى بىلەن ئۆزىنى توسۇپ:

— ۋاپادار ئوغلۇم، بالىسى دادىسىنى ئۇرىدىغان ئىش نەدە بار؟ — دېدى. خوڭ خەيئېرنىڭ يۈزى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى.

ۋۇكۇڭ نۇرغا ئايلىنىپ غاردىن چىقىپ ئۇدۇل جەنۇبىي دېڭىزغا بېرىپ، شەپقەتكار بۇدساتۋانى تاۋاپ قىلدى. ئۇ بۇدسات-ۋاغا خوڭ خەيئېرنىڭ ئۇستازىنى تۇتىۋالغانلىقىنى، شەپقەتكار بۇدساتۋا قىياپىتىگە كىرىپ جۇباجېينىمۇ تۇتۇپ كەتكەنلىكىنى بىر قۇر سۆزلەپ كەتتى. غەزەپلەنگەن بۇدساتۋا قولىدىكى قوي مېيىدا مايلىغان كوزىنى دېڭىزغا تاشلىدى. ئىچى تىتىلداپ تۇرغان ۋۇكۇڭ قوي مېيىدا مايلىغان كوزىنى بىر تاشپاقىنىڭ سۇ يۈزىگە ئېلىپ چىققانلىقىنى كۆردى، شەپقەتكار بۇدساتۋا ۋۇكۇڭغا ئۇنى ئېلىشنى بۇيرۇدى. ۋۇكۇڭ كوزىنى پەقەتلا ئالال-مىدى. شەپقەتكار بۇدساتۋا كوزىغا بىر دېڭىزنىڭ سۈيى قاچىلان-

غانلىقىنى دېدى. شەپقەتكار بوۋداساتۋا قوي مېيىدا مايلىغان كو-
زىنى ئاستا ئېلىپ، ئەرش پادىشاھىنىڭ ئوتتۇز ئالتە بىسلىق
قىلىچىنى سوراپ ئەكېلىشكە شاگىرتىنى ئەرش پادىشاھىنىڭ
قېشىغا ئەۋەتتى. شەپقەتكار بوۋداساتۋا ئوتتۇز ئالتە بىسلىق قىلىچ-
نى مىڭ ياپراقلىق نېلوپەر گۈلى سۇپىسىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇس-
تىگە سەكرەپ چىقىپ، بولۇتقا دەسسەپ ماڭغان ۋۇكۇڭ بىلەن
ئوت بولۇت غارىغا كەلدى.

شەپقەتكار بوۋداساتۋا تاغ مۇئەككىلى بىلەن يەر - زېمىن
مۇئەككىلىنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇلارغا ئۇچيۈز چاقىرىم ئارى-
لىقتىكى ياۋايى ھايۋان ۋە ئۇچار قۇش، ھاشاراتلارنى تاغنىڭ
ئۈستىگە يىغىشنى بۇيرۇدى، ئاندىن قوي مېيىدا مايلىغان كوزى-
نى ئۆڭتۈردى، تاغ شۇئان كۆز يەتكۈسىز دېڭىزغا ئايلاندى،
شەپقەتكار بوۋداساتۋا ۋۇكۇڭنىڭ سول قولىنىڭ ئالىقىنىغا «سې-
ھىر» دېگەن خەتنى يېزىپ، خۇڭ خەيئېرنى غارنىڭ سىرتىغا
ئالداپ ئېلىپ چىقىشنى بۇيرۇدى. ۋۇكۇڭ ئوت بولۇت غارىغا
كېلىپ گۈرزىسى بىلەن غارنىڭ ئىشىكىنى ئۇردى. خۇڭ خەي-
ئېر نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ۋۇكۇڭغا ئېتىلدى. ۋۇكۇڭ
گۈرزىسى ئارقىلىق توسىدى ۋە سول قولىنى ئاچتى. خۇڭ
خەيئېر شۇ زامان سېھىرلىنىپ قالدى. ۋۇكۇڭ ئۇنى قوغلاپ
يۈرۈپ شەپقەتكار بوۋداساتۋانىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. ۋۇكۇڭ بىرلا
موللاق ئېتىپ شەپقەتكار بوۋداساتۋانىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى. خۇڭ
خەيئېر ۋۇكۇڭنى تاپالماي، نەيزىسىنى شەپقەتكار بوۋداساتۋاغا
ئۇردى. شەپقەتكار بوۋداساتۋا نۇرغا ئايلىنىپ ۋۇكۇڭ بىلەن يەتتە
قات ئاسماننىڭ قەھرىگە چىقىپ كەتتى، نېلوپەر سۇپا ئۆز جايىدا
قالدى. خۇڭ خەيئېر سوغۇق كۈلۈپ:

— يارىماس شەپقەتكار بوۋداساتۋا نېلوپەر سۇپىسىدىن ئايرى-
لىپ قالدى، مەن چىقىپ ئولتۇرىمەن ئەمدى، — دېدى. نېلو-
پەر سۇپا توساتتىن قىلىچنىڭ ئۆتكۈر بىسىغا ئايلىنىپ ئالۋاستى-

نىڭ پۇتىغا كىرىپ كەتتى. خۇڭ خەيئېر ئاغرىققا چىداپ تۇرۇپ قىلىچنى چىقىرىشقا تەمشەلدى. شەپقەتكار بۇدساتۋا ئەپسۇن ئوقۇپ قىلىچنى ئىلمەككە ئايلاندۇرۇپ قويدى. خۇڭ خەيئېر ئىلمەكنى ھەرقانچە قىلىپمۇ چىقىرالمىدى. ئۇ دەرھال شەپقەتكار بۇدساتۋادىن گۇناھىنى تىلىدى. شەپقەتكار بۇدساتۋا ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ بۇددا يولىغا كىرىشنى خالايدىغان - خالىمايدىغانلىقىنى سورىدى. ئۇ ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي نائىلاج ماقۇل بولدى. شەپقەتكار بۇدساتۋا ئۇنىڭغا ئىزچى نامىنى بېرىپ، قولىنى سۇنۇۋىدى، ئۇنىڭ پۇتىدىن قىلىچ سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى، خۇڭ خەيئېرنىڭ تېنى ئەسلىي ھالىتىگە كەلدى.

خۇڭ خەيئېر ياۋايى تەبىئىتىنى ئۆزگەرتمەي ئوت پۈركۈچ قورالىنى ئېلىپ يەنە شەپقەتكار بۇدساتۋاغا تەڭلىدى. شەپقەتكار بۇدساتۋا بەش ئالتۇن ھالقىنى پەيدا قىلىپ، بىرىنى ئالۋاستىنىڭ بويىنىغا، تۆتىنى پۇت - قوللىرىغا تاشلىدى ۋە ئەپسۇن ئوقۇۋىدى، خۇڭ خەيئېرنىڭ بېشى ئاغرىپ كەتتى. ۋۇكۇڭ ئالۋاستىنى مەسخىرە قىلىپ بىر ياندا تۇردى. ئۇ ئىزاغا چىدىماي نەيزىسىنى ۋۇكۇڭغا سانجىماقچى بولدى. شەپقەتكار بۇدساتۋا تال سۆگىتىگە شەبنەم سۈيى پۈركەپ «جۈپلەش!» دەپ توۋلىدى. خۇڭ خەيئېرنىڭ قوللىرى مەيدىسىدە جۈپلىشىپ قالدى، ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ مىدىرلىتالمىدى، شۇندىلا شەپقەتكار بۇدساتۋانىڭ سېھرىي كۈچىنى بىلىپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا باش ئۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

شەپقەتكار بۇدساتۋا ۋۇكۇڭنى دەرھال بېرىپ تاڭ سېڭ، جۇباجيېنى قۇتۇلدۇرۇپ بالدۇرراق يولغا چىقىشقا بۇيرۇدى. ئۆزى ئىزچىنى ئېلىپ جەنۇبىي دېڭىزغا يۈرۈپ كەتتى. ۋۇكۇڭ شەپقەتكار بۇدساتۋا بىلەن خوشلىشىپ، شا شەيخنى تاپتى، ئىككىسى ئوت بۇلۇت غارىدىكى جىنلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇستاز بىلەن جۇباجيېنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى، ئاندىن ئوت

بۆلۆت غارىغا ئوت قويۇۋېتىپ، ئۇستاز ۋە شاگىرت تۆت كىشى مەغرىبكە قاراپ ماڭدى.

## 21 ـ باب  خېيشۈي دەرياسى ئىلاھىنىڭ ئالۋاستىنى بويسۇندۇرغانلىقى

ئۇستاز شاگىرتلىرى بىلەن بىر ئايدىن ئارتۇق يول يۈرۈپ بىر يەرگە كەلگەندە، توساتتىن قۇلاقنى يارغۇدەك شارقىرىغان سۇ ئاۋازى كەلدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا بىپايان بىر دەريا كۆرۈندى. ئاسمان ـ پەلەك دولقۇن ياساپ ئېقىۋاتقان بۇ ئەزىم دەريانىڭ سۈيى قاپقارا ئىدى. ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى دەريا بويىدا غەمگە پېتىپ تۇرۇپ قالدى. بىردىنلا يۇقىرىدىن بىرى قېيىقنى ئېقىن بويلاپ ھەيدەپ چىقىپ كەلدى، تاڭ سېڭ ئالدىراش شا شەيخكە قېيىقچىنى توۋلاپ قېيىقنى قىرغاققا يېقىنلاشتۇرۇشنى بۇيرۇدى. قېيىقچى قېيىقنى قىرغاققا يېقىنلاشتۇرۇپ:

— قېيىقىم كىچىك، بىر قېتىمدا ھەممىڭلارنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ بولالمايمەن، — دېدى. جۇباجيې ئۆزىنى ياخشى كۆرسىتىش ئۈچۈن:

— مەن ئۇستازنى قوغداپ ئالدىدا ئۆتەي، ئاندىن شا ئىنىم يۈك ـ تاق ۋە ئات بىلەن ئۆتسۇن. مايمۇن ئاغام دەريادىن ئۇچۇپ ئۆتسۇن! — دېدى. مەسلىھەت پىشتى، جۇباجيې تاڭ سېڭنى يۆلەپ قېيىققا چىقتى.

قېيىق دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، ھەيۋەتلىك بىر سادا بىلەن تۇيۇقسىز بوران كۆتۈرۈلۈپ، دولقۇنلار ئەۋج ئۇرۇپ، تاڭ سېڭ، جۇباجيې ۋە قېيىق بىلەن سۇغا چۆكۈپ كېتىپ كۆزدىن غايىب بولدى. ئەسلى قېيىق ھەيدىگەن كىشى ئالۋاستى ئىدى. شا شەيخ قېيىق دوم كۆمتۈرۈلۈپ كەتتى،

دېدى. ۋۇكۇك:
— ياق، جۇباجىي سۇ ئۇزۇشنى بىلىدۇ. قېيىق دۇم كۆمـ. تۈرۈلۈپ كەتكەن بولسا، جۇباجىي بۇ چاققىچە ئۇستازنى يۇدۇپ قىرغاققا چىققان بولاتتى! بۇ قېيىق ھەيدىگەن كىشىنىڭ نەيرەڭى، ئۇ ئۇستازنى سۇغا ئەكىرىپ كەتتى، — دېدى.
بۇ گەپ شا شەيخكە ئورۇنلۇق تۇيۇلدى، ئۇ كۇمۇش ھاسا بىلەن دەرياغا چۈشۈپ سۇ ئىچىدىن يول ئېلىپ دولقۇنلار ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ كېتىۋېتىپ بىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قالدى ۋە بىر شىپاڭنى كۆردى، شىپاڭغا: «خېڭياڭ جىلغىسى خېيشۈي دەرياسى ئىلاھىي مەھكىمىسى» دېگەن خەتلەر يېزىلغان ئىدى. ئالۋاستى شىپاڭدىكى سۇپىدا ئولتۇرۇپ:
— بالىلىرىم، بۇ ئىككى شەيخنى قاسقانغا دۇملەڭلار، ئاندىن تاغاڭلارنى چاقىرىڭلار، بىللە ئېغىز تېگەيلى، — دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ غەزەپلەنگەن شا شەيخ ئىشىكنىڭ سىرتىدا ۋارقىراپ:
— ئالۋاستى! ئۇستازىم بىلەن ئاغامنى تېز چىقىرىپ بەر! — دېدى. ئالۋاستى كۈلۈپ تۇرۇپ:
— مەيدانغا چۈش! مېنى يېڭىۋالىساڭ، ئۇستازىڭنى چىقىرىپ بېرىمەن، بولمىسا سېنىمۇ قاسقاندا دۇملەپ يەۋېتىمەن، — دېدى. شا شەيخ ھاسىسىنى كۆتۈرۈپ مەيدانغا چۈشتى. ئىككىسى سۇ ئاستىدا ئوتتۇز قېتىمدىن ئارتۇق ھەپىلىشىپ بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى. شا شەيخ ئۇنى سۇ يۈزىگە ئېلىپ چىقىشنى ئويلىدى. شۇنداق بولسا ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ ئەدىبىنى بەرگەن بولاتتى. لېكىن، ئالۋاستى شا شەيخنى كەينىدىن قوغلىماي ئوردىسىغا كىرىپ كەتتى. شا شەيخ ئامال قىلالماي سۇ يۈزىگە چىقىپ ئەھۋالنى ۋۇكۇڭغا ئېيتتى. ۋۇكۇڭ:
— بۇ ئالۋاستىنىڭ تاغىسى كىمدۇ؟ — دېدى. ئۇ شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا خېيشۈي دەرياسىنىڭ سۇ مۇئەككىلى سۇ يۈزىگە

چىقىپ كەلدى. ئۇ ۋۇكۇڭنى كۆرۈپ تىزلىنىپ يىغلاپ:

— ھېلىقى ئالۋاستى دولقۇن كۆتۈرۈلگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ غەربىي دېڭىزدىن بۇ يەرگە كېلىپ، ياشىنىپ قالغانلىقىم تۇپەيلى مېنى بوزەك قىلىپ، خېكىياڭ جىلغىسى خېيشۇي دەرياسى ئىلاھىي مەھكىمەمنى تارتىۋالدى. غەربىي دېڭىزغا بېرىپ ئەرز قىلدىم، غەربىي دېڭىز ئەجدىھا پادىشاھىنىڭ ئۇنىڭ تاغىسى ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلەي، ئەرز قىلغىلى قويمىدى. يۇرۇن سۇلتانغا ئەرز قىلاي دەپ ئويلىغان، لېكىن ئەمەل - مەرتىۋەم تۆۋەن، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمىدىم، — دېدى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ۋۇكۇڭ بىرلا موللاق ئېتىپ غەربىي دېڭىزغا باردى. ئۇ كېتىۋېتىپ توساتتىن بىر قارا بېلىق يالماۋۇزنىڭ ئالتۇن يالىتىلغان قۇتىنى كۆتۈرۈپ سۇدا شۇڭغۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى - دە، ئۇنى گۇرزىسى بىلەن بىرنى سېلىپ مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋەتتى. ۋۇكۇڭ قۇتىنى ئاچتى، قۇتىدىن ئالۋاستىنىڭ ئەجدىھا پادىشاھىنى تاڭ سېڭنىڭ گۆشىنى يېيىشكە چىللىغان تەكلىپنامىسى چىقتى. ۋۇكۇڭ تەكلىپنامىنى ئېلىپ ئەجدىھا پادىشاھىنىڭ ھۇزۇرىغا كىردى. ئەجدىھا پادىشاھ ئۇنى ئوردىسىغا باشلاپ چايغا تەكلىپ قىلدى. ۋۇكۇڭ تەكلىپنامىنى ئەجدىھا پادىشاھقا بېرىپ:

— مەن سېنىڭ چېيىڭنى ئىچمەيمەن، سەن مېنىڭ شاراپىمنى ئىچىسەن، — دېدى. ئەجدىھا پادىشاھ قورقىنىدىن شۇ ھامان تىزلىنىپ تۇرۇپ ئالدىراش گۇناھىنى تىلىدى. ئەسلىي ئۇ ئالۋاستى ئاۋشۇنىڭ توققۇزىنچى جىيەنى ئىدى. ئاتا - ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئەجدىھا پادىشاھ ئۇنى خېيشۇي دەرياسىغا ۋاقىتلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئىدى. ۋۇكۇڭنىڭ چىشىغا تېگىپ قويىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان ئىدى. ئەجدىھا پادىشاھ ئالۋاستىنى تۇتۇپ كېلىشكە دەرھال ۋەلىئەھد موئاڭنى بەش يۈز سۇ لەشكەرلىرى بىلەن ئەۋەتتى، كاتتا زىياپەت راسلاپ

ئەۋلىيا ئەزىمەدىن گۇناھىنى تىلىدى. ۋۇكۇڭ زىياپەتكە قارىماي
بىر سىركاي پۇراقلىق چاينى ئىچىپ، ئەجدىھا پادىشاھ بىلەن
خوشلىشىپ، مو ئاڭ باشلىغان سۇ لەشكەرلىرى بىلەن غەربىي
دېڭىزدىن ئايرىلدى.

ئۇلار خېيشۇي دەرياسى بويىغا كەلدى، ۋەلىئەھد موئاڭ
ۋۇكۇڭنى قىرغاقتا قېلىپ ئۇستازنى كۇتۇشنى ئېيتىپ، ئۆزى
سۇ لەشكەرلىرىنى باشلاپ خېيشۇي دەرياسى ئىلاھىي مەھكىمە-
سىنىڭ ئالدىدا بارگاھ قۇرۇپ، ئاندىن ئالۋاستىنى چاقىرىپ
كېلىشكە لەشكەر ئەۋەتتى ۋە ئۇنىڭغا تاڭ سېڭ بىلەن جۇباجيېنى
قويۇۋېتىش، شۇ ئارقىلىق بىر قوشۇق قېنىنى تىلەش توغرىسىدا
پەرمان چۈشۈردى. ئالۋاستى بۇ پەرمانغا بويسۇنۇش ئۇياقتا تۇر-
سۇن، ئەكسىچە ۋەلىئەھدىن يۈز ئۆرۈدى. ئىككىسى باھادىرلىق
تالىشىپ ئېلىشىپ كەتتى، دەريا دولقۇنلىنىپ كۆك بىلەن تەڭ
ئۆركەش ياسىدى. موئاڭ ئالۋاستىنىڭ بىر ئاجىزلىقىنى تۇتۇۋې-
لىپ، ئۈچ قىرلىق قورالى بىلەن ئالۋاستىنىڭ ئوڭ بىلىكىگە
زەرب بىلەن بىرنى سېلىپ، تېپىپ يىقىتىۋەتتى. سۇ لەشكەرلە-
رى يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئالۋاستىنى باغلاپ، يالاپ قىرغاققا ئې-
لىپ چىقتى.

ۋەلىئەھد ۋۇكۇڭنىڭ ئالۋاستىنى جازالىشىنى تەلەپ قىل-
دى. ۋۇكۇڭ ئاۋ شۇن بىلەن ۋەلىئەھد موئاڭنىڭ يۈز ـ خاتىرى-
سىنى قىلىپ، ئالۋاستىنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كەچتى.
ۋۇكۇڭ شا شەيخ بىلەن دەرياغا شۇڭغۇپ كىرىپ، سۇ مەھكىمە-
سىگە سولانغان تاڭ سېڭ بىلەن جۇباجيېنى قۇتقۇزۇپ چىقتى.
ۋەلىئەھد موئاڭ ئالۋاستىنى يالاپ غەربىي دېڭىز ئەجدىھا پادىشا-
ھىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ ماڭدى. خېيشۇي دەرياسى مۇئەككىلى
ۋۇكۇڭنىڭ ئىلاھىي مەھكىمىنى ئېلىپ بەرگەنلىكىگە رەھمەت
ئېيتىپ، سېھىر ئىشلىتىپ دەريانىڭ يۇقىرىسىدىن كېلىۋاتقان
سۇنى توختىتىپ، قىنىدىن بىر يول ئېچىپ بەردى. ئۇستاز ۋە

ئۇنىڭ شاگىرتلىرى دەريادىن ئۆتۈپ، دەريا مۇئەككىلىگە رەھ-مەت ئېيتىپ، قىرغاققا چىقىپ يولىنى داۋام ئەتتى.

## 22 - باب ئۈچ سۇزۇك ئىبادەتخانىسدا سۇيدۈكنىڭ دېمىدە سۈيى بولۇپ قالغانلىقى

ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى قار - شىۋىرغانغا قارىماي، كەچلىرى ئايدالىدا تۈنەپ، نۇرغۇن يول يۈرۈپ باش باھارنىڭ كىرىپ قالغىنىنى تۇيمايلا قېلىشتى. ئۇلار يول بويى باھار مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىپ كېتىۋېتىپ، بىردىنلا نەچچە ئونمىڭ ئادەمنىڭ نىداسى ئەكس ئەتكەن بىر ئايانچلىق سادانى ئاڭلاپ قالدى. بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتكەن تاڭ سېڭ ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، ئالدىغا مېڭىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ۋۇكۇڭ:

— مەن بېرىپ قاراپ باقاي! — دېدى - دە، بىرلا موللاق ئېتىپ كۆككە چىقىپ كەتتى، يېقىنلا يەردە شەھەر، شەھەر سىرتىدا بىر سايازلىق كۆرۈندى. ھارۋا سۆرەپ كېتىۋاتقان بىر توپ شەيخلەر تەڭلا:

— ئىلاھىي بۇدساتۋا! — دەپ نالە قىلىشىۋاتاتتى. بىر چاغدا ئىككى ئۆسمۈر دەرۋىش پەيدا بولدى، شەيخلەر ئۇ ئىككىسىنى كۆرۈپ غالىلداپ تىترەپ ئۆلە - تىرىلىشىگە باقماي ھارۋىنى كۆچەپ تارتىشقا باشلىدى.

ئەۋلىيا ئەزەم بىرلا سىلكىنىپ يولۇچى دەرۋىشكە ئايلىنىپ ھېلىقى ئىككى ئۆسمۈر دەرۋىشتىن سوراپ، بۇ يەرنىڭ چېچىگو دۆلىتى ئىكەنلىكىنى، يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدا قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ، ئاھالىلەر تىرىكچىلىك قىلىشقا ئامالسىز قالغان چاغدا، ئاسماندىن يولۋاس كۈچلۈك پىركالان، قوچقار

كۆچلۆك پىركالان، بۇغا كۆچلۆك پىركالان ئىسمىلىك ئۈچ پىركالاننىڭ چۈشكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ شەيخلەر بىلەن يامغۇر تىلەش ماھارىتى سىنىشىپ، نەتىجىدە دەرۋىشلەرنىڭ يەڭگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ پادىشاھ تەرىپىدىن دۆلەت پىرلىرى دەپ ئاتالغانلىقىنى، شۇندىن كېيىن شەيخلەرنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنىڭ بىردىنلا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتى.

ۋۇكۇڭ يەنە شەيخلەردىن ئۇقۇشۇپ يۈرۈپ شەيخلەرنىڭ يېقىندىن بېرى ئەرش ئەۋلىيانىڭ بېشارىتى بويىچە تاڭ سېڭنىڭ چوڭ شاگىرتى سۇن ۋۇكۇڭنىڭ كېلىپ ئۆزلىرىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشقانلىقلىرىدىن خەۋەر تاپتى. سۇن ۋۇكۇڭ مەمنۇن بولۇپ، ئەسلىي قىياپىتىگە قايتىپ گۈرزىسى بىلەن بىرنى قويۇپ ئىككى ئۆسمۈر دەرۋىشنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، شەيخلەرنى قويۇۋەتتى.

شۇ كۈنى كەچ، تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى شەھەرگە كىرىپ بىر ئىبادەتخانىغا چۈشكۈن قىلدى. يېرىم كېچىدە ۋۇكۇڭ، جۇباجيې، شا شەيخنى چاقىرىپ، بۇلۇتقا چىقىپ ئۈچ ئەفتاپخانىسىنىڭ ئۈستىگە ئۇچۇپ كېلىپ، ئۇ يەرگە نەزەر سالدى. ئۈچ دەرۋىش دۇرۇت ئوقۇۋاتاتتى. ئەۋلىيا ئەزەم ئۇلارنى ئۈچ دەرۋىش كالان دەپ ئويلاپ، بىرلا پۈۋلەپ قاتتىق بوران چىقىرىپ خانىقادىكى شاملارنىڭ ھەممىسىنى ئۆچۈرۈۋەتتى. دەرۋىشلەر ئامالسىز ھۇجرىلىرىغا قايتىشتى. ۋۇكۇڭ ئۈچىسى بۇلۇتتىن چۈشۈپ خانىقاغا كىردى. جۇباجيې ئەفتاپ بۇتلىرىنى ھاجەتخانىغا تاشلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن جۇباجيې پەلەك پېشۋاسى، شا شەيخ پاك دىل تەرىقەت بېگى، ۋۇكۇڭ ئىپتىدائىي پەلەك ئىززىتى قىياپىتىگە كىرىۋالدى. ئۇلار شىرەدىكى نازۇ نېمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى پاك - پاكىز يەپ تۈگەتتى.

بىر كىچىك دەرۋىش خانىقادا چىقىۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلاپ قورقۇپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشتى. جۇباجيې شەيتانلىق قىلىپ

قاقاقلاپ كۆلۈپ تاشلىدى. كىچىك دەرۋىش ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قېچىپ كەتتى. بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغان ئۈچ دەرۋىش چىراغ ياقتۇرۇپ كېلىپ قارىدى. شىرەدىكى نەزىر تائاملىرى يېيىلىپ تۆكۈلگەن ئىدى. ئۇلارنى ئۈچ پەلەك ئىززىتى ئەۋلىيالار ئىكەن دەپ ئويلىغان ئۈچ دەرھال تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ باش ئۇرۇپ، ئەۋلىيالارنىڭ ئۆزلىرىگە دېمىدە سۆيى بىلەن نەربايۇن دورىسى بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. ۋۇكوڭ ئېغىز ئېچىپ، ئۇلارنىڭ دېمىدە سۆيىنى قاچىلايدىغان نەرسە ئەكېلىشنى بۇيرۇدى. يولۋاس كۈچلۈك پىركالان يوغان بىر ئىدىش، بۇغا كۈچلۈك پىركالان بىر قۇم تەڭنىنى، قوچقار كۈچلۈك پىركالان بىر لوڭقىنى ئەكەلدى.

ۋۇكوڭ:

— سىلەر ئىشكنى يېپىپ چىقىپ كېتىڭلار، ئىش ئاشكارىلىنىپ قېلىپ پۇرسەت كېتىپ قالسا ئىش چاتاق بولىدۇ، — دېدى.

ھېلىقى دەرۋىشلەر چىقىپ كېتىشتى، ۋۇكوڭ، جۇباجيې ۋە شا شەيخ ئۈچ قاچىغا سىيدى. ئاردىن بىردەم ئۆتۈپ دەرۋىشلەر خانىقاغا كىرىپ، دېمىدە سۆيىنى ئىچىپ بېقىشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ، قوللىرىغا سۆپۈرگە، كالتەكلەرنى ئېلىشىپ ۋۇكوڭ، جۇباجيې ۋە شا شەيخكە تاش - كېسەكلەرنى ياغدۇرۇۋەتتى. ۋۇكوڭ ھەمراھلىرى بىلەن بىللە خانىقادىن چىقىپ، ئۇخلىغىلى ئىبادەتخانىغا كەتتى.

## 23 - باب ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ ئالۋاستىلارنى پەم بىلەن يوقاتقانلىقى

ئەتىسى، تاڭ سېڭ شاگىرتلىرىنى باشلاپ يولخېتىنى ئالماشتۇرغىلى پادىشاھ ھۇزۇرىغا باردى. ئۈچ دەرۋىش تۈنۈگۈن

بولغان ئىشلارنى پادىشاھقا مەلۇم قىلىپ، پادىشاھنىڭ بۇ تۆت شەيخنى تۇتۇشنى تەلەپ قىلدى. ۋۇكۇڭ تۇنۇگۇن ئۆزىنىڭ دەرۋىشنى ئۆلتۈرگەنلىكى ھەم ئىبادەتخانىغا سىيىپ قويغانلىقى-نىڭ ھېچقانداق ئىسپاتى يوقلۇقىنى دەپ تۇرۇۋالدى. پادىشاھ دەرگۇمان بولۇپ تۇرغان ئەھۋالدا، ئوردا ئالدىغا نۇرغۇن پۇقرا-لار كېلىپ دۆلەت پىرلىرىنىڭ يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلدى. پادىشاھ تاڭ سېڭنى دۆلەت پىرلىرى بىلەن بەسلىشىشكە دەۋەت قىلدى، شەرتى، يامغۇر ياغدۇرۇش ئىدى.

— يامغۇرنى كىچىك شەيخمۇ ياغدۇرالايدۇ، — دېدى كۇ-لۇپ ۋۇكۇڭ.

ئىلاھىي مۇنبەر ياسالدى، يولۋاس كۇچلۇك پىركالان ئىلا-ھىي مۇنبەرگە چىقىپ، ئىسرىق سالدى ۋە ئەپسۇن ئوقۇدى، پەرمان تاختىسىنىڭ ئاۋازى چىقىش بىلەن ھاۋادا دېگەندەك بوران پەيدا بولدى. ۋۇكۇڭ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، بەدىنىدىن بىر تال تۈكنى يۇلۇپ يالغان سۇن دەرۋىشكە ئايلاندۇرۇپ، ئۆزى بىرلا موللاق ئېتىپ ئاسمانغا چىقتى - دە، بوران ئانىغا بورانىنى يىغىشتۇرۇۋشقا بۇيرۇدى. دەرۋىش پەرمان تاختىسىنى ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قېتىم ئۇردى، ۋۇكۇڭ بۇلۇت سۇرگۈچ بالا بىلەن تۇمان يىگىتنى، چاقماق مۇئەككىلى بىلەن گۇلدۇرماما مۇئەك-كىلىنى توسۇپ قالدى. چاقماق مۇئەككىلى بىلەن گۇلدۇرماما مۇئەككىلى دەرۋىشنىڭ پەرمانىغا پەرۋا قىلمىدى.

يولۋاس كۇچلۇك پىركالان بورانىنىڭ توختاپ، بۇلۇتلارنىڭ تارقىلىپ، گۇلدۇرماما گۇلدۇرلىمىگەنلىكىدىن ئەجەبلەندى. پەرمان تاختىسىنى تۆتىنچى قېتىم ئۇرۇپ، يامغۇر ياغدۇرۇشقا تۆت دېڭىز ئەجدىھا پادىشاھلىرىنى چاقىردى. تۆت دېڭىز ئەجدىھا پادىشاھلىرىنى ئەۋلىيا ئەزەم توسۇپ قالغانلىقتىن، ئۇلار ئەۋلى-يا ئەزەمنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇردى.

پادىشاھ يولۋاس كۇچلۇك پىركالاندىن نېمىشقا يامغۇر ياغ-

ـمغانلىقىنى سورىدى. يولۋاس كۆچلۈك پىركالان ئەجدىھا پادىـ
شاھلىرى ئۆيىدە يوق ئىكەن، دەپ يالغان ئېيتتى. ۋۇكۇڭ:

— ئالىيلىرى، ھەرقايىسى ئەجدىھا پادىشاھلار ئۆيىدە بار،
دۆلەت پىرى ئۇلارنى ئەكېلەلمەيۋاتىدۇ، يەنىلا مەن تەكلىپ
قىلايمىكىن! — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ۋۇكۇڭ تاڭ سېڭغا ھەمـ
ـراھ بولۇپ ئىلاھىي مۇنبەرگە چىقتى، ئۇ تاڭ سېڭنى دۇرۇت
ئوقۇشقا قويۇپ، ئۆزى ئالتۇن توقىلىق دىلىپسەن گۈرزىسىنى
ئېلىپ ھاۋاغا قارىتىپ بىرنەچچىنى پىرقىراتتى. شۇئان بوران
چىقىپ، بۇلۇتلار توپلىنىپ، چاقماق چېقىپ، گۈلدۈرماما گۈلـ
ـدۈرلەپ چېلەكلەپ قۇيغاندەك يامغۇر يېغىپ كەتتى. بۇ يامغۇر
ئۈچىنچى جىسەك ۋاقتىغىچە ياغدى، پۇقرالار ئالقىش ياڭراتتى،
پادىشاھ كەينى - كەينىدىن باش لىڭشىتىپ مەمنۇن بولغان
ھالدا:

— بولدى بەس، بولدى بەس، ئەمدى ياغسا ئارتۇقلۇق
قىلىدۇ، — دېدى كۈلۈپ. ۋۇكۇڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئالتۇن
توقىلىق دىلىپسەن گۈرزىسىنى ھاۋاغا قارىتىپ شىلتىدى، شۇ
ھامان بوران، چاقماق بېسىقىپ، بۇلۇتلار تارقىلىپ كەتتى.
بۇنىڭدىن خۇش بولغان پادىشاھ دەرھال تاڭ سېڭنىڭ يولخېتىنى
ئالماشتۇرۇپ بەردى. بۇنىڭغا يولۋاس كۆچلۈك پىركالان قايىل
بولمىدى. ئۇ سۇن دەرۋىش بىلەن ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ بەسلەشـ
ـمەكچى بولدى. سۇن دەرۋىش قىيىن ئەھۋالدا قالدى. بىر ياندا
سەنزاڭ ۋۇكۇڭغا:

— ئېتىكاپتا مەن ئولتۇرالايمەن، — دېدى. ۋۇكۇڭ خۇر-
سەن بولۇپ كەتتى.

يېرىم جىسەك ۋاقتىغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە يولۋاس
كۆچلۈك پىركالاننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئەللىك شىرە ئۈستىـ
ئۈستىگە دەستىلىنىپ ئېگىز ئىككى ئېتىكاپ سۇپىسى ياسالدى.
يولۋاس كۆچلۈك پىركالان غەربىي تەرەپتىكى سۇپىدا ئولتۇر-

دى، ۋۇكۇڭ بولۇتقا ئايلىنىپ ئۇستازىنى سوپا ئۇستىگە ئېلىپ چىقىپ شەرقىي تەرەپتىكى سوپىدا ئولتۇرغۇزدى. بوغا كوچلۇك پىركالان ئىككىيلەننىڭ ئېتىكاپتا شۇنچە ئۇزاق ئولتۇرۇپمۇ بىر- بىرىنى يېڭەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، بىر تال تۈكىنى يۇلۇۋېلىپ بىر چوسىغا ئايلاندۇرۇپ تاڭ سېڭنىڭ بېشىغا ئاتتى. تاڭ سېڭنىڭ ئارامسىزلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ۋۇكۇڭ بىر قۇرتقا ئايلىنىپ چوسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئاندىن دەرۋىشنىڭ بېشىغا چىقىپ يەتتە سۇڭ ئۇزۇنلۇقتىكى كىركەك قۇرتقا ئۆزگىرىپ، بۇرۇن تۆشۈكىگە كىرىپ نەشتىرىنى سانجىدى. كوچلۇك يولۋاس پىركالان ئورنىدا ئولتۇرالماي، سوپىدىن موللاق ئېتىپ چۈشۈپ جېنىدىن ئايرىلغىلى قىل قالدى.

يولۋاس كوچلۇك پىركالاننىڭ ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ بەسلەشىشتە يېڭىلگەنلىكىنى كۆرگەن بوغا كوچلۇك پىركالان ئۆزىنىڭ تاڭ سېڭ بىلەن ساندۇق ئىچىدىن تېپىشماق تېپىشتا بەسلىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. پادىشاھ ھەرەمگە بۇيرۇپ قىزىل سىردا سىرلانغان ساندۇقتىن بىرنى ئوردىغا ئېلىپ كىرىپ، خانىشقا قىممەتلىك بۇيۇمدىن بىرنى ئالدۇرۇپ قويۇلخانىغا قويدۇردى، ئاندىن بوغا كوچلۇك پىركالان بىلەن تاڭ سېڭغا ساندۇقنىڭ ئىچىدىكىنى تېپىشقا بۇيرۇدى. ئەۋلىيا ئەزەم قۇرتقا ئايلىنىپ ساندۇققا كىرىۋالدى، ئۇ ساندۇققا سېلىنغان بىر يورۇش ئوردا كىيىمىنى كۆرۈپ، ئوردا كىيىمىنى ئەسكى كىيىمگە ئايلاندۇرۇۋېتىپ، ساندۇقتىن ئۇچۇپ چىقىپ، تاڭ سېڭغا ئاستا دەپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن، بەسلىشىشتە تاڭ سېڭ يەڭدى.

پادىشاھ بۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ ئۆز قولى بىلەن ساندۇققا يوغان بىر دانە شاپتۇلنى سېلىپ، بوغا كوچلۇك پىركالان بىلەن تاڭ سېڭغا تېپىشنى ئېيتتى. ۋۇكۇڭ يەنە ساندۇققا كىرىۋېلىپ شاپتۇلنى يەپ كەتتى، ئۇرۇقچىسىنى پەتنۇسقا قويۇپ قويدى.

يەنە تاڭ سىلىڭ تىپىۋالدى. بۇنىڭدىن ھەيران بولغان پادىشاھ تاڭ سىڭغا ئەۋلىيالار يوشۇرۇن ياردەم قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى. يولۋاس كۆچلۈك پىركالان بىلەن پادىشاھ ساندۇققا بىر بالا دەرۋىشنى سالدى. ۋۇكۇڭ يەنە ساندۇققا كىرىۋېلىپ، ئۇنى قېرى دەرۋىشكە ئايلاندۇرۇۋەتتى، بالا دەرۋىشنىڭ چېچىنى چۇشۇرۇۋېتىپ، دەرۋىش كىيىمىنى شەيخ كىيىمىگە ئۆزگەرتىۋەتتى، بىر تال تۈكىنى يۇلۇپ تاك - تاكقا ئايلاندۇرۇپ بالا دەرۋىشنى ساندۇقتىن تاك - تاك چېلىپ چىقىدىغان سىياققا كىرگۈزدى. بەسلىشىشتە يېڭىلگەن ئۈچ كالان ئاغزىنى ئاچالماي قېلىشتى.

ھېلىقى يولۋاس كۆچلۈك پىركالان قەتئىي قايىل بولماي ۋۇكۇڭ بىلەن باشنى كېسىش، ئىچ- باغرىنى يېرىش ۋە قايناۋاتقان قازانغا چۈشۈش ماھارىتىدە بەسلەشمەكچى بولدى. ۋۇكۇڭ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ شۇئان ماقۇل بولدى. سۇن دەرۋىش بېشىنى تۇتۇپ بەردى، جاللات ئۇنىڭ بېشىنى چېپىپ تاشلاپ ئوتتۇز - قىرىق قەدەم نېرىغا تېپىۋەتتى. سۇن دەرۋىشنىڭ بېشىدىن قان چىقمىدى، قورسىقىدىن «بېشىم قايتىپ كەل» دېگەن ئاۋاز چىقتى. ھودۇقۇپ كەتكەن بۇغا كۆچلۈك پىركالان ئەپسۇن ئوقۇپ، يەر مۇئەككىلىگە سۇن دەرۋىشنىڭ بېشىنى باستۇرۇۋېلىپ مىدىر - سىدىر قىلدۇرمىدى. ئالدىراپ كەتكەن ۋۇكۇڭ باغلاقتىن بوشىنىپ «ئۆسۈپ چىق!» دەپ توۋلىدى. ئۇنىڭ قورسىقىدىن بىر باش ئۆسۈپ چىقتى. ۋۇكۇڭ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇستازىغا:

— قالتىس ئويۇن بولدى! — دېدى.

بېشىنى كەستۈرۈش نۆۋىتى يولۋاس كۆچلۈك پىركالانغا كەلدى، جاللات ئۇنىڭ بېشىنى چېپىپ بولۇپ، بىر ياققا تېپىۋەتتى. يولۋاس كۆچلۈك پىركالان «بېشىم قايتىپ كەل» دېدى. ۋۇكۇڭ بىر تال تۈكىنى يۇلۇپ بىر سېرىق ئىتنى پەيدا

قىلدى، بۇ سىرىق ئىت باشنى چىشلەپ يۇشۇي دەرياسى بويىغا
قېچىپ باردى ۋە ئۇنى سۇدا ئاقتۇرۇۋەتتى. يولۋاس كۇچلۇك
پىركالان ئۈچ قېتىم ۋارقىرىغان بولسىمۇ بېشى قايتىپ كەلمە-
دى، بىردەمدىن كېيىن بويىندىن غۇرقىراپ قان ئېقىپ جېنى-
دىن جۇدا بولدى. ئۇ ئەسلىي بىر باشسىز سىرىق تاغىل يولۋاس
ئىدى.

پادىشاھ بۇ ئىشلاردىن ھەيران بولۇپ ئىككى پىركالانغا
قارىدى. بۇغا كۇچلۇك پىركالان ئىچ - باغرىنى يېرىشتا ۋۇكۇڭ
بىلەن بەسلەشمەكچى بولدى. ۋۇكۇڭ قورقۇپ قالمىدى، تۇۋ-
رۇك ئالدىغا ئۆتۇپ ئىچ - باغرىنى جاللاتقا يارغۇزدى، ئاندىن
ئىچ - باغرىنى رەتلەپ «ھىملەش!» دېدى، قورسىقى ھىملى-
شىپ تاتۇق قالمىدى. ئىچ- باغرىنى يارغۇزۇش نۆۋىتى بۇغا
كۇچلۇك پىركالانغا كەلدى، ئۇ ئىچ- باغرىنى يارغۇزغاندىن
كېيىن سۇن دەرۋىشتەك ئىچ - باغرىنى رەتلىدى. ۋۇكۇڭ بىر
تال تۇكىنى يۇلۇپ ئېچىرقاپ كەتكەن قارچىغىغا ئايلاندۇردى.
قارچىغا ئۇنىڭ ئىچ - باغرىنى چىشلەپ ئۇچۇپ كۆزدىن غايىب
بولدى. بىچارە بۇغا كۇچلۇك پىركالان شۇئان يەرگە يىقىلدى.
ئۇ ئەسلىدىكى ئاق بۇغا ھالىتىگە كەلدى.

قوچقار كۇچلۇك پىركالان ماي قايناۋاتقان قازانغا چۈشۈشتە
ۋۇكۇڭ بىلەن بەسلەشمەكچى بولدى. ۋۇكۇڭ ماي قايناۋاتقان
قازانغا چۈشۈپ موللاق ئېتىپ قانغۇچە ئوينىدى. جۇباجيې بۇنى
كۆرۈپ ۋۇكۇڭغا ئاپىرىن ئوقۇپ كەتتى. ۋۇكۇڭ جۇباجيې مېنى
مازاق قىلىۋاتىدۇ دەپ قاراپ چىلان ئۇرۇقچىسىغا ئۆزگىرىپ
قازاننىڭ تېگىگە چۆكۈۋالدى. بۇنى كۆرگەن نازارەتچى ئەمەلدار
پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئالىيلىرى، كىچىك شەيخ ئۆلدى، — دېدى. پادىشاھ
ئۈچ شەيخنى باغلاشقا پەرمان چۈشۈردى. جۇباجيې ئاچچىقى
كېلىپ:

— قارغىش قېپى مايمۇنەك، مايدا پىشقان مىراخور! ئۇ جېنىمدىن جۇدا بولدى! — دېدى. ۋۇكۇڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ماي قايناۋاتقان قازاندىن سەكرەپ چىقىپ:

— ۋۇھ دۆت! كىمنى تىللاۋاتىسەن؟ — دېدى. ھودۇقۇپ كەتكەن نازارەتچى ئەمەلدار:

— كىچىك شەيخنىڭ روھى تىرىلدى، — دېدى. ۋۇكۇڭ ئاچچىقىغا پايلىماي بىر گۇرزە بىلەن نازارەتچى ئەمەلدارنى قىيما- چىيما قىلىۋەتتى.

ماي قايناۋاتقان قازانغا چۈشۈش نۆۋىتى قوچقار كۈچلۈك پىركالانغا كەلدى. قوچقار كۈچلۈك پىركالان سېھىر ئىشلىتىپ بىر مۇز ئەجدىھانى ئەكەلگەن ئىدى، قازان شۇنچىلىك قايناۋات- قان بولسىمۇ، ماي يەنىلا مۇزدەك ئىدى. ۋۇكۇڭ ئەپسۇن ئوقۇپ شىمالىي دېڭىز ئەجدىھا پادىشاھىنى چاقىرىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭغا قازان ئاستىدىكى مۇز ئەجدىھانى ئېلىپ كېتىشنى بۇي- رۇدى. ئەجدىھا پادىشاھ بۇيرۇق بويىچە قۇيۇنغا ئايلىنىپ مۇز ئەجدىھانى تۇتۇپ ئېلىپ كەتتى.

ھېلىقى قوچقار كۈچلۈك پىركالان قايناۋاتقان مايدا كۆ- يۈپ، قازاندا ئۇستىخاندىن باشقا ھېچنېمىسى قالمىدى.

دۆلەت پىرلىرىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاقتى. ۋۇكۇڭ:

— سىلى نېماندىق گالۋاڭ! بۇ ئالۋاستىلارنى مەن يوقاتمى- غان بولسام، دۆلەتلىرى شۇلارنىڭ بولۇپ كەتمەسمىدى. يولخې- تىمىزنى ئالماشتۇرۇپ بىزنى يولغا سالماي تۇرىلىغۇ، — دېدى. پادىشاھ ئاندىن ئەقلىگە كېلىپ، كاتتا زىياپەت راسلاپ، تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنى كۈتۈۋېلىپ، ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىش توغرۇلۇق يارلىق چۈشۈردى.

ئەتىسى، پادىشاھ تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنى شەخ-
سەن ئۆزى شەھەردىن ئۇزىتىپ قويدى.

## 24 - باب چېنجۇاڭ كەنتىدە باللارنى قۇتۇل-دۇرۇش ۋە شەپقەتكار بۇدساتۋانىڭ سېۋەت كۆتۈرۈشى

ۋاقىت سۇدەك ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، تاڭ سېڭ شاگىرتلىرى
بىلەن شۇ ماڭغىنىچە كۆز ئايلىرىنىڭ كىرىپ قالغىنىنىمۇ تۇي-
ماي قېلىشتى. بىر كۈنى، قاش قارايغان چاغدا ئۇلارنىڭ يولى-
نى بىر ئەزىم دەريا توسۇۋالدى، دەريا ياقىسىدىكى تاش ئابىدى-
گە: «تۇڭتيەن دەرياسى» دېگەن خەت، ئۇنىڭ ئاستى تەرىپىگە:
«800 چاقىرىم كېلەر كەڭلىكى، ئەزەلدىن ئاز ئۆتكەن بۇ
يەردىن كىشى» دېگەن خەتلەر يېزىلغان ئىدى. ئۇلار بۇ تاش
ئابىدىگە قاراپ تۇرغاندا يېقىن ئەتراپتىن داقا - دۇمباق ئاۋازى
كەلدى- دە، ئاۋاز چىققان تەرەپكە مېڭىپ بىر كەنتكە كەلدى.
بىر كىشى سەدىقە ئىشى بىلەن مەشغۇل ئىدى، سەنزاڭ ئۆزلىرى-
نىڭ ئۇنىڭ ئۆيىنى قونالغۇ قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى دېدى.
ئەھۋال ئۇققىلى ئۆيدىن چىققان بىر بوۋاي ۋۇكۇڭ، جۇباجيې
ۋە شا شەيخلەرنى كۆرۈپ، قورققىنىدىن:
— ئالۋاستى كەلدى! ئالۋاستى كەلدى! — دەپ ۋارقىر-
دى. تاڭ سېڭ ئالمان - تالمان:
— قورقمىسىلا، ئۇلار مېنىڭ شاگىرتلىرىم. تۇرقى سەت
بولغىنى بىلەن ئالۋاستىلارنى تۇتۇشتا كارامىتى بار! — دېدى.
تاڭ سېڭ، بوۋايدىن نېمىشقا پەرھىز تۇتىدىغانلىقىنى سو-
رىدى.
— مېنىڭ ئىسمىم فامىلەم چېن چېڭ. سەككىز ياشلىق

قىزىم بار، ئىنىمنىڭ ئىسمى چىن چىڭ، يەتتە ياشلىق بىر ئوغلى بار. تۆتتىيەن دەرياسىنىڭ بويىدا مۆجىزىلىك ئەۋلىيا بۇتخانىسى، شۇ بۇتخانىدا مۆجىزىلىك ئەۋلىيا بار. ئۇ ھەر يىلى بىر ئوغۇل بالا ۋە بىر قىز بالىنى يەيدۇ، بولمىسا بۇ يەرنى سۇغا باستۇرۇۋېتىدۇ. ئوغۇل ـ قىزنى نەزىر قىلىش بۇ يىل بىزگە كەلدى، شۇڭا ھايات پەرزەنتلىرىمىز ئۇچۇن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىۋاتىمىز، — دېدى بوۋاي يىغلاپ.

ۋۇكوڭ ئۆلارنىڭ ئوغلى بىلەن قىزىنى چاقىرىپ چىقتى. ئۆلارغا بىر قاراپ قويۇپ، بىرلا سىلكىنىپ ھېلىقى ئوغۇلغا ئايلانغان ۋۇكوڭ جۇباجيېنى قىز بالىغا ئۆزگىرىشكە مەجبۇر قىلدى. جۇباجيې نائىلاج ئۆزگەردى، لېكىن قورسىقى تومپې- يىپ چىقىپ قالغان سېمىز قىزغا ئايلىنىپ، بايىقى قىز بالىغا ئوخشىماي قالدى. ۋۇكوڭ سېھىر كۈچى بىلەن ئۇنى بايىقى قىز بالىغا ئوخشاش قىلىپ قويدى. ۋۇكوڭ ئىككى بوۋايغا:

— ئۆلارنىڭ ئورنىغا بىز ئىككىمىزنى ھېلىقى ئەۋلىياغا نەزىر قىلىۋەتسىلە، قانداق؟ — دېدى. چېن فامىلىلىك ئاكا- ئۇكىلار ئالدىراش تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ رەھمەت ـ ھەشقاللا ئېيتتى. ئۆلار يوغان ئىككى پەتنۇس ئەكەلدۇرۇپ، تۆت يىگىت- نى تېپىپ كېلىپ، ۋۇكوڭ بىلەن جۇباجيېنى مۆجىزىلىك ئەۋ- لىيا بۇتخانىسىغا كۆتۈرۈپ ئاپاردى. چېن فامىلىلىك ئاكا ـ ئۇكا نەزىر بۇيۇملىرىنى قويۇپ، قەغەز كۆيدۈرۈپ كەتتى. بىر- دەمدىن كېيىن، گۈركىرەپ بوران چىقىپ سىرتتىن بىر ئالۋاس- تى كىردى. ئۇ:

— بۇ يىل قايسى ئائىلە نەزىر قىلدى؟ — دەپ سورىدى. ۋۇكوڭ:

— چېن چيىڭ، چېن چىڭلار ئائىلىسى، — دەپ جاۋاب بەردى. ئالۋاستى گۇمان بىلەن يەنە:

— بۇرۇن بالىلار قورقىنىدىن يۈرىكى يېرىلىپ ئۆلۈپ

قالاتتى، بۇ يىل بالىلار جاۋابلىششقا پېتىنىدىغان بولۇپ قاپتۇ؟ — دېدى ـ دە، سوئىن دەرۋىشكە قول ئۇزاتماي، جۇباجىيې-غا قولىنى ئۇزاتتى. جۇباجىيې ساراسىمىگە چۈشۈپ، نەزىر شى-رەسىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئەسلىگە قايتتى، تىرنىسى بىلەن ئالۋاستىنى بىرنى سالدى. «تاراق» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئالۋاستىنىڭ ئۇچىسىدىكى بېلىق قاسىرىقى پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى. ئالۋاستى كەينىگە ئۆرۈلۈپ هاۋاغا چىقىپ كەتتى. ۋۇ-كۇڭمۇ ئەسلىگە قايتتى ـ دە، جۇباجىيې بىلەن بۇلۇتقا چىقىپ ئالۋاستىنى قوغلاپ كەتتى. ئالۋاستى بۇلۇتنىڭ بىر بۇرجىكىدە تۇرۇپ:

— سىلەر قايسى تامانىنىڭ شەيخلىرى؟ نېمىشقا مېنىڭ نەزىر ئېشىمغا توپا چاچىسىلەر؟ — دەپ سورىدى. ۋۇكۇڭ ئۆزىنىڭ ئات ـ جۇنىنى دەپ بەردى. ئالۋاستى ئۇلارنىڭ تاڭ سېڭنىڭ شاگىرتلىرى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ ماڭدى. جۇباجىيې قوغلاپ يېتىشىۋېلىپ ئۇنى تىرنىسى بىلەن يەنە بىرنى سالدى. ئالۋاستى بورانغا ئايلىنىپ تۇڭتيەن دەرياسى-غا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى. ۋۇكۇڭ بىلەن جۇباجىيې چېن جەمە-تى جاڭزىسىغا قايتىپ بېرىپ ئالۋاستىنى ئەل قىلىش جەريانىنى تاڭ سېڭ بىلەن چېن فامىلىلىك ئاكا ـ ئۇكىلارغا دەپ بەردى، كۆپچىلىك بۇنىڭدىن ناهايىتى خۇشال بولدى.

ئالۋاستى سۇ ئاستى ئوردىسىغا قايتىپ بوشىشىپلا كەتتى، ئۇنىڭ تاڭ سېڭنىڭ گۆشىنى يېگۈسى كېلەتتى، ئەمما ۋۇكۇڭ-دىن قورقاتتى. ئالا چىپار كىيىم كىيگەن بىر دەججال قېرى ئۇنىڭغا بىر مەسلىهەت كۆرسەتتى:

— سىلىنىڭ بوران چىقىرىپ، يامغۇر ياغدۇرالايدىغان، قار ياغدۇرۇپ مۇز تۇتقۇزالايدىغان كارامەتلىرى بار. بۈگۈن كەچلا تۇڭتيەن دەرياسىنى قاتتىق مۇز تۇتتۇرۇۋەتسىلە، بىرنەچ-چەيلەن بىرنەچچە ئادەمگە ئۆزگىرىپ دەريادا ماڭايلى. تاڭ سېڭ

نوم ئەكبلشكە ئالدىرايدۇ، ئۇنىڭغا مۇز تۇتقان دەريادىن ئۆتمەي ئامال يوق. ئۇلار مېڭىپ دەريانىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، ئىشنى... ، — دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئالۋاستى خۇرسەن بولۇپ كەتتى.

تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى چېن ئائىلىسىدە يېتىپ قالدى، ئۇلار تاڭ ئاتاي دېگەن چاغدا توڭلاپ ئويغىنىپ كېتىشتى. ئىشكتىن چىقىپ قارىسا، تالادا لەپىلدەپ قار يېغىۋاتقان، توڭتىيەن دەرياسىمۇ مۇز تۇتۇپ كەتكەن، دەريادا نۇرغۇن ئادەملەر مېڭىپ يۈرگەن ئىدى. نوم ئەكبلشكە ئالدىراپ تۇرغان تاڭ سېڭ شاگىرتلىرىنى دەرھال يۈك - تاقلارنى يىغىشتۇرۇشقا ئالدىراتتى. چېن فامىلىلىكلەر ئۇلارغا سەپەر تەييارلىقى قىلىش، ئاتنىڭ مۇزدا تېيىلىپ يىقىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئاتنىڭ پۇتىغا چۆپ تېڭىش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

تاڭ سېڭ ۋە شاگىرتلىرى چېن فامىلىلىك ئاكا - ئۇكىلار بىلەن خوشلىشىپ مۇز تۇتقان دەرياغا قەدەم قويىدى. ئۇلار ئەتىگەندىن تارتىپ قاراڭغۇ چۈشكۈچە توختىماي ماڭدى. ئالدىراش كېتىۋاتقان چاغدا بىردىنلا غايەت زور بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ مۇز يېرىلدى، ۋۇكوڭ موللاق ئېتىپ ئاسمانغا چىقىپ كەتتى. لېكىن، تاڭ سېڭ، جۇباجيې ۋە شا شەيخ ئاق ئات بىلەن بىللە سۇغا چۈشۈپ كەتتى. ئالۋاستى تاڭ سېڭنى تۇتۇپ سۇ مەھكىمىسىگە ئەكىرىپ كەتتى. جۇباجيې، شا شەيخ ئىككىسى يۈك - تاقلارنى سۇدىن سۆرەپ، ئاق ئاتنى يېتىلەپ سۇ يۈزىگە چىقىۋالدى. ۋۇكوڭ:

— ئۇستاز قېنى؟ — دەپ سورىدى. جۇباجيې:

— ئۇستازنى ئالۋاستى تۇتۇپ كەتتى، قالغان گەپنى قىرغاقتا چىققاندا قىلىشايلى! — دېدى.

ۋۇكوڭ ئۇستازنىڭ مۆجىزىلىك ئالۋاستىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ، سۇغا چۈشۈپ ئالۋاستىنى

بابلاش توغرىسىدا جۇباجىيې ۋە شا شەيخ بىلەن مەسلىھەتلەشتى. شا شەيخ ئۇچىسى تەڭ چۇشۇش تەكلىپىنى بەردى. ۋۇكۇڭ گۇرزىسىنى سۇدا تازا ياخشى ئىشلىتەلمەيتتى، شۇڭا ئۇنى سۇغا بىرى يۇدۇپ چۇشۇشكە توغرا كېلەتتى. جۇباجىيېنى ئادەتتە ۋۇكۇڭ تولا ئەخمەق قىلاتتى، مۇشۇ ئۆچىنى ئېلىش ئۇچۇن جۇباجىيې ۋۇكۇڭنى يۇدۇپ سۇغا چۇشۇشكە ئۆزلۇكىدىن رازى بولدى. ۋۇكۇڭ ئالدىنئالا تەييارلىق قىلىپ قويغان ئىدى، ئۇ بىر تال تۇكىنى يۇلۇپ يالغان ۋۇكۇڭغا ئايلاندۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى پىتقا ئۆزگىرىپ جۇباجىيېنىڭ قۇلىقىغا كىرىۋالدى. جۇباجىيې كېتىۋېتىپ قەستەنگە يىقىلدى، شۇنىڭ بىلەن يالغان ۋۇكۇڭ تۇكتىن ئۆزگەرگەن بولغاچقا، شۇ زامان كۆزدىن يۇتتى. شا شەيخ ۋۇكۇڭنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۇپ جۇباجىيېدىن ئاغرىندى. جۇباجىيېمۇ بۇ ئىشتىن بىئارام بولدى. ۋۇكۇڭ جۇباجىيېنىڭ قۇلىقىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ:

— ۋۇجىڭ، مەن بۇ يەردە! — دەپ ۋارقىرىدى. جۇباجىيې چۆچۇپ كېتىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ۋۇكۇڭدىن گۇناھىنى تىلىدى. ئۇچىسى سەپىرىنى داۋام قىلدى.

ئۇلار سۇ ئاستىدا يۇز چاقىرىمدەك مېڭىپ، توساتتىن بىر پەشتاقنى كۆرۇپ قالدى. پەشتاقتا «دەريا بىرونلىرى» دېگەن خەتلەر يېزىلغان ئىدى، بۇ دەل ئالۋاستىنىڭ تۇرالغۇسى ئىدى. ۋۇكۇڭ ئۇزۇن پۇتلۇق راك موماي سىياقىغا ئۆزگىرىپ ئەھۋال ئىگىلەشكە يۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئالۋاستى بىلەن ئالا چىپار كىيىم كىيگەن موماي ئىككىسى تاڭ سېڭنىڭ گۆشىنى قانداق يېيىش توغرۇلۇق كېڭىشىۋاتاتتى. ۋۇكۇڭ ئارقا ئوردىنى تېپىپ، تاڭ سېڭنىڭ تاش ساندۇقتا ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى.

ۋۇكۇڭ ئارقا ئوردىدىن چىقىپ جۇباجىيې بىلەن شا شەيخكە ئالۋاستىنى سۇ يۇزىگە ئالداپ چىقىپ ئېلىشىشنى ئېيتتى، ئاز-

دىن كېيىن ئۆزى قىرغاققا چىقتى. جۇباجيې بىلەن شا شەيخ غارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئالىتاغىل ۋارقىرىدى. ئالۋاستى غاردىن بىر توپ جىنلارنى باشلاپ چىقىپ مەيدانغا چۈشتى ۋە جۇباجيې بىلەن شا شەيخكە:

— ئۇچىڭ بىرلىشىپ مېنى يېڭەلىسەڭ، ئۇستازىڭنى چىقىرىپ بېرىمەن، بولمىسا سەنلەرنىمۇ قوشۇپ يەۋېتىمەن، — دېدى. جۇباجيې:

— ئوبدان ئوغلۇم، ئوبدانراق قاراپ باق! — دېدى. ئالۋاستى ئۇچۇپ ئۇ ئىككىسىگە ئېتىلدى. ئۇچەيلەن ئىككى جېسەك ۋاقتى ئېلىشىپ بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى. جۇباجيې شا شەيخكە ئىشارەت قىلدى ۋە يالغاندىن يېڭىلگەن بولۇپ، سۇ يۈزىگە قاراپ قاچتى. ئۇ قېچىپ كېتىۋېتىپ:

— كەلدى! كەلدى! — دەپ ۋارقىرىدى ۋۇكۇڭغا. ئالۋاستى جۇباجيېنى قوغلاپ قىرغاققا چىقىپ:

— نەگە قاچىسەن! — دەپ توۋلىدى. ۋۇكۇڭ گۈرزىسىنى ئويناتقان پېتى ئېتىلىپ بېرىپ ئالۋاستىنى گۈرزىسى بىلەن ئۇردى. ئالۋاستى ئۇمىتى بىلەن توسۇۋېلىپ ئۆزىنى دالدىغا ئالدى، ئۇچ قېتىم ئېلىشا - ئېلىشمايلا ئالۋاستى ۋۇكۇڭغا تەڭ كېلەلمەي نەيرەڭ ئىشلىتىپ سۇ ئاستىغا كىرىپ كەتتى.

ئالۋاستى غارغا كىرىۋېلىپ، ئۇششاق جىنلارغا غارنىڭ ئاغزىنى تاش ۋە لاي بىلەن ئېتىپ تاشلاشنى بۇيرۇدى، ئۆزى بولسا غاردىن چىقمىدى. جۇباجيې، شا شەيخ غارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئالۋاستىنى قىرغاققا قىزىقتۇرۇپ ئاچىقماقچى بولدى، لېكىن ئىككىسى ھەرقانچە قىلغان بولسىمۇ، ئالۋاستى غاردىن زادىلا چىقمىدى. جۇباجيېنىڭ ئاچچىقى كېلىپ تىرنىسى بىلەن ئۇرۇپ غارنىڭ ئىشىكىنى كۆز بىلەن كۆرگۈسىز قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، غارنىڭ ئىچى قاتمۇقات تاش ۋە لاي بىلەن ئېتىلگەن بولغاچقا، ئىچىگە كىرەلمىدى. جۇباجيې بىلەن شا شەيخ قىرغاق-

قا قايتىپ بېرىپ ئەھۋالنى ۋوكوڭغا دېيىشكە مەجبۇر بولدى.

ۋوكوڭ ئامال قىلالماي بۇلۇتقا چىقىپ شەپقەتكار بۇدساتۋا-نى ئىزدەپ جەنۇبىي دېڭىزغا باردى. ئىزچى ئۇنىڭغا شەپقەتكار بۇدساتۋانىڭ بامبۇكزارلىققا كىرىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنى بام-بۇكزارلىقنىڭ سىرتىدا ساقلاپ تۇرۇشنى ئېيتتى. ۋوكوڭ تا-قىتى تاق بولۇپ بامبۇكزارلىققا ئۇسۇپ كىردى. قارىسا، ئۇچى-سىغا قىسقا پەشمەت، زەرباب كۆڭلەك كىيگەن شەپقەتكار بۇد-ساتۋا يالاڭ ئاياغ بولۇپ بامبۇكنىڭ پوستىنى ئاقلاۋاتاتتى. بىر-دەمدىن كېيىن ئۇ بامبۇكتىن توقۇلغان بىر سېۋەتنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەلدى.

شەپقەتكار بۇدساتۋا ۋوكوڭ بىلەن بۇلۇتقا چىقىپ كۆپ ئۆتمەستىن تۆڭتيەن دەرياسى بويىغا كەلدى. جۇباجيې شا شەيخكە:

— ئاغىمىز ئالدىراقسان بولغاچقا، جەنۇبىي دېڭىزغا بېرىپ ئالىجوقا سۆزلەپ ئۆزىنى تۇزەشتۇرمىگەن بۇدساتۋانى باشلاپ كەپتۇ، — دېدى - دە، ھەر ئىككىلىسى دەرھال تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ سالام بەجا قىلدى.

شەپقەتكار بۇدساتۋا بامبۇك سېۋەتنى دەرياغا سىلىپ ئەپسۇن ئوقۇدى. بىردەمدىن كېيىن سېۋەتنى سۇدىن تارتىپ ئالدى. سېۋەتتە پارقىراپ تۇرغان بىر ئالتۇن بېلىق بار ئىدى. شەپقەت-كار بۇدساتۋا ۋوكوڭغا:

— ئۇ ئالۋاستى ئەسلىي نېلۇپەر كۆلچىكىمدىكى ئالتۇن بېلىق ئىدى. بۈگۈن ئەتىگەن يوقاپ كەتكەن. دېڭىز دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ چىقىپ ئالۋاستى بولۇۋاپتۇ. شۇڭا ئۆزۈمنى تۈزەشتۈرمەستىن ئۇنى تۇتقىلى سې-ۋەت توقۇغان ئىدىم، — دېدى.

جۇباجيې بىلەن شا شەيخ يەنە دەرياغا كىرىپ، بېلىق جىن-لارنىڭ تۈگەل ئۆلگەنلىكىنى كۆردى. ئۇلار ئارقا ئوردىنى تې-

پىپ، تاڭ سىڭنى يۇدۇپ سۇ يۇزىگە چىقتى. چىن جەمەتى جاڭزىسىدىكىلەر ئۇلارغا كۆپ رەھمەت ئېيتتى. ۋۇكۇڭ قېيىق تەييارلاپ دەريادىن ئۆتۈشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز دەريادىن بىر قېرى بىرونىي چىقىپ يۇقىرى ئاۋازدا:

— سۇن دەرۋىش، قېيىق تەييارلىمىسىلا، ئۇستاز بىلەن سىلەرنى مەن دەريادىن ئۆتكۇزۇپ قويىمەن، — دېدى. ئەسلىي «دەريا بىرونىيلىرى» ئۇنىڭ تۇرالغۇسى ئىدى، بۇ يەرنى بۇندىن توققۇز يىل بۇرۇن ئالۋاستى ئىگىلىۋالغان ئىدى. بۇگۇن ئالۋاستى يوقىتىلغاندىن كېيىن قېرى بىرونىي تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۇرۇش ئۇچۇن كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ تۆت جاڭ كېلىدىغان قاسىرىقى بار ئىدى. تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئاشۇ قاسىراقنىڭ ئۇستىگە جايلىشىپ، بىر كۇنگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە سەككىز يۇز چاقىرىم كېلىدىغان تۇڭتيەن دەرياسىدىن ئۆتۇپ كەتتى.

## 25 ـ باب ئالتۇن قاپ غارىدا ئەۋلىيا پېشۋانىڭ كۆك كالىنى يوقاتقانلىقى

تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى مەغرىبكە قاراپ خېلى كۇن ماڭدى، ئۇلارنىڭ ئالدىغا توساتتىن بىر ئېگىز تاغ ئۇچرىدى، تاغ باغرىدا بىرنەچچە راۋاق بار ئىدى. سەنزاڭ ۋۇكۇڭغا ئاززاق سەدىقە تاماق تېپىپ كېلىشنى ئېيتتى. ۋۇكۇڭ كۆككە چىقىپ راۋاق ئەتراپىدىكى بۇلۇتلارنىڭ تۇرۇلگەن قاپاقلىرىدىن بىرەر شۇملۇقنى سېزىپ، ئۇستازغا ئۇ يەرنىڭ ياخشى يەر ئەمەسلىكىنى ئېيتتى. سەنزاڭ:

— قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى، — دېدى.

ۋۇكۇڭ ئالتۇن توقىلىق دىلىپسەن گۇرزىسى بىلەن يەرگە بىر چەمبىرەكنى سىزىپ، ئۇستاز، جۇباجيې ۋە شا شەيخلەرنى

شۇ دائىرىدىن چىقماي ئولتۇرۇپ تۇرۇشنى تاپىلىدى، ئۆزى يېمەكلىك ئىزدەپ كەتتى.

سەنزاڭ، جۇباجيې ۋە شا شەيخ چەمبەر ئىچىدە بىرھازاغىچە ئولتۇردى. جۇباجيې نارازى بولۇپ:

— ئۇستاز، بىز مۇشۇ يولنى بويلاپ مەغرىبكە قاراپ ماڭايلى، ۋۇكوڭ بولۇتقا چىقىپ بىزگە يېتىشىۋالىدۇ، — دېدى.

تاڭ سېڭ ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، شا شەيخكە يۈك - تاقلارنى كۆتۈرۈپ ئالدى تەرەپكە مېڭىشنى بۇيرۇدى. ئۇلار راۋاقلارنىڭ يېنىغا كەلدى.

تاڭ سېڭ بىلەن شا شەيخ تامنىڭ سىرتىدا ئولتۇرۇپ ئارام ئالدى، جۇباجيې دەرۋازىنىڭ ئوچۇق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، قىزىقىپ هالدا چوڭ زالغا كىردى، زالدا هېچكىم يوق ئىدى. ئۇ ئۇيان - بۇيان مېڭىپ، بىر ئۆيدە ئېسىقلىق تۇرغان سېرىق چىملىدىقنى كۆردى. چىملىدىقنىڭ ئىچىگە قويۇلغان كارىۋاتتا ئاپئاق بىر جەسەت ياتاتتى. جۇباجيې ئاپئاق جەسەتنى كۆرۈپ ئەندىكىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزى شىرەدە تۇرغان ئۈچ تاۋار جىلىتكىگە چۈشتى. ئۇ جىلىتكىلەرنى قويىنىغا تىقىپ پەسكە چۈشۈپ ئۇستازنىڭ ئالدىغا كەلدى. تاڭ سېڭ باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئالغانلىقى ئۈچۈن جۇباجيېغا كايىپ كەتتى. ئۇنىڭغا نەرسىلەرنى ئاپىرىۋېتىشنى ئېيتتى. بۇ هاماقەت بۇ گەپنى قېتىغا ئالماي كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مەن تاۋار جىلىتكە كىيىپ باقمىغان ئىدىم، كىيىپ كۆرۈپ باقاي، ۋۇكوڭ كەلگەندىن كېيىن جايىغا ئاپىرىۋېتىمەن، — دېدى. ئۇ شۇنداق دەپ جىلىتكىنىڭ بىرىنى ئۆزى، يەنە بىرىنى شا شەيخ كىيدى. ئىككىسى جىلىتكىلەرنىڭ ئىزمىسىنى ئەتمەي تۇرۇپلا يىقىلىپ چۈشتى. جىلىتكە ئارقانغا ئايلىنىپ، ئۇلار باغلاقلىقا چۈشۈپ قالدى.

ئەسلىي ئۇ راۋاقلارنى ئالۋاستى سېھىر ئىشلىتىپ پەيدا قىلغان ئىدى، ئالۋاستى كىچىك جىنلارغا تاك سېك ئۇچىسىنى باغلاپ غارغا ئەكىرىشنى بۇيرۇدى. ئۇ تاك سېكنىڭ گۆشىنى يېمەكچى ئىدى. تاك سېكنىڭ يەنە بىر چوڭ شاگىرتى بارلىقىنى ئۇقۇپ، ئالۋاستى ئۇلاردىن چوڭ شاگىرتىنىڭ كىملىكىنى سو-رىدى. جۇباجيې:

— ئۇ دېگەن بەش يۈز يىلنىڭ ئالدىدا ئەرشنى مالىمان قىلغان ئەۋلىيا ئەزەم بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئالۋاستى بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەل قورقتى، ئۇ كىچىك جىنلارغا تاك سېك ئۇچەيلەننى كۆتۈرۈپ ئارقا تەرەپكە ئاچقىۋې-تىشنى، ئۇلارنى ۋۇكۇڭنى تۇتقاندىن كېيىن يەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ۋۇكۇڭ سەدىقە تامىقىنى ئېلىپ بۇرۇنقى جايغا كېلىپ ھېچكىمنى تاپالمىدى. ئۇلار مەن سىزغان چەمبەردىن چىقىپ كەتكەن، شۇڭا ئالۋاستىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان دەپ پەرەز قىلدى. ئۇ ئەپسۇن ئوقۇپ شۇ يەردىكى تاغ مۆئەككىلى بىلەن يەر - زېمىن مۆئەككىلىنى چاقىرىپ كەلدى. ئۇلاردىن سوراپ ئۇستازىنى ئالتۇن قاپ تېغىدىكى ئالتۇن قاپ غارىدا تۇرىدىغان سىگار مۈڭگۈزلۈك قاپ پالۋان تۇتۇپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. شۇنىڭ بىلەن ۋۇكۇڭ ئالتۇن قاپ غارىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئالۋاستى، ئەۋلىيا ئەزەم كەلدى، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالاي دېسەڭ ئۇستازىنى تېز چىقىرىپ بەر! — دېدى.

ھېلىقى ئالۋاستى قورالىنى كۆتۈرۈپ غاردىن چىقىپ جەڭ-گە ئاتلاندى. ئىككىسى ئوتتۇز قەپەس ئېلىشىپ بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى. ئالۋاستى ئەۋلىيا ئەزەمنىڭ ماھارىتىنىڭ ئۇستۇن-لۈكىنى كۆرۈپ ئاپىرىن ئوقۇپ كەتتى ۋە:

— ئەرشنى مالىمان قىلغان مايمۇن! قالتىس كارامىتىڭ بار ئىكەن! — دېدى. شۇنىڭ بىلەن بارلىق جىنلارنى جەڭگاھقا

چۈشۈشكە بۇيرۇدى. ۋۇكۇڭ ئالتۇن توقلىق دىلىپسەن گۈرزىدە-
سىنى ھاۋاغا ئېتىپ «ئۆزگەر!» دېدى. ھاۋادا مىڭلاپ ئالتۇن
توقلىق دىلىپسەن گۈرزىلەر پەيدا بولۇپ جىنلارنىڭ بېشىغا
تەگكىلى تۇردى. جىنلار قورقۇپ پىتىراپ كەتتى. ئالۋاستى
سوغۇق كۈلۈپ يېڭىدىن يالتىراق ھەم ئاپئاق بىر چەمبىرەكنى
چىقىرىپ ھاۋاغا ئاتتى. چەمبەر قاپقا ئايلىنىپ ئەۋلىيا ئەزەمنىڭ
گۈرزىسىنى بەند قىلىۋالدى. ۋۇكۇڭ ياراقسىز قېلىپ، بىرلا
موللاق ئېتىپ قېچىپ كەتتى.

سۈن دەرۋىش ئالۋاستىنىڭ ئۆزىنى تونۇيدىغانلىقى توغرىدە-
سىدا ئويلىنىپ، ئۇنىڭ ئەرشتىن يەر يۈزىگە چۈشكەن شۇم
ئالۋاستىلىقىدىن گۇمان قىلدى ـ دە، بىر موللاق ئېتىپ پۈشتە-
پەلەك سارىيىغا چىقىپ، يۈرۈن سۇلتاندىن ئالۋاستىنىڭ ئەھۋا-
لىنى ئېنىقلاپ بېرىشنى ئۆتۈندى. يۈرۈن سۇلتان ۋۇكۇڭ بىلەن
بىللە ئەرشتىكى بارلىق ئەۋلىيالارنى تەكشۈرۈپ چىقىش توغرۇ-
لۇق يارلىق چۈشۈردى. نەتىجىدە ئۇنىڭ ئەرشتىن يەر يۈزىگە
چۈشكەن ئالۋاستى ئىكەنلىكى ئايان بولدى. شۇنىڭ بىلەن يۈ-
رۈن سۇلتان ۋۇكۇڭنى ئالۋاستىنى تۇتۇش ئۈچۈن ئەرش سەر-
كەردىلىرىنى تاللاشقا ئۈندىدى. ۋۇكۇڭ پەلەك ئەۋلىياسى ۋايجى-
رانا بىلەن شاھزادە ناجانى، ئۇنىڭدىن باشقا دىڭخۇا، جاڭ فەن
ئىسىملىك ئىككى چاقماق مۇئەككىلىنى تاللىدى.

ئۇلار ئالتۇن قاپ تېغىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا كەلدى، پەلەك
ئەۋلىياسى ۋايجىرانا ھەملە قىلىشقا ناجانى ئەۋەتتى. ئالۋاستى
قوراللانغان ھالدا غاردىن چىقىپ، ناجاغا قورال تەڭلىدى. ناجا
سېھىر ئىشلىتىپ ئۈچ باشلىق، ئالتە بىلەككىلىك پالۋانغا ئايلاندى-
دى، ئالتە خىل قورال بىلەن ئالۋاستىغا ھەملە قىلدى. ئالۋاس-
تىمۇ ئۈچ باشلىق، ئالتە بىلەككىلىك پالۋانغا ئۆزگىرىپ، ئۈچ
ئۇزۇن نەيزە بىلەن قارشىلاشتى. ناجا يەنە سېھىر ئىشلىتىپ
«ئۆزگەر!» دەپ ۋارقىرىدى، شۇئان ئون مىڭلىغان قورال ـ

ياراغ پەيدا بولۇپ، جىن - ئالۋاستىلارنىڭ باش - كۆزلىرىگە تېگىشكە باشلىدى. ئالۋاستى قىلچە تەمتىرىمەي قاپنى كۆككە ئېتىپ، يەر - زېمىننى قاپلىغان قورال - ياراغلارنى بەند قىلىۋالدى.

ۋۇكۇڭ ۋايجىرانا بىلەن قاپنىڭ سۇ بىلەن ئوتنى بەند قىلالمايدىغانلىقى ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى. ۋۇكۇڭ جەنۇبىي ئەرش دەرۋازىسىغا بېرىپ ئالۋاستىنى كۆيدۇرۇپ ئۆلتۈرۈشكە ئوت پىرىنى تەكلىپ قىلدى. ئوت پىرى ۋۇكۇڭ بىلەن ئالتۇن قاپ تېغىغا كەلدى. پەلەك ئەۋلىياسى ۋايجىرانا ئوت پىرىنى تاغنىڭ كەينىگە مۆكتۈرۈپ قويدى، ئاندىن ئەۋلىيا ئەزەم بىلەن بىللە ئالۋاستىنىڭ غارىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئالۋاستىنى جەڭگە چاقىردى. بىر قەپەس كەسكىن ئېلىشىش بولدى. ئالۋاستى ئۇرۇشا- ئۇرۇشا، قاپنى يېنىدىن چىقىرىپ تۇردى. پەلەك ئەۋلىياسى ۋايجىرانا بۇنى كۆرۈپلا ئالمان - تالمان قاچتى.

ئوت پىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئوت چاچتى. شۇئان ئوت يالقۇنى تۆت تەرەپتىن گۇرۇلدەپ، ئالتۇن قاپ تېغى ئوت دېڭىزىغا ئايلاندى، ئالۋاستى ئوتنىڭ ئارىسىدا قالدى، ئالۋاستى ھودۇقماستىن قاپنى ئوت يالقۇنىغا قارىتىپ ئاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئوت يالقۇنى بەند قىلىندى. ئوت پىرىنىڭ قورال - ياراغلىرى قاپقا كىرىپ كەتتى، ئۇنىڭ قولىدا پەقەت بىرلا ئەلەم قالدى.

سۇ دەرۋىش بىرلا موللاق ئېتىپ شىمالىي ئەرش دەرۋازى-سىغا بېرىپ، سۇ پىرىنىڭ قول ئاستىدىكى خۇاڭخې دەرياسى مىرابىنى چاقىرىپ كەلدى. خۇاڭخې دەرياسىنىڭ مىرابى ئاق قاشتېشى كومزەككە خۇاڭخې دەرياسىنىڭ يېرىم سۈيىنى قا-چىلاپ، ئالتۇن قاپ غارىغا قارىتىپ تۆكتى. ئالۋاستى سۇنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ چەمبەر بىلەن غارنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋال-دى. شىددەت بىلەن كېلىۋاتقان سۇ ئالۋاستىلار جايلاشقان غارغا

كىرمەي، جىلغا ۋە سايلارغا قاراپ ئاقتى. سۇن دەرۋىش كەل-كۈننىڭ ئالۋاستىغا كار قىلالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاچچىقىغا چىدىماي ئالۋاستى بىلەن مۇشتلاشتى. ئالۋاستى كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بۇ مايمۇنەكتىن قۇتۇلغىلى بولمىغۇدەك. مەن ياراغ ئىشلەتسەم، ئۇ مۇشت ئىشلىتىدىكەن. مەنمۇ ياراغنى تاشلاپ قويۇپ ئۇنىڭ بىلەن بىر قەپەس مۇشتلىشاي، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ ئىككىسى غارنىڭ ئالدىدا مۇشتلىشىپ كەتتى. قورال - ياراغلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش كويىدا تىت - تىت بولۇپ كېتىشۋاتقان ناجا قاتارلىق ئەۋلىيالار بەس - بەس بىلەن ۋۇكۇڭغا ياردەملەشتى.

ۋۇكۇڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىرنەچچە تال تۈكىنى يۇ-لۇپ هاۋاغا قارىتىپ پۈۋلىدى، شۇئان نەچچە ئون مايمۇنچاق پەيدا بولدى، ئۇلار ئالۋاستىنى ئارىغا ئېلىۋالدى، ئالۋاستى تەمتىرەپ قالدى - دە، ئالدىراش قاپنى چىقىرىپ، مايمۇنچاق-لارنىڭ ھەممىنى بىراقلا بەند قىلىۋالدى. ئەۋلىيالار چارىسىز ئەھۋالدا قالدى. قاپنى ئوغرىلاپ چىققاندىلا ئالۋاستىنى يوقاتقى-لى بولىدۇ، دېگەن يەرگە كېلىشتى. بۇ ئىش پەقەتلا سۇن دەرۋىشنىڭ قولىدىن كېلەتتى. ۋۇكۇڭ كۈلۈپ:

— ماقۇل! ماقۇل! — دېدى - دە، ئۇ بىر تال چىۋىنگە ئايلىنىپ ئىشىكنىڭ يېرىقىدىن غارغا كىردى. ئالۋاستى جىنلار بىلەن غەلىبىسىنى تەبرىكلەۋاتقان ئىدى. سۇن دەرۋىش تەرەپ-تەرەپكە بېرىپ قاپنى ئىزدەۋېتىپ، تۇيۇقسىز ئالۋاستى بەند قىلىۋالغان قورال - ياراغلارنىڭ غارنىڭ كەينىگە قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ خۇرسەن بولدى ۋە دەرھال ئۇچۇپ بېرىپ، ئەسلىگە قايتتى - دە، ئالتۇن توقلىق دىلىپسەن گۇرزىسىنى ئېلىپ، ئېلىشىشنى باشلىۋەتتى.

ھېلىقى ئالۋاستى غارىدىن سىرتقا چىقىپ ۋۇكۇڭ بىلەن

تاغنىڭ باغرىدا يەنە ئېلىشتى، ئۇلارنىڭ ئېلىشىشىدىن يەر ـ زېمىن غۇۋۇلىشىپ، كۈن نۇرى خىرەلەشتى. ئۈچ جېسەك ۋاقتىغىچە ئېلىشىپ بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىدى. ئالۋاستى غارىغا قايتىپ ئارام ئېلىشقا تەمشەلدى، ۋۇكۇڭ بۇنىڭغا يول قويمىدى. ئالۋاستى بىر ئامال قىلىپ يۇرۇپ غارغا كىرىپ كەتتى.

ۋۇكۇڭ بىرلا سىلكىنىپ چېكەتكىگە ئايلىنىپ ئىشىكنىڭ ئارىسىدىن غارغا كىردى. ئالۋاستى كىيىملىرىنى سېلىپ ياتتى. ۋۇكۇڭ ئاپئاق چەمبەرنىڭ ئالۋاستىنىڭ سول بىلىكىدە ئىكەنلىكىنى كۆردى، لېكىن قول سېلىش تەس ئىدى. ۋۇكۇڭ بۈرگىگە ئايلىنىپ، ئالۋاستىنىڭ چەمبەرنى چېگىۋالغان بىلىكىنى بىرنەچچە قېتىم چاقتى، ئالۋاستى بىلىكىنىڭ ئاغرىقىغا ھەم قىچىقىغا چىداپ، ئۆزىچە تىللاپ قويدى، ئەمما بىلىكىدىن چەمبەرنى ئالمىدى. ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈلۈپ يەنە ئۇخلاپ قالدى. ۋۇكۇڭ ئامال قىلالماي كەينى تەرەپكە ئۆتۈپ ئەسلىي قىياپىتىگە قايتىپ، ئالۋاستىنى بەند قىلىۋالغان ئەرش سەركەردىلىرىنىڭ قورال ـ ياراغلىرى بىلەن نەچچە تال تۈكىنى تاپتى. ۋۇكۇڭ نەچچە تال تۈكىنى نەچچە ئون مايمۇنچاققا ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارنى قورال ـ ياراغلار بىلەن قوراللاندۇردى، ئوت ئەجدىھا بىلەن ئوت ئاتلارنى باغلاقتىن بوشىتىپ، غارغا يەنە ئوت قويۇۋەتتى. ئالۋاستى زور يانغىندىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ چەمبەر بىلەن ئوتنى ئۆچۈرۈشكە ئاتلاندى، يانغىن ئۆچۈرۈلدى، جىنلارنىڭ ئۆچتىن بىر قىسمى يانغىندىن ئامان قالغان ئىدى. لېكىن، قولغا چۈشۈرۈلگەن قورال ـ ياراغلار كۆرۈنمەيتتى. بۇ ئىشنى چوقۇم ۋۇكۇڭ قىلدى دەپ جەزم قىلغان ئالۋاستىنىڭ جان ئاچچىقىدا چىشلىرى كىرىشىپ كەتتى.

ۋۇكۇڭ تاغ ئۈستىگە قايتىپ كېلىپ، قورال ـ ياراغلارنى ئەۋلىيالارغا قايتۇرۇپ بەردى. ئەۋلىيالار ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇشتى. ناجا ئالۋاستىنىڭ روھى سۇنغان چاغدا ئۇنىڭ بىلەن

ئېلىشساق ئۇنى تۇتۇۋالالايمىز، دېگەن تەكلىپنى بەردى. ئەۋلىيالارنىڭ ھەممىسى غارنىڭ ئالدىغا يىغىلىپ ئالۋاستىنى جەڭگە چاقىردى. ئالۋاستى يارىقىنى كۆتۈرۈپ غاردىن چىقىپ ۋۇكۇڭنى ئوغرىدىن - ئوغرىغا سېلىپ تىللاپلا كەتتى ۋە ۋۇكۇڭغا يارىقىنى تەڭلىدى. سۇن دەرۋىش كۇلگەن پېتى ئۇنىڭغا يۈزلەندى. ئىككىسى بىر - بىرىگە قاراپ تۇرۇشتى. ناجا غەزەپلەنگەن ھالدا يارىقىنى كۆتۈرۈپ ئېلىشىشقا ئاتلاندى، ئوت پىرى ئوت پۈركەر ئەجدىھا بىلەن ئاتلارنى قويۇپ بەردى، چاقماق مۇئەككەلى ئارقا - ئارقىدىن چاقماق چاقتى. ئەرشتىن قورال - ياراغلار يامغۇردەك تۆكۈلدى، يەر يۈزىدە ئوت يالقۇنى نەچچە گەز يۇقىرىغا ئۆرلىدى، ھاۋادا چاقماقلار چاقتى. ئالۋاستى قىلچە ھودۇقماي بىلىكىدىكى چەمبەرنى ئېلىپ ھاۋاغا ئاتتى، ئەۋلىيالارنىڭ قورال - ياراغلىرى بەند قىلىندى، ئۇ نۇسرەت قۇچۇپ غارىغا قايتتى.

ئەۋلىيالار يەنە قۇرۇق قول قېلىشىپ بىر - بىرىدىن ئاغرىنىشىپ كەتتى. ۋۇكۇڭ ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ، ئالۋاستىنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلىش ئۈچۈن ئەرشكە چىقىپ ساكيامۇنىنى چاقىرىپ كەلمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىرلا موللاق ئېتىپ ئىلاھىي تاغقا ئۇچۇپ چىقتى. ۋۇكۇڭ ئالۋاستىنىڭ كارامىتىنى ساكيامۇنىغا بىر قۇر سۆزلەپ بەردى. ساكيامۇنى ئون سەككىز ئەرھاتقا ئون سەككىز تال شىپائىي قۇمنى ئېلىپ ئالۋاستىنى تۇتقىلى ۋۇكۇڭ بىلەن بىللە بېرىشنى ئېيتتى. مېڭىش ئالدىدا ئۇ يەنە ئەجدىھانى بويسۇندۇرغۇچى ۋە يولۋاس تۇتقۇچى ئىككى ئەرھاتقا ئايرىم پىچىرلاپ بىرنېمىلەرنى تاپىلىدى.

ۋۇكۇڭ ئەرھاتلارنى باشلاپ ئالتۇن قاپ تېغىغا كەلدى. ۋۇكۇڭ يەنە غارنىڭ ئالدىغا كېلىپ توۋلاپ ئالۋاستىنى جەنۇبىي تاغ باغرىغا ئېلىپ چىقتى. ئون سەككىز ئەرھات شىپائىي قۇمنى

چاچتى، بىردەمدىن كېيىن يەر ـ جاھاننى قۇم بېسىپ، ئالۋاس-تى قۇمغا پېتىپ قېلىپ، قۇمدىن پۇتىنى تارتىپ چىقىرالمى-دى. ئالۋاستى چەمبەرنى ئېتىپ، ئون سەككىز تال شىپائىي قۇمنى بەند قىلىۋېلىپ، يەنە غەلىبە بىلەن غارىغا قايتتى.

ئەۋلىيالار ئاغزىلىرىنى ئېچىپ ھەيران ـ ھەس بولۇشۇپ قېلىشتى. ئەرھاتلار يولغا چىقىش ئالدىدا ساكيامۇنىنىڭ ئۆزلى-رىگە ناۋادا شىپائىي قۇم رولىنى يوقاتسا، ئەۋلىيا پېشۋانى تېپىپ ئالۋاستىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى شۇنىڭدىن سورۇشتە قى-لىش كېرەكلىكىنى تاپىلىغانلىقىنى دېدى. ۋۇكوڭ ئاغزىنى بۇزۇپ:

— ساكيامۇنى تازىمۇ بىر نېمىكەن، نېمىشقا بالدۇرراق دېمەيدۇ! — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە بۇلۇتقا چىقىپ ئەۋلىيا پېشۋا قېشىغا كەلدى ۋە ئەۋلىيا پېشۋاغا دومسىيىپ:

— نوم ئالغىلى بارىمىز دەپ كېچە ـ كۈندۈز توختىماي ماڭدۇق، ئازراق توسالغۇغا ئۇچرىدۇق، شۇنداق قىلىپ توختاپ قالدۇق، — دېدى. ئەۋلىيا پېشۋا:

— مەغرىبكە كېتىۋېتىپ توسالغۇغا ئۇچراپسىلەر، بۇنىڭ مەن بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى؟ — دېدى. سۇن دەرۋىش:

— مەغرىب دېگەن ئېغىزلىرىدىن چۈشمەيدۇ، لېكىن قە-دەمدە بىر ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىۋاتىدىلا، — دېدى ـ دە، سارايدا ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ تۆت ئەتراپىغا قارىدى. سۇن دەرۋىش بىردىنلا كالا قوتىنى بېشىدا بىر بالىنىڭ ئۇخلاپ ياتقان-لىقىنى، قوتاندا كۆك كالىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ:

— ھەزرىتىم، كالا قېچىپ كېتىپتۇ! كالا قېچىپ كېتىپ-تۇ! — دەپ ۋارقىرىدى. ئەۋلىيا پېشۋا ھەيران بولۇپ:

— بۇ ھايۋان يەر يۈزىگە چۈشۈپ ئالۋاستى بولۇپ كەتكەن-مىدۇ؟ — دېدى ـ دە، ھېلىقى بالىنى ئالدىراش ئويغىتىپ،

خاسىيەتلىك نەرسىلەردىن نېمىلەرنىڭ كاملىقىنى تەكشۈرۈشكە
بۇيرۇدى. نەتىجىدە «ۋەچرە» نىڭ كام ئىكەنلىكىنى بايقىدى.
ئەۋلىيا پېشۋا ئالدىراش - تېنەش بانان يەلپۈگۈچنى ئېلىپ،
ئالۋاستىنى تۇتقىلى ۋۇكۇڭ بىلەن يەر يۈزىگە قاراپ ئۇچتى.

ئالتۇن قاپ تېغىغا كەلگەندىن كېيىن ئەۋلىيا پېشۋا ۋۇ-
كۇڭنى ئالۋاستىنى غاردىن چىقىرىشقا بۇيرۇدى. ۋۇكۇڭ ئال-
ۋاستىنى غاردىن ئالداپ چىقتى - دە، ئالدىغا يۈگۈرۈپ بې-
رىپ، ئالۋاستىنى بىر شاپىلاق سېلىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ قاچ-
تى، ئالۋاستى ئۇنى قوغلىدى. توساتتىن تاغ چوققىسىدىن:

— ھەي كالا، ئۆيگە قايتماي قاچانغىچە يۈرۈيسەن؟ —
دېگەن بىر ئاۋاز كەلدى. ئالۋاستى ئىگىسى كەلگەنلىكىنى كۆ-
رۈپ قورقۇپ لاغىلداپ تىترەپ كەتتى ۋە:

— ئۇ يامان مەككار مايمۇنكەن! خوجايىنىمنى قانداق باش-
لاپ كەلگەندۇ؟ — دېدى.

ئەۋلىيا پېشۋا ئەپسۇن ئوقۇدى، نىلۇپەر يەلپۈگۈچنى يەل-
پۈپ چەمبەرنى ئەكەلدۈرۈپ قولىغا ئېلىۋالدى، يەلپۈگۈچنى
يەنە بىر يەلپۈپ ئالۋاستىنى بوشاشتۇرۇۋەتتى، ئالۋاستى ئەسلىي
قىياپىتىگە قايتتى. ئەۋلىيا پېشۋا ۋەچرەنى كالىنىڭ بۇرنىغا
ئۆتكۈزۈپ، ئەۋلىيالار بىلەن خوشلىشىپ، كالىنى مىنىپ يەر
يۈزىدىن ئەرشكە قاراپ يول ئالدى. ۋۇكۇڭ بىلەن ئەۋلىيالارنىڭ
ھەممىسى غارغا كىرىپ، يۈزدىن ئارتۇق جىنلارنى يوقىتىپ،
ھەرقايسى ئۆزىنىڭ ياراغلىرىنى ئېلىشتى ۋە تاڭ سېڭ، جۇبې-
ـاجيې، شا شەيخلەرنى ئازاد قىلدى. ئەۋلىيالار تاڭ سېڭ بىلەن
خوشلىشىپ، ئىشلىرىنى دوكلات قىلغىلى ئەرشكە چىقىپ كې-
تىشتى. تاڭ سېڭ شاگىرتلىرى بىلەن يۈك - تاقلارنى جايلاپ،
ئاتنى يېتىلەپ چوڭ يول بىلەن مەغرىب تامان يۈرۈپ كەتتى.

# 26 ـ باب    هامىلدار بولۇپ قالغان تاك سىڭنىڭ كىركەك قۇرت ئالۋاستىغا ئۇچراپ قالغانلىقى

تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى كۆنلەپ توختىماي يول بېسىپ، باش باھارنىڭ كىرگىنىنى تۇيماي قېلىشتى. بىر كۈ-نى، تۆتەيلەن سۈپسۈزۈك دەريا بويىغا كەلدى. ئۇلارنى دەريادىن بىر ئايال قېيىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ قويدى. ئۇلار قىرغاققا چىق-قاندىن كېيىن، تاڭ سېڭ بەك ئۇسساپ كەتكەچكە، دەريا سۈيى-نىڭ سۈزۈكلۈكىنى كۆرۈپ جۇباجيېنى دەريادىن كومزەككە سۇ ئاچىقىشقا بۇيرۇدى. جۇباجيېمۇ ئۇسساپ كەتكەن ئىدى، بىر كومزەك سۇنى ئۇستاز ئىككىسى ئىچىۋەتتى. ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى مەغرىبكە قاراپ يول ئالدى. يېرىم سائەت ئۆتە ـ ئۆتمەستىن تاڭ سېڭ بىلەن جۇباجيېنىڭ قورسىقى ئاغرىپ كەت-تى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ قورسىقى بارغانسېرى يوغىناپ، قول بىلەن تۇتسا، قولغا قورساقتا بىر پارچە گۆش مىدىرلاۋات-قاندەك بىلىنەتتى. ئۇلار بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن يول بويىدىكى بىر دېھقان كەپىسىگە يېتىپ كەلدى، ۋۇكوڭ ئۇستازىنىڭ كې-سىلىنى داۋالىتىپ ساقايتىش ئۈچۈن يېزىدىن دورا تېپىپ كې-لىشكە ماڭدى. ئىشىك ئالدىدا ئارغامچا ئېشىۋاتقان بىر ئايال ۋۇكوڭدىن تاڭ سېڭنىڭ ھېلىقى ئېقىننىڭ سۈيىنى ئىچكەندىن كېيىن قورسىقىنىڭ ئاغرىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەت-تى ۋە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ:

— قاراڭلار! قاراڭلار! ئىككى ئەركەك ئانا ـ بالا دەرياسى-نىڭ سۈيىنى ئىچىۋېلىپ ھامىلدار بولۇپ قاپتۇ! — دەپ جار سالدى. كۆپ ئۆتمەستىن بىرنەچچە ئايال كېلىپ ئۇلارنى زاڭ-لىق قىلغىلى تۇردى. ئىزاغا چىدىمىغان ۋۇكوڭ بىرلا ۋارقىراپ چىشلىرىنى كىرىشتۇرۇۋىدى، ھېلىقى ئايال قورقۇپ كېتىپ لاغىلداپ تىترىگەن پېتى ۋۇكوڭغا بۇ يەر ئاياللار دۆلىتى ئىكەن-

لىكىنى، ئەرلەرنىڭ يوقلۇقىنى، قىزلار يىگىرمە ياشقا كىرگەندە ئانا - بالا دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئىچسە، ئۈچ كۈندىن كېيىن بىر قىز پەرزەنت كۆرىدىغانلىقىنى دەپ بەردى. تاڭ سېڭ بىلەن جۇباجىي بۇ گەپنى ئاڭلاپ توختىماي ۋايساپ كەتتى. جۇباجىي:

— ئاتامەي، بىز ئەركەك تۇرساق، ئەركەكلەر ھامىلىدار بولىدىغان ئىش نەدە بار؟ — دېدى. سەنزاڭ مومايدىن نەدىن ھامىلە چۈشۈرىدىغان دورا سېتىۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى سورىدى. ھېلىقى ئايال:

— ھېچقانداق دورا كار قىلمايدۇ. شىياڭشەن تېغىدا ھامىلە چۈشۈرىدىغان بىر بۇلاق بار، شۇ بۇلاقنىڭ سۈيى داۋا بولىدۇ، — دېدى.

ۋۇكۇڭ بۇلاقنىڭ ئورنىنى ئېنىق بىلىۋېلىپ، بۇلۇتقا چىقىپ شىياڭشەن تېغىغا بېرىپ، ئەۋلىيا رۇيىدىن بۇلاق سۈيىنى سورىدى. ئەۋلىيا رۇيىنىڭ «سۈن ۋۇكۇڭ» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئەسلىي يالماۋۇز كالىنىڭ ئىنىسى، ئوت بۇلۇت غارىدىكى خوڭ خەيئېرنىڭ تاغىسى ئىدى. تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قالغان رەقىبلەرنىڭ كۆزلىرىگە قىزىللىق تىقىلىپ كەتتى. ئەۋلىيا رۇيى ئىلمەكنى كۆتۈرۈپ ۋۇكۇڭغا ئېتىلدى. ۋۇكۇڭ ئالتۇن توقىلىق دىلىپسەن گۈرزىسىنى ئوينىتىپ يوپۇرۇلۇپ كەلدى. ئىككىسى نەچچە ئون قەپەس ئېلىشىپ توختىمىدى، ئەۋلىيا رۇيى ۋۇكۇڭغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ بەدەر تىكىۋەتتى. ۋۇكۇڭ كەينىدىن قوغلىمىدى، بۇلاقنى تېپىپ، كومزەك بىلەن سۇ ئېلىشقا تەمشەلدى. ۋۇكۇڭ ئېھتىياتسىز تۇرغاندا ئەۋلىيا رۇيى كەينىدىن كېلىپ ۋۇكۇڭنىڭ پۇتىغا ئىلمەك سالدى. شۇنىڭ بىلەن ۋۇكۇڭ سول قولىدا گۈرزىسىنى پۇلاڭلىتىپ، ئوڭ قولىدا بۇلاقتىن سۇ ئالدى. ئەۋلىيا رۇيى ۋۇكۇڭنىڭ پۇتىغا يەنە بىر قېتىم ئىلمەك تاشلىدى. ۋۇكۇڭ سەنتۇرۇلۇپ كېتىپ، كوم-

ـزەك بىلەن ئارغامچا قودۇققا چۈشۈپ كەتتى. ئۇ نائىلاج ھەمـ
ـدەمگە ئادەم چاقىرغىلى بولۇتقا چىقىپ كەتتى. ۋوكوڭ ھېلىقى
ئايالدىن يەنە بىر كومزەكنى ئارىيەتكە ئالدى، يەنە ئارغامچىمۇ
بار ئىدى. ئۇ شا شەيخنى باشلاپ بولاق بېشىغا كەلدى. سون
دەرۋىش ئەۋلىيا رويى بىلەن ئېلىشتى. شا شەيخ موشو پورسەتـ
ـتىن پايدىلىنىپ بولاقتىن لىق بىر تولۇق سۇ ئالدى ـ دە، بولۇتقا
چىقىپ ۋوكوڭغا:
— بورادەر، سۇنى ئالدىم، ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆت! —
دېدى. سون دەرۋىش ئەۋلىيا رويىغا:
— يالماۋۇز كالىنىڭ يۈز ـ خاتىرىسىنى قىلىپ ساڭا
رەھىم قىلدىم! — دېدى.
ئەۋلىيا رويى بولدى قىلمىدى، ۋوكوڭ ئامالىنىڭ يوقىدىن
ئۇنى ئۇرۇپ يىقىتىپ ئىلمىكىنى تارتىۋېلىپ نەچچە پارچە قىلىـ
ـۋەتتى.
تاڭ سېڭ بىلەن جۇباجيې ھامىلە چۈشۈرىدىغان بولاق سۇـ
ـيىنى ئىچكەندىن كېيىن قورساقلىرى بىرپەس غولدۇرلاپ، توختـ
ـتىماي چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن قورساقلىـ
ـرىنىڭ ئاغرىقى توختاپ، ئىششىقىمۇ ياندى. ئەتىسى ئۇستاز ۋە
ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ھېلىقى ئايالغا رەھمەت ئېيتىپ، مەغرىبكە
قاراپ ئون چاقىرىم مېڭىپ شىلياڭ ئايال‌لار دۆلىتىگە يېتىپ
كەلدى. كوچىلاردا پۈتۈنلەي ئايال‌لار يۈرەتتى، بۇ ئايال‌لار ئۇلارـ
ـنى كۆرۈپ، ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ چاۋاك چېلىپ كۈلۈشۈپ:
— ئەركەكلەر كەلدى! ئەركەكلەر كەلدى! — دەپ چۇرقىـ
ـرىشىپ كەتتى. جۇباجيې بېشىنى چايقاپ، سالپاڭ قۇلاقلىرىنى
دىڭ قىلىپ بىر ۋارقىرىۋىدى، ئايال‌لار قورققىنىدىن بىر ـ
بىرىگە سوقۇلۇشۇپ قېچىپ كېتىشتى.
بىر ئايال ئەمەلدار كېلىپ ئۇلارنىڭ كېلىش سەۋەبىنى
سورىدى ۋە ئۇلارنى يىڭياڭ قونالغۇسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويـ

دى. شىلىياڭ ئايالار دۆلىتىنىڭ ئايال پادىشاھى تاڭ سىڭنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ قالتىس خۇرسەن بولدى ۋە:
— ھېلىقى تاڭ سىڭ تاڭ پادىشاھىنىڭ ئىنىسى. بۈگۈن دۆلىتىمىزگە كەپتۇ، بۇ ھەقىقەتەن تەڭرى ئاتا قىلغان ياخشى پۇرسەت، — دېدى — دە، ئۇلۇغ پېشۋانى قونالغۇغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. ئۇ تاڭ سىڭ بىلەن توي قىلىپ، ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنى نوم ئەكېلىشكە يولغا سېلىپ قويماقچى بولدى.
ئۇلۇغ پېشۋا قونالغۇغا كېلىپ تاڭ سىڭغا ئايال پادىشاھ بىلەن توي قىلىش تەكلىپىنى قويدى. تاڭ سىڭ بۇنى رەت قىلدى. جۇباجيې بىر چەتتە تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ:
— مەن كۈيئوغۇل بولۇپ قېلىشنى خالايمەن، — دېدى. سۈن ۋۇكۇڭ:
— ئۇستازىم خوجايىنىڭىز بىلەن توي قىلىشقا رازى، يول خېتىمىزنى تېزرەك ئالماشتۇرۇپ بېرىپ، بىزنى مەغرىبكە يولغا سېلىپ قويساڭلار بولدى، — دېدى ئۇلۇغ پېشۋاغا.
سەنزاڭ ۋۇكۇڭنى بىر چەتكە تارتىپ:
— سەن مايمۇننىزە، نېمىشقا بۇنداق گەپنى قىلىسەن؟ — دەپ كايىپ كەتتى. ۋۇكۇڭ:
— ناۋادا بۇ ئىشقا قوشۇلمىسىلا، ئايال پادىشاھ يولخېتىنى ئالماشتۇرۇپ بەرمەيدۇ. شۇڭا يالغان توي قىلىش ئارقىلىق تورىدىن قېچىش تەدبىرىنى ئىشلەتسەك، يولخېتىنى ئالماشتۇرۇپ يولىمىزغا تىكىۋېتىمىز، — دېدى. سەنزاڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىر نەرسىنى ئاڭقىرىپ جىم بولۇپ قالدى.
بىردەمدىن كېيىن، ئايال پادىشاھ بولغۇسى كۈيئوغۇلنى كۆچۈرگىلى شاھانە ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ ئۆزى كەلدى. ئايال پادىشاھ تاڭ سىڭنى ئۆزى بىللە شاھانە ھارۋىسىغا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ مەقسىتى ئوردىغا بېرىپ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش ئىدى. تاڭ سىڭ ۋۇكۇڭنى زادىلا قويۇپ

بەرمىدى. ۋۇكۇڭ ئۇنىڭغا ئىما قىلىپ:
— ئۇستاز، سىلى تېزرەك ئوردىغا بارسىلا، بىز يولخېتىد-
نى ئالماشتۇرايلى! — دېدى.
شامال ھارۋىسى قۇيۇندەك مېڭىپ ئوردىغا كەلدى.
جۇباجيې توي ھارىقى ئىچىش ئۈچۈن ئالىتاغىل توۋلاپ جېدەل
قىلغىلى تۇردى، كۆڭلى يايراپ كېتىۋاتقان ئايال پادىشاھ كاتتا
زىياپەت تەييارلاشقا پەرمان چۈشۈردى. زىياپەتتە، جۇباجيې بو-
لۇشىغىچە يەپ - ئىچتى، ئۇ قورسىقى تويغاندىن كېيىن ئايال
پادىشاھقا:
— ئېلىپ - تېگىدىغان ئىش تۈگىدى، نوم ئالغىلى ماڭغاند-
لار سەپىرىمىزنى باشلايلى، پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ يولخېتىمىز-
نى ئالماشتۇرۇپ بېرىشىنى سورايمەن! — دېدى. سەنزاڭمۇ
ئايال پادىشاھتىن مۇشۇ ئىشنى ئىلتىماس قىلدى، ئايال پادىشاھ
يولخېتىنى كۆرۈپ، شاھانە تامغىنى بېسىپ ۋۇكۇڭغا بەردى.
ۋۇكۇڭ يولخېتىنى قولىغا ئېلىپ، جۇباجيې ۋە شا شەيخلەرنى
باشلاپ تاڭ سېڭ بىلەن خوشلاشتى.
— ئالىيلىرى، سىلى مەن بىلەن بىللە چىقىپ ئۇلارنى
شەھەر سىرتىغىچىلىك ئۇزىتىپ قويغان بولسىلا، ئالىيلىرى
ئۇلارغا قايتىپ كېلىپ شان - شەرەپتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش-
نى جىكىلەپ قويغايلا، — دېدى تاڭ سېڭ.
ئايال پادىشاھ بۇنىڭ بىر ھىيلە ئىكەنلىكىنى بىلمەي،
شامال ھارۋىسىنى تەييار قىلىپ ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇش توغ-
رۇلۇق يارلىق چۈشۈردى.
شامال ھارۋىسى غەربىي دەرۋازىدىن شەھەر سىرتىغا چىق-
تى، تاڭ سېڭ ھارۋىدىن چۈشۈپ، كەينىگە ئۆرۈلدى - دە،
قولىنى پۇلاڭلىتىپ:
— ئالىيلىرى، قايتىپ كەتسىلە، كەمىنىلىرى نوم ئالغى-
لى ماڭىدۇ، — دېدى. ئايال پادىشاھ ھەيران بولۇپ، تاڭ

سىڭنى يېڭىدىن تارتىپ تۇرۇپ:
— خان ئىنىسى بولمىش ئاكا، زىياپەتنى يەپ بولۇپ ئۆزگىرىپ قالغانلىرى نېمىسى؟ — دېدى. جۇباجىي سارائىلىقى تۇتۇپ، ئاغزىنى كالچايتىپ، قولاقلىرىنى لەپەڭلىتىپ ئايال پادىشاھقا تەنە قىلىپ:
— بىز راھىبلار نېمىدەپ ئىسكىلىتلار بىلەن ئەر - خوتۇن بولغۇدەكمىز، بىزنى تېز قويۇپ بەرسىلە، بىز نوم ئالغىلى بارىمىز! — دېدى. ئايال پادىشاھ قاتتىق قورقۇپ كېتىپ، ھارۋىدىلا كەينىگە ئۆچۈپ كەتتى.
شا شەيخ ئالدىراش تاڭ سىڭنى ئاتقا يۆلەپ چىقىرىپ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، تۇيۇقسىز يول ياقىسىدا بىر قىز غىل - پال كۆرۈنۈپ قويۇپ، قويۇن چىقىرىپ تاڭ سىڭنى ئېلىپ كەتتى. ئۇ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا غايىب بولدى. ۋۇكۇڭ، جۇباجىي ۋە شا شەيخ ئاتنى يېتىلەپ بولۇتقا چىقىپ قوغلىدى. ئۇلار شۇ قوغلىغان پېتى بىر ئېگىز تاغنىڭ ئالدىغا كەلدى، قويۇنمۇ «شاپپىدە» توختىدى. ئۇچەيلەن بولۇتتىن يەر يۈزىگە چۈشۈپ ئەتراپنى ئىزدەپ غارنىڭ ئاستىدىكى ئىككى قاناتلىق ئىشىكنى كۆردى، ئىشىك بېشىغا «پىپا غارى» دېگەن خەتلەر يېزىلغان ئىدى. جۇباجىي قاراملىق قىلىپ تىرنىسىنى كۆتۈرۈپ ئىشىكنى ئۇرۇپ كۇكۇم - تالقان قىلىۋەتمەكچى بولدى. ئۇنى ۋۇكۇڭ توسۇۋالدى.
سۇن دەرۋىش بىرلا سىلكىنىپ بىر ھەرىگە ئايلىنىپ غارغا كىرىپ كەتتى. راۋاقتا بىر ئايال ئالۋاستى، ئۇستازغا مانتا يېگۈزۈش كويىدا ئولتۇراتتى. ئۇستاز مانتا يېيىشنى رەت قىلاتتى. ۋۇكۇڭ ئۇستازى بىلەن ئايال ئالۋاستىنىڭ پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ سەۋر قىلالماي ئەسلىگە قايتىپ:
— ۋۇھ ھايۋان! ئەدەپسىزلىك قىلما! — دەپ گۈرزىسى بىلەن ئايال ئالۋاستىنى ئۇرۇپ كەتتى. ئايال ئالۋاستى ئاغزىدىن

تۇتەك چىقىرىپ، راۋاقنى ئىس ـ تۈتەككە توشقۇزۇۋەتتى، ئاندىن بىر پولات ئارىنى ئېلىپ:

— ئەدەپسىز مايمۇنەك! مېنى مارىغۇدەك بولدۇڭمۇ، ئا-رامنى تېتىپ قوي! — دېدى.

ۋۇكۇڭ ئېلىشقاچ چېكىنىپ، ئايال ئالۋاستىنى غارنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقتى. جۇباجيې ئىككىسىنىڭ غارنىڭ ئالدىدا ئېلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شا شەيخكە يۈك ـ تاقىقا ياخشى قاراشنى تاپىلاپ تىرنىسىنى كۆتۈرگەن پېتى ئوتتۇرىغا چۈشتى. ئۈچەيلەن ئېلىشا ـ ئېلىشا ئارىدىن بىرھازا ۋاقىت ئۆتتى، بىر-بىرىنى يېڭەلمىدى. ئايال ئالۋاستى ھىيلە ئىشلىتىپ ۋۇكۇڭ-نىڭ بېشىغا ئارىسىنى سانجىدى. ۋۇكۇڭ ئاغرىققا چىدىماي تولاپ كەتتى ـ دە، كەينىگە ئۆرۈلۈپ قاچتى. جۇباجيې ۋە شا شەيخ ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ ۋۇكۇڭنىڭ كەينىدىن چې-كىندى.

ئايال ئالۋاستى نۇسرەت قۇچۇپ غارغا قايتتى. ۋۇكۇڭ بىر تاشتا ئولتۇرۇپ، بېشىنى قامالالپ تۇتۇپ زارلايتتى. جۇباجيې كۇلۇپ:

— ئاغا، مەن ئاغرىپ باققان بەندە ئەمەس، سىزنىڭ بېشى-ڭىزنىڭ ئاغرىپ كەتكىنى قىزىق، — دېدى. ئۈچەيلەن مۇشۇ يەردە بىر ئاخشام ئارام ئېلىپ قالغان گەپنى ئەتە دېيىشىدىغانلى-قى توغرۇلۇق كېڭەشتى.

ھېلىقى ئايال ئالۋاستى پېپا غارىغا چىراغلارنى يېقىپ يېڭى ئۆيگە ئوخشاش چىرايلىق ھەم يوپيورۇق قىلىۋەتتى، ئاندىن تاڭ سېڭغا ئۆزىنى سۇركەپ، نازۇ كەرەشمە قىلىپ ئۇنى ئۆزىنى ئەمرىگە ئېلىشقا قىزىقتۇردى. تاڭ سېڭ ئايال ئالۋاستى ھەرقان-چە گەپ قىلغان بىلەنمۇ ئۇنىماي قويدى. ئايال ئالۋاستى تاڭ سېڭنىڭ كۆزىگە كىرىۋالدى، ئۇستاز جاھىللىق قىلىپ تۇرۇ-ۋالدى. ۋاقىت يېرىم كېچىگە تاقاپ قالغاندا، ئايال ئالۋاستى

ئاچچىقى كېلىپ:

— بۇنى باغلىۋېتىڭلار! — دەپ قول ئاستىدىكىلەرگە بۇيـ. رۇق قىلدى.

ئەتىسى، ۋۇكوڭنىڭ بېشى ساقايدى. ئۇ يەنە ھەرىگە ئايلىـ. نىپ غارنىڭ يوچۇقىدىن غارغا كىرىپ، ئايال ئالۋاستىنىڭ تاتلىق ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئۇستازىنىمۇ تاپتى. سەنزاڭ ۋۇكوڭنىڭ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇپ ئاچىقىپ كېتىشىنى تاپىلىدى.

ۋۇكوڭ غاردىن ئۇچۇپ چىقىپ ئەسلىگە قايتتى، جۇباجيې بىلەن شا شەيخكە ئۇستازنىڭ ئاخشام ئايال ئالۋاستى بىلەن توي قىلمىغانلىقىنى دەپ بەردى. جۇباجيې كۈلۈپ كېتىپ:

— بەللى! بەللى! ھەقىقىي شەيخكەن ئۇ، ئۇنى قۇتۇلدۇـ. رۇۋالايلى، — دېدى. شۇنداق دەپ ئىرىنىسى بىلەن غارنىڭ ئىشىكىنى كۇكۇم ـ تالقان قىلىۋەتتى. ئايال ئالۋاستى غەزەپلىـ. نىپ پولات ئارىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ جۇباجيېغا ئېتىلدى. ئىككىسى بىرنەچچە قەپەس ئېلىشقاندىن كېيىن ئايال ئالۋاستى كارامىتىنى ئىشقا سېلىپ، قانداقتۇر بىر قورال بىلەن جۇبـاجـ. يېنىڭ ئاغزىنى يارىلاندۇردى. جۇباجيې توۋلىغان پېتى ئاغزىنى ئېتىپ قاچتى. ۋۇكوڭ ئۇ قورالنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرگەن بولغاچقا، سەل ئەندىكىپ گۈرزىسىنى يىغىشتۇرۇپ ماڭدى. ئايال ئالۋاستى نۇسرەت قۇچۇپ غارغا قايتتى.

جۇباجيې بىر چەتتە ئاغزىنى تۇتۇپ ئىڭراپ ئولتۇراتتى، ۋۇكوڭ كۈلۈپ:

— ھاماقەت! تۇنۇگۈن مېنى بېشى ئاغرىيدىكەن دەپ مازاق قىلغان ئىدىڭ، بۈگۈن سېنىڭ ئاغزىڭغا كەلدى! — دېدى. ئۇچەيلەن مۇشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بىر چاغدا ۋۇكوڭـ. نىڭ كۆزىگە بىردىنلا بىر قېرى ئايال كۆرۈندى. يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئايالنىڭ بېشىدا خەيرلىكنىڭ نىشانى بولغان بۇلۇت بار ئىدى. شەپقەتكار بۇدساتۋانىڭ كەلگەنلىكىنى بىلگەن ۋۇكوڭ

دەرھال ئىككى ھەمراھىنى يۈكۈنۈپ تەزىم بەجا قىلىشقا ئالدىراپ-
تى. ئۆزىمۇ شۇنداق تەزىم بەجا قىلدى. شەپقەتكار بۇدساتۋا
ئەسلىگە قايتتى، ۋۇكۇڭغا ئايال ئالۋاستىنىڭ چايان ئالۋاستى
ئىكەنلىكىنى، ساكيامۇنى ئەمرىمەرۇپ قىلغاندا ئۇنىڭ بىلەن
ئىختىلاپلىشىپ قالغانلىقىنى، ساكيامۇنىنىڭ ئۇنى ئىتتىرىۋەت-
كەنلىكىنى، ئۇنىڭ ساكيامۇنىنىڭ بېگىز بارمىقىنى چېقىۋالغان-
لىقىنى ئېيتىپ بەردى. شەپقەتكار بۇدساتۋا ۋۇكۇڭغا شەرقىي
ئەرش دەرۋازىسىغا جايلاشقان يورۇقلۇق ئوردىسىغا بېرىپ نۆۋەت-
چى كۇندۇز بېگىنى ئىزدەش كېرەكلىكىنى، ئۇ ئالۋاستىنى شۇ
يوقىتالايدىغانلىقىنى دېدى.
ۋۇكۇڭ دەرھال بۇلۇتقا چىقىپ شەرقىي ئەرش دەرۋازىسىغا
بېرىپ، نۆۋەتچى كۇندۇز بېگىنى چاقىرىپ كەلدى. نۆۋەتچى
كۇندۇز بېگى جۇباجيېنىڭ ھېلىغىچە ئاغزىنى تۇتۇپ ئىڭراپ
ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، قولى بىلەن سىلاپ، سۈپكۈچ قىل-
دى، جۇباجيېنىڭ ئاغزى ساقايدى. ئۇ خۇشاللىقىدا، «قال-
تىس» دەۋەتتى. ئالۋاستىنى يوقىتىش ئىشى تىلغا ئېلىنىدى،
نۆۋەتچى كۇندۇز بېگى:
— ئۇنى غاردىن ئېلىپ چىقىڭلار، ئاندىن يوقىتاي، —
دېدى.
جۇباجيې بىلەن ۋۇكۇڭ غارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئايال ئال-
ۋاستىنى راسا تىللىدى، جۇباجيې تىرنىسى بىلەن ئۇرۇپ ئارا
ئىشىكنىمۇ كۆز بىلەن كۆرگۈسىز قىلىۋەتتى. ئايال ئالۋاستى
جەڭگە چۇشتى. سۇن دەرۋىش:
— ماكانىڭ قەيەردە؟ — دەپ ۋارقىرىدى.
ھېلىقى نۆۋەتچى كۇندۇز بېگى تاغ باغرىدا تۇرۇپ ئەسلىي
قىياپىتىگە قايتتى، ئۇ ئالتە - يەتتە چى كېلىدىغان قوش تاجلىق
خوراز ئىدى، خوراز ئايال ئالۋاستىغا قاراپ بىرلا قىچقىرىۋىدى،
ئالۋاستى ئايال شۇئان ئەسلىگە قايتتى. ئۇ ئەسلىي پىپا چوڭلۇق-

تىكى چايان ئالۋاستى ئىدى. خوراز يەنە قىچقىرىپ قويۇۋىدى، ئالۋاستى بوشىشىپلا، تاغ باغرىدا ئۆلدى.
ۋۇكۇڭ باشلىق شاگىرتلار نۆۋەتچى كۇندۇز بېگىنى ئۇزىتىپ قويۇپ، غارغا باستۇرۇپ كىردى. چوڭ - كىچىك خىزمەتچى قىزلار يەرگە يۇكۇنۇپ ئولتۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ ئالۋاستى ئەمەسلىكىنى، ئالۋاستى تۇتۇپ كەلگەن شىلياڭ دۆلىتىنىڭ پۇقرالىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىشىپ ئۇلاردىن كەچۈرۈم تىلىدى. ۋۇكۇڭ ئۇستازىنى قۇتقۇزۇپ چىقتى. ئاندىن ئۇ قىزلارغا قايتىش يولىنى كۆرسىتىپ قويۇپ، پىپا غارىغا ئوت قويۇۋەتتى. ئۇستاز، شاگىرت تۆتەيلەن مەغرىب تامان يۈرۈپ كەتتى.

## 27 - باب   سەنزاڭنىڭ ئۈچ قاراقچىنى يوقاتقان سۈن دانىشنى ھەيدىۋەتكەنلىكى

ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى مەغرىبكە قاراپ ئۇزۇن ماڭدى. ئۇلار ياز كىرىپ قالغانلىقىنىمۇ تۇيماي قېلىشتى. يول بويىدىكى مەنزىرىلەردىن زوق بىلەن تاماشا قىلىپ كېتىۋاتقاندا ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىر ئېگىز تاغ ئۇچرىدى. تاغقا كىرىپ ئۇزۇن ماڭماستىن جۇباجيې ئاتنى ئاستا ماڭدى دەپ ئەيىبلىدى، سۈن دەرۋىش گۈرزىسىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىۋىدى، ئات قورقۇپ كېتىپ سەنزاڭنى ئېلىپ سوكۇلداپ مېڭىپ، ئۇلاردىن خېلى ئۇزاپ كەتتى. تاڭ سېڭ تىزگىنىنى سىيرىدى، توساتتىن بىر يەردە چېلىنىۋاتقان داقا - دۇمباق ئاۋازى ئاڭلاندى. يول بويىدىكى دەرەخلىكتىن قىلىچلىرى يالىڭاچلانغان ئوتتۇزدىن ئارتۇق قاراقچى يوپۇرۇلۇپ چىقىپ كەلدى، قورقۇپ كەتكەن تاڭ سېڭ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ:
— بەگلىرىم، ماڭا رەھىم قىلىڭلار! — دەپ نالە قىلدى.
قاراقچىلار تاڭ سېڭنىڭ يېنىدا پۇل - پۇچەك يوقلۇقىنى

كۆرۈپ، كېيىم - كېچەكلىرىنى سالدۇرۇپ، ئاتنى يېتىلەپ ماڭدى. تاڭ سېڭ ئامالىنىڭ يوقىدىن كەينىدە كېلىۋاتقان شاگىرتلىرىنىڭ يانلىرىدا ئىككى سەر پۇل بارلىقىنى دەپ يالغان ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن قاراقچىلار تاڭ سېڭنى دەرەخكە باغلاپ قويدى. بۇ ئەھۋالنى يىراقتىن كۆرگەن ۋۇكوڭ جۇباجيې بىلەن شا شەيخكە ئاستا مېڭىشقا بۇيرۇپ، ئۆزى كىچىك شەيخكە ئايلىنىپ ئۇستازىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

قاراقچىلار ۋۇكوڭنى ئورىۋېلىشتى. ۋۇكوڭ بۇپىدا پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەر بار، ئۇستازنى قويۇپ بەرسەڭلار، ھەممىنى ئېلىپ كەتسەڭلار بولىدى، دەپ ئۇلارنى ئەخمەق قىلدى. قاراقچىلار تاڭ سېڭنى قويۇپ بەردى، تاڭ سېڭ ئاتقا مىنىپ كەينىگە قاراپ يۇرۇپ كەتتى. ۋۇكوڭ ھەش - پەش دېگۈچە ئەسلىگە قايتىپ، قاراقچىلار بولاپ كەلگەن دەپنە - دۇنيانى ئۇچكە بۆلۈپ، ئۆزى بىر ئۈلۈشىنى ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. قاراقچىلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى غەزەپلەنگەن پېتى قولىدىكى ياراغ بىلەن ۋۇكوڭنىڭ تاقىر بېشىغا بىرنەچچىنى سالدى. ھېچنېمە تەسىر قىلمىغان بولۇۋالغان ۋۇكوڭ ئالتۇن توقىلىق دىلىپسەن گۇرزىسىنى ئېلىپ مۇنداقلا پۇلاڭلىتىپ ئىككى قاراقچىنى جەھەننەمگە ئۇزاتتى، قالغانلىرى قورقۇپ قېچىپ كېتىشتى.

تاڭ سېڭ ۋۇكوڭنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىلىپ ئۇنىڭغا كايىدى. جۇباجيېغا ئىككى قاراقچىنى كۆمۈپ قويۇشنى ئېيتتى. ئۇلار يولىنى داۋاملاشتۇردى. بىردەم ماڭغاندىن كېيىن بىر قورۇ كۆرۈندى، ئۇلار شۇ قورۇغا چۈشتى. بۇ يەتمىش ياشتىن ئاشقان، ئالتە ياشلىق نەۋرىسى بار ياڭ فامىلىلىك بوۋاي، مومايىنىڭ ئۆيى ئىدى. تاڭ سېڭ ئۇلاردىن ئۇلارنىڭ ئوغلىنى سورىدى. بوۋاي چوڭقۇر تىنىۋېتىپ، ئوغلىنىڭ ئۆيدە ئەمەسلىكىنى، سىرتتا قاراقچى بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. سەنزاڭ كۆڭلىدە: «ۋۇكوڭ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن قاراقچىنىڭ

بىرى شۇنىڭ ئوغلىمىدۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلىدى.
ھېلىقى قاراقچىلارنىڭ ئارىسىدا دەرۋەقە ياڭ بوۋاينىڭ ئوغ-
لى بار ئىدى. يېرىم كېچىدە ئۇ بىر توپ قاراقچىنى باشلاپ
ئۆيگە كەلدى، ئاق ئاتنى كۆرۈپ تاڭ سېڭ قاتارلىقلارنىڭ ئۆز
ئۆيىگە چۈشكەنلىكىنى بىلدى - دە، قالتىس خۇرسەن بولۇپ
باشقا قاراقچىلار بىلەن قىلىچنى بىلەشكە كىرىشتى. ياڭ بوۋاي
ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قېلىپ، تاڭ سېڭ ۋە
ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنى ئارقا ئىشىكتىن قاچۇرۇۋەتتى.

قوياش شەرقتىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈشكە قاراقچىلار ئۇلارغا
يېتىشىۋالدى. ۋۇكوڭ قاراقچىلارنى توستى، ئۇستازىنى ئالدىدا
ماڭدۇرۇۋەتتى. سەنزاڭ ۋۇكوڭغا ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بول-
ماسلىقنى تاپىلىدى. ۋۇكوڭنىڭ قۇلىقىغا بۇ گەپ قانداق كىر-
سۇن، گۇرزىسىنى ئوينىتىپ، قاراقچىلارنىڭ ھەممىسىنى يەر
چىشلەتتى. ياڭ بوۋاينىڭ ئوغلىنىڭ جەسىتىنى تېپىپ، بېشىنى
كېسىۋېلىپ تاڭ سېڭنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. تاڭ سېڭ قان
تېمىۋاتقان باشنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپ ئاتتىن يىقىلىپ چۈش-
تى. ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا چەمبىرەك چىڭىتىش ئەپسۇن-
نى ئوقۇشقا باشلىدى. ۋۇكوڭ بېشىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىماي
جېنىنى قويىدىغان يەر تاپالماي تاڭ سېڭدىن رەھىم - شەپقەت
تىلىدى. سەنزاڭ:

— سېنىڭ ماڭا لازىمىڭ يوق، سەن كەتكىن! — دەپ
ئۇنىڭ ئاغزىنى ئاچۇرمىدى. ۋۇكوڭ ئۇستازىنىڭ قەتئىي نىيەت-
كە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، نائىلاج كېتىپ قالدى.

سۇن دەرۋىش ئەسلىي خۇاگوشەن تېغىغا كەتمەكچى ئىدى،
ئەمما شۇ يەردىكى غارغا جايلاشقان جىنلارنىڭ مازاق قىلىشىدىن
ئەنسىرەپ، ھەق - ناھەقنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن شەپقەتكار
بۇدساتۋانىڭ يېنىغا بارماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىرلا
موللاق ئېتىپ ئەۋلىيا تېغىغا كەلدى. ۋۇكوڭ شەپقەتكار بۇدسات-

ۋانى كۆرۈپلا ھۆكىرەپ يىغلاپ تاشلىدى، ئۇستازىنىڭ ئۆزىنى قوغلىۋەتكەنلىكىنىڭ جەريانىنى بىر قۇر سۆزلەپ بەردى. شەپقەت-كار بۇدساتۋا:

— تاڭ سىڭ شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە پىشكەللىككە ئۇچرايدۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي سىنى ئىزدەيدۇ. مۆرتى كەلگەندە ئۇستازىڭغا دەيمەن، سەن مۇشۇ يەردە قال، - دېدى.

سەنزاڭ ۋۇكۇڭنى ھەيدىۋەتكەندىن كېيىن، جۇباجيې ئالدى-دا يول باشلاپ ماڭدى. ئۇلار مەغرىبكە قاراپ ئەللىك چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن تاڭ سېڭنىڭ قورسىقى ئېچىپ جۇباجيېنى سەدىقە تاماق ئەكېلىشكە بۇيرۇدى. جۇباجيې كۆككە چىقىپ ئەتراپقا قارىدى، يېقىن ئەتراپتا بىرەر تۇتۇنمۇ كۆرۈنمىدى. تاڭ سىڭ بولماي جۇباجيېغا بىر كومزەك سۇ ئەكېلىشنى بۇيرۇدى. ئۇ يېرىم كۈن ساقلىغان بولسىمۇ كەلمىگەچكە، تاڭ سىڭ جۇ-باجيېنى ئالدىرىتىشقا شا شەيخنى ئەۋەتتى. شا شەيخ كېتىپ قالغاندىن كېيىن سەنزاڭ بىر نەرسىنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپ كەينىگە ئۆرۈلدى، قارىسا، ۋۇكۇڭ ساپال كوزىنى ئۇستازىغا تەڭلەپ، يول بويىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى. تاڭ سىڭ:

— ئۆلۈپ كەتسەممۇ سەن ئەكەلگەن ئۇسسۇلۇقنى ئىچمەي-مەن! سېنىڭ ماڭا لازىمىڭ يوق، ماڭ كەت! — دېدى. ئۇ شۇنداق دەپ ۋۇكۇڭغا پەرۋا قىلمىدى. ۋۇكۇڭ بىردىنلا يىرگە-نىچلىك قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ:

— ۋۇھ تاقىر باش، سەن مېنى مۇشۇنداق كۆزگە ئىلما-سەن! — دەپ ئۇنىڭغا تىل سالدى - دە، گۈرزىسىنى تاڭ سېڭنىڭ دۈمبىسىگە نوقۇدى. تاڭ سىڭ شۇئان ھوشىدىن كې-تىپ يەرگە يىقىلدى. ۋۇكۇڭ ئىككى بوپىنى كۆتۈرۈپ بۇلۇتقا چىقىپ ئاللىقاياقلارغا يۈرۈپ كەتتى.

جۇباجيې تاغ باغرىغا سۇ ئالغىلى چۈشۈپ جىلغىدىكى بىر كەپىنى كۆردى ۋە چىرايى سولغۇن سېمىز شەيخكە ئايلىنىپ،

ئىشكنى چىكىپ سەدىقە تامىقى تىلىدى. كەيىدىن بىر موماي چىقىپ ئۇنىڭ كېسەلچان چىرايىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا بىر كوزا تاماق بەردى. جۇباجىي يولدا كېلىۋېتىپ شا شەيخ بىلەن ئۇچراشتى. ئۇلار سۇ ئېلىپ بىللە قايتىپ كەلدى، قارىسا ئۇستازى ئەس - هوشىنى بىلمەي يەردە ياتقان. ئىككىسى بىر- پەس يىغلاشتى. جۇباجىي ئۇستازىنى ئۇلدىگە چىقىرىپ، يۇك- تاقلارنى بۆلۈشۈپ، هەرقايسىسى ئۆز يولىغا مېڭىشنى ئېيتتى. شا شەيخ ئۇستازىغا تارتىشىپ، ئۇنى قۇچاقلاپ يەنە بىرپەس يىغلىدى. بىردىنلا ئۇستازىنىڭ تىنىقى بارلىقىنى بايقاپ دەرھال ئۇنى يۆلىدى. بىردەمدىن كېيىن، سەنزاڭ هوشىغا كېلىپ:

— جۇۋاينىمەك مايمۇن مېنى ئۆلتۈرۈپ قويغىلى قىل قالدى! — دەپ تىللىدى. جۇباجىي ئۇستازىنىڭ گېپىدىن ۋۇ- كۇڭنىڭ ئۇستازىنى ئۇرۇپ بوپىنى بۇلاپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ غەزەپلىنىپ:

— نېمىدېگەن يولسىز مايمۇنەك بۇ! ئىنىم، سەن ئۇستاز- نىڭ هالىدىن خەۋەر ئالغىن، مەن يۈك - تاقلارنى ئەكېلى- ۋالاي، — دېدى.

— سەن مايمۇنەك بىلەن چىقىشالمايسەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە قوپال گەپ قىلىسەن، يەنىلا ۋۇجىڭنىڭ بارغىنى تۈزۈك، — دېدى سەنزاڭ.

شا شەيخ بۇلۇتقا چىقىپ ساق ئۈچ كېچە - كۈندۈز يۈرۈپ خۇاگوشەندىكى سۇ پەردىلىك غارغا كەلدى. ۋۇكۇڭ ئېگىز پەش- تاقتا يولخېتىنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى. شا شەيخ ئۆزىنى باسالماي:

— ئاغا، يولخېتىنى نېمىشقا ئېلىۋالىسىز؟ — دەپ ۋارقى- رىدى.

ۋۇكۇڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى، لېكىن شا شەيخنى تونىماي ئەتراپتىكى مايمۇنلارغا ئۇنى تۇتۇشنى بۇيرۇدى ۋە:

— ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟ بۇ يەرگە كېلىشكە قانداق پېتىن-

دىڭ؟! — دېدى.

شا شەيخ ئالدىغا بېرىپ سالام بەجا قىلدى، ئۇنى قايتىپ كېتىشكە، مەغرىبتىن نوم ئالغىلى بىللە بېرىشقا ئۈندىدى. ناۋادا بېرىشنى خالىمىسا، بويىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئېيتتى. ۋۇكۇڭ ئۆزىنىڭ مەغرىبكە نوم ئالغىلى بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شا شەيخ كۈلۈپ تۇرۇپ، تاڭ سېڭنىڭلا نومغا ئېرىشىدىغانلىقىنى، سۈن دەرۋىشنىمۇ نومغا ئېرىشىدۇ دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانلىقىنى دېدى. ۋۇكۇڭ شۇ هامان مايمۇنچاقلارغا دەپ سەنزاڭ، جۇباجيې ۋە شا شەيخنى ئاچىقتۇردى.

شا شەيخ دەرغەزەپكە كېلىپ:

— نەدىكى شا شەيخ بۇ! — دېدى-دە، يارىقىنى كۆتۈرۈپ يالغان شا شەيخنى ئۇردى. يالغان شا شەيخ ئۆلدى. ئۇ ئەسلىي مايمۇن ئالۋاستى ئىدى. هېلىقى ۋۇكۇڭ تېرىكىپ مايمۇنچاقلارغا شا شەيخنى قورشىۋېلىشقا بۇيرۇدى. شا شەيخ قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ، بۇلۇتقا چىقىپ جەنۇبىي دېڭىزدىكى شەپقەتكار بۇدساتۋانىڭ يېنىغا هالىنى ئېيتقىلى ماڭدى.

شا شەيخ بىر كېچە-كۈندۈز مېڭىپ شەپقەتكار بۇدساتۋانىڭ يېنىغا كەلدى. قارىسا، ۋۇكۇڭ شەپقەتكار بۇدساتۋانىڭ يېنىدا تۇراتتى، ئۇ يارىقىنى كۆتۈرۈپ ۋۇكۇڭنى ئۇرۇشقا تەمشەلدى. شا شەيخ شەپقەتكار بۇدساتۋاغا دەرد ئېيتىپ، نەچچە كۈن ئىچىدە بولغان ۋەقەلەرنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

شەپقەتكار بۇدساتۋا شا شەيخكە ۋۇكۇڭنىڭ نەچچە كۈندىن بېرى مۇشۇ يەردە ئىكەنلىكىنى، بىر قەدەم نېرى كەتمىگەنلىكىنى ئېيتتى. شا شەيخ دېگەنلىرىنىڭ يالغان ئەمەسلىكىنى ئېيتتى. شەپقەتكار بۇدساتۋا ۋۇكۇڭنى شا شەيخ بىلەن بىللە خۋاگوشەن تېغىغا بېرىشقا بۇيرۇدى. ئۇلار شەپقەتكار بۇدساتۋا بىلەن خوشلىشىپ بۇلۇتقا چىقىپ مېڭىپ كېتىشتى.

# 28 ـ باب   سوٴن ۋوٴكوٴڭنىڭ يالغان مايموٴننى يوقاتقانلىقى

ئوٴلار خوٴاگوشەن تىغىغا يېتىپ كەلدى، سوٴن دەرۋىش سوٴ پەردىلىك غارغا قارىسا، دەرۋەقە ھېلىقى سوٴن ۋوٴكوٴڭ تاش سوٴپىدا مايموٴنچاقلار بىلەن ئويناپ ئولتوٴراتتى، ئوٴ ئوٴزىگە قوٴيوٴپ قويغاندەك ئوخشايتتى. بوٴنى كوٴروٴپ غەزەپلەنگەن ۋوٴكوٴڭ ئال-توٴن توقلىق دىلىپسەن گوٴرزىسىنى چىقىرىپ يالغان ۋوٴكوٴڭ-نىڭ ئالدىغا باردى ۋە:

— نەدىن كەلگەن ئالۋاستى سەن، مېنىڭ قىياپىتىمگە كىرىۋېلىپ ئەۋلادىمنى ئوٴزوٴڭنىڭ قىلىۋېلىشقا قانداق پېتىن-دىڭ؟! — دەپ تىللىدى. يالغان ۋوٴكوٴڭ جاۋابمو قايتوٴرماس-تىن، توٴموٴر كالتىكىنى ئوينىتىپ ئوٴنىڭغا ئېتىلدى. ئىككىسى غار سىرتىدا كەسكىن ئېلىشتى. شا شەيخ قايسىسىنىڭ راست، قايسىسىنىڭ يالغان ۋوٴكوٴڭ ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەي كىمگە ھەمدەم بولوٴشنى بىلەلمىدى.

سوٴن دەرۋىش ئېلىشقاچ، شا شەيخكە قايتىپ بېرىپ ئوٴستا-زىغا بوٴ ئىككىيلەننىڭ شەپقەتكار بوٴدساتۋانىڭ قېشىغا بېرىپ راست - يالغانلىقىنى پەرقلەندوٴرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويوٴشنى تاپىلىدى. ھېلىقى ۋوٴكوٴڭموٴ شا شەيخكە شوٴنداق دېدى. شا شەيخ ئامال يوق ئوٴستازىنىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدى.

ئىككى ۋوٴكوٴڭ ئېلىشا - ئېلىشا جەنوٴبىي دېڭىزغا باردى. ئوٴلارنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان، شەپقەتكار بوٴدسات-ۋاموٴ پەرقلەندوٴرەلمىدى. ئوٴ شاگىرتى خوٴيئەن بىلەن ئىنچى بالىنى بىر چەتكە تارتىپ:

— ئىككىڭلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىرىنى توٴتوٴپ توٴروٴڭ-لار، مەن چەمبىرەك چىڭىتىش ئەپسوٴنىنى ئوقوٴيمەن، بېشى ئاغرىغىنى راست ۋوٴكوٴڭ، بېشى ئاغرىمىغىنى يالغان ۋوٴكوٴڭ

بولىدۇ، — دېدى ئاستاغىنە.

شەپقەتكار بۇدساتۋا چەمبىرەك چىگىتىش ئەپسۇنىنى ئوقۇدى، دەرۋەقە ئىككىلىسى بېشى ئاغرىپ ۋايجانلاپ كەتتى. بېشىنى تۇتۇپ شەپقەتكار بۇدساتۋانىڭ چەمبىرەك چىگىتىش ئەپسۇنىنى ئوقۇماسلىقىنى ئۆتۈندى. شەپقەتكار بۇدساتۋا چەمبىرەك چىگىتىش ئەپسۇنىنى ئوقۇشتىن توختىشى هامان ئىككىسى يەنە تۇتۇشۇپ كەتتى. شەپقەتكار بۇدساتۋا:

— ئەينى يىلى ۋۇكۇڭ ئەرشنى قالايمىقان قىلغاندا، ئەرشتىكى ئەۋلىيالار سىلەرنى تونۇپ كەتكەن، سىلەر راست - يالغان ۋۇكۇڭ ئىكەنلىكىڭلارنى ئەرشكە چىقىپ پەرقلەندۈرۈڭلار! — دېدى. هەر ئىككىلا ۋۇكۇڭ باش ئۇرۇپ شەپقەتكار بۇدساتۋاغا رەھمەت ئېيتتى.

ئىككىسى ئېلىشا - ئېلىشا جەنۇبىي ئەرش دەرۋازىسىغا باردى، ئۇلار شۇ ئېلىشقانچە پۇشتىپەلەك سارىيىغا كىردى. ئەرشتىكى ئەۋلىيالار ئۇلارنى دەماللىققا پەرقلەندۈرەلمىدى. يۇرۇن سۇلتان ۋايجىراناغا ئالۋاستى ئەينەك ئەكېلىشنى بۇيرۇدى، ئويلىمىغان يەردىن ئەينەككە هەر ئىككىلا ۋۇكۇڭنىڭ سايىسى چۈشتى، ئۇلارنىڭ بېشىدىكى ئالتۇن چەمبىرىكى، كىيىم - كېچەكلىرى ئوخشاش ئىدى. يۇرۇن سۇلتان ئىلاجسىزلىقتىن ئۇلارنى سارىيىنىڭ سىرتىغا هەيدىۋەتتى. ئىككى ۋۇكۇڭ ئېلىشقان پېتى ئەرشتىن ئۇستازىنىڭ يېنىغا قاراپ يول ئالدى.

شا شەيخ ئۇستازىنىڭ يېنىغا كېلىپ بولغان ئەھۋالنى ئۇنىڭغا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. سەنزاڭ شۇندىلا ئۆزىنىڭ ۋۇكۇڭنى خاتا ئەيىبلەپ قويغانلىقىنى سەزدى. ئۇلار پاراڭلىشىپ تۇرغانىنىڭ ئۇستىگە كۆكتىن ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاڭلاندى، ئىككى ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. شا شەيخ ئەقىل كۆرسىتىپ، جۇباجيې ئىككىسى ئىككى ۋۇكۇڭنى بىردىن تۇتۇپ تۇرۇشنى، ئۇستازىنىڭ چەمبىرەك چىگىتىش ئەپسۇنى ئوقۇشىنى،

قايسىسىنىڭ بېشى ئاغرىسا شۇنىڭ راست ۋۇكۇڭ بولىدىغانلىقى-
نى دېدى. سەنزاڭ چەمبىرەك چىڭىتىش ئەپسۇننى ئوقۇدى،
ھەر ئىككىلا ۋۇكۇڭ بېشىم ئاغرىپ كەتتى دەپ ۋايساپ:
— بىز شۇنچىلىك ئېلىشىپ ھالىمىز قالمىغان تۇرساق،
يەنە ئەپسۇن ئوقۇۋاتىدىلىغۇ! — دېدى. سەنزاڭ ئوقۇشتىن
توختاشقا مەجبۇر بولدى. ئىككىسى يەنە ئېلىشىپ كەتتى، ئىك-
كىسى ئۆزلىرىنىڭ راست - يالغان ۋۇكۇڭ ئىكەنلىكىنى ئايرىش
ئۈچۈن دوزاخ مۆئەككىلىنىڭ يېنىغا بارىدىغان بولدى.
ئۇلار سۇرلۇك دوزاخ سارىيىغا بېرىپ ئەھۋالنىڭ جەريانى-
نى بىرقۇر سۆزلەپ، دوزاخ مۆئەككىلىنىڭ قايسىسىنىڭ راست
ۋۇكۇڭ، قايسىسىنىڭ يالغان ۋۇكۇڭ ئىكەنلىكىنى ئايرىپ بې-
رىشنى ئىلتىماس قىلدى. دوزاخ مۆئەككىلى ھۆكۈمدارغا ھا-
يات- ماماتلىق دەپتىرىنى ئېلىپ چىقىشنى بۇيرۇدى. دەپتەردە
«سۇن دەرۋىش» دېگەن ئىسىم يوق ئىدى. كىشتىگەربە
بودساتۋا:
— ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ راست، قايسىسىنىڭ يالغان ۋۇ-
كۇڭ ئىكەنلىكىنى دى تىڭ ئايرىسۇن، — دېدى.
دى تىڭ كىشتىگەربە بودساتۋانىڭ قول ئاستىدىكى قىمىر
قىلماي يېتىپ كېلىۋاتقان بىر ھايۋاننىڭ ئىسمى ئىدى. ئالەمدە
يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى شۇ بىلەتتى. دى تىڭ كىش-
تىگەربە بودساتۋانىڭ پەرمانىغا ئاساسەن سۇرلۇك سارايدا يېتىپ
تۇرۇپ بولۇنۇۋاتقان پاراڭلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كىشتىگەربە
بودساتۋاغا:
— قايسىسىنىڭ ئالۋاستى ئىكەنلىكىنى بىلگەن تەقدىردىمۇ
يۈزىدە دېگىلى بولمايدۇ، تۇتۇشتىن گەپ ئاچقىلى تېخىمۇ بول-
مايدۇ، — دېدى، كىشتىگەربە بودساتۋا:
— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ — دېدى. دى تىڭ:
— بوددانىڭ چېكى يوق، — دېدى.

دوزاخ مۇئەككىلى شۇئان سەگەكلىشىپ كەتتى ھەم ئىككى ۋۇكۇڭغا:

— راست ۋۇكۇڭ ۋە يالغان ۋۇكۇڭ ئىكەنلىكىڭلارنى ئايرىماقچى بولساڭلار، لېيىن ئىبادەتخانىسىدا تۇرۇۋاتقان ساكيامۇنىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىڭلار، — دېدى.

ئىككى ۋۇكۇڭ دوزاختىن چىقىپ، بۇلۇتقا چىقىپ، ئېلىشا ئېلىشا غەربىي ئەرشتىكى لېيىن ئىبادەتخانىسىغا باردى. شەپقەتكار بۇدساتۋامۇ كەلدى، ئىككىسى قايسىسىنىڭ راست ۋۇكۇڭ، قايسىسىنىڭ يالغان ۋۇكۇڭ ئىكەنلىكىنى ئايرىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. ساكيامۇنى كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئالتە قۇلاقلىق مايمۇن يالغان ۋۇكۇڭ بولىدۇ، — دېدى. ھېلىقى مايمۇن ساكيامۇنىنىڭ ئۆزىنىڭ تېگى - تەكتىنى دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتتى - دە، قېچىشقا تەمشەلدى. ئەۋلىيالار ئۇنىڭ قاچماقچى بولغانلىقىنى كۆرۈپ تەڭلا يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى. مايمۇن تىترەپ بىر ھەرىگە ئايلاندى. ئۇ ئۇچۇپ كەتمەكچى بولدى. ساكيامۇنى ئالتۇن پاترىسىنى چىقىرىپ، ھەرىنى پاترا بىلەن باستۇرۇۋالدى. كۆپچىلىك بۇنى بىلمەي، مايمۇننى قېچىپ كەتتى، دەپ ئويلىدى. ساكيامۇنى كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئەۋلىيالار، ھېلىقى ھەرە قېچىپ كەتمىدى، مەن ئۇنى پاترا بىلەن باستۇرۇۋالدىم، — دېدى.

كۆپچىلىك يېقىن كېلىپ پاترىنى كۆتۈردى، پاترىنىڭ ئاستىدا ئالتە قۇلاقلىق بىر مايمۇن تۇراتتى. ۋۇكۇڭ ئاچچىقىغا پايلىماي ئالتۇن توقىلىق دىلىپسەن گۈرزىسى بىلەن ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولدى. ساكيامۇنى:

— سادۇ! سادۇ! — دېدى. ۋۇكۇڭ:

— ئۇنىڭغا رەھىم قىلماسلىق كېرەك. ئۇ مېنىڭ ئۇستازىمنى ئۇرغان، بوپىلارنى بۇلاپ كەتكەن، ئۇ ئۆلۈمگە مەھ-

كۆم، — دېدى.

ساكيامۆنى ۋۆكۆڭنى سەنزاڭنىڭ يېنىغا شەپقەتكار بۆدساتۋانى قوشۆپ ئەۋەتتى. سەنزاڭغا ۋۆكۆڭنى ئېپقېلىشقا بۆيرۆدى. شەپقەتكار بۆدساتۋا ۋۆكۆڭ بىلەن بىللە بۆلۆتقا چىقىپ لېيىن ئىبادەتخانىسىدىن ئايرىلدى. ئۆلار دېھقان كەپىسىگە كەلدى. شەپقەتكار بۆدساتۋا سەنزاڭغا ئالۋاستىنى يوقىتىش جەريانىنى سۆزلەپ بەردى، ئاندىن:

— سىلەرنىڭ سەپىرىڭلاردا خەتەرلەر قاتمۆقات، سىلى پەقەت ۋۆكۆڭنىڭ قوغداپ مېڭىشى بىلەنلا مەغرىبكە بارالايدىلا، — دېدى.

سەنزاڭ شەپقەتكار بۆدساتۋاغا تەزىم قىلىپ رەھمىتىنى ئېيتتى. جۆباجيې خۆاگوشەن تېغىدىن بوپىلارنى ئەكەلدى. ئۆستاز ۋە ئۆنىڭ شاگىرتلىرى بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە يەنە مەغرىب تامان يۆرۆپ كەتتى.

## 29 - باب سۆن دەرۋىشنىڭ يالقۆنتاغدا بانان يەلپۆگۆچنى ئارىيەت ئالغانلىقى

كۆنلەر كۆنلەرنى قوغلىشىپ ئۆتۆپ، يازدىن كېيىن يەنە كۆز كەلدى. بىر كۆنى ئۆستاز ۋە ئۆنىڭ شاگىرتلىرى ھاۋانىڭ ئوتتەك ئىسسىقلىقىدىن ئەجەبلىنىپ، ۋۆكۆڭنى بىلىپ بېقىش ئۆچۆن ئەۋەتتى. ۋۆكۆڭ بىر جاڭزىغا كېلىپ بۆ يەرنىڭ يالقۆنتاغ دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، بۆ يولنىڭ سەككىز يۆز چاقىرىم ئارىلىقىدا ۋولقان بارلىقىنى، بۆ ئارىلىقتىن ھېچكىمنىڭ ئۆتەلمەيدىغانلىقىنى ئۆقتى. ئۆستاز ۋە ئۆنىڭ شاگىرتلىرى شۆ جاڭزىغا چۆشكۆن قىلدى. ۋۆكۆڭ جاڭزا ئىگىسىدىن يالقۆنتاغدىن قانداق ئۆتۆپ كەتكىلى بولىدىغانلىقى توغرۆلۆق سورىدى. جاڭزا ئىگىسى ۋۆكۆڭغا غەربىي جەنۆبتىكى بىر مىڭ تۆت يۆز چاقىرىم

كېلىدىغان زۇمرەت بولۇت تېغىغا جايلاشقان بانان غارىدا تۆمۈر
يەلپۈگۈچلۈك مەلىكىنىڭ بىر بانان يەلپۈگۈچى بارلىقىنى، ئۇ
يەلپۈگۈچنى بىر يەلپۈسە، ئوت ئۆچىدىغانلىقىنى، ئىككى يەلپۈ-
سە شامال چىقىدىغانلىقىنى، ئۈچ يەلپۈسە يامغۇر ياغىدىغانلىقى-
نى، ئۆزلىرىنىڭ ھەر ئون يىلدا بىر قېتىم ئۇنىڭدىن يامغۇر
تىلەيدىغانلىقىنى، ئۇ يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن زىرا-
ئەت تېرىپ تېرىكچىلىك قىلىدىغانلىقىنى دەپ بەردى. ۋۇكۇڭ
بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— بانان يەلپۈگۈچنى ئارىيەتكە ئەكېلەي — دېدى ـ دە،
بىرلا موللاق ئېتىپ كۆزدىن يوقالدى. ھودۇقۇپ كەتكەن جاڭزا
ئىگىسى:

— ھەزرىتىم! سىلى ئەسلى ئەۋلىيا ئىكەنلا ئەمەسمۇ! —
دېدى.

ۋۇكۇڭ زۇمرەت بولۇت تېغىدىكى بانان غارىغا كېلىپ، بىر
ئوتۇنچىدىن تۆمۈر يەلپۈگۈچلۈك مەلىكىنىڭ ئىسمىنىڭ لوچانۇ
ئىكەنلىكى، يالماۋۇز كالىنىڭ خوتۇنى، خۇڭ خەيئېرنىڭ ئاپى-
سى ئىكەنلىكىنى ئۇقتى. ۋۇكۇڭ كۆڭلىدە: «چاتاق بوپتۇ،
رەقىبلەر يەنە ئۇچرىشىپ قاپتۇق» دەپ ئويلىدى. ئۇ نائىلاج
غارنىڭ ئالدىغا كېلىپ مەلىكىنى چاقىردى.

لوچانۇ «سۇن ۋۇكۇڭ» دېگەن ئىسمىنى ئاڭلاپ دەرغەزەپكە
كېلىپ:

— بۇ مايمۇنەك دەرۋەقە بۇگۈن كەپتۇ! — دېدى ۋە ئىككى
شەمشىرىنى كۆتۈرۈپ غارىدىن چىقتى. ئۇ:

— ۋۇكۇڭ قېنى؟ — دېدى. ۋۇكۇڭ ئالدىراش ئۇنىڭغا
سالام بېرىپ:

— يەڭگە، مەن يالماۋۇز كالا بىلەن خۇاگوشەن تېغىدا
ئاغا- ئىنى بولۇشقان، بۇگۈن بانان يەلپۈگۈچىڭىزنى ئارىيەتكە
ئالاي دەپ كېلىشىم، — دېدى. لوچانۇ:

— بولدى بەس! بېشىڭنى تۇتە، شەمشىرىمنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆر، ئاندىن يەلپۈگۈچنى ئارىيەت بېرىمەن، — دېدى.

ۋۇكۇڭ بېشىنى تۇتۇپ بەردى، لوچانۇ ۋۇكۇڭنىڭ بېشىغا ئون نەچچە قېتىم شەمشەر ئۇردى. ۋۇكۇڭنىڭ مىدىر قىلماي تۇرغانلىقىنى كۆرگەن مەلىكە ساراسىمىگە چۈشۈپ كەينىگە قايتتى. ۋۇكۇڭ مەلىكىنىڭ بانان يەلپۈگۈچنى بەرگۈسى يوقلۇقىنى كۆرۈپ ئالتۇن توقلىق دىلىپسەن گۈرزىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى. ئىككىسى قاراڭغۇ چۈشكۈچە ئېلىشتى. لوچانۇ ۋۇكۇڭنىڭ گۈرزىسىنىڭ ئېغىرلىقىنى، ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، بانان يەلپۈگۈچنى چىقىرىپ بىرپەس قارا قۇيۇن چىقاردى، قۇيۇن ۋۇكۇڭنى ئۇچۇرۇپ كەتتى.

ۋۇكۇڭ قېقىلىپ - سوقۇلۇپ، ھەرقانچە قىلىپمۇ يەر يۈزىگە چۈشەلمىدى، بىر كېچە دومىلاپ يۈردى، تاڭ ئاتقان چاغدا ھەرھالدا بىر تاشنى قۇچاقلاپ تۇتۇۋېلىپ كۆزىنى ئاچتى، ئۇ ئۆزىنىڭ تۆمەن چاقىرىم يىراقلىقتىكى بۇدساتۋا لىڭ جى تۇرىدىغان شياۋشۇمى تېغىغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلدى.

— نېمىدېگەن قالتىس قۇيۇن بۇ! مېنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ قويدى، — دېدى.

ۋۇكۇڭ تاغدىن چۈشۈپ لىڭ جى بۇدساتۋادىن مەسلىھەت سورىدى. لىڭ جى بۇدساتۋا ئۇنىڭغا ئەينى يىلى ساكيامۇنى ئۆزىگە بەرگەن «قۇيۇن توختىتىش دورىسى» نى بەردى.

ۋۇكۇڭ قۇيۇن توختىتىش دورىسىنى قوينىغا سېلىپ بىرلا موللاق ئېتىپ بانان غارىغا كەلدى. لوچانۇ غاردىن چىقىپ ۋۇكۇڭ بىلەن بىرنەچچە قەپەس تۇتۇشقاندىن كېيىن لوچانۇ ۋۇكۇڭغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، بانان يەلپۈگۈچنى چىقىرىپ كۈچەپ يەلپۈدى. ۋۇكۇڭ مىدىر - سىدىر قىلماي تۇردى. ئۇ يەنە ئىككى قېتىم يەلپۈدى، ۋۇكۇڭ يەنىلا تاغدەك مىدىرلىماي تۇرۋەردى. لوچانۇ ھودۇقۇپ كەتتى - دە، بانان

يەلپۈگۈچنى ئېلىپ غارغا كىرىپ ئىشكنى تاقىۋالدى.

ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ ئىشكنى تاقىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ قويۇن توختىتىش دورىسىنى ئاغزىغا سېلىپ، بىرلا سىلكىنىپ بىر تال قۇرتقا ئايلىنىپ ئىشكنىڭ يوچۇقىدىن غارغا كىرىۋالدى. لوچا-نۇ غارغا كىرىپ:

— ئۇسساپ ئۆلەي دېدىم، چاي كەلتۈرۈڭلار! — دېدى.

بىر چەتتە تۇرغان دېدەك چاي كەلتۈردى. چاينىڭ ئۈستىدە كۆپۈك كۆپ ئىدى، ۋۇكۇڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دەرھال كۆپۈككە كىرىۋالدى، لوچانۇ چاينى ئىچكەن چاغدا ئۇنىڭ قور-سىقىغا كىرىۋېلىپ ئەسلىگە قايتتى ۋە:

— يەڭگە، بانان يەلپۈگۈچنى بېرىپ تۇرۇڭ! — دېدى - دە، لوچانۇنىڭ قورسىقىدا موللاق ئېتىپ، قورسىقىغا تېپىپ ئۇنىڭ ھالىنى قويمىدى. لوچانۇ ئاغرىق ئازابى دەستىدىن چىرا-يى تاتىرىپ، يەردە دومىلاپ:

— سۇن تاغا، ماڭا رەھىم قىلىڭ! — دەپ توۋلاپ كەتتى.

ئۇ بانان يەلپۈگۈچنى بېرىپ تۇرماقچى بولدى. ۋۇكۇڭ يەنە قۇرتقا ئايلىنىپ ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ ئەسلىگە قايتتى، بانان يەلپۈگۈچنى ئېلىپ مېڭىشقا تەمشەلدى، كىچىك جىنلار ئۇنى غاردىن چىقىرىۋەتتى.

ۋۇكۇڭ تۇرالغۇغا قايتىپ كېلىپ، بانان يەلپۈگۈچنى ئارد-يەتكە ئېلىش جەريانىنى سۆزلەپ بەردى، ئۇ ئۇستاز، جۇباجيې ۋە شا شەيخلەر بىلەن بىللە جاڭزىدىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ مەغرىبكە قاراپ يول ئالدى. قىرىق نەچچە چاقىرىم يول ماڭغاند-دىن كېيىن، ئۇلار كۇنىنىڭ تەپتىنىڭ ئوتتەك ئىسسىپ كېتىد-ۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشتى. ۋۇكۇڭ بانان يەلپۈگۈچنى كۆتۈر-رۈپ ئوت ئۆچۈرۈشكە ماڭدى، قالغانلار ھاردۇق ئېلىپ قالدى.

ۋۇكۇڭ ئوتنىڭ يېنىغا بېرىپ بانان يەلپۈگۈچنى يەلپۈدى، ئوت-نىڭ تىللىرى تەۋرەشكە باشلىدى، ئىككىنچى قېتىم يەلپۈدى،

ئوت بۇرۇنقىدىن يۇز ھەسسە ئۇلغىيىپ كەتتى، يەنە بىر قېتىم يەلپۇدى، ئوت ئاسمان ـ پەلەك كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ھېلىمۇ ۋۇكۇڭ چاققانلىق قىلىپ ئۆزىنى دالدىغا ئالدى، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ساغرىسىنىڭ مويلىرى كۆيۈپ كەتتى.

ئۇستاز بىلەن ئۇنىڭ شاگىرتلىرى قانداق قىلىشنى بىلمەي تۇرغاندا، يالقۇنتاغنىڭ يەر ـ زېمىن مۇئەككىلى سەدىقە تامىقى ئەكېلىپ سۇن دەرۋىشكە ئۇنىڭ ئارىيەتكە ئالغان بانان يەلپۇ-گۈچنىڭ يالغان بانان يەلپۈگۈچ ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. راست بانان يەلپۈگۈچكە ئېرىشىش ئۈچۈن يالماۋۇز كالىنى تېپىش كېرەك دېدى. يالماۋۇز كالا جىلپىشەن تېغىدا ئامراق توقلى بىلەن تۇراتتى، ئۇنىڭ ئىسمى سۇزۇك يۇزلۇك مەلىكە ئىدى. يالقۇنتاغ سۇن دەرۋىشكە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئەينى يىللاردا سۇن دەرۋىش ئەرشنى مالىمان قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغاندا، ئۇنى رەم ئوچىقىغا سالغان، ئوچاقنى ئاچقاندا، سۇن دەرۋىش ئوچاقنى تېپىپ ئۆرۈۋەتكەندە، بىرنەچچە خىش يەر يۇزىگە چۈشۈپ كەت-كەن ئىدى. بۇگۈنكى يالقۇنتاغ شۇنىڭدىن پەيدا بولغان ئىكەن.

## 30 ـ باب سېرىق كۆز مەخلۇقنىڭ ئوغرىلاپ كېتىلگەنلىكى

ۋۇكۇڭ يەر ـ زېمىن مۇئەككىلىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، جىلپىشەن تېغىغا جايلاشقان قۇيۇن غارىغا بېرىپ يالماۋۇز كالى-نى ئىزدىدى. ئۇ غارنىڭ ئالدىدا سۇزۇك يۇزلۇك مەلىكىگە يولۇقۇپ قالدى. سۇزۇك يۇزلۇك مەلىكە ۋۇكۇڭدىن ئۆزىنى تۆمۈر يەلپۈگۈچلۈك مەلىكە يالماۋۇز كالىنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، كۇندەشلىكى تۇتۇپ غارىغا كىرىپ داد-پەرياد كۆتۈردى. يالماۋۇز كالا ئەھۋالنى ئۇقۇپ گۇرزىسىنى كۆتۈرۈپ غاردىن چىقتى.

خۇڭ خەيئىرگە زىيانكەشلىك قىلغان ۋۇكۇڭنى كۆرۈپ، بىردىنلا قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى، ئۇ گۇرزىسىنى ئوينىتقان پېتى ۋۇكۇڭغا ئېتىلدى. ۋۇكۇڭ جەڭگاھقا چۈشتى. ئىككىسى ئېلىشىپ كەتتى، بىرەر يۈز قەپەس ئېلىشقان بولسىمۇ بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى. شۇ ئارىدا، ئۇشتۇمتۇت بىرى يالما-ۋۇز كالىنى زىياپەتكە چاقىردى. يالماۋۇز كالا شۇندىلا گۇرزى-سىنى يىغىشتۇرۇپ غارغا قايتتى. يالماۋۇز كالا ساۋۇتنى سې-لىپ، سۇ يارغۇچ سېرىق كۆز مەخلۇققا مىنىپ، بۇلۇتقا چىقىپ غەربىي شىمالغا جۈنەپ كەتتى. ۋۇكۇڭ سالقىن شامالغا ئايلى-نىپ ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى. يالماۋۇز كالا بىر كۆلچەكنىڭ يېنىغا كېلىپ كۆزدىن يوقالدى. ۋۇكۇڭ ئۇنى سۇ ئاستىغا كىرىپ كەتتى دەپ قىياس قىلىپ، قىسقۇچپاقىغا ئايلىنىپ سۇغا كىردى.

بۇ ئەجدىها پادىشاھ تۇرۇشلۇق جاي ئىدى. بۈگۈن ئۇ مېھمان چاقىرغان ئىدى. ۋۇكۇڭ يالماۋۇز كالىنىڭ سۇ يارغۇچ سېرىق كۆز مەخلۇقنى ئوردىنىڭ سىرتىدىكى تاش تۈۋرۈككە باغلاپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ، تۇيدۇرماي بېرىپ ئۇنى يەشتى - دە، مىنىپ سۇ يۈزىگە چىقتى، بىرلا سىلكىنىپ يالماۋۇز كالا قىياپىتىگە كىردى ۋە ئۇدۇل بانان غارىغا قاراپ چاپتى.

لوچانۇ مەلىكە ئىككى يىل كۆرۈشمىگەن كۈيۈسىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇش بولدى، ئالدىراش داستىخان سېلىپ هاردۇق چېيى بەردى. شاراب ئىچىپ سەل كەيپ بولغان لوچانۇ مەلىكە ناز - كەرەشمە قىلىپ ۋۇكۇڭغا سۈركەلدى، ۋۇكۇڭ يالغاندىن ئۇنىڭغا تاقابىل تۇردى، بانان يەلپۈگۈچنى ياخشى ساقلاشنى تاپىلىدى.

لوچانۇ مەلىكە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بانان يەلپۈگۈچنى ئاغزىمدا ساقلاۋاتقان تۇرسام، ئۇنى ۋۇكۇڭ قانداقمۇ ئوغرىلاپ كېتەلىسۇن؟ — دېدى - دە، ئاغزى-

دىن دەرەخ يوپۇرمىقىچىلىك يەلپۈگۈچنى ئېلىپ ۋۇكوڭغا بەر-
دى. ۋۇكوڭ يەلپۈگۈچنى قولىغا ئېلىپ:
— بۇنچىلىك كىچىك يەلپۈگۈچ سەككىز يۈز چاقىرىم
ئارىلىقتىكى ئوتنى قانداق ئۆچۈرەلەيدۇ؟ — دېدى.
لوچانۇ مەلىكە كەيپچىلىكتە يەلپۈگۈچنى چوڭايتىش ئەپسۇ-
نىنى دەپ بەردى. ۋۇكوڭ ئەپسۇننى يادىدا چىڭ تۇتۇۋېلىپ،
يەلپۈگۈچنى ئاغزىغا سېلىۋالدى. ئۇ يۈزىنى بىر سىپاپلا ئەسلى
قىياپىتىگە كەلدى ۋە:
— ئوبدان قارا، مەن ئېرىڭغا ئوخشامدىكەنمەن؟ ۋۇھ نو-
مۇسسىز! — دېدى - دە، سىرتقا قاراپ ماڭدى. لوچانۇ ئىزاغا
قېلىپ:
— ۋاي، ئۆلەي! ۋاي، ئۆلەي! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى.
ۋۇكوڭ غاردىن چىقىپ بايىقى ئەپسۇننى ئوقۇدى، يەلپۈ-
گۈچ ئىككى جاڭ ئىككى چى چوڭلىدى، ئۇ كىچىكلىتىش ئەپ-
سۇننى بىلىۋالمىغاچقا، يەلپۈگۈچنى يۈدۈپ كېيىنگە قايتتى.
يالماۋۇز كالا زىياپەتتىن چىقىپ سۇ يارغۇچ سېرىق كۆز
مەخلۇقنى تاپالماي، ئۇنى چوقۇم ۋۇكوڭ ئوغرىلاپ كەتتى دەپ
قىياس قىلدى. ئۇ بۇلۇتقا چىقىپ بانان غارىغا قاراپ ماڭدى،
قاراڭغۇ چۈشكەن چاغدا مەنزىلگە يېتىپ بارغان يالماۋۇز كالا
تۆمۈر يەلپۈگۈچلۈك مەلىكىدىن يەلپۈگۈچنى ۋۇكوڭنىڭ ئوغرى-
لاپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ
قويۇپ ۋۇكوڭنى قوغلاپ ماڭدى. ۋۇكوڭ يەلپۈگۈچنى يۈدۈپ
كېلىۋاتاتتى. يالماۋۇز كالا كۆڭلىدە بىر تەدبىرنى ئويلاپ، جۇ-
باجيې سىياقىغا كىرىپ ۋۇكوڭنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن:
— ئاغا، جاپا چەكتىڭىز، ئەكېلىڭ، مەن كۆتۈرەي! —
دېدى.
ۋۇكوڭ ئۆزىچە مەغرۇرلىنىپ كېتىپ ئويلاشمايلا يەلپۈ-
گۈچنى ئۇنىڭغا بەردى. ئۇ يەلپۈگۈچنى قولىغا ئېلىپ ئىچىدە

خۇش بولدى ھەم ئەپسۇن ئوقۇپ، يەلپۈگۈچنى كىچىكلىتىپ يېنىغا تىقتى، ئاندىن ئەسلىي قىياپىتىگە كىرىپ:

— پەسەندە مايمۇنەك، مېنى تونۇدۇڭمۇ؟ — دېدى.

ۋۇكۇڭ ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ، گۈرزىسىنى ئويناتقان پېتى ئۇنىڭغا ئېتىلدى. ئىككىسى يەر يۈزىدىن كۆككە چىقىپ ئېلىشىپ كەتتى. قايسىسىنىڭ ۋۇكۇڭ، قايسىسىنىڭ يالماۋۇز كالا ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. يۈز قەپەس ئېلىشىپ تۇرغاندا، ھەمدەمگە جۇباجيې يېتىپ كەلدى، ئۇ ۋۇكۇڭدىن يالماۋۇز كالىنىڭ ئۇنىڭ قىياپىتىگە كىرىپ يەلپۈگۈچنى ئالداپ ئېلىۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ بىرپەس ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ كېتىپ، ئاندىن تىرنىسىنى پۇلاڭلىتىپ مەيدانغا چۈشتى.

يالماۋۇز كالا ۋۇكۇڭ بىلەن ئېلىشىپ مادارى قۇرۇپ كەتكەن بىر چاغدا، جۇباجيېنىڭ ھەمدەمگە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، بىر سىلكىنىپلا كەپتەرگە ئايلاندى، ۋۇكۇڭ بۇنى كۆرۈپ شۇئان لاچىنغا ئايلىنىپ قوغلىدى، يالماۋۇز كالا ئاق قۇغا ئايلاندى، ۋۇكۇڭ سۇمۇرغقا ئايلىنىپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى. يالماۋۇز كالا چارىسىزلىقتىن قىيادىن ئۇچۇپ چۈشۈپ ئېپار كېيىككە ئايلاندى، ۋۇكۇڭ دەرھال ئاچ قالغان يولۋاسقا ئايلىنىپ ئېپار كېيىككە يوپۇرۇلۇپ كەلدى. يالماۋۇز كالا ئالتۇن تەڭگىلىك يىلپىزغا ئايلىنىپ ئاچ قالغان يولۋاسقا ئېتىلدى. ۋۇكۇڭ ئالتۇن تەڭگىلىك يىلپىزنى يېمەكچى بولۇپ سۇئەننىغا[1] ئۆزگەردى. يالماۋۇز كالا ئېيىققا ئايلاندى، ۋۇكۇڭ پىلغا ئايلاندى. يالماۋۇز كالا پىخىلداپ كۈلگەن پېتى ئەسلىگە قايتتى. ۋۇكۇڭنىڭ كۆز ئالدىدا ئىككى مۈڭگۈزى ئىككى مۇناردەك، سەككىز يۈز جاڭدىن ئېگىز، تېنى مىڭ جاڭدىن ئۇزۇن ئاق بۇقا پەيدا بولدى. ئۇ ۋۇكۇڭغا:

---

① سۇئەننى — رىۋايەتتىكى يىرتقۇچ ھايۋان. — مۇھەررىردىن

— سەن مېنى نېمە قىلالايسەن؟ — دېدى.

ۋوكوڭمو ئەسلىگە قايتىپ:

— يوغىنا! — دەپ ۋارقىرىدى. ۋوكوڭ شۇئان ئون مىڭ جاڭ ئېگىزلەپ ھەيۋەتلىك گەۋدىسىنى ئۆينىتىپ يالماۋۇز كالىغا كۆرزە ئۇردى. يالماۋۇز كالا مۈڭگۈزى بىلەن تاقابىل تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

ئىككىسى ئېلىشىپ كەتتى، يەر - جاھان لەرزىگە كېلىپ، تاغلار تىترەپ كەتتى. بۇنىڭدىن تەڭرى ئەۋلىيالىرى چۆچۈپ كېتىشتى. يۇرۇن سۇلتان ۋايجىرانا بىلەن ۋەلىئەھد ناجانى ياردەمگە ئەۋەتتى. يالماۋۇز كالا ساماۋى سەركەردىلەرنىڭ قورشاۋىدا قاپسىلىپ قالدى. ئۇ مۈڭگۈزى بىلەن ۋايجىراناغا ھەملە قىلدى. ناجا كۆزى ئۆتكۈر، قولى ئىتتىك بولغاچقا، ئوتچاقنى يالماۋۇز كالىنىڭ مۈڭگۈزىگە ئېسىپ ئوت چىقىرىپ ئۇنىڭ جاجىسىنى بەردى. يالماۋۇز كالا ئاغرىققا چىدىماي ۋاي - ۋايلاپ كەتتى. ۋايجارانا جاھاننەماسىنى چىقىرىپ تۇردى، يالماۋۇز كالا مىدىر - سىدىر قىلالمىدى. ئۇ ئاخىرى باش ئەگدى ۋە بانان يەلپۈگۈچنى بېرىشكە ماقۇل بولدى.

سۇن دەرۋىش بانان يەلپۈگۈچنى ئېلىپ يالقۇنتاغقا كەلدىدە، يەلپۈگۈچنى ئۈچ قېتىم يەلپۈپ ئوتنى تامام ئۆچۈرۈۋەتتى، كەينىدىن سىم - سىم يامغۇر ياغدى. سۇن دەرۋىش لوچانۇ مەلىكىدىن قىرىق توققۇز قېتىم يەلپۈسە ئوتنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋەتكىلى بولىدىغانلىقىنى سوراپ بىلىۋالدى. شۇ ئەسنادا تاغدا چېلەكلەپ يامغۇر يېغىپ كەتتى. ۋوكوڭ بانان يەلپۈگۈچنى لوچانۇ مەلىكىگە قايتۇرۇپ بەردى. ئەتىسى، تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى يۈك - تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ يولغا چىقتى. لوچانۇ مەلىكە، يەر - زېمىن مۆئەككىلى ۋە جاھان ئىلاھى ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدى.

# 31 ـ باب ئالتۇن ئۆگلۈك ئىبادەتخانىدا مۇنار سۈپۈرۈپ بۇددا گۆھرىنى قولغا چۈشۈرۈش

ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى كۈندۈزى مېڭىپ، كېچىسى تۈنەپ يەنە سەككىز چاقىرىمدىن ئارتۇق يول باستى. كۈز ئاخىر-لىشىپ قىشمۇ يېتىپ كەلدى. بىر كۈنى ئۇلار بىر شەھەرگە كەلدى، شەھەردىكىلەر ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ يۈرۈشەتتى، قاي-ناق ھايات ھۆكۈم سۈرگەن شەھەردە بويىنغا تاقاق سېلىنغان ئون نەچچە راھىب ئۆيمۇئۆي كىرىپ تىلەمچىلىك قىلىشۋاتاتتى. سەنزاڭ بۇ ھالنى كۆرۈپ خورسىندى ۋە ئۇقۇپ بېقىشقا ۋۇكۇڭ-نى ئەۋەتتى. ھېلىقى راھىبلار كوچىدا بىرنېمە دېيىشكە پېتى-نالماي، تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنى ئالتۇن ئۆگلۈك ئىبادەتخانىغا باشلاپ كەلدى.

ئەسلىي بۇ يەر جىسەي دۆلىتى بولۇپ، شەھەردىكى ئالتۇن ئۆگلۈك ئىبادەتخانىدا بىر مۇنار بار ئىكەن، بۇ مۇنار كۈندۈزى رەڭدار بۇلۇتلارغا ئورۇلۇپ، كېچىسى ئەتراپقا نۇر چېچىپ چاق-ناپ تۇرىدىكەن. ئەتراپتىكى ئەللەرنىڭ ھەممىسى بۇ مۇنارنى كۆرەلەيدىكەن ھەم بۇ يەرنى تەڭرى مەھكىمىسى دەپ بىلىدىكەن، ھەر يىلى سوۋغا ـ سالام يوللاپ، تاۋاپ قىلىپ تۇرۇشىدىكەن. ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدىكى بىر كېچىسى توساتتىن قان ئارىلاش يامغۇر يېغىپ مۇنار پاسكىنا بولۇپ كېتىپ، شۇندىن تارتىپ ئۇنىڭ جۇلاسى يوقاپ كېتىپتۇ. سوۋغا ـ سالام يوللايدىغان، تاۋاپ قىلىدىغانلارنىڭمۇ ئايىغى ئۈزۈلۈپتۇ. ئوردىدىكىلەر ئىبا-دەتخانىدىكى راھىبلار مۇناردىكى گۆھەرنى ئوغرىلاپ كەتكەچكە،

بىزنى نەس باستى دېيىشىپتۇ. پادىشاھ ئاق - قارىنى پەرق ئەتمەي ئىبادەتخانىدىكى راھىبلارنى قىيىن - قىستاققا ئېلىپ، تالاي راھىبلارنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. سەنزاڭ ئۆزىنىڭ يۈيۈنۈپ بولۇپ مۇنارنى سۈپۈرىدىغانلىقىنى، ئاندىن ئەھۋالنى ئېنىقلاپ قالغان راھىبلارنى قۇتقۇزىدىغانلىقىنى دەپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بەردى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن، سەنزاڭ، ۋۇكۇڭ ھەربىرى بىردىن يېڭى سۈپۈرگىنى ئېلىپ ئاۋۋال مېھراپ ئالدىغا كەلدى-دە، ئىسرىق سېلىپ بۇتقا باش ئۇرۇشتى، ئاندىن مۇنارنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. ئۇلار ھەربىر قەۋەتنى سۈپۈرۈپ ئونىنچى قەۋەتكە چىققۇچە يېرىم كېچە بولدى. سەنزاڭ چارچاپ كەتتى، ئۇ قالغان ئۈچ قەۋەتنى تازىلاشنى ۋۇكۇڭغا بۇيرۇدى. ۋۇكۇڭ تازىلاپ ئون ئىككىنچى قەۋەتكە چىققاندا، مۇنارنىڭ ئۈستىدە بىرىنىڭ پاراڭ قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇ مۇنارنىڭ ئىشى-كىدىن شۇڭغۇپ كىرىپ، بۇلۇتنىڭ ئۈستىگە چىقتى ۋە شۇ يەردىن پەسكە نەزەر سالدى. ئون ئۈچىنچى قەۋەتنىڭ ئۈستىدە ئىككى ئالۋاستى ئۇتتۇشماق ئويناپ شاراب ئىچىۋاتاتتى. ۋۇكۇڭ ئالتۇن توقىلىق دىلىپسەن گۈرزىسىنى چىقىرىپ مۇنارنىڭ ئى-شىكىنى توسۇپ تۇرۇپ:

— ناكەس ئالۋاستىلار! گۆھەرنى ئوغرىلىغانلار ئەسلىدە سىلەركەنسىلەردە! — دەپ ۋارقىرىدى، ئاندىن ئۇلارنى تۇتۇپ ئۇستازىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ ماڭدى.

ئىككى ئالۋاستى ھەممىنى ئىقرار قىلدى: شەھەرگە ئانچە يىراق بولمىغان لۇەنشىشەن تېغىدا بىر زۇمرەت كۆل بار ئې-كەن، بۇ كۆلدە ئەۋلىيا ئەجدىھا پادىشاھ، ئۇنىڭ قىزى ئەۋلىيا مەلىكە، توققۇز باشلىق كۈيئوغلى ياشايدىكەن. ئالدىنقى يىلى پادىشاھنىڭ كۈيئوغلى پادىشاھ بىلەن شەھەرگە كېلىپ، قان ئارىلاش يامغۇر ياغدۇرۇپ مۇناردىكى گۆھەرنى ئوغرىلاپ كېتىپ-

تۇ. ئەۋلىيا مەلىكە ئەرشكە چىقىپ مۇھتەرەم خان ئانىنىڭ توققۇز يوپۇرماقلىق مېھرىگىياھىنى ئۇغرىلاپ كېلىپ، كۆلنىڭ ئاستىدا پەرۋىش قىلىۋېتىپتۇ. يېقىندا ئەۋلىيا ئەجدىھا پادىشاھ ۋۇكۇڭنىڭ مۇشۇ يەردىن ئۆتىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇ كەلگۈچە تەييارلىق قىلىۋالغىلى ئىككى ئالۋاستىنى كۆز ـ قۇلاق بولۇشقا مۇشۇ يەرگە ئەۋەتكەن ئىكەن. ۋۇكۇڭ بۇ ئىككى ئالۋاستىنى سولاپ قويۇپ، راھىبلارغا قارىتىپ قويدى. ئەتىسى، تاڭ سېڭ بىلەن ۋۇكۇڭ جىسەي دۆلىتى پادىشاھىنىڭ ھۇزۇرىغا باردى، يولخېتىنى ئالماشتۇردى. سەنزاڭ بىر قەدەم ئالدىغا چىقىپ، ئالتۇن ئۆڭلۈك ئىبادەتخانىدىكى راھىبلار ئۈچۈن سۆزلەپ، بۇ ناھەقچىلىقنى ۋۇكۇڭ تۇتۇۋالغان ئالۋاستىلار ئارقىلىق ئىسپاتـ لاپ بېرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. پادىشاھ خۇشال بولۇپ، ئالـ تۇن ئۆڭلۈك ئىبادەتخانىغا سولاپ قويۇلغان ئالۋاستىلارنى يالاپ كېلىش ئۈچۈن ۋۇكۇڭنى سەككىز ئادەم كۆتۈرىدىغان مەپىگە ئولتۇرغۇزۇپ يولغا سېلىپ قويۇش توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈرـ دى. ئاردىن كۆپ ئۆتمەي ۋۇكۇڭ مەپىگە چۈشۈپ يېنىپ كەلـ دى، مەپىنىڭ يېنىدا جۇباجيې ۋە شا شەيخ ھەربىرى بىردىن ئالۋاستى تۇتقان پېتى قاشتېشى پەلەمپەينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

پادىشاھ ئىككى ئالۋاستىنىڭ ئىقرارىنى ئاڭلىغاندىن كېـ يىن، كاتتا زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىغا رەھمىتىنى بىلدۈرۈش، ئالتۇن ئۆڭلۈك ئىبادەتـ خانىسىدىكى راھىبلارنى قويۇۋېتىش ھەققىدە يارلىق چۈشۈردى. زىياپەت ئۈستىدە پادىشاھ تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئالۋاستىلارنى يوقىتىپ، گۆھەرنى قايتۇرۇۋېلىشنى ئۆتۈندى. سەنزاڭ ۋۇكۇڭنى ئەۋەتتى، جۇباجيې تاقەت قىلالماي ۋۇكۇڭغا ھەمدەم بولۇشقا ماڭدى. ئىككىسى بىردىن ئىككى ئالۋاستىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ بۇلۇتقا چىقىپ، لۇەنشىشەن تېغىدىكى

زۇمرەت كۆلگە كەلدى، ئۇلار ئالۋاستىلارنىڭ قولىقى بىلەن كالپۇكىنى كېسىۋېلىپ، ئۇلارغا:

— پادىشاھىڭلارغا دەڭلار، ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ ئالتۇن ئۆڭلۈك ئىبادەتخانا مۇناردىكى گۆھەرنى قايتۇرۇپ بەرسۇن، ناۋادا بويۇنتاۋلىق قىلىدىكەن، چوڭ - كىچىك بىر ئائىلە كىشىلىرى هايات قالىمىز دەپ خام خىيال ئەيلىمىسۇن! — دېدىدە، ئىككى ئالۋاستىنى كۆلگە تاشلىدى.

ئەجدىها پادىشاھ مەلۇماتنى ئاڭلاپ قورقۇپ جان - پېنى چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ توققۇز باشلىق كويئوغلى قورقۇش تۇگۇل، قولىغا ئاي شەكىللىك يارىقىنى ئېلىپ، كۆل سۈيىنى ئىككىگە بۆلۇپ سۇ يۈزىگە چىقتى ۋە:

— سۇن ۋۇكۇڭ، سەن ئۆلگىلى كەپسەن! — دېدى.

ۋۇكۇڭ دەرغەزەپكە كېلىپ گۈرزىسىنى ئوينىتىپ جەڭگە چۈشتى. ئىككىسى ئوتتۇز قەپەس ئېلىشىپ بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى. بىر چەتتە تۇرغان جۇباجيېنىڭ قولى قىچىشىپ، ئۇمۇ تىرنىسىنى كۆتۈرۈپ ۋۇكۇڭغا ھەمدەم بولدى. ھېلىقى ئالۋاستىنىڭ توققۇز بېشى، ئۇن سەككىز پۈتى بولغاچقا، كەينى تەرەپنىمۇ كۆرەلەيتتى. ئۇ بىرلا دومىلاپ ئەسلىگە قايتتى، ئۇ ئەسلىدە ئېگىزلىكى بىر جاڭ كېلىدىغان توققۇز باشلىق قۇرت ئىدى. ۋۇكۇڭ بۇنى كۆرۈپ، بىرلا سەكرەپ ھاۋاغا چىقتى - دە، گۈرزىسى بىلەن ئۇنى بىرنى سالدى. ھېلىقى قۇرت بىر ياققا قىڭغايدى، بەل تەرەپتىن يەنە بىر باش ئۇنۇپ چىقتى - دە، جۇباجيېنى چىشلەپ زۇمرەت كۆلگە ئەكىرىپ كەتتى.

توققۇز باشلىق قۇرت جۇباجيېنى ئەجدىها ئوردىسىغا ئەكىرىپ تۈۋرۈككە باغلاپ قويدى. ۋۇكۇڭ جۇباجيېنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قىسقۇچپاقىغا ئايلىنىپ ئوردىغا سوقۇنۇپ كىرىپ، ئەجدىها پادىشاھ جەمەتىدىكىلەرنىڭ توققۇز باشلىق كويئوغلىنىڭ تۆھپىسىنى تەبرىكلەۋاتقانلىقىنى كۆردى. جۇباجيېنىڭ توققۇز

چىشلىق تىرنىسى ئوردىنىڭ سىرتىدىكى تۈۋرۈككە يۆلەكلىك تۇراتتى. ۋۇكۇڭ تۈۋرۈككە يامىشىپ چىقىپ جۇباجىيىنىڭ شۇ يەردىكى بىر تۈۋرۈككە باغلانغانلىقىنى كۆردى. ئۇ جۇباجىيىنى باغلاقتىن بوشىتىپ ئۇنىڭغا پەيلونىڭ ئاستىدا ئۆزىنى ساقلاپ تۇرۇشنى ئېيتىپ، ئۆزى تىرنىنى ئالغىلى كەتتى. جۇباجىي ۋۇكۇڭنىڭ ئاۋازىنى تونۇپ، ۋۇكۇڭنىڭ دىگىنى بويىچە ئۇ يەر-دىن ئاستا چىقىپ كەتتى. ۋۇكۇڭ سارايىنىڭ سىرتىغا چىقىپ، غايىب بولۇش كارامىتىنى ئىشلىتىپ تىرنىنى ئېلىپ كەينىگە ياندى ۋە ئۇنى جۇباجىيغا بەردى. جۇباجىي ۋۇكۇڭنى قىرغاققا چىقىرىۋېتىپ، ئۆزى تىرنىنى كۆتۈرۈپ ئەجدىھا ئوردىسىغا باس-تۇرۇپ كىردى. ئۇ ئوردىدىكى ئىشىك - دېرىزە، ئۈستەل - ئورۇندۇق ۋە كۆزنىگە كۆرۈنگەنلا نەرسىلەرنى كۇكۇم - تالقان قىلىۋەتتى. بۇ ئىشتىن قورقۇپ كەتكەن ئەجدىھا پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى، بالىلىرى ۋە نەۋرىلىرى قورقۇپ ئۆزلىرىنى دەرھاللا چەتكە ئېلىشتى. توققۇز باشلىق قۇرت مەلىكىنى يوشۇ-رۇپ قويۇپ شۇئان يېنىپ كەلدى - دە، ئاي شەكىللىك يارىقىنى كۆتۈرۈپ جۇباجىي بىلەن ئېلىشتى. ئەجدىھا پادىشاھ كۆڭۈل توختاتقاندىن كېيىن، ئوغۇل ۋە نەۋرىلىرىنى باشلاپ يوپۇرۇلۇپ كەلدى. جۇباجىي ئۆزىنىڭ ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ سۇ يۈزىگە چىقىۋالدى. ئەجدىھا پادىشاھ بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلماي، ئوغۇل - نەۋرىلىرىنى ئېلىپ جۇباجىيىنىڭ كەي-نىدىن قوغلاپ سۇ يۈزىگە چىقتى. ۋۇكۇڭ ئاسماندا تۇرۇپ:

— توختاڭلار! — دەپ ۋارقىرىغان پېتى گۈرزىسى بىلەن بىرنى سېلىپ ئەجدىھا پادىشاھنىڭ بېشىنى مىجىپ تاشلىدى. ئەجدىھا پادىشاھنىڭ ئوغۇل ۋە نەۋرىلىرى قورقۇپ كېتىپ بەدەر تىكىۋەتتى، توققۇز باشلىق قۇرتمۇ ئەجدىھا پادىشاھنىڭ جەسە-تىنى ئېلىپ كۆلگە كىرىپ كەتتى.

ۋۇكۇڭ ۋە جۇباجىي ئىككىسى تەدبىر توغرۇلۇق مەسلىھەت-

لەشتى، ئۇلار توساتتىن ئەۋلىيا ئېرلاڭنىڭ ئەرش بوركوتلىرى-
نى قوللىرىغا قوندۇرۇپ، ئەرش تايغانلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ،
ئولجىلارنى كۆتۈرۈۋالغان مېيشەن تېغىدىكى ئالتە ئاغا ـ ئىنىنى
باشلاپ بولۇتقا دەسسەپ بوياققا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.
ۋوكوڭ بىلەن جوباجيې ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ تەزىم بەجا
قىلدى ۋە ئالۋاستىلارنى تۇتۇشقا ئەۋلىيا ئېرلاڭنىڭ ياردەم قىلى-
شىنى ئىلتىماس قىلدى. ئەۋلىيا ئېرلاڭ قاراڭغۇ چۈشۈپ كەت-
كەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، داستىخان سېلىپ ۋوكوڭ بىلەن
جوباجيېنى مېھمان قىلدى، ئۇلار شاراب ئىچكەچ ئۆتكەن ئىش-
لارنى ئەسلەشتى. سوبھى كۆتۈرۈلگەن چاغدا، جوباجيې كەيپ-
نىڭ كۈچى بىلەن زومرەت كۆلگە چۈشۈپ جەڭگە ئاتلاندى. ئۇ
پەيلونىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەجدىھا پادىشاھنىڭ ئوغۇل ۋە نەۋرىلى-
رىنىڭ ئۆلۈم ئۈزىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ۋارقىرىغان پېتى
ئوردىغا باستۇرۇپ كىردى. جوباجيې تىرنىسى بىلەن بىرنى
سېلىپ مەرھۇم ئەجدىھا پادىشاھنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

توققۇز باشلىق قۇرت ئەجدىھا پادىشاھنىڭ ئوغلىنى جوبا-
جيېنىڭ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئاي شەكىللىك يارىقى-
نى قولىغا ئېلىپ، ئەجدىھا پادىشاھنىڭ نەۋرىلىرىنى باشلاپ
مەيدانغا چۈشتى. جوباجيې ئېلىشقاچ كەينىگە چېكىنىپ ئالۋاس-
تىلارنىڭ ھەممىسىنى سۇ يۈزىگە ئېلىپ چىقتى، ۋوكوڭ بىلەن
ئەۋلىيا ئېرلاڭ ئالۋاستىلارغا ئېتىلدى. ئەجدىھا پادىشاھنىڭ
نەۋرىلىرى تىرىپىرەن بولدى. توققۇز باشلىق ئەجدىھا ۋەزىيەت-
نىڭ ئۆزىگە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ بىرلا يۇمىلاپ ئەس-
لىگە قايتتى ـ دە، قانات قېقىپ ئۇچۇپ كەتتى. ئەۋلىيا ئېرلاڭ
ئۇنىڭغا قارىتىپ ساداقتىن ئوق ئۈزدى. توققۇز باشلىق قۇرت-
نىڭ بەل تەرەپتىن بىر باش ئۇنۇپ چىقىپ ئەۋلىيا ئېرلاڭنى
چىشلەشكە تەمشىلىۋىدى، بىر تايغان ئېتىلىپ بېرىپ ھېلىقى
باشنى چىشلەپ ئۈزىۋالدى، توققۇز باشلىق قۇرت ئېلىشىشقا

پىتىنالماي شىمالغا قاراپ ئۇچۇپ كەتتى.

ۋۇكۇڭ ئالۋاستىنىڭ ئۇچۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئارقىدىن قوغلىمىدى، ئۇ بىرلا سىلكىنىپ توققۇز باشلىق قۇرتقا ئايلىنىپ، جۇباجيېنى كەينىدىن ئۆزىنى قوغلاشقا بۇيرۇپ، ئەجدىھا ئوردىسىغا قاراپ يۈگۈردى. ۋۇكۇڭ ئەۋلىيا مەلىكىنى كۆرۈپ:

— جۇباجيې قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ، ھېلىقى گۆھەرنى ئوبدان يوشۇرۇپ قوي، — دېدى. مەلىكە ھودۇقۇپ كېتىپ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمىدى، ئۇ گۆھەر سېلىنغان ئالتۇن قۇتا بىلەن توققۇز يوپۇرماقلىق مېھرىگىياھ سېلىنغان قاشتېشى قۇتىنى ۋۇكۇڭغا بەردى. ۋۇكۇڭ يۈزىنى بىرلا سىلاپ ئەسلىگە قايتىپ:

— مەلىكە، مەن كۆيۈگىڭىز ئەمەسمەن؟ — دېدى.

مەلىكە گاڭگىراپ قالدى، ئۇ ۋۇكۇڭنىڭ قولىدىن ھېلىقى نەرسىلەرنى ئالماي ـ تالماي تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنۇشىغا، جۇباجيې تىرنىسى بىلەن بىرنى سېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئەجدىھا پادىشاھىنىڭ خوتۇنى قاچماقچى بولغاندا، جۇباجيې ئالدىنى توسۇپ ئۇنى ئۇرماقچى بولدى. ۋۇكۇڭ جۇباجيېنى توسۇۋالدى ۋە:

— ئۇنى تىرىك پېتى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپىرايلى! — دېدى.

ئەۋلىيا ئېرلاڭ ۋە مېيشەن تېغىدىكى ئالتە ئاغا ـ ئىنى ۋۇكۇڭنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلىدى. ئۇلار ۋۇكۇڭ ۋە جۇباجيې بىلەن خوشلىشىپ گۇەنجياڭ ئېغىزىغا يۈرۈپ كەتتى. ۋۇكۇڭ قۇتىنى كۆتۈردى، جۇباجيې ئەجدىھا پادىشاھىنىڭ خوتۇنىنى قولتۇقىغا قىستۇردى. ئۇلار بۇلۇتقا دەسسەپ جىسەي دۆلىتىگە ماڭدى.

پادىشاھ بىلەن سەنزاڭ ئالتۇن ئۆگزىلىك ئىبادەتخانىغا كەلدى. ۋۇكۇڭ گۆھەرنى مۇنارنىڭ ئۈستىگە قويدى. ئەجدىھا

پادىشاھنىڭ خوتۇننى مۇنارنىڭ تۇۋرۇكىگە باغلاپ، ئۇنى مۇنار-غا قاراشقا قويدى. توققۇز يوپۇرماقلىق مېھرىگىياھ بىلەن مۇ-نارنىڭ ئون ئۇچىنچى قەۋىتى سوپۇرۇپ تازىلاندى. ئاندىن ئۇ بوتۇلكىغا قاچىلىنىپ مۇنارنىڭ ئۇستىگە قويۇلدى. شۇ ئەسنادا مۇنارنىڭ ئۇستىدىن تارالغان نۇر ئەتراپىنى نۇرلاندۇرۇۋەتتى، مۇنارنى ئەتراپىتىكى دۆلەتلەردىكىلەر كۆرەلەيدىغان بولدى. پادى-شاھ ۋۇكۇڭنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن ئالتۇن ئۆڭلۈك ئىبادەتخا-نىنىڭ نامىنى ئۆزگەرتتى.

تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى جىسەي دۆلىتىدىن ئايرى-لىپ يولغا چىقىدىغان چاغدا، پادىشاھ قەلەمدار ھەم ئەلەمدار ئەمەلدارلارنى باشلاپ ئوردىدىن چىقتى، پۇتكۇل شەھەردىكى پۇقرالار، ئىبادەتخانىدىكى راھىبلار تاڭ سېڭ ۋە ئۇلارنىڭ شا-گىرتلىرىنى ئۇزىتىپ شەھەر سىرتىغا چىقتى. ئىبادەتخانىدىكى راھىبلار ئاتمىش چاقىرىم يەرگىچە ئۇزىتىپ، ئۇلاردىن پەقەتلا ئايرىلىشنى خالىمىدى. ۋۇكۇڭ بىر تال تۈكىنى يۇلۇپ يولۋاسقا ئايلىنىپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسقاندىلا، راھىبلار قورقۇپ كې-تىپ، كۆزلىرىنى ياشلىغان ھالدا قايتىشقا مەجبۇر بولۇشتى.

## 32 - باب   تاڭ سېڭنىڭ گۇلدۇرماما ئىبادەت-خانىسىدا پالاكەتكە يولۇققانلىقى

ۋاقىت سۇدەك ئۆتۈپ، قىش كېتىپ باھار كەلدى. ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى يەنە بىر ئېگىز تاغنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. تاغدا يولنىڭ ئىزى بولسىمۇ، لېكىن چاتقال غۇجمەك ئۆسۈپ كەتكەنلىكتىن يول مېڭىش تەس ئىدى. سەنزاڭ غەمگە پاتتى. جۇباجيې كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مېنىڭكىنى كۆرۈڭ! — دېدى - دە، ئەپسۇن ئوقۇپ، بېلىنى ئېگىپ، — ئېگىزلە! — دېدى.

جۇباجيې بىر دىنىلا يىگىرمە جاڭ ئىگىزلىدى، تىرنىسى ئۇتتۇز جاڭ ئۇزاردى، ئۇ تىرنىسى بىلەن چاتقاللارنى ئۇيان ـ بۇيان قىلىپ بىر يول ئاچتى. ئۇلار تاغدىن ئۆتۈپ تۈزلەڭلىككە چىقتى. بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىدا راۋاق ـ مۇنارلار خىرە ـ شىرە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قوڭغۇراقلارنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى.

ۋۇكوڭ ئاسمانغا چىقىپ ئەتراپنى ئىنچىكە كۆزەتتى، يىراقتىن بىر ئىبادەتخانا كۆرۈندى. ئەتراپتىن قانداقتۇر شۇملۇقنىڭ ئالامىتى كېلەتتى. بۇ يەرنىڭ ياخشى يەر ئەمەسلىكى ۋۇكۇڭنىڭ كۆڭلىگە ئايان بولدى، لېكىن سەنزاڭ ئىشەنمىدى. ئۇلار بىر ئىبادەتخانىنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئىبادەتخانىنىڭ ئۈستىدە «گۈلدۇرماما ئىبادەتخانىسى» دېگەن خەتلەر يېزىقلىق تۇراتتى. ئۇستاز ئىلاھ تاغقا كەلگەن ئوخشايمەن دەپ، تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن دەرھال ئاتتىن چۈشتى. ۋۇكوڭ ئۇستازنى تەپسىلىي كۆرۈپ بېقىشقا دەۋەت قىلدى، ئۇستاز زەن سېلىپ قاراپ «كىچىك گۈلدۈرماما ئىبادەتخانىسى» دېگەن خەتلەرنى كۆردى. سەنزاڭ تاۋاپ قىلىشتا چىڭ تۇردى. ۋۇكوڭ جىنىنىڭ بارچە قارشى چىقتى. ئۇلار تالىشىپ تۇرغاندا ئىبادەتخانىدىن بىرىنىڭ:

— تاڭ سېڭ، سەن بۇددانى تاۋاپ قىلغىلى مەشرىقتىن كەلگەن تۇرۇپ، نېمىگە بۇنداق تارتىنىشىپ تۇرىسەن؟ — دېگەن ئاۋازى كەلدى.

سەنزاڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئالمان ـ تالمان سالام بەردى. جۇباجيې بىلەن شا شەيخمۇ ئالدىراش سالام بەجا قىلدى. ۋۇكوڭ تۇرغان جايىدا قىمىر قىلماي تۇرۇۋەردى. ئۇلار سارايغا كىردى، نىلۇپەر مېھرابىدا ئولتۇرغان ساكيامۇنى:

— ۋۇكوڭ، سەن نېمىدەپ ماڭا سالام بەرمەيسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى. ۋۇكوڭ تازا بىر زەن سېلىپ قاراپ، ئۇنىڭ يالغان ساكيامۇنى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى ـ دە:

— قاپ يۈرەك مەلئۇن! سەن يالغان ساكيامۇنى بولۇۋې-لىشقا قانداق پېتىنىدىڭ، گۆرزەمنى تېتىپ باق! — دەپ ۋارقى-رىدى.

تۇيۇقسىز يۇقىرىدىن بىر ئالتۇن جاڭ چۈشۈپ، ۋۇكۇڭ-نىڭ ئۈستىگە كۆمتۈرۈلدى، جۇباجيې بىلەن شا شەيخ بۇ ئەھ-ۋالنى كۆرۈپ ياراغلىرىنى ئوينىتىپ مەيدانغا چۈشكۈچە، پەستە تۇرغان يالغان ئارخات ۋە يالغان ۋەجرا بۇدساتۋالار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، سەنزاڭ ئۈچىسىنى باغلىۋالدى. يالغان ساكيامۇنى ئەسلىگە قايتتى، ئۇ كىچىك ئالۋاستىلارغا سەنزاڭ، جۇباجيې ۋە شا شەيخنى كۆتۈرۈپ كەينىگە ئاپىرىۋېتىشنى، ئالتۇن جاڭنى نېلۇپەر مېھرابى ئۈستىگە قويۇپ قويۇشنى بۇيرۇدى. ۋۇكۇڭ ئالتۇن جاڭ ئىچىدە ئۈچ كېچە - كۈندۈز تۇرسا، قان - يىرىڭ بولۇپ تۇگەيتتى.

ئالتۇن جاڭ ئىچىدە چىلىق - چىلىق تەرلەپ كەتكەن ۋۇكۇڭ ئۆزىنى ھەريانغا ئۇرۇپمۇ ئالتۇن جاڭنىڭ ئىچىدىن چىقالمىدى. ئۇ تۇرۇپ تىت - تىت بولۇپ مىڭ جاڭ ئېگىزلەيت-تى، تۇرۇپ كۆكتات ئۇرۇقىدەك كىچىكلەپ كېتەتتى. ئالتۇن جاڭمۇ ۋۇكۇڭ چوڭايسا چوڭىياتتى، ۋۇكۇڭ كىچىكلىسە كى-چىكلەيتتى، يوچۇقچىلىك بوش يەر قالدۇرمايتتى. ۋۇكۇڭ تا-قىتى تاق بولۇپ ئەپسۇن ئوقۇپ ئەۋلىيالارنى چاقىرىپ كەلدى. ئۇلار ھەرقانچە قىلىپمۇ جاڭنىڭ ئاغزىنى ئاچالمىدى. ئالتۇن باشلىق بىر ئەۋلىيا يۇرۇن سۇلتانغا مەلۇم قىلدى، يۇرۇن سۇلتان ئالۋاستىلارنى يوقاتقىلى يەر يۈزىگە 28 يۇلتۇز مەنزىلى ئىلاھلىرىنى ئەۋەتتى.

يۇلتۇز مەنزىلى ئىلاھلىرى ئالتۇن جاڭنىڭ يېنىغا كېلىپ، بەزىلىرى ئالتۇن جاڭنى كۆتۈردى، بەزىلىرى باشقا بىر چارىلەر-نى قىلىپ كۆردى، لېكىن يېرىم كۈن ھەپىلەشكەن بولسىمۇ، ئالتۇن جاڭنى ھېچنېمە قىلالمىدى. كاڭ جىنلۇڭ ئىسىملىك

بىر يۇلتۇز مەنزىلى ئىلاھى بىر ئەقىل تاپتى. ئۇ كىچىكلەپ، مۇڭگۇزىنى يىڭنىنىڭ ئۇچىدەك قىلىپ ئالتۇن جاڭنىڭ گىرۋە-كىگە تىقتى، ئاندىن: «يوغىنا!» دەپ ۋارقىرىدى. ھېلىقى مۇڭگۇز يوغىناپ چىنىدەك بولدى، ئەمما ئالتۇن جاڭ مۇڭگۇز بىلەن تەڭ يوغىنىدى، ئازراقمۇ يوچۇق چىقمىدى. ۋۇكۇڭ كاڭ جىنلۇڭغا چىداپ تۇرۇشنى ئېيتىپ، ئالتۇن توقىلىق دىلىپسەن گۇرزىسىنى پولات ئۇشكىگە ئايلاندۇرۇپ كاڭ جىنلۇڭنىڭ مۇڭ-گۇزىدىن بىر تۆشۈك ئاچتى، ئاندىن كۆكتات ئۇرۇقىغا ئايلى-نىپ، تۆشۈككە كىرىۋالدى ۋە:

— مۇڭگۇزۇڭنى تارت! تارتە! — دەپ توۋلىدى. كاڭ جىنلۇڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن مۇڭگۇزىنى تارتىپ چىقاردى، ئۇ چارچاپ كەتكەچكە، ھالىدىن كېتىپ يىقىلدى.

ۋۇكۇڭ ئەسلىي قىياپىتىگە قايتىپ ئالتۇن جاڭنى گۇرزى-سى بىلەن ئۇرۇپ پارچە - پارچە قىلىۋەتتى. بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەن ئالۋاستى، كىچىك ئالۋاستىلارنى باشلاپ يوپۇرۇلۇپ كەلدى. ۋۇكۇڭ 28 يۇلتۇز مەنزىلى ئىلاھى ۋە ئەۋلىيالارنىڭ ھەممىسىنى باشلاپ ئاسمانغا چىقىپ كەتتى. ئالۋاستى بۆرە چىشلىق گۇرزىسىنى ئوينىتىپ، ۋۇكۇڭلارنى قوغلىدى. ۋۇكۇڭ:

— سەن قانداق مەخلۇق، بۇددا بولۇۋېلىپ، ئىبادەتخانا بىنا قىلىدىغان نېمە ھەددىڭ؟ — دېدى. ئالۋاستى:

— بۇ يەرنى كىچىك غەربىي ئەرش دەيدۇ، مېنىڭ ئىسمىم سېرىق قاشلىق بۇددا. مېنى يېڭىۋالساڭ، ئۇستازىڭنى قويۇپ بېرىمەن، يېڭەلمىسەڭ، نوم ئالغىلى مانا مەن بارىمەن، — دېدى. ۋۇكۇڭ گۇرزىسىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى. ئىككى-سى ئەللىك قەپەس ئېلىشىپ بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى.

بىر چەتتە تۇرغان 28 يۇلتۇز مەنزىلى ئىلاھى بىلەن ئەۋلى-يالار توۋلاشقان پېتى ھەر خىل ياراغلارنى كۆتۈرۈشۈپ سېرىق

قاشلىق ئالۋاستىنى قاتموقات ئورنۋېلىشتى. سېرىق قاشلىق ئالۋاستى تەمكىن ھالەتتە بېلىدىن بىر خالتىنى ئېلىپ ھاۋاغا ئاتتى، خالتا شار ـ شۇر قىلغان سادا بىلەن ۋوكوك، 28 يولتۇز مەنزىلى ئىلاھى ۋە ئەۋلىيالارنىڭ ھەممىسىنى سومۇرۇۋالدى. سېرىق قاشلىق ئالۋاستى خالتىنى ئۈشنىسىگە ئارتىپ زەپەر قۇچۇپ قايتتى. قېرى ئالۋاستى كىچىك ئالۋاستىلارغا ئارقان ئەكەلدۈرۈپ، ئەسىرلەرنىڭ ھەممىسىنى باغلىتىپ، كىچىك ئالۋاستىلارغا كۆتۈرتۈپ كەينىگە ئاپىرىۋەتتى.

يېرىم كېچە، ئالۋاستىلارنىڭ ھەممىسى ئۇخلاپ قېلىشتى، ۋوكوك توساتتىن ئۇستازىنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇستاز ۋوكوكنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىغانلىقى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىپ يىغلىغان ئىدى، ۋوكوك ئەپسۇن ئوقۇپ باغلاقتىن بوشاندى، باشقا ئەۋلىيالارنىمۇ باغلاقتىن بوشاتتى. ئۇلار تاڭ سېھرىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ كارامەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، قاشاتام ئىچىدىن چىقىپ كېتىشتى.

ۋوكوك ئۈچىنچى جېسەك ۋاقتىدا ئىبادەتخانىغا يەنە كەلدى ـ دە، بىرلا سىلكىنىپ، شەپەرەڭگە ئايلىنىپ يوك ـ تاقلارنى ئىزدەشكە كىرىشتى. ئۇ ئۈچىنچى قەۋەتتىكى بىر خانىنىڭ يورۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، خانىغا ئۇچۇپ كىردى. خانىدا ئۇستازىنىڭ كاسايىسى نۇر چېچىپ تۇراتتى. ئۇ ئەسلىگە قايتىپ يوك ـ تاقنى ئېلىپلا ماڭدى. ئالدىراشچىلىقتا ۋوكوك يوك ـ تاقنى چىڭ تۇتمىغانمۇ ـ قانداق، ئارىسىدىن بىرنەرسە يەرگە چۈشۈپ كەتتى. «تاراق ـ تۇرۇق» قىلغان ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەن سېرىق قاشلىق ئالۋاستى:

— ئادەم بار ئىكەن! ئادەم بار ئىكەن! — دەپ ئالىتاغىل ۋارقىراپ كەتتى.

ۋوكوك يوك ـ تاقنى تاشلاپ قېچىشقا مەجبۇر بولدى. سېرىق قاشلىق ئالۋاستى كىچىك ئالۋاستىلارنى باشلاپ قوغلى-

دى، تاڭ سېڭنى ھىمايە قىلىپ كېتىۋاتقان ئەۋلىيالارغا ئېيتىل-
دى. ئەۋلىيالار، جۇباجيې ۋە شا شەيخ مەيدانغا چۈشۈپ سېرىق
قاشلىق ئالۋاستىنى توستى. ئۇلار ئېلىشا - ئېلىشا، يەر -
زېمىننى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان چاغدا ۋۇكۇڭ سېرىق قاشلىق
ئالۋاستىنىڭ بېلىدىن خالتىنى ئېلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ:

— چاتاق بولدى! چاپسان قېچىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.
ئۇ كۆپچىلىككە ئارا تۇرالماي، ئۆزى بىرلا مۇللاق ئېتىپ ئاس-
مانغا چىقىپ كەتتى. ئەۋلىيالار بىلەن تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ
ئىككى شاگىرتى ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي، سې-
رىق قاشلىق ئالۋاستىنىڭ خالتىسىغا سۈمۈرۈلۈپ كىرىپ
كەتتى.

ۋۇكۇڭ بۇلۇتتىن شەرقىي تاغنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ ھېلى-
قى ئالۋاستىغا غەزەپلىنىپ ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ
كەتتى. ئۇنىڭ كاللىسىغا بىردىنلا نەنجەن ئايمىقىغا جايلاشقان
ۋۇداڭشەن تېغىدىكى شىماللىق پالۋان داڭماۋ تيەنزۈننىڭ قېشى-
غا بېرىش ئويى كەلدى. ئۇ ئۇستازىنى قۇتۇلدۇرۇشقا شۇنى
تەكلىپ قىلماقچى بولدى، ۋۇكۇڭ بىرلا مۇللاق ئېتىپ ۋۇداڭ-
شەن تېغىغا باردى. داڭماۋ تيەنزۈن ۋۇكۇڭدىن بولغان ئىشلار-
نىڭ ئالدى - كەينىنى ئاڭلاپ، ۋۇكۇڭ بىلەن كىچىك گۇلدۇر-
ماما ئىبادەتخانىسىغا بېرىشقا سەركەردە تاشپاقا، سەركەردە يىلان
ۋە بەش كاتتا ئەۋلىيا ئەجدىھانى بۇيرۇدى.

سېرىق قاشلىق ئالۋاستى ۋۇكۇڭنىڭ ھەمدەمچى لەشكەر-
لەرنى باشلاپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، كىچىك ئالۋاستىلارنى يې-
غىپ جەڭگە چىقتى. بەش كاتتا ئەۋلىيا ئەجدىھا بۇلۇتلارنى
ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ يامغۇر ياغدۇردى، تاشپاقا سەركەردە
بىلەن ئىلان سەركەردە توپا - چاڭ توزۇتۇۋەتتى. ۋۇكۇڭ گۈر-
زىسىنى ئوينىتىپ سېرىق قاشلىق ئالۋاستى بىلەن قوغلاپ يۈ-
رۈپ ئۇرۇشتى. ئېلىشىش يىرىم جىسەك ۋاقىتقا يەتكەندە،

ئـالۋاستى بـېلىدىن يـەنە خالتىنى يەشتى. ۋۇكۇك بۇنىڭدىن چۆچۈپ:

— پەخەس بولۇڭلار! — دېدى - دە، ھېلىقىلارغا ئارا تۇرالماي، ئۆزى ئاسمانغا چىقىپ كەتتى. ئەۋلىيا ئەجدىھالار تاشپاقا سەركەردە ۋە يىلان سەركەردە ۋۇكۇڭنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە، ئالۋاستى خالتىسىغا سۈمۈرۈپ قاچىلاپ ئىبادەتخانىغا قايتتى.

ۋۇكۇڭ بۇلۇتتىن يەر يۈزىگە چۈشۈپ دەردىنى ئېچىگە سىغدۇرالماي تۇرغاندا، توساتتىن غەربىي جەنۇب تەرەپتىن بىر پارچە خەيرلىك بۇلۇتنىڭ بۇياققا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن تاغقا شارقىراپ يامغۇر يېغىپ كەتتى ۋە بىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ۋۇكۇڭ، مېنى تونۇدۇڭمۇ؟

ۋۇكۇڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى، ئۆزىگە گەپ قىلغان ئەسلىدە مايترى بۇددا ئىدى. ۋۇكۇڭ دەرھال تەزىم قىلدى.

سېرىق قاشلىق ئالۋاستى ئەسلىدە مايترى بۇددانىڭ قول ئاستىدا جاڭ چالىدىغان سېرىق قاشلىق بالا ئىدى. بۇ بالا نەچچە كۈنىنىڭ ئالدىدا مايترى بۇددانىڭ ئىپتىدائىي يىغىلىشقا كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ ئىرىق خالتىسىنى، بۆرە چىشلىق گۈرزىسىنى ۋە جاڭنى ئوغرىلاپ يەر يۈزىگە چۈشكەن ئىدى. ۋۇكۇڭ:

— كـۈلگۈنچەك شـەيخ! بۇ گۇناھكىزدىن قانداق ئۆتىسىز؟ — دېدى ئۇنىڭغا. مايترى بۇددا ۋۇكۇڭ بىلەن كېڭەشتى. ئۇلار ئۆزلىرى تۇرغان يەرنى تاۋۇزلۇققا ئايلاندۇردى، مايترى دېھقانغا ئۆزگەردى، ئىككىسى مۇشۇ چارە ئارقىلىق سېرىق قاشلىق ئالۋاستىنى قىزىقتۇرۇپ ئەكەلمەكچى بولۇشتى.

ۋۇكۇڭ بايىقى پىلان بويىچە كىچىك گۈلدۈرماما ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ سېرىق قاشلىق ئالۋاستىنى تىللىدى. ئۇ ئالۋاستى

ۋۇكوڭنىڭ يالغۇز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، يۈرىكىنى توق تۇتۇپ جەڭگە چىقتى. ئىككىسى نەچچە قەپەس ئېلىشىپ كۆردى. ۋۇكوڭ ئۇنى يانباغرىدىكى تاۋۇزلۇققا قىزىقتۇرۇپ ئاپىرىش ئۈچۈن يالغاندىن چېكىنىدى، ئاندىن يۇمىلاپ تازا پىشقان بىر تاۋۇزغا ئايلاندى. سېرىق قاشلىق ئالۋاستى ۋۇكوڭنى تاپالماي، تاۋۇزلۇققا كۆزى چۈشتى. ئۇ دېھقانغا ئۆزىگە تاۋۇزدىن بىرنى ئۈزۈپ بېرىشنى ئېيتتى. مايترى بۇددا ۋۇكوڭ تاۋۇز بولۇپ ئۆزگەرگەن تاۋۇزنى ئۇنىڭغا بەردى. ئالۋاستى ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تاۋۇزنى يېيىشىگە، ۋۇكوڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ قورسىقىغا كىرىپ كەتتى. سۇن دەرۋىش ئۇنىڭ قورسىقىدا موللاق ئېتىپ، مۇشتلاپ، تېپىپ ئۇنىڭ ئاللا - توۋۋىسىنى چىقىرىۋەتتى. سېرىق قاشلىق ئالۋاستى قورسىقىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىماي، ياش تۆكۈپ تاۋۇزلۇقتا يۇمىلاپ كەتتى. بۇ چاغدا مايترى بۇددا ئەسلىگە قايتتى. سېرىق قاشلىق ئالۋاستى ئۇنى كۆرۈپ ئالمان - تالمان تەزىم قىلىپ:

— خوجايىن! گۇناھىمدىن ئۆتسىلە! ئەمدى بۇنداق قىلمايمەن! — دېدى.

مايترى بۇددا ئۇنىڭدىن ئىرىق خالتىنى، جاڭنى ئېلىۋېلىپ، ۋۇكوڭدىن ئۇنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلىدى. سېرىق قاشلىق ئالۋاستى ئاغزىنى ئېچىۋىدى، ۋۇكوڭ چىقتى. ئۇ ئالتۇن توقىلىق دىلىپسەن گۇرزىسىنى ئويىنىتىپ سېرىق قاشلىق ئالۋاستىنى ئۇرماقچى بولدى، بىراق ئۇنى مايترى بۇددا خالتىسىغا قاچىلاپ بولغان ئىدى.

مايترى بۇددا بىلەن ۋۇكوڭ گولدۇرماما ئىبادەتخانىسىغا كېلىپ، ئىبادەتخانىدىكى كىچىك ئالۋاستىلارنىڭ ھەممىسىنى تۇتتى، قاچماقچى بولغانلىرىنى ۋۇكوڭ گۇرزىسى بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. مايترى بۇددا پارچە - پارچە بولۇپ كەتكەن جاڭنى بىر يەرگە يىغىپ، تىنىقىدىن خاسىيەتلىك شامال چىقىرىپ،

ئەپسۇن ئوقۇپ جاڭنى ئەسلىي ھالىتىگە ئەكەلدى، ئاندىن ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ پاك ئالەمگە قاراپ يولغا چىقتى.

ۋۇكۇڭ كەينى ھويلىدىن ئۇستازىنى، ئىنىلىرىنى ۋە ئەۋلىيالارنىڭ ھەممىسىنى قۇتۇلدۇردى. سەنزاڭ ۋۇكۇڭدىن بولغان ئىشلارنىڭ جەريانىنى ئۇقۇپ ئۇنىڭغا كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ئېيتتى ۋە ئەۋلىيالارغىمۇ مىننەتدارلىقىنى بىلدۇردى. ئەتىسى ۋۇكۇڭ ئوت قويۇپ يالغان كىچىك گۇلدۇرماما ئىبادەتخانىسىنى كۆيدۇرۇۋېتىپ، ئۇستازى ۋە ئىككى ئىنىسى بىلەن مەغرىب تامان يول ئالدى.

## 33 - باب جۇباجيېنىڭ سېسىقچىلىقتا تولغان جىلغىدا ھەيۋە كۆرسەتكەنلىكى

تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى يېرىم ئايدەك يول يۈرگەندىن كېيىن ھاۋا ئىسسىپ، ئەتراپتىكى گۇللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتتى. بىر كۈنى گۇگۇم چۈشكەن مەھەلدە، ئۇلار بىر يېزىغا كەلدى. سەنزاڭ بىرىنىڭ ئىشىكىنى چەكتى. ئۆيدىن لى فامىلىلىك بىر بوۋاي چىقتى. بوۋاي سەنزاڭنىڭ راھىب ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ مەغرىبكە نوم ئالغىلى كېتىۋاتقانلىقىنى بىلدى - دە، خورسىنىپ تۇرۇپ:

— بۇ يەر كىچىك غەربىي ئەرش تۇلۇ كەنتى. مەغرىبكە بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، يەتتە مۆجىزىلىك تاغدىنمۇ ئۆتەلمەيسىلەر، — دېدى.

سەنزاڭ بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. بوۋاي:

— يەتتە مۆجىزىلىك تاغدا ساپلا ئەبنۇس دەرەخلىرى بار. ئەبنۇسلارنى يىل بويى ھېچكىم ئۈزمەيدۇ. يەرگە چۈشۈپ سېسىپ كېتىدۇ، يەتتە مۆجىزىلىك تاغدىكى سەككىز يۈز چاقىرىم ئارىلىقتىكى جىلغا چىرىگەن ئەبنۇسلار بىلەن تولغان، بۇ جىلغا

سىيسىقچىلىقىقا تولغان جىلغا، دەپ ئاتىلىدۇ. غەرب شامىلى چىققان ھامان سىيسىق پۇراققا چىداپ تۇرغىلى بولمايدۇ! سىلى-نىڭ يەنىلا قايتىپ كەتكەنلىرى تۈزۈك! — دېدى.

سەنزاڭنىڭ چىرايىنى غەم بۇلۇتلىرى قاپلىدى، ۋۇكۇڭ ئۇستازىنىڭ پەرىشان ھالىغا چىدىماي:

— قوندۇرالمىساڭ قوندۇرالمايمەن دېمەمسەن، نېمىدەپ ئادەم قورقۇتىسەن؟! — دېدى. لى بوۋاي شۇندىلا تاڭ سېڭنىڭ كەينىدە تۇرغان ئۈچ راھىبقا دىققەت قىلدى. ئۇ سۇن دەرۋىش-نىڭ ئالۋاستىلارنى يوقىتالايدىغان كارامىتى بارلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنى دەرھال ئۆيىگە باشلىدى ھەم داستىخان راسلاپ ئۇلارنى كۈتۈۋېلىشقا جابدۇندى. ۋۇكۇڭ لى بوۋايدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشنى سېزىپ، ئۇنىڭدىن:

— ساخاۋەت ئىگىسى، بىزگە مول نېمەت تەييارلىغىنىڭىزغا قارىغاندا، بىرەر مەقسىتىڭىز بارمۇ - قانداق؟ — دەپ سورىدى.

— سىلىنى ئالۋاستىلارنى يوقىتالايدۇ دەپ ئاڭلىدىم. بىز-نىڭ بۇ يەردە بىر ئالۋاستى بار، شۇنى يوقاتسىلا، سىلىگە كاتتا ئىنئام بار، — دېدى بوۋاي.

— دەپ باقە، قانداق ئالۋاستى ئۇ؟ — دېدى ۋۇكۇڭ قىزىقچىلىق قىلىپ.

— ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدىكى ياز ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى، كەنتتىكىلەر ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئىدى، بىردىنلا بوران چىقىپ يەر - جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. كۆپچىلىك يامغۇر ياغىدىغان چېغى بار دەپ، ئېتىزلاردىكى زىرا-ئەتلەرنى دەرھال يىغىشتۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتۇق. كىم بىل-سۇن، بوراندىن كېيىن بىر ئالۋاستى كېلىپ، كەنتتىكى ئات، كالا ۋە قويلارنى يەپ كەتتى. شۇندىن تارتىپ مانا ئىككى يىل بولدى، ھېلىقى ئاپەت پات - پاتلا كېلىپ تۇرىدۇ. تاغنىڭ جەنۇبىدىكى راھىبلارنى چىللاپ ئەكەلدۇق، تاغنىڭ شىمالىدىكى

شەيخلەرنىمۇ تەكلىپ قىلدۇق، ئۇلار ھارامتاماق چىقىپ قالدى، ھېچقايسىسى ئالۋاستىلارنى يوقىتالماي بىزنى بالاغا تىقىپ قويدى، — دېدى.

ۋۇكۇڭ لى بوۋاينىڭ بايانىنى ئاڭلاپ بولۇپ:

— بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق. ئۇنى سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن تۇتۇپ كېلەي، — دېدى.

لى بوۋاي ئالمان - تالمان بىرقانچە بوۋايدىن سوراپ ئازراق پۇلنىڭ ئېپىنى قىلىپ كەلدى ۋە رەھمىتىنى بىلدۇرۇش يۈزىسىدىن ۋۇكۇڭغا تەڭلىدى. ۋۇكۇڭ قەتئىي ئالمىدى، شۇ ئەسنادا قاتتىق بوران چىقتى، تەشۋىشلەنگەن بوۋايلار:

— ئالۋاستى كەلدى! ئالۋاستى كەلدى! — دېيىشتى.

ۋۇكۇڭ ئىشىكتىن چىقىپ ئاسمانغا قارىدى. بوران سەل بېسىققاندىن كېيىن يىراقتىن بىر جۈپ چىراغدەك بىرنەرسە غۇۋا كۆرۈندى، ۋۇكۇڭ بۇنىڭ ئالۋاستىنىڭ كۆزى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ جۇباجيېغا:

— ئىككىڭلار ئۇستازنى ھىمايە قىلىڭلار، مەن ئۇنىڭ قانداق ئالۋاستى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ باقاي، — دېدى ۋە ئاسمانغا چىقىپ ۋارقىرىدى، — پەسەندە ئالۋاستى! قاياقتىن كەلدىڭ؟!

ئالۋاستى جاۋاب بەرمەي يارىغىنى ئوينىتىپ يېتىپ كەلدى. ۋۇكۇڭ كۈلۈپ:

— كىمكىن دەپتىمەن، گاچا ئالۋاستىكەنغۇ ئۇ، گۈرزەمنى تېتىپ باق! — دېدى - دە، گۈرزىنى كۆتۈرۈپ ئالدىغا ئېتىلدى. ئىككىسى ئۈچ جېسەك ۋاقتىغىچە ئېلىشىپ بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى. جۇباجيې يەردە ئۇلارنى كۆرۈپ:

— تۆھپىنىڭ باش بۇرنى ۋۇكۇڭنىڭ بولۇپ كەتمىسۇن، مەنمۇ ھەمدەمگە باراي، — دېدى كۈلۈپ .

جۇباجيې بۇلۇتقا چىقىپ تىرنىسىنى ئوينىتىپ مەيدانغا

چۇشتى. ئالۋاستى جۇباجىيغا ھەملە قىلدى. ئۇ ئىككى قولىدا ئىككى ياراغنى ئەپچىللىك بىلەن ئويناتتى. ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ گەپ قىلالمايدىغانلىقىغا، ھەربىكەتلىرىنىڭ سىرلىقلىقىغا قاراپ، ئۇ تاڭ ئېتىشى بىلەن چوقۇم قېچىپ كېتىدۇ، دەپ پەرەز قىلىپ، جۇباجىيغا ئۇنى قاچۇرۇپ قويماسلىقنى تاپىلىدى. دەرۋەقە، تاڭ ئاقىرىشى بىلەن ئالۋاستى كەينىگە ئۆرۈلۈپ قاچتى. ۋۇكۇڭ بىلەن جۇباجىي كەينىدىن تاپ بېسىپ قوغلىدى، بىردىنلا ئالدى تەرەپتىن چىدىغۇسىز سېسىق پۇراق كەلدى. بۇ دەل يەتتە مۆجىزىلىك تاغدىكى سېسىق جىلغا ئىدى. ئالۋاستى يەتتە مۆجىزىلىك تاغدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئەسلىگە قايتتى. ئۇ ئەسلىدە قىزىل بوغما يىلان ئىدى. ۋۇكۇڭ سەكرىگەن پېتى بېرىپ بوغما يىلاننى گۇرزىسى بىلەن بىرنى سالدى. بوغما يىلان غارغا كىرىپ كەتتى. جۇباجىي بوغما يىلاننى قۇيرۇقىدىن تۇتۇپ جېنىنىڭ بارىچە سىرتقا تارتتى. ۋۇكۇڭ:

— غارنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر ئىشىك بولۇشى مۇمكىن، سەن چاققان بېرىپ ئۇنى شۇ ئىشىكتە توس، — دېدى.

جۇباجىي شۇئان تاغنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتتى، دېگەندەك بىر ئىشىك بار ئىدى. ۋۇكۇڭ ئالتۇن توقىلىق دىلىپسەن گۇرزىسى بىلەن بوغما يىلاننىڭ ئەدىپىنى راسا بەردى، بوغما يىلان ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي ئۇياقتىكى ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. جۇباجىي ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى، بوغما يىلان قۇيرۇقى بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالدى. ۋۇكۇڭ دەر- ھال يېتىپ كېلىپ جۇباجىي بىلەن بوغما يىلاننى قوغلىدى. بوغما يىلان تۇگۇلۇپ يۇمىلاق بولۇۋالدى ـ دە، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ جۇباجىينى دەم تارتىشقا باشلىدى. جۇباجىي قورقۇپ كەينىگە داجىدى. ۋۇكۇڭ ئالدىغا ئۆتۈپ قېلىپ، بوغما يىلاننىڭ قورسىقىغا كىرىپ كەتتى.

جۇباجىي بۇنى كۆرۈپ يەرنى تېپىپ، مەيدىسىگە مۇشتلاپ

قايغۇغا چۆمدى. ئۇنىڭ بىردىنلا تۇرۇپ كاماندەك ئېگىلىپ، تۇرۇپ تاياقتەك تۈپتۈز بولۇۋېلىپ، تۇرۇپ بىلىگە نەچچە جاڭ ئۈزۈنلۈقتىكى ماچتا تىرىلىپ قالغاندەك ھالەتتە تولغىنىپ ياتقان بوغما يىلانغا كۆزى چۈشتى. بۇ ۋۇكۇڭنىڭ بوغما يىلاننىڭ قورسىقىدا تۇرۇپ ئۇيناۋاتقان ئويۇنى ئىدى. ئالۋاستى نەچچە چاقىرىم يەرگىچە بېغىرلاپ بېرىپ ئۆلدى. ۋۇكۇڭ بىلەن جۇباجيې قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ، بوغما يىلاننى سۆرەپ كەنتكە قايتتى.

تۇلۇ كەنتىدىكىلەر تاڭ سېڭنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ ئالۋاستىنى يوقىتىپ، بەدىلىگە ھېچ نەرسە ئالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى مېھمان قىلىشقا ئازراق نەرسە تەييارلىدى. ئۇلار ماڭىدىغان چاغدا نەچچە يۈز پۇقرا ئۇلارنى ئۇزىتىپ سېسىق جىلغىنىڭ ئالدىغىچە باردى. سەنزاڭ جىلغىدىن قانداق ئۆتۈشتىن قايغۇرۇپ تۇرغاندا، ۋۇكۇڭ لى بوۋايغا ناھايىتى كۆپ تاماق تەييارلاتقۇزدى، جۇباجيې شۇ تاماقنى تويغۇچە يېسە چوشقىغا ئايلىنىپ، يول ئېچىپ ئالدىدا مېڭىش ئىمكانىيىتى بار بولاتتى. جۇباجيې سەسكەنگەندەك بولدى. سەنزاڭ:

— ناۋادا سەن يول ئېچىپ ئالدىدا ماڭساڭ، تۆھپەڭنى بىرىنچى باھالايمەن، — دېدى. جۇباجيې خۇش بولۇپ ئەكەلگەن تاماقلارنى خۇددى كالىدەك يالماپ پاك - پاكىز يەپ تۈگەتتى، ئاندىن كىيىملىرىنى سېلىپ بىرلا سىلكىنىدى - دە، يۈز جاڭ ئېگىزلىكتىكى چوشقىغا ئايلاندى، ئۇ سەككىز چاقىرىم ئارىلىقتىكى سېسىق جىلغىنى نەچچە كۈن ئىچىدە تازىلاپ يول ئاچتى.

## 34 - باب جۇزىگو دۆلىتى پادىشاھىنى داۋالاپ ساقايتىش

كۈنلەر بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈپ كېتىۋەردى. باھار

كېتىپ تومۇز ياز كەلدى. ئۇستاز شاگىرتلىرى بىلەن كېتىۋې-تىپ توساتتىن بىر شەھەرگە توغرا كېلىپ قالدى، شەھەر سېپىلىنىڭ بېشىغا ئېسىلغان بايراقتا «جۇزىگو دۆلىتى» دېگەن خەتلەر پۈتۈلگەن ئىدى. ئۇلار قونالغۇغا چۈشۈپ جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ۋاقىتنىڭ تېخى بالدۇر ئىكەنلىكىنى بايقاش-تى. سەنزاڭ يولخېتىنى تېگىشكىلى ئوردىغا يالغۇز كەتتى. ۋۇكۇڭ شا شەيخنى تاماق قىلىشقا بۇيرۇدى، شا شەيخ ماي، تۇز قاتارلىق لازىمەتلىكلەرنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتتى. ۋۇكۇڭ جۇباجيېنى ئالداپ نەرسە - كېرەك ئەكېلىشكە بازارغا ئېلىپ ماڭدى.

ئۇلار غەربىي رەستىدىكى بىر بىنانىڭ ئالدىغا كەلدى. بىنانىڭ ئالدىدا بىر توپ كىشى تۇرۇشاتتى. جۇباجيې ئۆزىنىڭ چاتاق تېپىپ بېرىشىدىن ئەنسىرەپ ھېلىقى توپقا يېقىن بارمى-دى. ۋۇكۇڭ توپنىڭ ئارىسىغا سىغدىلىپ كىردى. تامدا بىر شاھانە ئېلان ئېسىقلىق تۇراتتى، ئېلاندا، كېسەلگە ئېغىر پادى-شاھنىڭ سەكراتتا چۈشۈپ قالغانلىقى، پادىشاھنى كىم ساقايتا-لىسا، پادىشاھ زېمىنىنىڭ يېرىمىنى شۇ كىشىگە بېرىدىغانلىقى يېزىلغان ئىدى. ۋۇكۇڭ خۇشال بولۇپ:

— مەن تېۋىپنى دوراپ باقاي، — دېدى. ئەپسۇن ئوقۇپ تىنىقىدىن چىقارغان نەپەس دەرھال قۇيۇنغا ئايلىنىپ ئەتراپىدى-كىلەرنىڭ كۆزلىرىنى ئاچۇرماي قويدى. ۋۇكۇڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ غايىب بولۇش سېھرىنى ئىشلىتىپ، تامدىكى ئېلاننى سويۇۋالدى. جۇباجيې ئۇخلاپ قالغاندەك ئاغزىنى تامغا يېقىپ تۇراتتى. ئۇ ئېلاننى جۇباجيېنىڭ قوينىغا سېلىپ قويۇپ ئۆزى قونالغۇغا قاراپ يول ئالدى.

قۇيۇن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن شاھانە ئېلاننى قوغداپ تۇرغان ئاغۋاتلار بىلەن سەركەردە - لەشكەرلەر قارىسا تامدا شاھانە ئېلان يوق، تەرەپ - تەرەپتىن ئىزدەپ، ئاخىرى جۇبې-

ـاجىيىنىڭ قوينىدىن تاپتى. ئۇلار جۇباجىيىنى پادىشاھنىڭ كېـ-
سىلىنى كۆرۈشكە ئېلىپ ماڭدى. جۇباجىيى بۇنىڭ ۋۇكۇڭنىڭ
ئويۇنى ئىكەنلىكىنى بىلىپ سەركەردە ۋە سەرۋازلارغا:
— بۇ شاھانە ئېلاننى مېنىڭ ئاغام سويغان، يۇرۇڭلار،
مەن سىلەرنى ئۇنىڭ يېنىغا باشلاپ باراي، — دېدى.
ئاغۋاتلار ۋۇكۇڭنى ئوردىغا تەكلىپ قىلدى. پادىشاھ ئۇنىڭ
بەتبەشىرە سىياقىنى كۆرۈپ، كېسىلىنى كۆرستىشكە جۈرئەت
قىلالمىدى. ۋۇكۇڭ ئۆزىنىڭ «مەشۇت ئارقىلىق كېسەل كۆرە-
لەيدىغان» لىقىنى دېدى ـ دە، ئۈچ تال تۈكىنى يۇلۇپ ئۈچ تال
مەشۇتقا ئايلاندۇردى، ئۈچ تال مەشۇتنىڭ بىر ئۇچىنى پادىشاھ-
نىڭ بېغىشىغا باغلاتقۇزدى، يەنە بىر ئۇچىنى دېرىزىدىن سىرتقا
چىقارغۇزدى. ۋۇكۇڭ مەشۇتنىڭ بىر ئۇچىنى تۇتۇپ كېسەلنى
تەكشۈرۈپ:
— پادىشاھ ھىجران دەردىدە كېسەل بولۇپ قاپتۇ، بۇ
كېسەل «جۈپتىدىن ئايرىلغان قۇش» دەپ ئاتىلىدۇ، — دېدى.
ئوردىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغان پادىشاھ خۇشاللىقىدا:
— توغرا دېدى! تاپتى! دورىسىنى ئەكەلسۇن! — دەپ
ۋارقىراپ كەتتى.
ۋۇكۇڭ ئوردا تېۋىپىغا شەھەردىكى دورىخانىلارغا قويۇلغان
دورىلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ جىڭدىن ئېلىشنى، دورا ياسايدىغان
ئەسۋاب بىلەن دورىلارنى قونالغۇغا ئاپىرىپ، جۇباجىيى بىلەن شا
شەيخكە تاپشۇرۇشنى تاپىلىدى. جۇباجىيى كۈلۈپ تۇرۇپ:
— ئاغىمىز نوم ئەكېلىشنىڭ تەسلىكىنى كۆرۈپ، دورا
دۇكىنى ئېچىپ تىرىكچىلىك قىلماقچى بوپتۇ ـ دە! — دېدى.
— بېلجىرلىما! ئۇلارغا دورامىنىڭ قانداق دورا ئىكەنلىكى-
نى بىلدۇرسەملا بولدى، — دېدى.
ۋۇكۇڭ شۇ ئاخشىمى ئازراق بەدىيان، ھەببۇلمۇلۇك ئۇرۇ-
قى قاتارلىق دورىلارنى ئېزىپ، ئاق ئاتنىڭ يېرىم قاچا سۈيدۇ-

كىنى ئاربلاشتۇرۇپ ئۈچ تال كۆمىلاچ دورا ياسىدى ۋە ئۇنى قۇتىغا سالدى.

ئەتىسى، ۋۇكۇك ئۈچ تال كۆمىلاچ دورىنى ئوردىغا ئەۋەتتى، پادىشاھ دورىنى يەپ ساقىيىپ كەتتى. ئۇ تاڭ سېڭنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا تىزلىنىپ تۇرۇپ تەزىم قىلدى، ئاندىن ۋۇكۇڭنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. ئاغا - ئىنى ئۈچىسى خۇشال ھالدا ئوردىغا كىردى، پادىشاھ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارنى قارشى ئالدى، تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىغا مىنندەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ شەرىپىگە گۈاڭلۇ ئىبادەتخانىسىدا كاتتا زىياپەت ئۇيۇشتۇردى. ۋۇكۇڭ داستىخان ئۈستىدە پادىشاھتىن:

— سىلىنى قىيناۋاتقان ھىجران ئازابىنى مەن بىلىمەن، بۇندىن باشقا قانداق ھەسرەتلىرى باركىن؟ — دەپ سورىدى. پادىشاھ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ۋۇكۇڭغا، بۇندىن ئۈچ يىل ئاۋۋال بىر غاردىكى سەي تەيسۇي ئىسىملىك بىر ئالۋاستى، پادىشاھنىڭ خانىشىنىڭ پەرىزاتتەك جامالىنى كۆرۈپ، خانىشنى ئېلىپ قېچىپ كەتكەنلىكىنى، شۇندىن بېرى ئۆزىنىڭ ھىجران ئازابىغا قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ۋۇكۇڭ:

— مەن ئاشۇ ئالۋاستىنى يوقاتسام قانداق قىلىلا؟ — دەپ سورىدى پادىشاھتىن. پادىشاھ ئالمان - تالمان تىزلىنىپ:

— خانىشنى قۇتقۇزۇپ چىقساڭ، زېمىنىمنى ساڭا ھەدىيە قىلىشقا رازىمەن! — دېدى. جۇباجيې بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— پادىشاھ قائىدىدىن چىقىپ كەتتى، خوتۇنىنى دەپ زېمىنىدىن كېچىپ راھىبقا تىزلاندى! — دېدى. ۋۇكۇڭ دەرھال پادىشاھنى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى. شۇ ئەسنادا جەنۇب تەرەپتىن توپا - چاڭ كۆتۈرۈلۈپ، قۇيۇن چىقىشقا باشلىدى. مۇلكىي ۋە لەشكىرىي ئەمەلدارلار چۆچۈشۈپ:

— ئالۋاستى كەلدى! — دەپ ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشتى.

جۇباجىي بىلەن شا شەيخ يوشۇرۇنماقچى بولۇۋىدى، ۋۇكۇڭ ئۇلارنى قاراپ بېقىشقا تۇتۇپ قالدى. ئاسماندىن ئۇزۇن نەيزە تۇتقان بىر ئالۋاستى چۈشتى. ۋۇكۇڭ ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ قانداق ئالۋاستى ئىكەنلىكىنى سورىدى. ئالۋاستى ئۆزىنىڭ سەي تەي-سۇينىڭ تۇرشاۋۇلى ئىكەنلىكىنى، ئىككى كېنىزەك ئالغىلى كەلگەنلىكىنى دېدى. سۇن دەرۋىش گۇرزىسىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ باردى - دە، گۇرزىسى بىلەن بىرنى سېلىپ ئالۋاستىنىڭ نەيزىسىنى نەچچە پارچە قىلىۋەتتى، ئالۋاستى سارا-سىمىگە چۈشۈپ بەدەر تىكىۋەتتى.

ۋۇكۇڭ غەلىبە قۇچۇپ قايتتى. پادىشاھ ئۇنىڭغا شەخسەن ئۆزى شاراب تۇتتى. ۋۇكۇڭ ئالۋاستىنىڭ تۇرار جايىنى بىلىۋې-لىپ، پادىشاھدىن خانىشنىڭ يېنىدىن ئايرىلمايدىغان بۇيۇمىنى سورىدى. پادىشاھ ئۇنىڭغا بىر جۈپ سېرىق ئالتۇن مارجاننى بەردى. بۇ خانىشنىڭ ئەتىۋارلىق نەرسىسى ئىدى. ۋۇكۇڭ ئەتى-ۋارلىق مارجاننى ئېلىپ، شارابنىمۇ ئىچمەي بىرلا موللاق ئې-تىپ كۆزدىن يىتتى. ئوردا ئەمەلدارلىرى ئاغزىلىرىنى ئېچىپ قېلىشتى.

## 35 - باب سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئالتۇن قوڭغۇ-راقنى ھەم بىلەن قولغا چۈشۈرگەنلىكى

ۋۇكۇڭ ئالۋاستى تۇرۇۋاتقان تاغقا كەلدى، بىر كىچىك ئالۋاستى خەت - چەكلەرنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ، دۇمباق چېلىپ ئۇچقاندەك كېلىۋاتاتتى. ۋۇكۇڭ بىرلا سىلكىنىپ بىر شەيخكە ئايلىنىپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى ۋە ئۇنىڭدىن بۇ خەتلەرنى نەگە ئاپىرىدىغانلىقىنى سورىدى. ئالۋاستى ۋۇكۇڭغا ئۆزىنىڭ جۇزىگو دۆلىتىگە جەڭنامە ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ۋۇكۇڭ

ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ، سەي تەيسۇيىنىڭ ئوت قويالايدىغان، ئىس چىقىرالايدىغان، قۇم ئۇچۇرالايدىغان ئۈچ ئالتۇن قوڭغۇرىقى بارلىقىنى بىلدى، بۇ قوڭغۇراقلارغا دارىپ كەتكەنلەر تىرىك قالمايتتى. ۋۇكوڭ كىچىك ئالۋاستىنى گۇرزىسى بىلەن بىرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئۇنىڭ يېنىدىن بىر گوپەي چىقتى، گوپەيگە: «ھەرقانداق ۋاقىتتا كېلىپ ــ كېتەلەيدىغان سىرداش شاۋجياۋ» دېگەن خەتلەر يېزىلغان ئىدى. ۋۇكوڭ شۇنىڭ قىياپىتىگە كىرىپ غارغا قاراپ يول ئالدى.

ۋۇكوڭ غارغا ئالچاڭلاپ كىرىپ، ئالۋاستى پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا تەزىم بەجا قىلدى ۋە دۇمباق چالدى. ئالۋاستى پادىشاھ ئۇنى يېنىغا تارتىپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى. ئۇ دۇمباقنى بىر چەتكە پىرقىرىتىپ تاشلىۋېتىپ، جۇزىگو دۆلىتىدە تاياق يېگەنلىكىنى، ئۆلارنىڭ ئۇرۇش قىلغىلى كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئالۋاستى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، بۇ خەۋەرنى خانىشقا خەۋەر قىلىپ قويۇشنى تاپىلىدى. ۋۇكوڭ قالتىس خۇشال بولدى. ئۇ ئالدىراش ھەرەمخانىغا قاراپ ماڭدى. ۋۇكوڭ ھەرەمخانىغا كىردى. ئىككى تەرەپتە تولكە ئالۋاستى بىلەن كېيىك ئالۋاستى ساھىبجامال قىزنىڭ سۇرىتىدە تۇرۇشاتتى، ئوتتۇرىسىدا خانىش ئولتۇراتتى. ئۇ ئېڭىكىنى ئالىقىنى ئۈستىگە قويغان، كۆزلىرى ياش ھالەتتە ئىدى. ۋۇكوڭ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ تەزىم قىلدى، بايام جۇزىگو دۆلىتىدىن جەڭنامە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭغا دەيدىغان ئازراق گېپى بارلىقىنى دېدى. خانىش بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىككى تەرىپىدە تۇرغان ساھىبجامالارنى چىقىرىۋەتتى. ۋۇكوڭ ئىشىكنى تاقاپ، يۈزىنى بىرلا سىلاپ ئەسلىگە قايتتى، ئىشنىڭ جەريانىنى بىرقۇر سۆزلەپ، ئاندىن ئالتۇن مارجاننى چىقىرىپ خانىشقا قوش قوللاپ تۇتۇپ:

— ئىشەنمىسىلە، ماۋۇنىڭغا قارىسىلا، بۇ نېمە؟ — دېدى.

خانىش بىرلا قاراپ كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، ۋۇ-

كۆڭلىغا يېنىش - يېنىش رەھمەت ئېيتتى. ۋۇكۇڭ ئۇنىڭدىن ئالۋاستىنىڭ ئۈچ ئالتۇن قوڭغۇرىقىنى نەگە قويغانلىقىنى سورىدى. خانىش ئۈچ ئالتۇن قوڭغۇراقنى ئالۋاستى بېلىگە ئېسىۋېلىپ پەقەت ئالمايدىغانلىقىنى دېدى. ۋۇكۇڭ ئۇنىڭغا بىر ئامال قىلىپ ئالۋاستىدىن ئۈچ ئالتۇن قوڭغۇراقنى ئېلىۋېلىشنى جېكىلىدى.

ۋۇكۇڭ يەنە ھەرقانداق ۋاقىتتا كېلىپ - كېتەلەيدىغان شاۋجياۋغا ئۆزگىرىپ ئالۋاستى پادىشاھنى ھەرەمخانىغا تەكلىپ قىلىشقا ماڭدى. خانىش خۇشخۇي ھالەتتە ئالۋاستى پادىشاھنى كۈتۈۋالدى، ئۇنى قولتۇقىدىن تۇتماقچى بولۇۋىدى، ئالۋاستى قورقۇپ ئۇپۇل - توپۇل كەينىگە داجىدى. ئەسلىدە خانىشنى ئالۋاستى بۇلاپ كەلگەندە، زىياڭ ھەقزات خانىشقا رەڭدار پەرىشتە كىيىمى كىيگۈزۈپ قويغاچقا، ئۇنىڭ بەدىنىگە زەھەرلىك تىكەن ئۈنۈپ كەتكەن ئىدى، شۇڭا ئالۋاستى خانىشقا يېقىن كېلەلمەيتتى. خانىش دېدەكلىرىگە داستىخان راسلاشنى بۇيرۇدى، ئالۋاستىغا شېرىن - شېكەر گەپلەرنى قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇتتى. ئالۋاستى شېرىن - شېكەر گەپلەرگە ئېرىپ كېتىپ ئۈچ ئالتۇن قوڭغۇراقنى خانىشقا بەردى ۋە قوڭغۇراقنى ھەرگىز پۇلاڭلاتماسلىقنى ئەسكەرتتى. ۋۇكۇڭ بىر چەتتە ئۈندىمەي تۇرۇپ، ئالتۇن قوڭغۇراقنى تۇيدۇرماي ئوغرىلىۋالدى. ئۇ تېخى غاردىن چىقىپ كەتمەي تۇرۇپلا ئېھتىياتسىزلىقتىن قوڭغۇراقلارنى پۇلاڭلىتىۋەتتى. قوڭغۇراقلاردىن ئوت، ئىس ۋە توپا - چاڭ كۆتۈرۈلۈپ، ئەتراپقا ئوت كەتتى. ھودۇقۇپ كەتكەن سۇن دەرۋىش قوڭغۇراقلارنى تاشلاپ قاچتى. ئالۋاستى كىچىك ئالۋاستىلارنى ئىشىكنى تاقاپ، ۋۇكۇڭنى تۇتۇشقا بۇيرۇدى. ۋۇكۇڭ چىۋىنگە ئايلىنىپ، قايتا ھەرەمخانىغا ئۇچۇپ بېرىپ، ئالۋاستىنى ئالداپ ئۈچ ئالتۇن قوڭغۇراقنى يەنە ئېلىۋېلىشقا خانىشنى كۆندۈردى.

خانىش دېدەكلەرگە زىياپەت ھازىرلاشنى، ئۆزىنىڭ ئالۋاس-
تى بىلەن شاراب ئىچىدىغانلىقىنى دېدى ـ دە، ئىككى ئايال
ئالۋاستىنى ھەرەمخانىدىن چىقىرىۋېتىپ، چۈنجاۋ ئىسمىلىك بىر
دېدەكنى ئېلىپ قالدى. ئالۋاستى چۈنجاۋنىڭ دەل سۈن ۋۇكۇڭ
ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. «چۈنجاۋ» ئالۋاستىغا يېقىنلىشىپ،
بىر تال تۈكىنى يۇلۇپ ئالۋاستىنىڭ كىيىمىنىڭ ئىچىگە سېلى-
ۋېتىپ، ئاندىن ئەپسۇن ئوقۇدى، ھېلىقى تۈك سان ـ ساناقسىز
پىتقا، بۈرگىگە ۋە چۈسىغا ئۆزگىرىپ ئالۋاستىنى چاقىلى
تۇردى، بۇنىڭغا چىدىمىغان ئالۋاستى توختىماي بەدىنىنى تاتى-
لايتتى. خانىش، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سالسا، پىت بېقىشىپ
بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئالۋاستى كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سال-
دى. كىيىم ـ كېچەكلىرىنى پىت، چۈسا بېسىپ كەتكەن ئى-
دى. پىت بىلەن چۈسىلار قوڭغۇراقلاردىمۇ يۇگۇرۇشۇپ يۇرۇ-
شەتتى.
«چۈنجاۋ» :
— پادىشاھ ئالىيلىرى، قوڭغۇراقلارنى ئېلىۋەتسىلە، پىت-
لىرىنى مەنمۇ بېقىشىپ بېرەي، — دېدى.
ئالۋاستى بىر ياقتىن نومۇس قىلدى، يەنە بىر ياقتىن
ھودۇقۇپ كېتىپ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمىدى. ئۇ ئۈچ ئالتۇن
قوڭغۇراقنى يېنىدىن ئېلىپ، دېدەك قىز سۇرىتىدىكى ۋۇكۇڭغا
بەردى. «چۈنجاۋ» ئالتۇن قوڭغۇراقنى تىقىۋېلىپ، تۈكىنى
يۇلۇپ ئۈچ تال يالغان ئالتۇن قوڭغۇراققا ئايلاندۇردى، ئالۋاس-
تىغا چىراغ يورۇقىدا پىت بېقىشىپ بەردى ۋە يالغان ئالتۇن
قوڭغۇراقنى ئالۋاستى پادىشاھقا بەردى.
ئالۋاستى كىيىملىرىنى كىيىپ، ئالتۇن قوڭغۇراقلارنى
خانىشقا بېرىۋېتىپ:
— ئەمدى ئوبدان ساقلاڭ، — دېدى. خانىش ئالتۇن
قوڭغۇراقلارنى كىيىم ساندۇقىغا سالدى.

ۋۇكۇك ئالتۇن قوڭغۇراقلارنى قولغا چۈشۈرۈۋالغاندىن كېيىن ئەپسۇن ئوقۇپ، سېھىر قىلىپ غاردىن چىقتى - دە، غارنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ:

— سەي تەيسۇي، خانىشنى چاپسان چىقىرىپ بەر! جۇزىگو دۆلىتى تەكلىپ قىلغان قېيناتاڭ كەلدى! — دەپ ۋارقىرىدى. ئالۋاستى خانىشتىن:

— يېقىن ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئىچىدە ۋەي فامىلىلىكلەر يوق ئىدىغۇ؟ — دەپ سورىدى.

— پەقەت يوق دەپ ئېيتقىلىمۇ بولمايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى خانىش.

ئالۋاستى كىچىك ئالۋاستىلارنى ئەگەشتۈرۈپ غاردىن چىقتى ۋە:

— جۇزىگو دۆلىتىدىن كەلگەن قېيىناتا قايسىڭ؟ — دەپ سورىدى. ۋۇكۇڭ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئوبدان جىيەن، مەن كىمكەنمەن؟! — دېدى.

«قېيناتا» نىڭ ئەينى يىللىرى ئەرشنى مالىمان قىلغان سۇن ۋۇكۇڭ ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئالۋاستى يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ، پالتىسىنى ئويناتقان پېتى ۋۇكۇڭغا ئېتىلدى. ئىككىسى ئەللىك قەپەس سوقۇشتى، ئالۋاستى كۈچ ئېلىشالماي، تاماق يەيمەن دەپ غارغا قايتتى. ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ ئالتۇن قوڭغۇراقلىرىنى ئېلىپ چىقىدىغانلىقىدىن خەۋىرى بولغاچقا، قەستەن ماقۇل بولدى. ئالۋاستى غارغا كىرىپ خانىشتىن ئالتۇن قوڭغۇراقلارنى سورىدى. خانىش ئالتۇن قوڭغۇراقلارنى ئالۋاستىغا بېرىۋېتىپ، يوشۇرۇن كۆز يېشى قىلدى، ئۇ ۋۇكۇڭنىڭ جېنىنى ئېلىپ قېچىپ كېتەلەيدىغان - كېتەلمەيدىغانلىقىدىن ئەنسىرىدى، لېكىن ئۆزىدىكى ئۈچ ئالتۇن قوڭغۇراقنىڭ يالغان ئىكەنلىكىدىن بىخەۋەر ئىدى. ئالۋاستى ئالتۇن قوڭغۇراقلارنى ئېلىپ غاردىن چىقتى ھەم ۋۇكۇڭغا:

— سۇن ۋۇكۇك، قوڭغۇراقلارنى پۇلاڭلىتىشىمغا قارا! — دېدى ـ دە، بىرىنچى قوڭغۇراقنى پۇلاڭلاتتى. ئۇنىڭدىن ئوت هاسىل بولىدى، ئىككىنچى قوڭغۇراقنى پۇلاڭلاتتى، ئۇنىڭدىنمۇ ئىس پەيدا بولىدى، ئۈچىنچى قوڭغۇراقنى پۇلاڭلاتتى، ئۇنىڭدىنمۇ توپا ـ چاڭ كۆتۈرۈلىدى. ئالۋاستى شۇ زامان ساراسىمىگە چۈشۈپ نېمە قىلارنى بىلەلمەي قالدى. ۋۇكۇڭ ئۈچ ئالتۇن قوڭغۇراقنى چىقىرىپ كۆلگىنىچە:

— سېنىڭ قوڭغۇراقلىرىڭ چىشى، مېنىڭ قوڭغۇراقلىرىم ئەركەك. چىشى قوڭغۇراقلار ئەركەك قوڭغۇراقلارنى كۆرسە جىرىڭلىمايدۇ. يەنىلا مېنىڭ جىرىڭلاتقىنىمنى كۆر! — دېدى.

شۇنداق دەپ ئۈچ ئالتۇن قوڭغۇراقنى جىرىڭلىتىۋىدى، يالقۇن، ئىس ـ تۈتەك ۋە توپا ـ چاڭ كۆتۈرۈلۈپ، يەر ـ جاھان لەرزىگە كەلدى، سەي تەيسۇي قورققىنىدىن ئەس ـ هوشىنى يوقىتىپ كىرىدىغان تۆشۈك تاپالماي قالدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، شەپقەتكار بۇدساتۋا خەيرلىك بولۇتقا مىنىپ يېتىپ كەلدى ـ دە، ۋۇكۇڭغا:

— سۇن ۋۇكۇڭ، مەن كەلدىم! — دەپ توۋلىدى.

ۋۇكۇڭ ئالدىراش تەزىم بەجا قىلدى. شەپقەتكار بۇدساتۋا تال سۆگىتىنى تىرىلدۈرگەن شەبنەم سۈيى قاچىلانغان شېشىدىن بىرنەچچە تامچە سۇنى چاچتى، شۇ زامات تۇمان پەيدا بولۇپ، ئوت يالقۇنى ئۆچۈپ، توپا ـ چاڭ بېسىقتى. ئالۋاستىمۇ ئەسلىگە كەلدى، ئەسلىدە ئۇ شەپقەتكار بۇدساتۋانىڭ قول ئاستىدىكى ئالتۇن تۈكلۈك بىر مەخلۇق ئىدى. ئۇ پادىچى بالا ئۇخلاپ قالغان پەيتتىن پايدىلىنىپ يەر يۈزىگە چۈشۈپ بىرمۇنچە ئەسكىلىكلەرنى قىلغان ئىدى. شەپقەتكار بۇدساتۋا ئالتۇن تۈكلۈك مەخلۇقنىڭ بوينىدىكى ئۈچ تال ئالتۇن قوڭغۇراقنىڭ يوقالغانلىقىنى كۆرۈپ، ۋۇكۇڭدىن سورىدى. ۋۇكۇڭ:

— ئالتۇن قوڭغۇراق دېگەن نەرسىنى بىلمەيمەن، —

دېدى. شەپقەتكار بۇدساتۋا:
— ئوغرى مايمۇن، مەن چەمبىرەك چىگىتىش ئەپسۇننى ئوقۇيمەن! — دېدى. ۋۇكۇڭ ئۈچ ئالتۇن قوڭغۇراقنى شەپقەتكار بۇدساتۋاغا بەردى. ئۇ ئالتۇن تۇكلۇك مەخلۇققا مىنىپ، بۇلۇتقا چىقىپ جەنۇبىي دېڭىز تامان يول ئالدى.
پادىشاھ خانىش بىلەن ۋۇكۇڭنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدا پۇتى يەرگە تەگمەي قالدى، ئۇ خانىشنى قولتۇقىدىن يۆلەپ شاھانە كارىۋاتقا چىقارماقچى بولۇپ خانىشنى تۇتۇشىغا، كەينىگە ئۈچۈپ چۈشۈپ:
— ۋاي قولۇم! ۋاي قولۇم! — دەپ نالە قىلىپ كەتتى. دەل مۇشۇ ئەسنادا كۆكتىن بىرىنىڭ:
— سۇن دەرۋىش، مەن كەلدىم، — دېگەن ئاۋازى كەلدى. ئەسلىدە زىياڭ ھەقزات تۇرنىغا مىنىپ كەلگەن ئىدى.
زىياڭ ھەقزات خانىشنىڭ ئالدىغا كېلىپ قولىنى تەگلىۋېدى، خانىشنىڭ ئۈستىدىكى رەڭدار پەرىزات كىيىمى دەرھال كونا كىيىمگە ئۆزگەردى. ئەسلىدە، ئەينى يىلى زىياڭ ھەقزات خانىشنىڭ بۇلاپ كېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئالۋاستىنىڭ ئۇنى ئاياغ ئاستى قىلىپ قويۇشىدىن ھەم يامان ئادەملەرنىڭ خورلىشىدىن ئەنسىرەپ، خانىشنىڭ ئۈستىدىكى كىيىمىنى رەڭدار پەرىزات كىيىمگە، بەدىنىنى زەھەرلىك تىكەن بىلەن قاپلانغان بەدەنگە ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى، ئالۋاستى خانىشقا يېقىن كەلگەن ھامان ئۇنى زەھەرلىك تىكەن سانجىيتتى. زىياڭ ھەقزات مۇشۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپ، كۆككە چىقىپ كەتتى. پادىشاھنىڭ ئەمەلدارلىرى ئالدىراش كۆككە قاراپ باش ئۇرۇپ كېتىشتى.
پادىشاھ كاتتا زىياپەت راسلاپ ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىغا رەھمەت - ھەشقاللا ئوقۇدى، ئاندىن يولخېتىنى ئالماشتۇرۇپ بەردى، تاڭ سېڭنى شاھانە هارۋىغا مەھكەم ئولتۇرغۇزۇپ،

هارۋىنى كېنىزەكلىرى بىلەن ئۆزى ئىتتىرىپ ماڭدى. تاڭ سىپكى ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى كاتتا ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن ئۇزىتىلدى.

## 36 - باب جۇباجىينىڭ مەشۇت غارىغا شەيدا بولۇپ قالغانلىقى

تاڭ سىپكى بىلەن ئۇنىڭ شاگىرتلىرى مەغرىبكە قاراپ داۋاملىق مېڭىۋەردى، كۆز كېتىپ قىش كەلدى، ئارقىدىن قىش كېتىپ ياز يېتىپ كەلدى. بىر كۈنى، ئۇستاز بىلەن شاگىرتلار ئورمانلىقتا بىر تۇرالغۇنى كۆرۈپ قالدى، سەنزاڭ سەدىقە تاماق ئەكېلىشكە ئۆزى بارماقچى بولدى، شاگىرتلىرى تالىشىپ تۇرۇۋالدى، سەنزاڭ ئۇلارنى توسۇپ ئۆزى بېرىشتا چىڭ تۇردى. ئۇ ئۆزى يالغۇز ھويلىغا كىردى، قارىسا دېرىزىنىڭ ئالدىدا تۆت ئايال كەشتە تىكىپ ئولتۇراتتى، ئۆينىڭ كەينىدە ئۈچ ئايال توپ تېپىپ ئويناۋاتاتتى. سەنزاڭ بىرئاز بىئەپ ھېس قىلىپ كەينىگە يانماقچى بولدىيۇ، شاگىرتلىرىنىڭ سەدىقە تاماق ئەكىلەلمىدى، دېيىشىدىن ۋايىم يەپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا تەستە بېرىپ:

— راھىبەلەر، مەن سىلەردىن ئازراق سەدىقە تاماق ئالغىلى كەلگەن ئىدىم، — دېدى.

ئاياللار بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈمسىرەپ ئۇنى قارشى ئالدى ۋە تاڭ سىپكىنى ئۆيگە باشلىدى. سەنزاڭ ئۆيگە كىرىپ ئۆزىنىڭ ئۆي ئەمەس، بەلكى سۇرلۇك تاش غارغا كىرىپ قالغانلىقىنى تۇيدى.

يەتتە ئايالنىڭ ئۈچى تاڭ سىپكىغا ھەمراھ بولدى، تۆتى تاماققا تۇتۇش قىلدى. ئۇلار بىردەمدىن كېيىن ئادەم گۆشىدە ئېتىلگەن تاماقنى ئەكەلدى، دۇفۇ ئادەمنىڭ مېڭىسىدە قىلىنغان ئىدى. تاڭ سىپكى قورققان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلار بىلەن

خۇشلاشماقچى بولدى. ئاياللار بىرلىكتە تاڭ سېڭنى يەرگە بېسىپ، قولىنى باغلاپ لىمغا ئېسىپ قويدى. ئۇلار كىيىملىرىنى سېلىشىپ، قورساقلىرىنى يالىڭاچلاپ، كىندىكىدىن ئۆردەك تۇخۇمى چوڭلۇقتا مەشۇت ئارقان چىقىرىپ يوغان تور توقۇدىدە، تور بىلەن ئىشىكنى پېچەتلىۋەتتى.

ۋۇكۇڭ شۇنچە ئۇزاق ساقلىغان بولسىمۇ ئۇستازى كەلمىدى، ئۇ دەرەخكە چىقىپ ئەتراپنى كۆزەتتى، جاڭزىدىن تارالغان غەيريي ئاق نۇرنى كۆرۈپ، ئۇستازىنىڭ ئالۋاستىلارغا يولۇقۇپ قالغانلىقىنى بىلدى. ۋۇكۇڭ ئىنىلىرىغا يۈك - تاق بىلەن ئاتقا ئوبدان قاراشنى تاپىلاپ، ئۆزى جاڭزىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئىشىك مەشۇت بىلەن قاتمۇقات ئورىۋېتىلگەن ئىدى. ئورالغان مەشۇتنىڭ نەچچە مىڭ قەۋەت ئىكەنلىكىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. ۋۇكۇڭ تۇتۇپ بېقىپ، قولىغا تەگكەن يېپىشقاق نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى ئاڭقىرالمىدى، ئۇ ئەپسۇن ئوقۇپ جامائەت ئىلاھى بىلەن جاھان ئىلاھىنى چاقىرىپ كەلدى، شۇلارنىڭ ئاغزىدىن بۇ يەرنىڭ مەشۇت غارى ئىكەنلىكىنى، غاردا يەتتە ئايال ئالۋاستى بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ يەتتە ھۆر قىزنىڭ ئارىشىڭنى ئىگىلىۋالغانلىقىنى، يەتتە ئايال ئالۋاستىنىڭ ئاشۇ ئارىشاڭغا پات - پات بارىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى.

ۋۇكۇڭ ئۇلارنى كەتكۈزۈۋېتىپ، جاڭزىغا قايتىپ بېرىپ تىڭتىڭلىدى. يەتتە ئايال ئالۋاستى مەشۇتلىرىنى يىغىشتۇرۇپ يۇيۇنغىلى ئارىشاڭغا قاراپ ماڭدى. سۇن دەرۋىش بىرلا سىلكىنىپ ئېچىرقاپ كەتكەن قۇشقا ئايلىنىپ، ئالۋاستىلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى ئېلىپ ئورمانلىققا كېلىپ ئەسلىگە قايتتى. جۇباجيې ئايال ئالۋاستىلارنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، ئاپەتنى يىلتىزىدىن تۈگىتىش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ، تىرنىسىنى كۆتۈرگەن ھالدا ئۆزى يالغۇز كۆلچەك بويىغا كەلدى. يەتتە ئايال ئالۋاستى قۇشنى تىللىشىۋاتاتتى. جۇباجيې كۈلۈپ تۇرۇپ:

— راھىبەلەر، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە يۈيۈناي، — دېدى- دە، سۇغا چۈشۈپ بېلىققا ئايلىنىپ ئۈيان - بۇيان ئۈزۈشكە باشلىدى. ئايال ئالۋاستىلار بۇ بېلىقنى تۇتۇشقا ئورۇن- دى، لېكىن ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ بېلىقنى تۇتالمىدى. جۇ- باجيې سۇدىن چىقىپ تىرنىسىنى ئوينىتىپ ئۇلارغا تېگىش قىل- دى. ئايال ئالۋاستىلار ھودۇقۇپ كېتىپ، نومۇسنى بىرياققا قايرىپ قويۇپ كەينى - كەينىدىن قىرغاققا چىقىشىپلىشتى. ئۇلار كىندىكىدىن مەشۇت چىقىرىپ، ئاسمان - زېمىننى كۆز بىلەن كۆرگۈسىز قىلىۋەتتى، جۇباجيېمۇ مەشۇت تورىنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇ خېلى ئۇزۇن تىركەشتى، قانچە قېتىم يىقىلغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، يەنىلا تورغا بەند قىلىۋېتىل- دى. ئايال ئالۋاستىلار غارغا قايتىپ ئەپسۇن ئوقۇپ مەشۇتنى يىغىۋالدى ۋە كىچىك ئالۋاستىلارغا تاڭ سېڭىنىڭ شاگىرتلىرى- نىڭ يولىنى توسۇشنى بۇيرۇدى، ئۆزلىرى ئۇستازىنىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدى.

جۇباجيې ھوشىغا كېلىپ پۇت - قوللىرىدىكى مەشۇت ئار- قانىنىڭ يوقلۇقىنى كۆردى. ئۇ كەلگەن يولى بىلەن مېڭىپ ۋۇكۇڭنىڭ يېنىغا كەلدى. شا شەيخ:

— چاتاق بولدى، ئايال ئالۋاستىلار ئۇستازنىڭ گۆشىنى يېگىلى غارغا قايتقان بولۇشى مۇمكىن، — دېدى. ئۈچىسىنىڭ پۇت - قوللىرىدا جان قالمىدى، ئۇلار دەرھال غارغا قاراپ يۈگۈردى. غاردىن بىرنەچچە كىچىك ئالۋاستىلارنىڭ چىقىۋاتقان- لىقىنى كۆرگەن جۇباجيې تىرنىسىنى كۆتۈرۈپ ئۇلارغا ئېتىل- دى. كىچىك ئالۋاستىلار جۇباجيېنىڭ قەھرىنى كۆرۈپ شۇئان ئەسلىگە قايتىپ، ئون مىڭلىغان ھەسەل ھەرىسى، ھەرە، كۆ- كۈيۈنلارغا ئايلىنىپ، ۋۇكۇڭ، جۇباجيې ۋە شا شەيخلەرنى چې- قىشقا باشلىدى. جۇباجيې بىلەن شا شەيخ ئۆزلىرىگە يوپۇرۇلۇپ كەلگەن ھاشاراتلارنى يەڭلىرى بىلەن ئۇرۇپ ئالىتاغىل تۇۋلى-

شىپ كەتتى. ۋۇكۇڭ بىر تال تۈكىنى يۇلۇپ پۈۋلىدى ـ دە، سان ـ ساناقسىز ئۇچار قۇشلار پەيدا بولدى، ئۇلار ھاشاراتلارنى پاك ـ پاكىز يەپ تۈگەتتى. ۋۇكۇڭ تۈكىنى قايتۇرۇپ كەلدى ۋە جۇباجيې، شا شەيخ بىلەن غارغا كىرىپ، لىمغا ئېسىلغان ئۇستازىنى قۇتقۇزدى. ئاندىن ئايال ئالۋاستىلارنى ئىزدىدى، لېكىن ھېچقايسىسىنى تاپالمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەشۇت غارىغا ئوت قويۇۋېتىپ مەغرىب تامان يۈرۈپ كەتتى.

ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئۇزۇن ماڭماستىن بىر جاڭزىدىن ئۆتتى. جاڭزىنىڭ ئىشىكىگە «سېرىق گۈلگە نەزەر» دېگەن خەتلەر يېزىلغان ئىدى. سەنزاڭ ئۇسساپ كەتكەچكە، شاگىرتلىرىغا مۇشۇ جاڭزىدا ئۇسسۇلۇق ئىچىۋېلىشنى ئېيتتى. كىم بىلسۇن، بۇ جاڭزىدىكى قېرى راھىب مەشۇت غارىدىكى ئايال ئالۋاستىلارنىڭ ئۇستازى ئىدى. ئايال ئالۋاستىلار بۇ جاڭ- زىغا ئاللىبۇرۇن كېلىپ بولغان ئىدى. تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ ئۆز ئايىغى بىلەن كەلگەنلىكىنى كۆرگەن قېرى راھىب شاگىرتىغا زەھەر سېلىنغان چاينى ئەكېلىشنى بۇيرۇدى.

ۋۇكۇڭ چاينىڭ باشقىچە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، قېرى را- ھىبقا:

— تەقسىر، چېيىمىزنى ئالماشتۇرساق قانداق؟ — دېدى.

قېرى راھىب ئالماشتۇرۇشقا ئۇنىمىدى، ۋۇكۇڭ جاھىل- لىق قىلىپ تۇرۇۋېلىۋالدى. سەنزاڭ، جۇباجيې ۋە شا شەيخ بەك ئۇسساپ كەتكەچكە، چاينى بىراقلا ئىچىۋەتتى، جۇباجيېنىڭ چىرايى شۇئان ئاقىرىپ كەتتى، شا شەيخنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئاققىلى تۇردى. تاڭ سېڭنىڭ ئاغزىدىن ئاق كۆپۈك چىقىپ ھوشىدىن كەتتى. ۋۇكۇڭ قولىدىكى پىيالىنى قېرى راھىبنىڭ بېشىغا ئاتتى، ئاندىن ئالتۇن توقىلىق دىلىپسەن گۈرزىسىنى چىقىرىپ، ئاغزىنى بۇزغان پېتى قېرى راھىبقا ئېتىلدى. قېرى راھىب سوغۇق كۈلۈپ:

— سەن سىڭىللىرىمنىڭ مەشۇت غارىنى ۋەيران قىلىۋەت-تىڭ، قولۇمدىن قېچىپ قۇتۇلمىقىڭ خام خىيال! — دېدى. ئۇ شۇنداق دەپ قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ۋۇكۇڭغا ئېتىلدى. ئىك-كىسى بىر - بىرىنى تىللاشقاچ ئېلىشىپ يەتتە ئايال ئالۋاستىنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇلار غاردىن يۈپۈرۈلۈپ چىقىپ كىندىكىدىن مەشۇت چىقىرىپ، ۋۇكۇڭنىڭ بېشىدا تور توقۇشقا باشلىدى. ۋۇكۇڭ ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ، بىرلا موللاق ئېتىپ تورنى يىرتىپ ئاسمانغا چىقىپ كەتتى. ئايال ئالۋاستىلار توقۇ-غان قاتمۇقات تور بىلەن «سېرىق گۈلگە نەزەر» جاڭزىسى كۆز-دىن يىتكەن ئىدى.

ۋۇكۇڭ بۇ ئالۋاستىلارنىڭ يامانلىقىنى بايقاپ، ئەپسۇن ئوقۇپ جامائەت ئىلاھىنى چاقىرىپ ئۇنىڭدىن سوراپ يۈرۈپ، ئالۋاستىلارنىڭ ئۆمۈچۈكتىن ئۆزگەرگەنلىكىنى ئۇقتى. ئۇ بىر تال تۈكىنى يۇلۇپ، نەچچە ئون مايمۇنچاقنى پەيدا قىلىپ، ھەربىرىگە قوش بىسلىق قايچا بەردى، ئۇلار نەرە تارتقاچ تورنى بىر چەتتىن كېسىشكە كىرىشتى. بىردەمدىلا ھەربىر مايمۇنچاق ئون نەچچە جىڭدىن تور كېسىپ، تورنىڭ ئىچىدىن بىر يەرگە تۈگۈلۈۋېلىپ، لاغىلداپ تىترىگەن ھالدا: «بىر قوشۇق قېنى-مىزدىن كېچىڭلار! بىزگە رەھىم قىلىڭلار!» دەپ نالە قىلىۋات-قان تاۋۇز چوڭلۇقىدىكى يەتتە ئۆمۈچۈكنى تۇتتى.

ۋۇكۇڭ ئايال ئالۋاستىلارغا قېرى راھىبقا دەپ ئۇستازىنى قويدۇرۇۋېتىشنى بۇيرۇدى. ئايال ئالۋاستىلار بىرلىكتە:

— ئۇستاز، ئۇنىڭ ئۇستازىنى قويۇۋەتسىلە! — دېدى.

قېرى راھىب غاردىن چىقىپ:

— سىڭىللىرىم، سىلەرگە ئارا تۇرالمايدىغان بولدۇم، مەن تاڭ سېڭنىڭ گۆشىنى يەيمەن! — دېدى. ۋۇكۇڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ غەزەپلىنىپ:

— ئۇستازىمنى قويۇپ بەرمىسەڭ، سىڭىللىرىڭنىڭ ئاقى-

ۋتىنى كۆرۈپ قوي! — دېدى. ئۇ شۇنداق دەپ ئالتۇن توقۇلىق گۈرزىسى بىلەن ئۇرۇپ ئۇمۇچۇكلەرنىڭ پىقىشىنى چىقىرىۋەتتى. بۇنىڭغا چىدىمىغان قېرى راھىب قىلىچىنى ئوينىتىپ ۋۇكۇڭغا ئېتىلدى. ئىككىسى ئەللىك - ئاتمىش قەپەس ئېلىشتى، قېرى راھىب قوللىرىدا ماغدۇر قالمىغاچقا، سېھرىنى ئىشقا سېلىپ ئىككى قوۋۇرغىسىنىڭ ئارىسىدىن مىڭ كۆز ھاسىل قىلىپ، مىڭ كۆزدىن ئەتراپقا نۇر تارىتىپ ۋۇكۇڭنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالدى. ۋۇكۇڭ بېشى قېيىپ، كۆزى تورلىشىپ، ئۆزىنى ھەريانغا ئۇرۇپ نۇردىن ئۆزىنى چەتكە ئالالماي مۇشكۇل ئەھۋالغا قالدى ۋە قۇرتقا ئايلىنىپ يەرگە كىرىپ كەتتى. ئۇ يىگىرمە چاقىرىم ئارىلىققا بېرىپ يەر يۈزىگە چىقتى.

ۋۇكۇڭ يەر يۈزىگە چىققاندىن كېيىن پۈتۈن بەدىنى سىرقىراپ ئاغرىپ، ئۆزىنىڭ تامامەن ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى ۋە ئۇستاز بىلەن ئىنىلىرىنى قۇتقۇزۇش ئىمكانىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى ئويلاپ ئىختىيارسىز يىغلاپ كەتتى. شۇ چاغدا يېنىغا بىر موماي كېلىپ، ئۇنىڭدىن نېمىشقا يىغلىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىدى، ۋۇكۇڭ مومايغا بولغان ئىشلارنى بىرقۇر سۆزلەپ بەردى. موماي ئۇنىڭغا زەڭگەر بۇلۇت تېغىدىكى تۇمەنگۇل غارىدا بىر ئەۋلىيا راھىبە بارلىقىنى، بايىقى ئالۋاستىلارنى شۇ ئەۋلىيا راھىبە ئەل قىلالايدىغانلىقىنى دەپ بەردى. ۋۇكۇڭ ئالمان - تالمان:

— مەن ئېلىشىپ كەتتىم، سىلىنىڭ قايسى بۇددا ئىكەنلىكلىرىنى ئۇقالمايۋاتىمەن، نامىشەرىپلىرىنى قالدۇرۇپ قويغان بولسىلا! — دەپ مومايغا باش ئۇردى. ئۇ ئەسلىي بۇززۇكۋار ئانا لي شەن ئىدى.

ۋۇكۇڭ بۇلۇتقا چىقىپ زەڭگەر بۇلۇت تېغىدىكى تۇمەنگۇل غارىغا كەلدى - دە، خۇشال ھالدا غارغا كىرىپ، غارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان بىر راھىبەنى كۆردى. ئۇنى موماي دەپ

بەرگەن ئەۋلىيا راھىبە شۇ دەپ بىلىپ، ئالدىغا بېرىپ تەزىم قىلدى ۋە كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتتى. ئەۋلىيا راھىبە ۋۇ-كۇڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئالۋاستىلارنى يوقىتىشقا ماقۇل بولدى.

ئىككىسى بۇلۇتقا چىقىپ «سېرىق گۇلگە نەزەر» جاڭزىسى-غا كەلدى. ئەۋلىيا راھىبە بۇلۇتقا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، ۋۇكۇڭ-غا ئالۋاستىنى غاردىن ئالداپ ئېلىپ چىقىشنى ئېيتتى. قېرى راھىب ۋۇكۇڭنىڭ يەنە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ يەنە ئەپسۇن ئو-قۇپ قوۋۇرغىلىرىنىڭ ئارىسىدىكى كۆزلەردىن نۇر تاراتتى. ئەۋلىيا راھىبە كەشتە تىكىدىغان يىڭنىسىنى كۆكتىن يەرگە ئاتتى، يىڭنىنىڭ يەرگە چۈشكەن ئاۋازى بىلەن تەڭ، تارالغان نۇرلار نەلەرگىدۇر غايىب بولدى. ۋۇكۇڭ خۇشاللىقىدا:

— قالتىس بولدى! قالتىس بولدى! — دەپ كەتتى.

ئەۋلىيا راھىبە يەر يۈزىگە چۈشۈپ ۋۇكۇڭ بىلەن «سېرىق گۇلگە نەزەر» جاڭزىسىغا كىرىپ قېرى راھىبنىڭ ئەسلىي سىيا-قىنى كۆردى، ئۇ ئەسلىدە بىر قۇرت ئىدى. ۋۇكۇڭ گۈرزىسى بىلەن ئۇنى ئۇرماقچى بولۇۋىدى، ئەۋلىيا راھىبە ئۇنى توستى، ئۇ بۇ قۇرتنى ئېلىپ كېتىپ دەرۋازىۋەن قىلماقچى ئىدى. ۋۇكۇڭ ئۇستاز، جۇباجيې ۋە شا شەيخلەرنىڭ ئاغزىدىن كۆپۈك ئۆرلەپ، ھوشىنى بىلمەي ياتقىنىنى كۆرۈپ، كۆزلىرىنى ياش-لىغىنىچە:

— ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېدى. ئەۋلىيا راھىبە:

— قايغۇرۇپ كەتمە، مەندە زەھەر قايتۇرىدىغان دورا بار، ساڭا ئۈچ تال بېرەي، — دېدى.

ۋۇكۇڭ بۇ ئۈچ تال دورىنى ھەربىرىگە بىر تالدىن ئىچۈر-دى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۈچىسى ھوشىغا كېلىپ ئەۋلىيا راھىبەگە سالام قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ رەھمەت ـ ھەشقاللىسىنى بىلدۈر-دى. ئەۋلىيا راھىبە ھېلىقى قۇرتنى ئېلىپ تاغقا قايتتى. ئۇس-تاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى مەغرىبكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

# 37 ـ باب سوُن ۋوُكوُڭنىڭ شتو غارىدا خاسىيەتلىك شىشىنىڭ سىرىنى ئېچىپ تاشلىغانلىقى

ئوُستاز ھەم ئوُنىڭ شاگىرتلىرى ياز چىقىپ كوُز كىرگوُچە تىنماي يول يوُردى. بىر كوُنى، ئوُلار چوققىلىرى كۆككە تاقاشقان ئېگىز تاغنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئوُستاز شاگىرتلىرى بىلەن تاغقا چىقىدىغان يول ئىزدەپ يوُرگەندە، توساتتىن ھاسا تايانغان بىر بوۋاي تاغ باغرىدا توُروُپ:

— مەغرىبكە ماڭغان ھەزرەت، ئاگاھ بولسىلا، بوُ تاغدا ئالۋاستى بار، ئوُ ناھايىتى كۆپ ئادەملەرنى يەپ كەتتى، تاغقا چىقىشقا بولمايدوُ! — دەپ توۋلىدى.

تاڭ سىرىڭ بوُ گەپنى ئاڭلاپ رەڭگى ئۆچوُپ ئاتتىن يىقىلىپ چوُشتى. ۋوُكوُڭ ئەھۋال ئوقىلى بوۋاينىڭ يېنىغا كەتتى.

ئوُ ئەسلىي بوۋاي سوُرىتىدىكى ئەۋلىيا ئالتوُن يوُلتوُز ئىدى. ئوُ ۋوُكوُڭغا بوُ جاينىڭ شتولىڭ دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، سەككىز يوُز چاقىرىم كېلىدىغانلىقىنى، تاغدا شتو دەيدىغان بىر غارنىڭ بارلىقىنى، غاردىكى ئوُچ ئالۋاستى پادىشاھنىڭ ئىنتايىن يامان ئىكەنلىكىنى دەپ بەردى. ئوُ يەنە ۋوُكوُڭنىڭ بارلىق پەم ـ پاراسىتىنى ئىشقا سالمىسا بوُ تاغدىن ئۆتوُش ئەسلا مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئەسكەرتىپ قويدى. ۋوُكوُڭ ئەۋلىيا ئالتوُن يوُلتوُزغا رەھمەت ئېيتتى ۋە قايتىپ بېرىپ ئوُستازىغا ئوُنىڭ گەپلىرىنى يەتكوُزدى.

ۋوُكوُڭ جوُباجيې بىلەن شا شەيخكە ئوُستازنى قوغداشنى تاپشوُروُپ قويوُپ، ئۆزى بىر موللاق ئېتىپ ئېگىز چوققىغا چىقتى ـ دە، ئەتراپنى كۆزەتتى. يىراقتىن بىر چارلىغوُچى

كىچىك ئالۋاستى توقماقنى ئۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ۋوكوك بىرلا سىلكىنىپ كىچىك ئالۋاستىغا ئايلىنىپ، گەپ ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا ماڭدى. كىچىك ئالۋاستى ئۆزىنىڭ تاغنى چارلاشقا مەسئۇل ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ۋوكوك ئۆزىنىڭ مەخسۇس چارلىغۇچىلارنى باشقۇرىدىغان خادىم ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ:

— پادىشاھىمىز ۋوكوكنىڭ ئۆزگىرىشكە ماھىر ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، شۇڭا ئىچىڭلاردا ۋوكوكتىن ئۆزگەرگەنلەر بار-مۇ- يوق، تەكشۈرگىلى كەلدىم، — دېدى. كىچىك ئالۋاستى ئۆزىنىڭ راست چارلىغۇچى ئىكەنلىكىنى دېدى. ۋوكوك:

— ناۋادا سەن راست چارلىغۇچى بولساڭ، پادىشاھىمىزنىڭ قانداق خىسلەتلىرى بار بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن.

— ئەينى يىلى خان ئانا پىرونۇس شاپتۇل بەزمىسىدە ھەر-قايسى ئەۋلىيالارنى چاقىرىپ، پادىشاھىمىزنى چاقىرماي قويغان، پادىشاھىمىز دەرغەزەپكە كېلىپ ئەرش ئوردىسىنى ئاس-تىن- ئۈستۈن قىلىۋەتكەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئون مىڭ ئەرش لەشكىرىنى يەڭگەن، — دېدى كىچىك ئالۋاستى.

— ئىككىنچى پادىشاھىمىزنىڭ قانداق خىسلىتى بار؟ — دەپ سورىدى ۋوكوك يەنە.

— ئىككىنچى پادىشاھىمىزنىڭ بويى ئۈچ جاڭ كېلىدۇ، بۇرنى ئەجدىھانىڭ بۇرنىغا ئوخشايدۇ، ناۋادا بىرەرى بىلەن ئېلىشىپ قالسا، بۇرنى بىلەن بىرلا يۆگەپ، مەيلى ئۇنىڭ بەدىنى پولاتتىن چىڭ بولسۇن، كۇكۇم - تالقان قىلىۋېتەلەيدۇ، — دېدى كىچىك ئالۋاستى.

— ئۈچىنچى پادىشاھىمىزنىڭچۇ؟ — دەپ سورىدى ۋو-كوك.

— ئۈچىنچى پادىشاھىمىزنىڭ يولى ئوچۇق، پېشانىسى ئوڭ. ئۇ مۆزەككەر - مۆئەننەس شېشىنى يېنىدا ئېلىپ يۈرۈي-دۇ، بىرەرى شۇ شېشىنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالسا، شۇ كىشى

بىر ئاش پىشىم ۋاقتىغىچە قانغا ئايلىنىپ كېتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى كىچىك ئالۋاستى. ۋۇكۇڭ كىچىك ئالۋاستىدىن پادىشاھنىڭ نەدە تۇرىدىغانلىقىنى سورىدى. كىچىك ئالۋاستى دەپ بەردى: چوڭ پادىشاھ بىلەن ئوتتۇرانچى پادىشاھ شىتولىڭ-دىكى شىتو غارىدا تۇرىدىكەن، كەنجى پادىشاھ بەش يۈز يىل ئىلگىرى شىتو دۆلىتىنىڭ پادىشاھى بىلەن شۇ دۆلەتنىڭ مۆل-كىي ۋە لەشكىرىي ئەمەلدارلىرى ھەم ئەر - ئايال پۇقرالىرىنى يەپ تۈگىتىپ، زېمىنىنى تارتىۋالغان ئىكەن. ئۇلار ھازىر تاڭ سېڭنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ئويلايدىكەن، لېكىن سۇن ۋۇكۇڭ-دىن قورقىدىكەن. شۇڭا، كەنجى پادىشاھ بۇ يەرگە كېلىپ قالغان ئىككى پادىشاھ بىلەن بىرلىشىپ تاڭ سېڭنى تۇتماقچى بولۇۋاتقان ئىكەن.

ۋۇكۇڭ كىچىك ئالۋاستىنى گۈرزىسى بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈ-رۈۋەتتى. ئاندىن ئۆزى شۇنىڭ سىياقىغا كىرىپ، ئەلەمنى كۆ-تۈرۈپ شىتو غارىغا كەلدى. غارنىڭ ئالدىدا ئون مىڭلىغان كىچىك ئالۋاستىلار ئۇيان - بۇيان يۈرۈشەتتى. ۋۇكۇڭنىڭ كاللىسىغا بىر ئەقىل كەلدى. غارنىڭ ئىشىكىدە تۇرغان كىچىك ئالۋاستى ۋۇكۇڭدىن، ئۇنىڭ سۇن ۋۇكۇڭغا يولۇققان - يولۇق-مىغانلىقىنى سورىدى. ۋۇكۇڭ:

— يولۇقتۇم، ئۇ يارىغىنى بىلەۋېتىپتۇ، ئالدى بىلەن غارنىڭ ئالدىدىكى ئون مىڭ ئالۋاستىنى كۆزدىن يوقىتىمەن دېدى، — دەپ جاۋاب بەردى. كىچىك ئالۋاستىلارنىڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ قورققىنىدىن جان - پېنى چىقىپ كېتىشتى. ۋۇكۇڭ:

— تاڭ سېڭ دېگەن بىر كىشى، گۆشى قانداقمۇ بىزگە تەگسۇن؟ ئۆزىمىزنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئۇنىڭدىن كۆرە جېنىمىزنى ساقلىغىنىمىز تۈزۈك ئەمەسمۇ؟ — دېدى. ئالۋاستىلار ۋۇكۇڭنىڭ گېپىنىڭ تەسىرىدىن تارقىلىپ كېتىشتى.

ۋۈكۈك غارنىڭ ئارا ئىشىكىدىن كىرىپ يەنە يەتتە - سەك-
كىز چاقىرىم يول يۈرۈپ ئاخىرقى ئىشىككە كەلدى. ئېگىز
سۇپىدا ئولتۇرغان ئۈچ پادىشاھنى كۆردى، ئۇلارنىڭ چىرايلىرى-
دىن ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇراتتى. ۋۈكۈك ئۇلارغا سۇن ۋۈكۈك-
نىڭ ئېلىشىش ئۈچۈن يارىغىنى بىلەۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. قېرى
پادىشاھ چۆچۈپ، غارنىڭ ئالدى - كەينى ئىشىكلىرىنى تاقاش
توغرۇلۇق ئالدىراش پەرمان چۈشۈردى. بىر كىچىك ئالۋاستى
سىرتتىن كىرىپ، غارنىڭ ئالدىدىكى ئالۋاستىلارنىڭ قېچىپ
كەتكەنلىكىدىن مەلۇمات بەردى. ۋۈكۈك ئىشىك تاقىلىپ قالسا
ئۆزىنىڭ غاردىن چىقىپ كېتەلمەيدىغانلىقىدىن ۋايىم يەپ:
— ئىشىكنى تاقىۋالغان بىلەنمۇ ئۇ چىۋىنگە ئايلىنىپ كى-
رىدۇ، — دېدى. ئۇ شۇنداق دەپ بىر تال تۈكىنى يۇلۇپ ئالتۇن
باشلىق چىۋىنگە ئايلىنىپ قېرى پادىشاھنىڭ بېشىغا قوندى.
قېرى پادىشاھ چۆچۈپ كىچىك ئالۋاستىغا، چىۋىننى ئۇرۇشنى
بۇيرۇدى. ۋۈكۈك تاقەت قىلالماي كۈلۈپ تاشلىدى. ئۇ شۇ
كۈلكىسى بىلەن ئۆزىنى ئاشكارىلاپ قويدى. ئۈچ پادىشاھ ۋۈ-
كۈكنى كۆرۈپ، تەڭ يوپۇرۇلۇپ بېرىپ ئۇنى تۇتتى ۋە ئارقان
ئەكەلدۈرۈپ باغلىتىۋەتتى. كەنجى پادىشاھ مۇزەككەر - مۇئەن-
نەس قاچىلانغان شېشىنى چىقىرىپ ۋۈكۈكنى ئىچىگە سولاپ،
ئاغزىنى ھىملىۋەتتى. ۋۈكۈك شېشىنىڭ ئىچىدە زوڭ ئولتۇ-
رۇپ، ئۆز - ئۆزىگە: «بۇ شېشىنىڭ ئىچى بەك سالقىنكەن»
دېدى، ئۇ شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا، شېشىنىڭ ئىچىدە ئوت يالقۇ-
نى كۆتۈرۈلدى. بىردەمدىن كېيىن ئوت پۈركۈيدىغان قىرىق
يىلان، ئاندىن كېيىن ئوت پۈركۈيدىغان ئۈچ ئەجدىھا پەيدا
بولدى. ۋۈكۈكقا ئوت كار قىلمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئوتتا قاقلى-
نىپ يامان قىينىلىپ كەتتى. دەل شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ يادىغا
شەپقەتكار بۇدساتۋا بەرگەن ئۈچ تال نىجاتلىق تۈكى كەلدى. ئۇ
بىر تالنى يۇلۇپ ئۈشكىگە ئايلاندۇرۇپ شېشىنىڭ ئاستىنى تەش-

تى، شىشىدىكى ئوت شۇئان ئۆچتى. ۋۇكۇك قورتقا ئايلىنىپ شىشىدىن چىقىپ كەتتى ۋە ئۇدۇل بېرىپ قېرى پادىشاھنىڭ بېشىغا قوندى.

بىردەمدىن كېيىن، قېرى پادىشاھ ۋۇكۇڭنىڭ ئۆلگەن - ئۆلمىگەنلىكىنى بىلىپ بېقىش نىيىتىدە شىشىنى ئەكەلدۈردى. ۋۇكۇڭنىڭ شىشىنىڭ تېگىدىن تۆشۈك تېشىپ قېچىپ كەتكەنلىكىنى بايقاپ، ئاچچىقىدا چىشلىرى كىرىشىپ كەتتى. يېنىدىكىلەرگە ئىشىكنى تاقاپ ۋۇكۇڭنى ئىزدەشنى بۇيرۇدى. ۋۇكۇڭ ئەسلىگە قايتىپ:

— شىشەڭ كاردىن چىقتى، ئەمدى ئادەم قاچىلىيالمايسەن، ئۇنى تەرەت قاچىسى ئورنىدا ئىشلەت، — دەپ ۋارقىردى - دە، گۇرزىسىنى ئوينىتىپ غاردىن چىقىپ كەتتى.

ۋۇكۇڭ ئۇستازىنىڭ يېنىغا كېلىپ بولغان ئىشلارنى زىرزەۋىرىگىچە دەپ بەردى. ئۇ جۇباجىيېنى ئۆزىگە ھەمدەم قىلماقچى بولدى. جۇباجيې تېڭىرقاپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ نېمە كارامىتىم بار ئىكەن، ساڭا ياردەم قىلغۇدەك؟ — دېدى. ۋۇكۇڭ:

— كونىلاردا «بىكار تۇرغاندىن ھە - ھۇ دېيىشىپ بەرگەن ئەلا» دەيدىغان گەپ بار، سەن بىللە بارساڭ كۆڭلۈم توق تۇرىدۇ، — دېدى. جۇباجيې ئامال يوق ماقۇل بولدى ۋە:

— بوپتۇ، بىللە باراي، قاچىدىغان چاغدا مېنى كولدۇرلاتما ئەمىسە، — دېدى. ئۇ سۇن دەرۋىش بىلەن بىللە قۇيۇن تېزلىكىدە غارنىڭ ئالدىغا كەلدى.

قېرى پادىشاھ ۋۇكۇڭنىڭ غار ئالدىغا كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى مەلۇماتنى ئاڭلاپ ساۋۇت - دۇبۇلغىلىرىنى كىيىپ غاردىن چىقتى. ئۇ ۋۇكۇك بىلەن جۇباجيېنى كۆرۈپ يەكمۇيەك ئېلىشىشنى ئېيتتى. ۋۇكۇك ماقۇل بولدى. جۇباجيې مەيدانغا چۈشمىدى. ئالۋاستى پادىشاھ ۋۇكۇڭغا:

— مەن ئاۋۋال بېشىڭغا ئۈچ قىلىچ ئۇرىمەن، ئۆلمىسەڭ، ئۇستازىڭنى ئۆتكۈزۈۋېتىمەن، ئۆلۈپ كەتسەڭ، ئۇستازىڭنى تا-ماق ئورنىدا يەۋېتىمەن، — دېدى.

ۋۇكۇڭ رازى بولدى. ئالۋاستى پادىشاھ قىلىچ بىلەن ۋۇ-كۇڭنى چاپتى، ۋۇكۇڭ قىمىر قىلمىدى، بېشىنىڭ تېرىسىمۇ قىزارمىدى. ئالۋاستى پادىشاھ يەنە بىر قىلىچ ئۇردى، ۋۇكۇڭ ئوتتۇرىدىن ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى. ئۇ بىرلا ئېغىناپ ئىك-كى تەنلىك مايمۇنغا ئايلىنىپ قالدى. ئالۋاستى پادىشاھ چۆ-چۈپ:

— سەن تېنىڭنى ئىككى قىلالىغىنىڭ بىلەن بىرلەشتۈ-رۈشنى بىلمەيدىكەنسەن، تېنىڭنى بىر قىلالىساڭ، مېنى گۈرزى بىلەن بىرنى ئۇرۇشۇڭغا رۇخسەت قىلىمەن، — دېدى. ۋۇ-كۇڭ:

— يالغان گەپ قىلما! گۈرزەمنى تېتىپ باق! — دېدى-دە، گۈرزىسىنى ئوينىتىپ ئالۋاستى پادىشاھقا ئېتىلدى. قېرى پادىشاھ لاغىلداپ تىترەپ قىلىچ بىلەن گۈرزىنى توستى. ئىككى-سى ئاسماندا يىگىرمە قەپەستىن ئارتۇق ئېلىشتى، لېكىن بىر-بىرىنى يېڭەلمىدى. جۇباجيې تاقەت قىلالماي تىرنىسىنى پۇلاڭ-لاتقان پېتى ئاسمانغا چىقتى. ئالۋاستى پادىشاھ ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ ماڭدى. ۋۇكۇڭ بىلەن جۇباجيېنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تاغ باغرىدا توختاپ ئەسلىگە قايتتى. ئۇ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ جۇباجيېنى دەم تارتىشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتكەن جۇباجيې دەرھال ئوت - چۆپنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالدى. ۋۇكۇڭ كەينىگە چېكىنمەي كەلگەن پېتى ئالۋاستى پادىشاھنىڭ قورسىقىغا كىرىپ كەتتى. جۇباجيې ئالدىراش قايتىپ ئۇستازىغا ۋۇكۇڭنى ئالۋاستى پادىشاھنىڭ قورسىقىغا سۈمۈرۈپ ئەكىرىپ كەتكەنلىكىنى دەپ بەردى. ئۇ يۈك - تاقنى بۆلۈشۈپ، تارقى-

لىپ كېتىش كېرەكلىكىنى ئېيتتى، سەنزاڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭ-
لاپ ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

## 38 ـ باب سۇن ۋۇكۇڭنىڭ جۇباجىينى ئەخمەق قىلغانلىقى

ئالۋاستى پادىشاھ مەقسىتىمگە يەتتىم دەپ ئويلاپ غارغا قايتتى. كەنجى پادىشاھ ئۇنىڭ ۋۇكۇڭنى يەۋەتكەنلىكىنى ئۇ-
قۇپ، چۆچۈگەن ھالدا:

— سۇن ۋۇكۇڭنى يەۋەتكىلى بولمايدۇ! — دېدى. ۋۇكۇڭ ئالۋاستى پادىشاھنىڭ قورسىقىدا تۇرۇپ:

— يەۋەتكىلى بولىدۇ! يەۋەتكىلى بولىدۇ! مەن تېخى قور-
سىقىڭدا قازان ئېسىپ، ئۆچەي ـ باغرىڭنى پىشۇرىمەن! — دېدى.

ئالۋاستى پادىشاھ ۋۇكۇڭنى دورا شاراب بىلەن ئۆلتۈرۈۋەت-
مەكچى بولۇپ شاراب ئىچتى. ئۇ ئىچكەن شارابنى ۋۇكۇڭ ئىچتى، ئاندىن كېيىن كەيپ بولۇپ قېلىپ موللاق ئاتتى، تىك تۇردى، ئالۋاستى پادىشاھنىڭ جىگىرىدە ئىلاڭگۈچ ئۇچتى. ئال-
ۋاستى پادىشاھ ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي يەردە دومىلاپ كەتتى ۋە:

— شەپقەتلىك ئەۋلىيا ئەزەم! — دەپ ۋارقىراپ نالە قىل-
دى. ۋۇكۇڭ:

— مېنى قېيناتام دە! — دېدى. ئالۋاستى پادىشاھ:

— قېيناتام، ماڭا رەھىم قىلسىلا، مەن ئۇستازلىرىنى يولغا سېلىپ تاغدىن ئۆتكۈزۈپ قويىمەن، — دېدى.

ۋۇكۇڭ ئۇنىڭغا ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تۇرۇشنى ئېيتتى. كەنجى پادىشاھ بىر چەتتە تۇرۇپ ئۇنىڭغا پىچىرلاپ:

— ئۇنى چايناپ ئۆلتۈرۈۋەت! — دېدى.

بۇ گەپنى ۋۇكۇڭ ئاڭلاپ قالدى، ئۇ ئاۋۋال ئالتۇن توقى-

لىق دىلىپسەن گۈرزىسىنى چىقاردى. ئالۋاستى پادىشاھ ۋۇكۇڭ ئوخشايدۇ دەپ قېلىپ، كۆچەپ چاپىندى، «قارس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئالۋاستى پادىشاھنىڭ ئوتتۇرا چىشى سۇنۇپ كەتتى. ۋۇكۇڭ گۈرزىسىنى ئەكىرىپ كەتتى ـ دە:

— پاسىق ئالۋاستى! ساڭا رەھىم قىلسام، مېنى چاپىنۋەت-مەكچى بولدۇڭ، مەن سىرتقا چىقمايمەن! — دېدى. كەنجى پادىشاھ ۋۇكۇڭنى دەيدەيگە سېلىپ:

— خەقنىڭ قورسىقىدا تۇرۇپ پوپاڭ كۆتۈرسەڭ، سېنى قانداقمۇ ئەزىمەت دېگىلى بولسۇن! نوچى بولساڭ، چىقىپ مەن بىلەن ئېلىش! — دەپ توۋلىدى.

ۋۇكۇڭ قورساقتا تۇرۇپ ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۆزىنىڭ نامىشە-رىپىگە مۇناسىپ ئىش ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، بىر تال تۈكىنى يۇلۇپ ئارقانغا ئايلاندۇرۇپ، ئارقاننىڭ بىر ئۇچىنى ئالۋاستى پادىشاھنىڭ جىگىرىگە باغلاپ، بىر ئۇچىنى قولىدا تۇتۇپ ئالۋاستى پادىشاھنىڭ بۇرنىدىن چىقتى. ۋۇكۇڭنىڭ چىق-قانلىقىنى كۆرگەن ئۈچ ئالۋاستى يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ۋۇكۇڭغا ئېتىلدى.

سۇن دەرۋىش ئارقاننى قويۇپ بېرىپ، ئۇچىسىنىڭ ئوتتۇ-رىسىدىن قېچىپ چىقىپ، ئاندىن ئارقاننى تارتتى، ئالۋاستى پادىشاھ ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي ئارقان بىلەن يۇمىلىنىپ بەك ئاۋارە بولۇپ كەتتى. بىر كىچىك ئالۋاستى:

— بۇ مايمۇن ساراڭ بولۇپتۇ، چوكانتال بايرىمى كەلمەي تۇرۇپ لەگلەك ئۇچۇرۇۋاتقىنىنى قاراڭلار ئۇنىڭ، — دېدى.

بۇنى كۆرگەن ئوتتۇرانچى ھەم كەنجى ئالۋاستى پادىشاھ ئارقاننى تۇتۇۋېلىپ، ۋۇكۇڭدىن پادىشاھنىڭ بىر قوشۇق قېنى-نى تىلىدى ھەم تاڭ سېڭنى تاغدىن ئۆتكۈزۈپ قويىدىغانلىقى توغرۇلۇق قەسەم ئىچىشتى. ۋۇكۇڭ تۈكىنى ئەسلىگە ئەكەلدى.

ۋۇكۇڭ تاڭ سېڭنىڭ يېنىغا قايتتى، قارىسا جۇباجىي بە-

لەن شا شەيخ يۈك ـ تاقلىرىنى بۆلۈشۈش بىلەن ھەلەك ئىدى.
ۋۇكۇڭ يۈگۈرۈپ بېرىپ جۇباجيېنى بىر كاچات سېلىپ ئاغزىنى
كالچايتىۋەتتى. جۇباجيې ئالمان ـ تالمان ۋۇكۇڭدىن رەھىم ـ
شەپقەت تىلىدى، شا شەيخ پۇشايمان قىلدى. ۋۇكۇڭ ئۇستازىغا
ئالۋاستىلارنى ئەل قىلغانلىقىنى، ئۇلار ئۇستازىنى يولغا سېلىپ
تاغدىن ئۆتكۈزۈپ قويىدىغانلىقىنى دېدى. سەنزاڭ قالتىس خۇش
بولدى. شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا، بىر كىچىك ئالۋاستى كېلىپ
ئوتتۇرانچى پادىشاھنىڭ ۋۇكۇڭ بىلەن ئېلىشماقچى بولغانلىقىنى
ئۇقتۇردى. جۇباجيې ئاغىسىنىڭ يالغان گەپ قىلغانلىقىنى
ئېيتتى. ۋۇكۇڭ ئالۋاستى پادىشاھنىڭ تىز پۈككەنلىكىنى،
لېكىن ئوتتۇرانچى پادىشاھنىڭ تىز پۈكمىگەنلىكىنى، جۇباجيې-
نىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىشىنى تاپىلىدى. جۇباجيې قورقتى،
ۋۇكۇڭ مۇنۇ ئارقان بىلەن بېلىنى باغلاپ تۇرىدىغانلىقىنى،
يېڭىلىپ قالغۇدەك بولسا، ئارقاننى تارتىپ ئۇنى ئەكىلىۋالىدى-
غانلىقىنى ئېيتتى. جۇباجيې تىرنىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ:

— ئالۋاستى، بوۋاڭ كەلدى! — دەپ ۋارقىرىدى. ئىككى-
سى نەچچە قەپەس ئېلىشتى. جۇباجيې ئۆزىنىڭ ئوتتۇرانچى
پادىشاھنىڭ خىلى ئەمەسلىكىنى بىلىپ، كەينىگە ئۆرۈلۈپ ۋۇ-
كۇڭنى ئارقاننى تارتىشقا دەۋەت قىلدى. ۋۇكۇڭ ئارقاننى تار-
تىش بۇياقتا تۇرسۇن، قويۇۋەتتى. جۇباجيې ئارقانغا پۇتلىشىپ
يىقىلىپ چۈشتى. ئوتتۇرانچى پادىشاھ ئۇنى بۇرنىغا ئوراپ نۇس-
رەت قۇچۇپ قايتىپ كەتتى.

جۇباجيې غارغا سۇلاندى، ئالۋاستى ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرى-
نى باغلاپ سۇ كۆلچىكىگە تاشلىۋەتتى. ۋۇكۇڭ بىر ھاشاراتقا
ئايلىنىپ غارغا كىرىپ جۇباجيېنى تاپتى. ئۇ ئاۋازىنى ئۆزگەر-
تىپ جۇباجيېنى كولدۇرلىتىپ، ئەزرائىل كېلىپ ئۇنىڭ تېنى-
دىن جېنىنى سۇغۇرۇپ ئالىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەتە جان تەس-
لىم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. جۇباجيې قورقۇپ كېتىپ قول-

قىغا تىقىپ ساقلاۋاتقان پۇللىرىنى چىقاردى. ۋۇكۇك جۇباجىيې-
نىڭ قولىقىدىن بىر تال كۈمۈشنى ئېلىپ ئىختىيارسىز قاقاق-
لاپ كۈلۈپ كەتتى. جۇباجىيې ئاغزىنى بۇزۇپ:

— قاقۋاش مىراخور، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇلاڭچىلىق
قىلىۋېتىپسەنده! ماڭا ئازراق كۈمۈش قالدۇرۇپ قوي! مېنى
قۇتۇلدۇرۇۋال! — دېدى. ۋۇكۇك ئەسلىگە قايتتى، ئارقىنى
يېشىپ ئىككىسى بىللە غاردىن چىقىپ كەتتى.

ئوتتۇرانچى پادىشاھ ئۇلارنىڭ قېچىپ كەتكەنلىك توغرىسى-
دىكى مەلۇماتنى ئاڭلاپ يارىغىنى كۆتۈرۈپ يېتىپ كەلدى ۋە
ۋۇكۇك بىلەن تۇتۇشتى. ئالۋاستى ۋۇكۇڭنىڭ گۈرزىسىنى ئې-
غىر كۆرۈپ، بۇرنى بىلەن ئۇنى بېلىدىن ئورىۋالدى، ۋۇكۇك
گۈرزىسىنى كىچىك ھەم ئۇزۇن قىلىپ ئالۋاستىنىڭ بۇرنىغا
ئۇردى. ئالۋاستى ئاغرىققا چىدىماي بۇرنىنى يىغىۋالدى. ۋۇ-
كۇك ئالۋاستىنى بۇرنىدىن تۇتۇپ بىرلا تارتىۋېدى، ئۇ ئاغرىق
ئازابىدىن تولغىنىپ كەتتى ۋە ۋۇكۇڭنىڭ كەينىدىن مېڭىشقا
مەجبۇر بولدى. جۇباجىيې ئالۋاستىنىڭ كاسىسىغا تىرنىسى بى-
لەن ئۇرۇپ ماڭدى. ئۇلار شۇ تەقلىدتە مېڭىپ ئۇستازىنىڭ
يېنىغا باردى.

ئوتتۇرانچى پادىشاھ سەنزاڭنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇ-
رۇپ، ئۇنىڭدىن رەھىم - شەپقەت تىلىدى. تاڭ سېڭنى سەككىز
ئادەم كۆتۈرىدىغان تەختىراۋانغا چۈشۈرۈپ تاغدىن ئۆتكۈزۈپ
قويۇشقا قەسەم قىلىشتى. تاڭ سېڭ باغرى يۇمشاپ شاگىرتلىرى-
غا ئۇنى قويۇۋېتىشنى بۇيرۇدى. ئوتتۇرانچى پادىشاھ غارغا قاي-
تىپ قېرى ئالۋاستى بىلەن تاڭ سېڭنى تەختىراۋانغا سېلىپ
تاغدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى. كەنجى
پادىشاھ يولۋاسنى تاغدىن ئايرىۋېتىش تەدبىرىنى قوللىنىپ، تاڭ
سېڭنى قولغا چۈشۈرۈش ھىيلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ ھىي-
لىدىن قېرى ئالۋاستى بىلەن ئوتتۇرانچى ئالۋاستى خۇش بولۇپ

كەتتى. ئىشلار مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار كىچىك ئالۋاستىلارنى تاڭ سېھىنى تەختىراۋانغا چۇشۇرۇپ ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. تاڭ سېڭ خۇرسەن بولۇپ تەختىراۋانغا چىقتى. جۇباجيې بىلەن شا شەيخ تەختىراۋانغا ئەگەشتى، ۋۇ-كۇڭ ئالدىدا يول باشلاپ ماڭدى. ئۈچ ئالۋاستى پادىشاھ تەختى-راۋانغا ياندىشىپ يولغا چىقتى.

ئۇلار تۆت يۈز چاقىرىمدىن ئارتۇق يول مېڭىپ، شىتو شەھىرىنىڭ سىرتىدا توختىدى. ۋۇكۇڭ كۆزلىرىنى يوغان ئې-چىپ قانداقتۇر بىر شۇملۇقنى بايقىدى. ئەسلىي بۇ يامان تەرىپى تولىمۇ كۆپ، شۇملۇققا تولغان بىر شەھەر ئىدى. ئوتتۇرانچى پادىشاھ ۋۇكۇڭنىڭ بىر نەرسىنى سېزىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ يارىغىنى ئوينىتىپ ۋۇكۇڭ ۋە ئۇنىڭ ئىنىلىرىغا ئېتىلدى. ئۇلارمۇ ھەربىرى بىردىن ئالۋاستى پادىشاھ بىلەن ئېلىشتى. كىم بىلەن كىم ئېلىشىۋاتىدۇ، پەرقلەندۇرمەك تەس ئىدى. تەختىراۋان كۆتۈرگەن كىچىك ئالۋاستىلار پۇرسەتتىن پايدىلى-نىپ يۇك - تاق ۋە ئاتنى بۇلاپ، تاڭ سېھىنى تەختىراۋان بىلەن بىللە شەھەرگە ئەكىرىپ كەتتى.

بارا - بارا قاراڭغۇ چۈشتى. قېرى ئالۋاستى جۇباجيېنى چىشلەپ شەھەر ئىچىگە ئاتتى. ئۇنى كىچىك ئالۋاستىلار باغلى-دى، ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرگەن شا شەيخ ھودۇقۇپ قال-دى، ئۇنى ئوتتۇرانچى پادىشاھ بۇرنى بىلەن بېلىدىن قاماللاپ تۇتۇپ شەھەر ئىچىگە تاشلىدى ۋە پۇت - قولى باغلاندى. ئاندىن ئۈچ ئالۋاستى پادىشاھ بىرلىشىپ ۋۇكۇڭغا ئېتىلدى. ۋۇكۇڭ ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، بىرلا موللاق ئېتىپ بۇلۇتقا چىقىپ مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدى. كەنجى پادىشاھ ئەسلىي قىياپىتىگە قايتىپ، قاناتلىرىنى كېرىپ، ۋۇكۇڭنى كەينىدىن بېرىپ قاماللاپ توتۇۋالدى. ئۇنى شەھەرگە ئەكېلىپ جۇباجيې، شا شەيخلەر بىلەن بىللە باغلىۋەتتى. شۇ چاغ ئىككى-

چى جىسەك ۋاقتى بولغان ئىدى، ئۈچ ئالۋاستى پادىشاھ كىچىك ئالۋاستىلارغا بىر تۆمۈر قاسقاننى كۆتۈرگۈزۈپ ئاچىقتۇرۇپ، تاڭ سىڭ ۋە ئۈنىڭ شاگىرتلىرىنى قاسقانغا سالدى. سۈن ۋۇ-كۇڭ بىر تال تۈكىنى يۇلۇپ، يالغان ۋۇكۇڭدىن بىرنى پەيدا قىلىپ، ئۆزى كۆككە چىقىپ كۆزەتتى. كىچىك ئالۋاستىلار نۇرغۇن ئوتۇن ئەكىلىپ ئوت ياقتى، قاسقاندىكى سۇ بىردەمدىلا ئىسسىشقا باشلىدى. سۈن دەرۋىش ئەپسۇن ئوقۇپ شىمالىي دېڭىز ئەجدىھا پادىشاھىنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇستازىنى ھىمايە قىلىش ئىشىنى شۇنىڭغا تاپشۇردى. شىمالىي دېڭىز ئەجدىھا پادىشاھى سوغۇق شامال چىقىرىپ، قازاننىڭ ئەتراپىغا پۈركۈ-دى، كىچىك ئالۋاستىلار ئوتنى ھەرقانچە كۈچلۈك قىلغۇەتكەن بولسىمۇ، لېكىن قازاننىڭ ئاستى ھامان مۇزدەك تۇراتتى. ۋۇكۇڭ كىشىنى مۈگدىتىدىغان قۇرتلارنى قويۇپ بېرىپ، ئوت قالاۋاتقان كىچىك ئالۋاستىلارنى ئۇخلىتىپ قويدى، ئۇلار ئۇخ-لاپ قالغاندىن كېيىن، ۋۇكۇڭ بولۇتتىن چۈشۈپ قاسقاندىن ئۇستاز، جۇباجيې ۋە شا شەيخنى ئېلىپ چىقىۋالدى. ئاندىن قاراڭغۇدا سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ ئوردىغا كىرىپ قورال - ياراغ، يۈك - تاقلارنى ئېلىپ، ئاق ئاتنى يېتىلەپ سىرتقا قاراپ ماڭدى.

ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى تېخى ئوردىدىن چىقماي تۇرۇپلا، ئۈچ ئالۋاستى پادىشاھ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇلار تاڭ سىڭلارنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى بايقاپ، كىچىك ئالۋاستىلارنى قوغلاشقا بۇيرۇدى. قورققىنىدىن تاڭ سىڭنىڭ پۇت - قوللىرى بوشاپ كەتتى ھەم قېرى ئالۋاستىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. شا شەيخنى ئوتتۇرانچى پادىشاھ، جۇباجيېنى كەنجى پادىشاھ تۇتۇۋالدى. كىچىك ئالۋاستىلار يۈك - تاق ۋە ئاتنى بۇلىدى، پەقەت ۋۇكۇڭلا قېچىپ كەتتى.

ئالۋاستىلار ئوردىغا قايتىپ، تاڭ سىڭنى قاسقانغا سالماي،

جىڭشياڭ راۋىقىدىكى تۆمۈر ئىشكاپقا سولاپ قويىدى، ئاندىن تاڭ سېڭنى تىرىك پېتى يەۋەتكەنلىكى توغرۇلۇق سۆز - چۆچەك تارقاتتى. ئۇلار شۇنداق قىلساق، ۋۇكوڭ نىيىتىدىن يېنىپ، يەنە كېلىپ بىزنى ئاۋارە قىلمايدۇ، ئاندىن تاڭ سېڭنىڭ گۆشى-نى ئارامخۇدا يەيمىز، دېگەننى ئويلىغان ئىدى.

ۋۇكوڭ شىتو غارىغا كېلىپ ئالدى بىلەن ئون مىڭلىغان كىچىك ئالۋاستىلارنى يوقاتتى، ئاندىن بىر كىچىك ئالۋاستى سىياقىغا كىرىپ ئوردىغا كىرىپ تىڭتىڭلىدى. تۆۋرۈككە باغلان-غان جۇباجيې بىلەن شا شەيخنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن ئۇستازىنىڭ نەدىلىكىنى سورىدى. جۇباجيې بىلەن شا شەيخ ۋۇكوڭنىڭ ئاۋا-زىنى تونۇپ، ئۇستازنى ئالۋاستىلارنىڭ تىرىك پېتى يەۋەتكەنلى-كىنى دېدى. ۋۇكوڭ قاتتىق ئازابلىنىپ يىغلاپ تاشلىدى. ئۇ جۇباجيې بىلەن شا شەيخنى شۇ پېتى قالدۇرۇپ ئۆزى بىرلا موللاق ئېتىپ كۆزدىن يىتتى.

ۋۇكوڭ ئەسلىي ساكيامۇنى بىلەن كۆرۈشۈپ، چەمبىرەك چىڭتىش ئەپسۇنىنى تەرك ئەتكۈزۈپ خۇاگوشەن تېغىغا قايتىش ئۈچۈن ماڭغان ئىدى. ئۇ بىردەمدىلا ئەۋلىيا تېغىغا يېتىپ كەلدى، ئۇنى ئىشىك ئالدىدا ۋەجرە بۇدساتۋا توستى. ۋۇكوڭ-نىڭ ئەسلىدىمۇ كۆڭلى بەك پەرىشان ئىدى، ئۇ ئالىتاغىل ۋارقىراپ ساكيامۇنىنى چۆچۈتۈپ قويىدى. ساكيامۇنى ۋۇكوڭغا كىرىپ سالام بېرىشكە ئىجازەت بەردى. ۋۇكوڭ ساكيامۇنىغا ئۈچ ئالۋاستى پادىشاھنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى. ئويلىمى-غان يەردىن، كەنجى پادىشاھ ساكيامۇنى بىلەن يۇمغاقسۇتتەك تۇغقان چىقىپ قالدى. ۋۇكوڭ:

— ساكيامۇنى ھەزرەتلىرى، سىلى ئەسلىدە ئاشۇ ئالۋاستى-نىڭ جىيەنىكەنلىدە! — دېدى كۇلۇپ.

— ئۇ ئالۋاستىنى مەنلا تىز پۈكتۈرەلەيمەن، — دېدى ساكيامۇنى ھەم ۋېنشۇ، پۇشيەن ئىككى بۇدساتۋانى چاقىرىپ،

ئۇلار بىلەن بىللە رەڭدار بۇلۇتقا چىقىپ شىتو شەھىرىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا كەلدى.

ساكيامۇنى ۋۇكۇڭغا ئۇرۇش ئېلان قىلىپ ئالۋاستىلارنى غاردىن ئاچىقىشنى بۇيرۇدى. ۋۇكۇڭ يارلىققا بىنائەن ئاغزىنى بۇزۇپ ئالۋاستىلارنى تىللىغىلى تۇردى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي ئۈچ ئالۋاستى غاردىن چىقتى. ئۇلار ۋۇكۇڭ بىلەن بىرنەچچە قەپەس ئېلىشتى، ۋۇكۇڭ كەينىگە ئۆرۈلۈپلا قاچتى. ئۈچ ئال- ۋاستى ئىز بېسىپ ئۇنى قوغلىدى. ۋۇكۇڭ بىرلا سىلكىنىپ ساكيامۇنىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى. ساكيامۇنى باشلاپ كەلگەن بەش يۈز ئارخات، ئۈچ مىڭ لەشكەر ئۈچ ئالۋاستىنى قاتمۇقات قورشىۋالدى. ۋېنشۇ بىلەن پۇشيەن ئىككىسى ئەپسۇن ئوقۇپ:

— ناكەسلەر! ئەسلىڭلەرگە قايتمامسىلەر؟! — دەپ توۋ- لىدى. قېرى ئالۋاستى بىلەن ئوتتۇرانچى ئالۋاستى پادىشاھ قورقۇپ كېتىپ ياراغلىرىنى تاشلاپ ئەسلىگە قايتتى. ئۇلار ئەسلىي بۇدساتۋا ۋېنشۇ بىلەن پۇشيەنىنىڭ يېنىدا تۇرىدىغان كۆك تۈكلۈك شىر بىلەن سېرىق چىشلىق پىل ئىدى.

كەنجى پادىشاھ ئەل بولماي، قاناتلىرىنى كېرىپ ۋۇكۇڭنى تۇتۇشقا تەمشەلدى. ساكيامۇنى قولىنى شىلتىۋېدى، ئۇ گويا پېيى تارتىشىپ قالغاندەك ئۇچالماي ھاۋادا تۇرۇپ قالدى. ئاخى- رى نائىلاج ئەسلىگە قايتتى. ئۇ ئەسلىي ئالتۇن قاناتلىق قۇش ئىدى.

ۋۇكۇڭ ساكيامۇنى بىلەن خوشلىشىپ، بۇلۇتقا چىقىپ شەھەرگە قايتتى. شەھەردىكى كىچىك ئالۋاستىلارنىڭ ھەممىسى قېچىپ كەتكەن ئىدى. ۋۇكۇڭ جۇباجيېنى، شا شەيخنى قۇتقۇ- زۇپ، ئاندىن ئاق ئات بىلەن يۈك ـ تاقلارنى تاپتى. ئۇلار بىللە جىنشياڭ راۋىقىغا بېرىپ، تۆمۈر ئىشكاپتىن تاڭ سېڭنى قۇتۇل- دۇرۇپ چىقتى. ۋۇكۇڭ تاڭ سېڭغا ساكيامۇنىنىڭ ئۈچ ئالۋاس- تى پادىشاھنى ئەل قىلغانلىق توغرىسىدىكى ئىشلارنى سۆزلەپ

بەردى، سەنزاڭ ساكيامۇنىدىن قەۋەت خۇش بولدى. تاڭ سىڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى يۇك ـ تاقلارنى جايلاشتۇرۇپ شىتو شەھىرىدىن ئايرىلدى.

## 39 ـ باب بىچيۇ دۆلىتىدە ئالۋاستىنى يوقىتىپ بالىلارنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش

ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئايلاپ يول يۇرۇپ قىشنىڭ كىرگەنلىكىنىمۇ تۇيماي قېلىشتى. ئۇلار سەپەر داۋامىدا تۇيۇقـسىز بىر شەھەرگە كىرىپ قالدى، ۋۇكۇڭ بۇ يەرنى بىچيۇ دۆلىتى دەپ ئاڭلىغان ئىدى، لېكىن هازىر بالىلار دۆلىتى بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇستاز شاگىرتلىرى بىلەن سەھەرگە كىرـدى. ھەربىر ئۆينىڭ ئالدىدا رەڭدار شايى يېپىلغان قەپەس ئېسىقلىق تۇراتتى. ئەجەبلەنگەن ۋۇكۇڭ ھەسەل ھەرىسىگە ئايـلىنىپ قەپەسكە كىردى. قەپەستە بىر ئۆسمۇر ئوغۇل بالا بار ئىدى. ئۇ بىرنەچچە قەپەسكە كىرىپ، چوڭى يەتتە ياش، كىچىـكى بەش ياشتىكى بالىلارنىڭ قەپەسكە سولانغانلىقىنى بىلدى، ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى.

ئۇلار بىر دەڭگە چۇشكۇن قىلدى. سەنزاڭ دەڭ ئىگىسىدىن بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. دەڭ ئىگىسى باشتا سۆزلەپ بېرىشتىن قورقتى، لېكىن تاڭ سىڭ كوچىلاپ سوراپ تۇرۋۋالـغاچقا، دەڭ ئىگىسى تاڭ سىڭغا ئاستا دەپ بەردى. ئەسلى بۇندىن ئۇچ يىل بۇرۇن بىر دەرۋىش، پادىشاھقا ئون ئالتە ياشلىق ساھىبجامال بىر قىزنى تۇتقان. بۇ ساھىبجامال قىز پادىشاھقا ياراپ قېلىپ، پادىشاھ ئۇنىڭغا «گۇزەل خانىش» دەپ نام بەرگەن. پادىشاھ هازىر زەئىپلىشىپ، ئىشتىيى تۇتۇلۇپ ئۆلەر هالەتكە چۇشۇپ قالغان. ئوردا تېۋىپلىرى ھەرقانچە داۋاـلاپمۇ پادىشاھنى ساقايتالمىغان. دۆلەت ئاتىسى دەپ ئاتالغان

ھېلىقى دەرۋىش پادىشاھقا مەخپىي رېتسېپتىن بىرنى دەپ بەر-
گەن. بۇ مەخپىي رېتسېپتا بىر مىڭ بىر يۈز ئون بىر بالىنىڭ
يۈرىكىنى شورپا قىلىپ ئىچىپ بەرسە، ئادەم مەڭگۈ قېرىمايدۇ،
دېيىلگەن. قەپەستىكى ئوغۇل بالىلار يۈرەكلىرى شورپا قىلىشقا
تەييارلانغان. بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى پادىشاھنىڭ قانۇنىدىن
قورقۇپ يىغلاشقىمۇ پېتىنالمىغان ئىكەن.

تاڭ سېڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ قورقىنىدىن پۈت - قوللىرىدا
جان قالمىدى ۋە يىغلىۋەتتى، يىغلاپ تۇرۇپ ئاشۇ دەرۋىشنى
تىللىۋەتتى. شا شەيخ دەرۋىشنىڭ ئالۋاستى ئىكەنلىكىنى ئېيت-
تى. ۋۇكۇڭنىڭ كاللىسىغىمۇ بىر ئەقىل كەلگەن ئىدى. ئۇ
ئاسمانغا چىقىپ ئەپسۇن ئوقۇدى، يەر - تاغ مۇئەككەللىرى شۇ
ھامان ھازىر بولۇشتى. ۋۇكۇڭ ئۇلارغا قەپەستىكى بالىلارنى
يوشۇرۇپ قويۇشنى تاپىلىدى. ئەۋلىيالار ھايال ئۆتمەي قاتتىق
بوران چىقىرىپ، قەپەسلەرنىڭ بىرىنىمۇ قويماي ئۇچۇرۇپ ئە-
كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ۋۇكۇڭ كىچىك بىر ھاشارانقا ئايلىنىپ
تاڭ سېڭنىڭ تەلپىكىگە يوشۇرۇنۇۋالدى، ئۇ شۇنداق قىلىپ
يولخېتىنى ئالماشتۇرغىلى تاڭ سېڭ بىلەن بىللە ئوردىغا باردى.
پادىشاھ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ ۋە بېشى قېيىپ ئولتۇراتتى،
ئۇ يولخېتىنى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا يېرىم كۈن قاراپ، ئاندىن
تامغىسىنى بېسىپ بەردى ۋە يولخېتىنى تاڭ سېڭغا ئۇزاتتى.
بۇ چاغدا قېرى شەيخ ئوردىغا كىرىپ كەلدى، پادىشاھ كىچىك
ئاغۋاتقا يۆلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ شەيخنى يەتتە پۇكۇلۇپ كۈتۈ-
ۋالدى.

قېرى شەيخ پادىشاھ بىلەن بىر قاتاردا ئولتۇردى، تاڭ سېڭ
ئالدىغا بېرىپ تەزىم قىلدى. قائىدە - يوسۇننى بىلمەيدىغان
ھاكاۋۇر شەيخ تاڭ سېڭنىڭ سالىمىنى ئېلىك ئېلىش بۇياقتا
تۇرسۇن، ئۇنى تېخى ئەدەپلەپ كەتتى. تاڭ سېڭ ئورنىدىن

تۇرۇپ ئۇلار بىلەن خوشلاشتى. ۋۇكۇڭ تاڭ سېڭنىڭ قۇلىقىغا:
— ئۇ قېرى شەيخ ئالۋاستى ئىكەن، پادىشاھ ئۇنىڭ دامىغا چۈشۈپ قاپتۇ! ئۇستاز، سىلى دەڭگە بېرىپ تۇرسىلا، ئۇلار نېمە دەيدۇ، مەن ئاڭلاپ باقاي، — دېدى. ۋۇكۇڭ شۇنداق دەپلا ئالتۇن ئوردىغا قايتتى. بۇ چاغدا لەشكەر بېشى ئوردىغا كىرىپ، ئاخشام قارا بوران چىقىپ قەپەستىكى باللارنى قەپەس بىلەن تەڭ ئۇچۇرۇپ ئەكەتكەنلىكىنى مەلۇم قىلدى.
پادىشاھ بۇنىڭدىن چۆچۈپ كەتتى ھەم پەرىشان بولدى. بىر چەتتە تۇرغان قېرى شەيخ:
— تاڭ سېڭنىڭ يۈرىكىنى دورا قىلىپ يېسىلە، ئون مىڭ يىل ياشايدىلا، — دېدى. دۆت پادىشاھ دەڭنى قورشاپ تاڭ سېڭنى تۇتۇش ئۈچۈن لەشكەر ئەۋەتتى. ۋۇكۇڭ دەررۇ دەڭگە قايتتى ۋە ئەسلىگە كېلىپ بولغان ئىشلارنى تاڭ سېڭغا مەلۇم قىلدى. تاڭ سېڭ قورقىنىدىن قارا تەرگە چۈمۈلۈپ، ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى. ۋۇكۇڭ دەرھال تاڭ سېڭنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى، ئاندىن ئەپسۇن ئوقۇپ، ئۇستازىنى ئۆزىنىڭ سىياقىغا، ئۆزىنى ئۇستازىنىڭ سىياقىغا كىرگۈزدى.
«تاڭ سېڭ» ئالتۇن ئوردىغا يالاپ كېلىندى، ئۇ پادىشاھنىڭ ئۇنىڭ يۈرىكىنى دورا ئورنىدا ئىشلىتىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ:
— يۈرەك دېگەن بىرنەچچە خىل بولىدۇ، سىلىگە قايسى رەڭدىكى يۈرەك لازىم؟ — دېدى. قېرى شەيخ:
— بىزگە سېنىڭ قارا يۈرىكىڭ لازىم! — دېدى «تاڭ سېڭ»نى كۆرسىتىپ.
«تاڭ سېڭ» قىسقا ساپلىق خەنجەر ئەكەلدۈرۈپ كۆكرىكىنى يېرىپ، ئىچىدىن بىر دۆۋە يۈرەكنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، قان تېمىپ تۇرغان يۈرەكلەرنى پادىشاھقا بىر - بىرلەپ كۆرسەتتى. يۈرەكلەر قىزىل، ئاق... خىلمۇخىل ئىدى، پەقەت قارا يۈرەكلا يوق ئىدى. پادىشاھ قورقۇپ كېتىپ لاغىلداپ تىترەپ، «تاڭ

سېڭ» نى يۈرەكلەرنى يىغىشتۇرۇشقا بۇيرۇدى.

ۋۇكۇڭ تاقەت قىلالماي ئەسلىگە كېلىپ، پادىشاھقا:

— بىز راھىبلارنىڭ يۈرەكلىرى ياخشى، پەقەت دۆلەت ئاتىسىنىڭ يۈرىكىلا قارا، دورا ياساشقا مۇۋاپىق، ئىشەنمىسىلە مەن سۇغۇرۇپ ئېلىپ سىلىگە كۆرسىتەي! — دېدى. قېرى شەيخ ۋۇكۇڭنىڭ ئەرشنى مالىمان قىلغان ئەۋلىيا ئەزەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ، غاچچىدە كەينىگە ئۆرۈلۈپ بۇلۇتقا چىقىپ قاچتى. ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ كەينىدىن:

— نەگە بارىسەن؟ مېنىڭ گۈرزەمنى تېتىپ باق! — دەپ قوغلىدى. قېرى شەيخ ۋۇكۇڭنىڭ ئالدىنى توستى. ئىككىسى ھاۋادا يىگىرمە قەپەستىن ئارتۇق ئېلىشتى. ۋۇكۇڭغا تەڭ كېلەلمىگەن قېرى شەيخ سوغۇق نۇرغا ئايلىنىپ، ئوردىنىڭ ھەرەمىدىن ئۆزى پادىشاھقا تەقدىم قىلغان خانىشنى ئېلىپ يوقالدى.

ۋۇكۇڭ ئالتۇن ئوردىغا قايتتى، ئوردىدىكىلەر شۇندىلا ئۆزلىرىنىڭ قېرى شەيخنىڭ ئالدىمىغا چۈشكەنلىكىنى بىلىشتى. ۋۇكۇڭ ئۇستاز ۋە ئىنىلىرىنى ئەكېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. ۋۇكۇڭ ئۇستازىنىڭ يۈزىگە پۈۋلىۋىدى، سەنزاڭ ئەسلىي ھالىتىگە قايتتى. ۋۇكۇڭ پادىشاھدىن قېرى شەيخنىڭ نەدە تۇرىدىغانلىقىنى سورىدى، ئۇ ۋۇكۇڭغا ئۇنىڭ شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى سۆگەتزارلىقتىكى چىڭخۇا كەنتىدە تۇرىدىغانلىقىنى دەپ بەردى.

ۋۇكۇڭ بىلەن جۇباجيې بۇلۇتقا چىقىپ سۆگەتزارلىققا باردى، ئۇ يەردىن چىڭخۇا كەنتىنى تاپالمىدى. ۋۇكۇڭ ئەپسۇن ئوقۇپ يەر - تاغ مۇئەككەللىرىنى چاقىرىپ كېلىپ ئۇلاردىن سورىدى. يەر مۇئەككىلى تىترەپ تۇرۇپ:

— جەنۇبىي قىرغاقتا بېشى توققۇز ئاچا بىر تۈپ سۆگەت دەرىخى بار. سولغا ئۈچ قېتىم، ئوڭغا ئۈچ قېتىم پىرقىراپ، دەرەخنى قوش قوللاپ ئۇرۇپ ئۈچ قېتىم چاقىرسىلا، كۆز ئالدىلىرىدا چىڭخۇا غار مەھكىمىسى زاھىر بولىدۇ، — دېدى.

ۋۇكۇڭ يەر مۇئەككىلىنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىپ، چىڭخۇا كەنتىنى تاپتى ـ دە، ئىچىگە باستۇرۇپ كىردى. ئالۋاستى قوچىقىدىكى ئالۋاستى خانىشنى ئىتتىرىۋېتىپ ۋۇكۇڭغا ئېتىلدى. ۋۇكۇڭ ئالۋاستى شەيخنى غاردىن ئاچىقتى، جۇباجيې تىرنىسىنى كۆتۈرۈپ ئالۋاستى شەيخكە يوپۇرۇلۇپ كەلدى، ئالۋاستى شەيخ قورقۇپ كېتىپ، سوغۇق نۇرغا ئايلىنىپ شەرق تەرەپكە قاراپ قاچتى.

ۋۇكۇڭ بىلەن جۇباجيې ئىز بېسىپ قوغلىدى، بىر چاغدا توساتتىن بىر خاسىيەتلىك نۇر غۇۋا كۆرۈنۈپ، قۇشلارنىڭ ئاۋازىدەك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئەسلىدە ئۇ ئۆمۈر چولپىنى يۇلتۇزى ئىكەن. ئۇ سوغۇق نۇرنى توسۇپ تۇرۇپ:

— ئالدىرىماڭلار، بۇ ئالۋاستى مېنىڭ مىنىدىغان بۇغام بولىدۇ. ئۇنىڭغا رەھىم قىلىڭلار! — دېدى. ۋۇكۇڭ ئۆمۈر چولپىنى يۇلتۇزىغا ئالۋاستىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئېيتتى. ئۆمۈر چولپىنى يۇلتۇز سوغۇق نۇرنى قويۇپ بېرىپ، كۆككە قاراپ پۇۋلىدى، ئالۋاستى ھاۋادا بىرلا يۇمىلاندى ـ دە، ئەسلىگە — ئاق بۇغىغا ئايلاندى.

ۋۇكۇڭ ئۆمۈر چولپىنى يۇلتۇزىنىڭ بىردەم تۇرۇشىنى تاپىلاپ، ئاندىن جۇباجيې بىلەن ئالۋاستى خانىشنى تۇتقىلى ماڭدى. ئۇ ئىككىسى چىڭخۇا مەھكىمىسىگە روھىي كۆتۈرەڭگۈ ھالەتتە كەلدى. ئالۋاستى خانىش سوغۇق نۇرغا ئايلىنىپ سىرتقا قاچتى. ۋۇكۇڭ گۈرزىسىنى نۇرغا توغرىلاپ ئۇردى، ئالۋاستى خانىش موللاق ئېتىپ ئەسلىگە قايتتى، ئۇ ئاق يۇزلۇك تۈلكە ئىدى. جۇباجيې تۈلكىنىڭ قۇيرۇقىدىن سۆرەپ چىڭخۇا مەھكىمىسىدىن چىقتى، ۋۇكۇڭ ئوت قويۇپ ئالۋاستى خانىشنى كۇل قىلىۋەتتى.

ئۆمۈر چولپىنى يۇلتۇزى، ۋۇكۇڭ ۋە جۇباجيې ئالتۇن ئوردىغا كەلدى. ۋۇكۇڭ پادىشاھقا:

— مانا بۇ تۇلكە سىلىنىڭ گۈزەل خانىشلىرى بولىدۇ! يەنە لازىممۇ؟ — دېدى. پادىشاھ قورقۇپ تىترەپ كەتتى.

ئۆمۈر چولپىنى يۇلتۇزى ماڭار چېغىدا پادىشاھقا ئۈچ چىلان بەردى، پادىشاھ چىلاننى يەپ شۇئان ئۆزىنى كۆپ ياخشى بوپكەتكەندەك ھېس قىلدى. ۋۇكۇڭ ئاسمانغا چىقىپ يەر - ئاسمان مۇئەككەللىرىنى چاقىرىپ كېلىپ، ھېلىقى باللارنى ئەكېلىپ بېرىشنى ئېيتتى. بىرپەس قارا بوران چىقىپ ھاۋادىن بىرەر مىڭدەك قەپەس چۈشتى. ۋۇكۇڭ شەھەردىكى پۇقرالارغا ئۆز باللىرىنى تونۇۋېلىشنى ئېيتتى. بۇ خەۋەر تارقىلىپ ئۆزئۆزىنى ئۆتمەي پۇقرالار ئۆز باللىرىنى ئىزدەپ تاپتى. خۇشال بولغان پۇقرالار جۇباجيې بىلەن شا شەيخنى كۆتۈرۈشۈپ، سۇن دەرۋىش ۋە تاڭ سېڭنى ئۆيلىرىگە باشلاپ ئايرىم- ئايرىم مېھمان قىلىپ رەھمىتىنى ئىپادىلەشتى.

## 40 - باب تاڭ سېڭنىڭ تۇۋسىز غارغا سولىنىپ قالغانلىقى

ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى بىچيۇ دۆلىتىدىن ئايرىلىپ، مەغرىبكە قاراپ نۇرغۇن يول يۈردى. قىش كېتىپ باھارمۇ كەلدى. بىر كۈنى، ئۇلار بىر ئېگىز تاغقا چىقىپ، قاپقاراڭغۇ قارىغايلىققا كىرىپ قالدى. سەنزاڭنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتكەچكە، ۋۇكۇڭنى سەدىقە تامىقى ئەكېلىشكە بۇيرۇدى. ۋۇكۇڭ بىرلا موللاق ئېتىپ ئاسمانغا چىقىپ ئەتراپقا نەزەر سالدى، تۇيۇقسىز جەنۇبتىن چىقىۋاتقان قاپقارا ئىسنى كۆرۈپ چۆچۈگەن ھالدا:

— چاتاق بولدى! ئالۋاستى بار ئىكەن! — دېدى.

ئورمانلىقتا نوم ئوقۇۋاتقان سەنزاڭ بىردىنلا بىرىنىڭ: «ئادەم بارمۇ!» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئاۋاز چىققان تەرەپكە

ماڭدى ـ دە، دەرەخكە باغلاپ قويۇلغان ئايالنى كۆردى. ھېلىقى ئايال تاڭ سىڭغا ئۆزىنى بىر قاراقچى تۇپراق بېشىغا چىققان چاغدا بۇلاپ ئېلىپ چىقىپ مۇشۇ يەرگە باغلاپ قويغانلىقىنى ئېيتتى. تاڭ سىڭ دەرھال جۇباجيېغا ئايالنى باغلاقتىن بوشىتىۋېتىشنى بۇيرۇدى. جۇباجيې تەمشىلىپ تۇرۇشىغا، ۋۇكوڭ ئاسماندىن چۈشۈپ جۇباجيېنى قولىقىدىن سوزۇپ يىقىتىپ:
— ئىنىم، جىم تۇر، ئۇ دېگەن ئالۋاستى! — دېدى.
ئەسلىدە ۋۇكوڭ ھاۋادا تۇرۇپ بىر پارچە قاپقارا بۇلۇتنىڭ ئۇستازىنىڭ بېشىدىن تارالغان نۇرنى بېسىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇستازنىڭ ئالۋاستىغا يولۇقۇپ قالغانلىقىنى بايقاپ، ئالدىراش يېتىپ كەلگەن ئىدى. ۋۇكوڭنىڭ بۇرۇندىن تارتىپ كۆزىنىڭ روشەن ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكتىن، تاڭ سىڭمۇ:
— ناۋادا شۇنداق بولسا يولىمىزغا ماڭايلى، — دېدى.
ھېلىقى ئايال ئەپىت ـ بەشىرىسىنى ۋۇكوڭنىڭ ئېچىپ تاشلىغانلىقىنى كۆرۈپ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى. ئۇ يەنىلا مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي، شامال ئارقىلىق تاڭ سىڭنىڭ قۇلىقىغا:
— سىلى تىرىك ئادەمنى قۇتقۇزماي تۇرۇپ، بۇتقا چوقۇنۇپ نوم ئالغىلى ماڭغانلىرى نېمىسى! — دەپ پىچىرلىدى.
تاڭ سىڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ بايىقى دېگەن گېپىدىن يېنىۋېلىپ، ۋۇكوڭنىڭ نەسىھەتلىرىگە قارىماي ئايالنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشقا چىڭ تۇرىۋالدى. ۋۇكوڭ ئامالسىزلىقتىن جۇباجيېنى باشلاپ قارىغايزارلىققا بېرىپ ئايالنى باغلاقتىن بوشاتتى. سەنزاڭ ئايالنىڭ ئۇششاق چامداپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاتنى جۇباجيېغا يېتىلەتتى. تاڭ سىڭ ئالدىدا، جۇباجيې بىلەن شا شەيخ يۈك ـ تاقلارنى كۆتۈرۈپ، ئاتنى يېتىلەپ كەينىدە ماڭدى. ۋۇكوڭ ئايالنى ئەگەشتۈرۈپ كېتىۋاتاتتى.
ئۇلار يىگىرمە ـ ئوتتۇز چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن، قا-

راۋغۇ چۈشەي دېگەن چاغدا بىر ئىبادەتخانىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئىبادەتخانىنىڭ ئۈستىگە: «جىنخەي چەنلىن ئىبادەتخانىسى» دېگەن خەتلەر يېزىلغان ئىدى. سەنزاڭ شاگىرتلىرىنى سىرتتا قالدۇرۇپ ئۆزى قونالغۇغا كىردى. ئىبادەتخانىدىن بىر راھىب چىقىپ تاڭ سېڭنى ئىبادەتخانىغا باشلىدى. ۋۇكۇڭ ۋە ئۇنىڭ ئىنىلىرىنى تاماققا تەكلىپ قىلدى. راھىب بىر ئايالنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ، سەنزاڭغا:

— بۇ مەزلۇمەگە بىئەپ بولىدىكەن، نەگە ئورۇنلاشتۇرۇشنى بىلەلمىدىم، — دېدى.

سەنزاڭ ئايالنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى دېدى. راھىب بۇ ئايالنى ئەرش پادشاھى سارىيىغا ئورۇنلاشتۇردى.

ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا، سەنزاڭ ئورنىدىن تۇرمىدى، بېشى لوقۇلداپ ئاغرىپ بىئارام بولۇپ كەتكەچكە، نائىلاج ئۈچ كۈن دەم ئالدى. بىر كۈنى كەچقۇرۇن، ئۇ ئۇسساپ كەتتى. ۋۇكۇڭ چىنىنى كۆتۈرۈپ سارايىنىڭ كەينىدىكى ئاشخانىغا ئۇسسۇلۇق ئالغىلى باردى ـ دە، بىرنەچچە راھىبنىڭ ئولتۇرۇپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ۋۇكۇڭ بېرىپ ئۇلاردىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. راھىبلارنىڭ ھەممىسى ئاخشام ئىككى راھىبنىڭ قوڭغۇراق چالغىلى كەتكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلىغانلىقىنى، ئەمما راھىبلارنىڭ قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۈچ كۈندىن بۇيان ئالتە راھىب مۇشۇنداق ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن ئىدى.

ۋۇكۇڭ بۇ ئىشلارنى ئايال ئالۋاستىنىڭ قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، شۇ كۈنى كەچتە ئەرش پادشاھى سارىيىغا كەلدى ۋە بىرلا سىلكىنىپ كىچىك راھىبقا ئايلىنىپ قوڭغۇراق ۋە دۇمباق چالغاندىن كېيىن تاكتاك چېلىپ نوم ئوقۇشقا ئولتۇردى. ئىككىنچى جېسەك ۋاقتى بولغاندا، بىر پەس شامال چىقىپ ئەتراپقا خۇشبۇي پۇراق تارقالدى، ئاندىن شىپىرلىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ

بىر ساھىبجامال ئاپال سارايغا كىرىپ كەلدى. ۋۇكوڭ بىر خىلدا نوم ئوقۇش بىلەن مەشغۇل بولدى. ھېلىقى ئاپال ۋۇكوڭ- نى قۇچاقلاپ، ۋۇكوڭنى كەينى ھوپلىغا ئىشرەتۋازلىق قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئاپالنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كەينى ھوپلىغا كەل- دى. ئاپال ۋۇكوڭنى پۇتلاپ يىقىتىپ «جېنىم ئاكا» دېگىنىچە يېمەكچى بولدى. ۋۇكوڭ بىرلا سەكرەپ ئەسلىگە كەلدى — دە، گۇرزىسىنى ئوينىتىپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى. ئالۋاستى ۋۇكوڭدىن قىلچە قورقماي ئىككى قولىدا ئىككى قىلىچ تۇتۇپ ۋۇكوڭ بىلەن ئېلىشتى. سۇن دەرۋىش ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەپ ئۇنى ئالدىرىتىپ قويدى. ئالۋاستى سۇن دەرۋىشكە تەڭ كېلەلمەيدى- غانلىقىنى بىلىپ، كەشتە باسقان بىر پاي ئايىغىنى ئۆزىنىڭ سىياقىغا كىرگۈزۈپ، ئۆزى شامالغا ئۆزگىرىپ قېچىپ كەتتى. ئۇ ئىبادەتخانىغا يېنىپ كېلىپ تاڭ سېڭنى قامالاپ ئالدى — دە، كۆزنى يۇمۇپ — ئاچقۇچە شەنكوڭشەن تېغىدىكى تۇۋىسىز غارغا قايتىپ، قول ئاستىدىكىلەرگە گۆشىسىز تاماق تەييارلاشنى بۇيرۇپ، تاڭ سېڭ بىلەن توي قىلىشقا تەرەددۇتلەندى.

ۋۇكوڭ ئالۋاستىنى بىرلا گۇرزە ئۇرۇپ يىقىتتى، ئەمما ئۇنىڭ ئالۋاستى ئەمەس، بەلكى كەشتە باسقان بىر پاي ئاياغ ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قىلتاققا چۈشكەنلىكىنى ئۇ- قۇپ دەرھال ئۇستازىنىڭ يېنىغا ماڭدى. ئۇستازىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ۋۇكوڭ ئاچچىقىدا جۇباجيې بىلەن شا شەيخنى ئۇرۇپ كەتتى، ئىككىسى ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىگە رەھىم قىلىشنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى.

## 41 — باب ئەرش پادىشاھىغا ئەرز قىلىپ ئاپال ئالۋاستىنى يوقىتىش

ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا، ۋۇكوڭ، جۇباجيې ۋە شا شەيخ ئۇچە-

سى قارىغايزارلىقتا بىرىپ تاغ - يەر مۆئەككەللىرىنى چاقىرىپ، شۇلاردىن سوراپ ئايال ئالۋاستىنىڭ جەنۇبتىن مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى شەنكۇڭشەن تېغىغا جايلاشقان تۇۋسىز غاردا تۇرۇدىغانلىقىنى بىلدى. ئۇلار ئاتنى يېتىلەپ، بولۇتقا چىقىپ ئۇدۇل شەنكۇڭشەن تېغىغا قاراپ يول ئالدى. كۆپ ئۆتمەستىن ئۇلارنىڭ يولىنى بىر ئېگىز تاغ توسۇۋالدى. ۋۇكوڭ ئەھۋال ئۇقۇپ بېقىشقا جۇباجيېنى ئەۋەتتى.

جۇباجيې قۇرۇق قول بولۇتتىن چۈشۈپ بىر چىغىر يولنى كۆردى ۋە شۇ يولنى بويلاپ تاغ ئىچىگە كىردى. ئىككى ئايال قۇدۇق بېشىدا سۇ ئېلىۋاتاتتى. جۇباجيې ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئايال ئالۋاستىلار، — دەپ چاقىردى.

ئىككى ئايال ئاچچىقى كېلىپ قوللىرىدىكى توقماق بىلەن ئۇنى ئۇرۇپ كەتتى. جۇباجيې قۇرۇق قول بولغاچقا، بېشىنىڭ بىرنەچچە يېرى ئىششىپ چىقتى - دە، ئوپۇل - توپۇل قېچىپ كەتتى. ۋۇكوڭ جۇباجيېدىن ئۇنىڭ باشقىلارنى «ئالۋاستى» دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— تاياق ئاز بولۇپ قاپتۇ، — دېدى.

ۋۇكوڭ ئۇنىڭغا قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆگەتتى. جۇباجيېنىڭ كۆزى ئېچىلدى. ئۇ سىمىز راھىبقا ئايلىنىپ ئاياللارنىڭ ئالدىغا باردى، ئۇلارغا سالام قىلىپ ئۇلاردىن ئۇنى - بۇنى سورىدى. ئىككى ئايال جۇباجيېغا خانىمنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن سۇ ئالغىلى كەلگەنلىكىنى، قايتىپ بېرىپ گۆشسىز تاماق تەييارلايدىغانلىقىنى، خانىم تاڭ سېڭنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

جۇباجيې دەرھال تاغقا چىقىپ ئەھۋالنى ۋۇكوڭغا دېدى. ۋۇكوڭ شۇئان جۇباجيې ۋە شا شەيخنى باشلاپ ئىككى ئايالنىڭ

كەينىدىن تاغنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ يول ئالدى. تىك قىيانىڭ
ئۈستىدە تاش ئابىدە، تاش ئابىدىگە «شەنكۇڭشەن تېغى تۇۋسىز
غارى» دېگەن خەتلەر يېزىلغان ئىدى. تاش ئابىدىنىڭ ئاستىدا
تېگىنى كۆرگىلى بولمايدىغان سىرلىق بىر غار بار ئىدى.
ۋۇكۇڭ جۇباجيې بىلەن شا شەيخنى غارنىڭ ئاغزىنى ساق-
لاشقا قويدى، ئۆزى غارغا شۇڭغۇپ كىرىپ ئارىدىن ئۇزاق
ئۆتمەي ئۇنىڭ كۆزىگە هويلا ۋە بىرنەچچە ئېغىز ئۆي كۆرۈندى.
ئۇ بىرلا سىلكىنىپ چىۋىنگە ئايلىنىپ هويلىغا كىردى. هويلىدا
ئايال ئالۋاستى بايامقىدىنمۇ چىرايلىق ياسىنىپ، تاڭ سېڭ بى-
لەن توي قىلىش ئۈچۈن قول ئاستىدىكىلەرگە داستىخان سېلىش-
نى تاپىلاۋاتاتتى. ۋۇكۇڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرهال ئۇچۇپ
ئۇستازىنىڭ ئالدىغا باردى ۋە بېشىغا قونۇپ ئۇنىڭغا بەزى ئىش-
لارنى جېكىلىدى.
بىرپەستىن كېيىن، ئالۋاستى كىرىپ تاڭ سېڭنى داستى-
خانغا تەكلىپ قىلدى. ئۇ ئىككىسى راۋاققا كەلدى، ئالۋاستى
تاڭ سېڭغا شاراب تۇتتى، شارابنى چوقۇم ئىچىۋېتىشى كېرەكلى-
كىنى ئېيتتى. تاڭ سېڭ ئامالسىزلىقتىن شارابنى ئىچتى. ئۇ
دەرهال ئالۋاستىغا بىر قەدەھ شاراب تۇتتى. ئالۋاستى شارابنى
قولىغا ئېلىپ تۇردى. ۋۇكۇڭ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ،
ئۇچۇپ قەدەهكە قوندى. شاراب سۇزۇلدى، هاشاراتقا ئۆزگەر-
گەن ۋۇكۇڭ كۆرۈنۈپ قالدى. ئالۋاستى ۋۇكۇڭنى بارماقلىرى
بىلەن قىسىپ ئېلىپ يەرگە تاشلىدى. ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ قورسىقىغا
كىرەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، قۇشقا ئۆزگىرىپ داستىخاننى ئۆ-
رۈۋەتتى ـ دە، تاڭ سېڭنى تاشلاپ قويۇپ ئۇچۇپ كەتتى.
ۋۇكۇڭ بىردەمدىن كېيىن يەنە چىۋىنگە ئايلىنىپ غارغا
يېنىپ كەلدى. ئۇستازىغا ئايال ئالۋاستىنى شاپتۇل يېيىش
ئۈچۈن باغقا ئەكىرىشنى ئېيتتى. سەنزاڭ ئايال ئالۋاستىنى باغقا
باشلاپ چىقتى. ئالۋاستى خۇشاللىقىدا قىن ـ قىنىغا پاتماي تاڭ

سېڭنى قولتۇقلاپ باغدا ئايلىنىپ يۈردى. ئۇلار شاپتۇل دەرىخىنىڭ تۈۋىگە كەلگەندە، ۋۇكۇڭ ئۇستازىنىڭ بېشىنى چىمدىدى، ئۆزى شاپتۇل دەرىخىگە قونۇپ قىزىرىپ پىشقان يوغان شاپتۇلغا ئايلاندى. تاڭ سېڭ بېرىپ شاپتۇلنى ئۈزۈپ ئايال ئالۋاستىغا بەردى. ئالۋاستى خۇرسەن بولۇپ شاپتۇلنى ئاغزىغا ئاپىرىپ يەي دېيىشىگە، شاپتۇل بىراقلا ئۇنىڭ ئاغزىغا كىرىپ كەتتى. ۋۇكۇڭ ئالۋاستىنىڭ قورسىقىدا ئەسلىگە قايتتى. ئۇ قورساقتا تۇرۇپ قىلمىغان ئىشى قالمىدى. ئايال ئالۋاستى ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي، ئۇيان - بۇيان يۇمىلىنىپ، كىچىك ئالۋاستىلارغا تاڭ سېڭنى يولغا سېلىپ قويۇشنى بۇيرۇدى. ۋۇكۇڭ ئايال ئالۋاستىنىڭ قورسىقىدا تۇرۇپ:

— ئۇستازنى سەن ئۆزۈڭ ئۇزىتىپ قوي، — دېدى.

ئايال ئالۋاستى نائىلاج تاڭ سېڭنى يۇدۇپ غاردىن چىقتى.

شا شەيخ ئۇستازنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن:

— ئاغام قېنى؟ — دەپ سورىدى.

سەنزاڭ ئۇنىڭغا ۋۇكۇڭنىڭ ئايال ئالۋاستىنىڭ قورسىقىدا ئىكەنلىكىنى دېدى.

ۋۇكۇڭ ئايال ئالۋاستىنىڭ ئاغزىنى ئاچتۇرۇپ سىرتقا چىقتى - دە، گۈرزىسىنى ئوينىتىپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى. ئايال ئالۋاستى ئىككى قولىغا ئىككى قىلىچنى ئېلىپ جەڭگە چۈشتى. جۇباجيېمۇ ئۇ ئىككىسىنىڭ ئېلىشقانسېرى قىزىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇلۇڭتا چىقىپ ۋۇكۇڭغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن شا شەيخنى تارتتى. ئالۋاستى ئايال بۇرۇنقىدەك كەشتە باسقان بىر پاي ئاياغنى ئۆز سىياقىغا كىرگۈزۈپ قويۇپ، ئۆزى شامالغا ئايلىنىپ قېچىپ كەتتى. ئۇ غارغا قايتىپ تاش ئابىدىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، شۇ يەردە يالغۇز ئولتۇرغان تاڭ سېڭنى كۆرۈپ، ئۇنى قۇچاقلاپ ئاق ئات بىلەن بىللە تۇۋسىز غارغا ئەكىرىپ كەتتى.

جۇباجىپ تىرنىسى بىلەن بىرنى ئۇرۇپ ئايال ئالۋاستىنى يىقىتتى، بىرىپ قارىسا، كەشتە باسقان بىر پاي كەش تۇرغان، ئۇ شۇندىلا ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ، ئالدىراش ئۇستاز-نىڭ يېنىغا ماڭدى. لېكىن، ئۇستازىنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. ۋۇكۇڭ ئۇستازىنى ئايال ئالۋاستىنىڭ تۇيۇقسىز غارغا ئەكىرىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، گۇرزىسىنى ئويناتقان پېتى غارغا ئىچكىرىلەپ كىردى. غاردا ئادەم يوق ئىدى. ئىرىكىپ تۇرغان-دا، ئۇنىڭ بۇرنىغا خۇشبۇي پۇراق پۇرىدى، ئۇ شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بىر پارچە ئالتۇن خەتلىك تاش ئابىدە ئۇچرىدى. تاش ئابىدىگە «ھۆرمەتلىك ئاتام ۋايجىراۋانانىڭ ئورنى» ، ئۇنىڭ يېنىدىكى كىچىكرەك بىر تاش ئابىدىگە «ھۆرمەتلىك ئاغام ۋەلى-ئەھد ناجانىڭ ئورنى» دېگەن خەتلەر يېزىلغان ئىدى. ۋۇكۇڭ بۇنى كۆرۈپ ئىچ - ئىچىدىن خۇش بولۇپ كەتتى، ئۇ ئەرۋاھ تاختىسى بىلەن ئىسرىقدانىنى كۆتۈرۈپ غاردىن چىقتى. كۈلكى-سىنى باسالمايۋاتقان ۋۇكۇڭنى كۆرگەن جۇباجىپ بىلەن شا شەيخ ئۇستازنى قۇتقۇزغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى. ۋۇكۇڭ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ھى، ھى، بىزنىڭ قۇتقۇزۇشىمىزنىڭ زۆرۈرىيىتى قال-ماپتۇ. مۇشۇ ئەرۋاھ تاختىسىغا ئىسمى يېزىلغانلاردىن سورىساق بولىدىكەن. ئايال ئالۋاستى چوقۇم ۋايجىراۋانانىڭ قىزى، ۋەلى-ئەھدنىڭ سىڭلىسى. مەن ھازىر ئەرشكە چىقىپ ئەرز قىلىمەن. ۋايجىراۋانا ئۇستازىمنى چىقىرىپ بەرسۇن، — دېدى. ئۇ شۇن-داق دەپ بىر پارچە ئەرزنامە يازدى ۋە ئەرۋاھ تاختىسىنى كۆتۈ-رۈپ بىرلا موللاق ئېتىپ پۈشتىپەلەك ئوردىسىغا چىقتى.

يۈرۈن سۇلتان ۋايجىراۋانانى ئوردىغا چاقىرىپ ئەكىلىش توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈردى. ۋايجىراۋانا ۋۇكۇڭنىڭ ئەرزنامى-سىنى كۆرۈپ، دەرغەزەپكە كەلدى - دە:

— مېنىڭ ئۈچ ئوغلۇم بىر قىزىم بار، قىزىم جىنىيىڭ

بۇ يىل ئەمدىلا يەتتە ياشقا كىردى، ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان تۇرسا، قانداقمۇ ئالۋاستى بولۇپ قالسۇن؟ بۇ دېگەن تۆھمەت، بۇ مايمۇننى دەرھال باغلاڭلار، — دېدى.

زەبەردەست ئەۋلىيالار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ۋۇكۇڭنى چەمبەرچاس باغلىۋەتتى. ئەرش ئەۋلىياسى ئاچچىقىغا پايلىماي قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ۋۇكۇڭنى چېپىشقا تەييارلاندى. بىر چەتتە تۇرغان ۋەلىئەھد ناجا ئەرش ئەۋلىياسىنىڭ قىلىچىنى توسۇپ تۇرۇپ:

— ئاتا، ئۇنتۇپ قاپسىلا، ئۈچ يۈز يىلنىڭ ئالدىدا ئاق چاشقان ئالۋاستى ئەۋلىيا تېغىدا ساكيامۇنىنىڭ پۇراقلىق شامىنى ئوغرىلىقچە يەۋالغان ئىدى. بىز پەرمانغا بىنائەن ئۇنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغان ئىدۇق، ساكيامۇنىنىڭ تاپىلىشى بىلەن ئۇنى قويۇۋەتتۇق. ئۇ ئۆز مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن سىلىنى ئاتا ۋە مېنى ئاغا تۇتۇپ، ئەرۋاھ تاختىسى تىكلىگەن ئىدى، ھالا بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇ ئالۋاستى بولۇپ كېتىپتۇ، — دېدى. ۋايجىراۋانا بۇ گەپنى ئاڭلاپ شۇئان ھوشىنى يىغىپ، ۋۇكۇڭنى ئۆزى باغلاقتىن بوشاتتى ۋە ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىدى. ۋۇكۇڭ ئۆزىنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىنى پەش قىلىپ ئالەمنى ـ مالەم قىلىۋەتتى. يۇرۇن سۇلتان بىلەن كۆرۈشۈپ ئاق ـ قارىنى ئايرىش تەلىپىنى قويۇپ تۇرۇۋالدى. تارىق چولپان بوۋاي نەسىھەت قىلغاندىن كېيىن ۋۇكۇڭ بېسىقىپ قالدى.

ۋايجىراۋانا بىلەن ناجا ئەرش لەشكەرلىرىنى باشلاپ ۋۇكۇڭ بىلەن بىللە شەنكۇڭشەن تېغىغا ئالۋاستىنى تۇتقىلى ماڭدى. ۋايجىراۋانا ناجا بىلەن ۋۇكۇڭنى يەر يۈزىگە چۈشۈشكە بۇيرۇدى. ئۇلارغا جۇباجيې بىلەن شا شەيخ غارنىڭ ئاغزىدا تۇرۇپ ماسلاشتى. ۋۇكۇڭ بىلەن ناجا نۇرغا ئايلىنىپ غارغا كىرىپ ھەممە ياقنى ئىزدىدى. ئاخىرى بىر كىچىك غاردىن تاڭ سېڭنى ئۆزى

بىلەن توي قىلىشقا قىستاۋاتقان ئالۋاستىنى تاپتى. ئالۋاستى ناجانىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال تىزلىنىپ ئۆنىڭدىن رەھىم - شەپقەت تىلىدى. ناجا ئۇنى چەمبەرچاس باغلاپ تۇۋىسىز غارغا يالاپ ئەكىرىپ كەتتى. تاڭ سىبىڭ ۋايجىراۋانا بىلەن بارلىق ئەۋلىيا سەركەردىلەرگە رەھمەت - ھەشقاللا ئېيتىپ، شاگىرتلىرى بىلەن يۈك - تاقلىرىنى جايلاپ يولغا چىقتى.

## 42 - باب سۈن ۋۇكۇڭنىڭ ئوردا ئەھلىنى پەم بىلەن تاقىرباش قىلىۋەتكەنلىكى

بىر كۈنى، ئۇستاز شاگىرتلىرى بىلەن ئالدىراش كېتىۋاتاتتى، يول ياقىسىدىكى سۆگەتلىكتىن بالا يېتىلىۋالغان بىر موماي چىقىپ تاڭ سېڭغا قاراپ:

— راھىب، چاققان مەشرىققە قاراپ ماڭسىلا! مەغرىبكە قاراپ ماڭسىلا ئۆزلىرىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىدىلا. ئالدىلىرىدىكى دۆلەت، دىنىنى يوقىتىدىغان دۆلەت. پادىشاھ بىر تۇمەن شەيخنى ئۆلتۈرۈشكە ۋەدە بەرگەن، ھازىرغىچە توققۇز مىڭ توققۇز يۈز توقسان ئالتە راھىبنى ئۆلتۈرۈپ بولدى، سىلەر بارساڭلار، ئۇ بۇ سانىنى توشقۇزىدۇ، — دېدى. سەنزاڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ قورققىنىدىن لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. ئۇ مومايدىن شەھەرگە كىرمەي ئايلىنىپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى سورىدى. موماي بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ۋۇكۇڭ بىر چەتتە كۆزلىرىدىن نۇر چاقنىتىپ تۇرۇپ، ھېلىقىلارنىڭ شەپقەتكار بۇدساتۋا بىلەن سودەنە ئىكەنلىكىنى تونۇپ ئالدىراش تىزلىنىپ تۇرۇپ:

— بۇدساتۋا، شاگىرتلىرى ئالدىلىرىغا چىقالمىدى! — دېدى.

شەپقەتكار بۇدساتۋا بۇلۇتقا چىقىپ جەنۇبىي دېڭىز تامان

يۇرۇپ كەتتى. سەنزاڭ، جۇباجيې ۋە شا شەيخ دەررۇ كۆككە
قاراپ تەزىم قىلدى.

ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى مەسلىھەتلىشىپ، ئاۋۋال
ۋۇكۇڭنىڭ شەھەرگە كىرىپ بىر خىلۋەت يول تېپىشىنى، كېچە
قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ شەھەردىن چىقىپ كېتىشنى لايىق
تاپتى. ۋۇكۇڭ بۇلۇتقا چىقىپ، دىننى يوقىتىدىغان دۆلەتنىڭ
ئۈستىگە كېلىپ، بىرلا سىلكىنىپ شەپەرەڭگە ئايلىنىپ ئۇچۇپ
چۈشتى. ۋاڭ شياۋئېرنىڭ سارىيىدا بىرنەچچە سودىگەرنىڭ غى-
زالىنىپ بولۇپ، كىيىم - كېچەكلىرىنى سېلىشىپ ئۆز ئورۇن-
لىرىدا يېتىپ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ۋۇكۇڭنىڭ كۆڭلى-
گە بىر پىلان كەلدى. ئۇ ئۆيگە ئۇچۇپ كىرىپ، ئاۋۋال چىراغ-
نى ئۆچۈرۈۋەتتى. ئاندىن چاشقان ئالۋاستىغا ئايلىنىپ، كى-
يىم- كېچەكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.
تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى راھىب
كىيىمىنى سېلىۋېتىپ، سودىگەرلەرنىڭ كىيىملىرىنى كىيى-
شىپ، شەھەرگە قاراپ يول ئالدى.

ئۇستاز شاگىرتلىرى بىلەن ۋاڭ شياۋئېرنىڭ سارىيىنىڭ
ئۇدۇلىدىكى بىر سارايغا چۈشتى. ساراي ئىگىسى بىر تۇل خو-
تۇن ئىدى. ئۇ كىرگەنلەرنىڭ ئات سودىگەرلىرى ئىكەنلىكىنى
كۆرۈپ توخۇ ئۆلتۈرۈپ تاماق قىلماقچى بولدى. ۋۇكۇڭ ئال-
مان- تالمان:

— بۈگۈن بىزنىڭ پەرھىز تۇتقان كۈنىمىز، توخۇنى ئەتە
ئۆلتۈرسىلە! بۈگۈنچە گۆشسىز تاماق يەپ تۇرايلى، — دېدى.
تۇل خوتۇن خۇش بولۇپ چىقىپ كەتتى.

سەنزاڭ ئۇخلىغان چاغدا ئېھتىياتسىزلىقتىن بۆكى چۈشۈپ
كېتىپ راھىبلىقى ئاشكارىلىنىپ قېلىشتىن قورقۇپ، ساراي
ئىگىسىگە قاراڭغۇ ئۆي بولسا، ئۆزلىرىنىڭ شۇ ئۆيدە ياتىدىغان-
لىقىنى ئېيتتى. سارايدا قاراڭغۇ ئۆي بولمىغاچقا، ئۇ قىزىغا

كەڭلىكى تۆت چى، ئۇزۇنلۇقى يەتتە چى، ئېگىزلىكى ئۈچ چى
كېلىدىغان؛ يوغان ئىشكاپنى ئەكەلدۈرۈپ بەردى. ئۇستاز ۋە
ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئىشكاپقا كىردى. ۋۇكۇڭ ساراي ئىگىسىگە
ئىشكاپنى سولاپ، ئەتىگەنلىكتە ئېچىۋېتىشنى تاپىلىدى.

ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى قىستىلىشىپ يېتىپ، يې-
رىم كېچە بولغاندا ئۇخلاپ قېلىشتى. ۋۇكۇڭ ئۇخلىيالمىدى،
ئۇ جۇباجيېنى چىمداپ، بۇ قېتىم ئات سودىسىدا نەچچە مىڭ
سەر كۈمۈش پايدا ئالىدىغانلىقىنى دېدى. جۇباجيې ئۇيقۇلۇقتا
ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋاب بەرمىدى. كىم بىلسۇن، بۇ سارايدا ئوت
قالايدىغان نىمكار، قاراقچىلارنىڭ شېرىكى ئىدى. ئۇ ۋۇكۇڭ-
نىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، قاراقچىلارغا دەرھال خەۋەر يەتكۈزدى.
ھايال ئۆتمەي يىگىرمىدىن ئارتۇق قاراقچى سارايغا ئۇسۇپ كى-
رىپ بۇلاڭ ـ تالاڭغا كىرىشىپ كەتتى. ئۇلار ئات سودىگەرلىرى-
نى تاپالماي يوغان بىر ئىشكاپنى، ئىشكاپنىڭ پۇتىغا باغلاپ
قويۇلغان ئاق ئاتنى كۆردى. ئىشكاپ قۇلۇپلاقلىق ئىدى. قاراق-
چىلار ئىشكاپتا بايلىق بار دەپ قاراپ، ئىشكاپنى ئارغامچا بىلەن
تېڭىپ كۆتۈرۈپ ئېلىپ كېتىشتى.

قاراقچىلار شەھەرنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىدىكى لەشكەرلەر-
نى ئۆلتۈرۈپ شەھەر سىرتىغا چىقتى. شەھەرنى چارلاپ يۈرگەن
باشبۇغى بىلەن سەرۋاز بېگى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، لەشكەرلەرنى
باشلاپ ئۇلارنى قوغلىدى. قاراقچىلار ئۆزلىرىنى قوغلاپ كېلى-
ۋاتقان لەشكەرلەرنى كۆرۈپ ۋە ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى
ھېس قىلىپ، ئىشكاپ بىلەن ئاق ئاتنى تاشلاپ تەرەپ ـ تەرەپكە
قېچىپ كېتىشتى. لەشكەرلەر ئىشكاپ ۋە ئاق ئاتنى قولغا چۈ-
شۈرۈپ زەپەر قۇچۇپ قايتىشتى.

سەنزاڭ ئىشكاپتا تۇرۇپ ۋۇكۇڭدىن ئاغرىندى، ۋۇكۇڭ
ئۇستازىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ قويۇپ، ئالتۇن توقىلىق دىلىپسەن
گۇرزىسىنى ئۇشكىگە ئايلاندۇرۇپ، ئىشكاپنىڭ ئاستىنى تې-

شىپ، ئاندىن چۆمۈلگە ئۆزگىرىپ سىرتقا چىقتى. ئۇ ئەسلىگە قايتىپ بۇلۇتقا چىقىپ ئوردىغا قاراپ يول ئالدى.

بۇ پادىشاھ ئۇخلاپ قالغان چاغ ئىدى، ۋۇكۇڭ بىرمۇنچە تۈكلىرىنى يۇلۇپ ئۇخلاتقۇچى قۇرتقا ئايلاندۇرۇپ، ئوردىدىكى چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىنى قاتتىق ئۇخلىتىۋەتتى. ئاندىن يەنە تۈكىنى يۇلۇپ يۈزدىن ئارتۇق مايمۇنچاقلارنى پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى ئوردىدىكى بارلىق ئەمەلدارلارنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈشكە بۇيرۇدى. ئارىدىن ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي ئوردىدىكى چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدار ۋە ئەر ـ ئاياللارنىڭ، ھەتتا پادىشاھ بىلەن خانىشنىڭمۇ چېچى چۈشۈرۈۋېتىلدى. ۋۇكۇڭ شۇندىلا بۇلۇتقا چىقىپ باشبۇغ مەھكىمىسىگە قايتىپ كېلىپ، چۆمۈلگە ئايلىنىپ ئىشكاپقا كىرىۋالدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ئوردىدىكى ئايال مۇلازىملار ۋە ئاغۋاتلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيماقچى بولۇشقاندا چاچلىرىنىڭ يوقلۇقىنى بايقاپ نېمە قىلارنى بىلەلمەي قېلىشتى. خانىش ئورنىدىن تۇرۇپ چېچىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، دەرھال پادىشاھنى ئويغاتتى. پادىشاھ تاقىر بېشىنى سىلاپ، قورقىنىددىن پۇت ـ قوللىرىدا جان قالمىدى. ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ:

— راھىبلارنى ئۆلتۈرگەنلىكىم ئۈچۈن···، — دېدى ـ دە، ئوردىدىكى ئىشنى تىلغا ئالماسلىققا پەرمان چۈشۈردى.

ئەتىگەنلىك قوبۇلدا، مۇلكىي ھەم لەشكىرىي ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى ئاخشام يۈز بەرگەن ئىشنى مەلۇم قىلىشتى. پادىشاھ ۋە ئوردا ئەھلى يىغلىغان پېتى:

— بۇندىن كېيىن راھىبلارنى ئۆلتۈرمەيمىز، — دېدى.

شەھەرنى چارلايدىغان لەشكەرلەرنىڭ باشبۇغى ئۆزلىرىنىڭ ئاخشام بىر ئىشكاپ ۋە بىر ئاق ئاتنى قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. پادىشاھ ئىشكاپنى كۆتۈرۈپ ئەكېلىشنى بۇيرۇدى. ئىشكاپ ئېچىلىشى بىلەن تەڭ، تاقەت قىلالماي تۇرغان

جوْباجيې ئىشكاپتىن گوْلدوْرلەپ چىقىپ كەلدى. بوْ ھالنى كوْر-
گەن موْلكىي ۋە لەشكىرىي ئەمەلدارلار قوْرقىنىدىن لاغىلداپ
تىترەپ كېتىشتى. ۋوْكوْڭ ئوْستازىنى قولتوْقلاپ، شا شەيخ
يوْك -تاقلارنى كوْتوْروْپ ئىشكاپتىن چىقتى. جوْباجيې باشبوْغ-
نىنىڭ ئاق ئاتنى توْتوْپ توْرغانلىقىنى كوْروْپ، دەرھال ئوْنىڭ
ئالدىغا باردى - دە:

— ئات مېنىڭ! ئەكەل! — دېدى. قورقوْپ كەتكەن
باشبوْغ كەينىگە ئوْچوْپ چوْشتى.

پادىشاھ توْت راھىبنى كوْروْپ، ئوْزىنىڭ موْلكىي ۋە لەش-
كىرىي ئەمەلدارلىرى بىللەن بىللە دەرھال تەختىدىن چوْشوْپ
ئوْلارنى قوبوْل قىلدى. تاڭ سېڭ كېلىش مەقسىتىنى ۋە ئىش-
كاپقا كىرىۋېلىش جەريانىنى دېدى. پادىشاھ:

— بىر راھىبنىڭ يالغان - ياۋىداق گەپلىرى بىللەن بىر
توْمەن راھىبنى ئوْلتوْروْش ھەققىدە ۋەدە بېرىپتىمەن. بوْگوْنكى
كوْنگە كەلگەندە ئوْزوْمنىڭموْ راھىبلاردەك بولوْپ قالىدىغىنىمنى
ئويلىماپتىمەن. تەقسىر، مېنى شاگىرتلىققا قوبوْل قىلغايلا! —
دېدى. ۋوْكوْڭ:

— بىز سىلىنى شاگىرتلىققا قوبوْل قىلالمايمىز، سىلى
يەنىلا پادىشاھلىقلىرىنى قىلىۋەرسىلە! يولخېتىمىزنى ئالماشتوْ-
روْپ، بىزنى يولغا سېلىپ قويسىلا، ئەل - يوْرتلىرىنىڭ ئاماد-
لىقىغا كاپالەت بېرىمىز، — دېدى.

پادىشاھ دەرھال ئوْلارنىڭ يولخېتىنى ئالماشتوْروْپ، ئوْلار-
غا گوْاڭلوْ ئىبادەتخانىسىدا زىياپەت بېرىشكە بوْيروْدى. تاڭ سېڭ-
نىڭ دوْلەتنىڭ ئىسمىنى ئوْزگەرتىپ بېرىشىنى تەۋسىيە قىلدى.
ۋوْكوْڭ:

— «دىنىي دوْلەت» دەپ ئاتىغان ھەممىدىن ياخشى، «يو-
قىتىش» سوْزى بولماپتوْ. بوْنى «دىننى ھوْرمەت قىلىدىغان
دوْلەت» كە ئوْزگەرتىش كېرەك، — دېدى.

پادىشاھ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ، پۈتۈن ئوردا ئەھلىنى باشلاپ تاڭ سېلىڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنى مەغرىبكە يولغا سېلىپ قويىدى.

## 43 - باب ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ ھالقىسمان غاردا پالاكەتكە ئۇچرىغانلىقى

ۋۇكۇڭ يولدا كېتىۋېتىپ، ئاخشام پادىشاھنى تاقىرباش قىلىۋېتىپ بۇددا دىنىغا بەيئەت قىلدۇرغان ئىشلارنى بىرقۇر سۆزلەپ ئۆتتى، ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ ئىككى شاگىرتى كۈلۈپ تېلىقىپ قېلىشتى. ئۇلار شۇ تەرزدە ماڭدى. توساتتىن ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئېگىز بىر تاغ پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى بۇنىڭغىمۇ پەرۋا قىلماي يولىنى داۋام قىلدى. تۇيۇقسىز بىرپەس شامال كۆتۈرۈلۈپ كەينىدىن ئەتراپنى تۇمان قاپلاپ كەتتى. بۇنىڭدىن سەنزاڭ چۆچۈپ قالدى. ۋۇكۇڭ بىرلا موللاق ئېتىپ ئاسمانغا چىقىپ ئەتراپقا نەزەر سالدى. قارىسا، بىر ئالۋاستى بىرقانچە ئالۋاستى بىلەن شامال چىقىرىپ، تۇمان پەيدا قىلىۋاتاتتى. كاللىسىغا بىر خىيال كەلگەن ۋۇكۇڭ جۇبىجىيىنى كولدۇرلاتماقچى بولدى. ئۇ ئاسماندىن يەر يۈزىگە چۈشۈپ، جۇباجيېغا:

— ئالدى تەرەپتە بىر كەنت بار ئىكەن، قاسقاندا گۈرۈچ تامىقى بىلەن ھورنان پىشىۋېتىپتۇ، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئاچ كۆز جۇباجيې ئاتقا ئوت ئەكېلىشنى باھانە قىلىپ شۇ يەرگە بارماقچى بولدى. ۋۇكۇڭ جۇباجيېنى تارتىپ:

— كىشىلەر چىرايلىق ئادەملەرگە تاماق بېرىدۇ، مۇشۇ تۇرقۇڭ بىلەن بارساڭ، ساڭا ھېچكىم تاماق بەرمەيدۇ، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن جۇباجىي راھىب سىياقىغا كىرىپ، تاكتاك چېلىپ يولغا راۋان بولدى.

جۇباجىي ئالۋاستىلار سىزغان چەمبەرنىڭ ئىچىگە ئىختىيارسىز كىرىپ قالدى. ئالۋاستىلار ئۇنى ئورىۋېلىپ، ئۇياققا تارتىپ، بۇ ياققا تارتىپ غار تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. جۇباجىي:

— مېنى تارتماڭلار! مەن ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ تاماقىڭلارنى يەي! — دېدى.

— نېمىنى يەيسەن، بىز سېنى يېمەكچى بولۇۋاتىمىز! — دېدى.

جۇباجىي كۆزىنى ئېچىپ بىر توپ ئالۋاستىنى كۆردى، ئۆزىنىڭ ۋۇكوڭنىڭ ئالدىمىغا چۈشكەنلىكىنى بىلىپ شۇئان ئەسلىگە قايتىپ، تىرنىسىنى ئوينىتىپ ئالۋاستىلارغا ئېتىلدى. قېرى ئالۋاستى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ دەرھال يارىغىنى كۆتۈرۈپ جۇباجىي بىلەن ئېلىشقىلى غارنىڭ سىرتىغا چىقتى.

ۋۇكوڭ ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، جۇباجىينىڭ ھېلىغىچە كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، بىر تال تۈكىنى يۇلۇپ ساختا ۋۇكوڭنى ئۆز ئورنىدا قالدۇرۇپ، ئۆزى بۇلۇتقا چىقىپ توپىلىققا كەلدى، جۇباجىي قېرى ئالۋاستىغا تەڭ كېلەلمەي قېلىۋاتاتتى. ئۇ بۇلۇت ئۈستىدە تۇرۇپ:

— باجىي، ھودۇقما، لاۋسۇن كەلدى! — دېدى.

جۇباجىي ۋۇكوڭنىڭ ئاۋازىنى تونۇپ غەيرەتلەندى. ئۇ تىرنىسىنى ئوينىتىپ ئالدىغا ئېتىلدى، قېرى ئالۋاستى يېڭىلىپ قاچتى. ۋۇكوڭ بۇلۇتتىن يەر يۈزىگە چۈشمەي ئۇدۇل ئۇستازىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەسلىگە قايتتى. بىردەمدىن كېيىن جۇباجىي ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كېلىپ، ئۇستازىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ۋۇكوڭنىڭ ئۆزىنى ئەخمەق قىلغانلىقى توغرىسىدا دادلاپ بەردى. ۋۇكوڭ جۇباجىينىڭ ئالدىدا بېرىپ، ئالۋاستىنى يەڭگەنلىكى ئۇنىڭ تۆھپىسى، دەپ جۇباجىينى ماختىدى. جۇباجىي بۇنىڭغا

ماقۇل بولدى. ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى تاغ يولىغا قاراپ قەدەم ئالدى.

قېرى ئالۋاستى غارغا قايتىپ يېڭىلگەنلىكىدىن خاپا بولۇپ تۇرغاندا، بىر كىچىك ئالۋاستى بىر مەسلىھەت كۆرسەتتى. ئۇلار مۇشۇ مەسلىھەت بويىچە، ئۆزگىرەلەيدىغان كىچىك ئالۋاستىدىن ئۈچنى تاللىدى، بۇ ئۈچ كىچىك ئالۋاستى قېرى ئالۋاستىنىڭ سىياقىغا كىرىپ ۋۇكۇڭ، جۇباجيې ۋە شا شەيخنى بەند قىلىپ تۇرىدىغان ، ئاندىن كېيىن قېرى ئالۋاستى تاڭ سېڭنى تۇتىدىغان بولدى. قېرى ئالۋاستى بۇ مەسلىھەتتىن خۇرسەن بولدى. ئۇلار دەررۇ پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كىرىشىپ كېتىشتى.

تاڭ سېڭ شاگىرتلىرى بىلەن بىللە كېتىۋېتىپ ئانچە ئۇزۇن ماڭماستىن، تۇيۇقسىز يولنىڭ بويىدىن بىر ئالۋاستى سەكرەپ چىقىپ تاڭ سېڭغا ئېتىلدى. جۇباجيې تىرنىسىنى ئوينىتىپ ئالدىغا چىقتى. ئىككىسى ئېلىشىۋاتقاننىڭ ئۈستىگە چۆپلۈكتىن يەنە بىر ئالۋاستى ئېتىلىپ چىقىپ تاڭ سېڭنى تۇتۇشقا تەمشەلدى. ۋۇكۇڭ گۈرزىسىنى كۆتۈرۈپ ھېلىقى ئالۋاستى بىلەن ئېلىشتى. شۇ ئەسنادا تاغنىڭ كەينىدىن يەنە بىر ئالۋاستى چىقتى. شا شەيخ ھاسىسىنى كۆتۈرۈپ شۇ ئالۋاستى بىلەن ھەپىلىشىپ كەتتى. ئېلىشىش كەسكىن داۋام قىلىۋاتاتتى، قېرى ئالۋاستى ئاسماندا تۇرۇپ تاڭ سېڭنىڭ ئات ئۈستىدە ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى - دە، ئىلمەك پەنجىلىك قولى بىلەن تاڭ سېڭنى قاماللاپ تۇتۇپ، شامال بىلەن غارغا ئەكىرىپ كەتتى. خۇشال ھالدا غارغا قايتقان قېرى ئالۋاستى مەسلىھەت كۆرسەتكەن كىچىك ئالۋاستىنى تۇرشاۋۇل قىلىپ قويدى.

ۋۇكۇڭ چۆپلۈكتە كىچىك ئالۋاستىنى مەغلۇپ قىلىپ ئالدىراش يول بويىغا بېرىپ، ئاق ئات بىلەن يۈك - تاقنى كۆردى، ئۇستازى ھېچ يەردە يوق ئىدى. ۋۇكۇڭ ئالمان - تالمان

ئاق ئاتنى يېتىلەپ، يۇك - تاقنى كۆتۈرۈپ، ئۇستازىنى ئىزدەپ تاغ ئىچىنى قېزىۋەتتى. كۆپ ئۆتمەي ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جۇباجىي بىلەن شا شەيخ يېتىپ كەلدى. ئۇچىسى پاراڭلاشتى، ۋۇكۇڭ چىچاڭشىپ كەتتى. ئۇ:

— بىز ئالۋاستىلارنىڭ «مىيخۋا گۈلى ھىيلىسى» گە چۈ-شۈپ قاپتۇق! — دېدى. ئاغا - ئىنى ئۇچىسى ئالۋاستى غارىنى تاپماقچى بولدى. ئۇلار يىگىرمە چاقىرىم مېڭىپ، غارنىڭ ئاستى تەرىپىگە جايلاشقان بىر غارنى كۆردى، غارنىڭ ئۈستىگە «تۇمان-لىق تاغدىكى ھالقىسىمان غار» دېگەن خەتلەر يېزىلغان ئىدى. جۇباجىي يۇگۇرۇپ بېرىپ تىرنىسى بىلەن غارنىڭ ئىشىكىنى ئۇرۇپ بىر تۆشۈك ئاچتى - دە:

— ئالۋاستى، ئۇستازنى چىقىرىپ بەر! — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھودۇقۇپ كەتكەن قېرى ئالۋاستى بايىقى تۇرشاۋۇلدىن ئاغرىندى. تۇرشاۋۇل ئۇنىڭغا يەنە بىر ئەقىل كۆرسەتتى. ئۇ سۆگەت دەرىخىنىڭ يىلتىزىنى ئادەم بېشى شەك-لىگە كەلتۈرۈپ، باشقا ئادەمنىڭ قېنىنى پۈركەپ پەتنۇسقا سې-لىپ بىر كىچىك ئالۋاستىدىن غارنىڭ ئالدىغا چىقارتتى. كى-چىك ئالۋاستى:

— سۇن دەرۋىش بوۋا، ئۇستازلىرىنى پادىشاھىمىز غارغا تۇتۇپ ئەكىرىپ يەۋەتتى، ئۇنىڭ پەقەت بېشىلا قالدى، — دېدى.

جۇباجىي باشنى كۆرۈپلا يىغلاپ كەتتى. ۋۇكۇڭ بۇنىڭ يالغان ئادەم بېشى ئىكەنلىكىنى دېدى - دە، گۈرزىسى بىلەن بىرنى سىلىپ بۇ سىرنى ئاشكارىلىۋەتتى. جۇباجىي بۇنىڭ سۆ-گەت دەرىخىنىڭ يىلتىزى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتۇۋا-لالماي:

— ۋۇھ ناكەسلەر، سۆگەت دەرىخىنىڭ يىلتىزى بىلەن مېنى ئالدىغۇدەك بولدۇڭلارمۇ؟ — دەپ ئۇلارنى تىللاپ كەتتى.

ئالۋاستى غارغا كىرىپ سىرنىڭ پاش بولۇپ قالغانلىقىنى دېدى. تۇرشاۋۇل راست ئادەم بېشىدىن بىرنى تېپىپ كەلدى. ئۇلار قان تېمىپ تۇرغان ئادەم بېشىنى سىرتقا ئاتتى. ۋۇكۇڭ بۇ قېتىم راست ئادەم بېشى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ نائىلاج يىغلاپ تاشلىدى. جۇباجيې بىلەن شا شەيخمۇ ھۆكۈرەپ يىغلىدى. جۇباجيې كۆزلىرى ياش، ھېلىقى ئادەم بېشىنى قۇچاقلاپ يۇگۈرگەن پېتى يارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئورەك كولاپ باشنى شۇ يەرگە كۆمۈپ، توپا دۆۋىلەپ زۇمچەك قىلىپ قويدى.

ۋۇكۇڭ شا شەيخكە قەبرىنى ساقلاشقا ۋە يۇك - تاق بىلەن ئاق ئاتقا قاراپ تۇرۇشنى تاپىلاپ، ئۆزى جۇباجيې بىلەن غارنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ غارنىڭ ئىشىكىنى پاچاق - پاچاق قىلىۋېتىدىغان ئەلپازدا:

— تىرىك تاڭ سېڭنى چىقىرىپ بېرىڭلار! — دەپ توۋلاۋەردى.

قېرى ئالۋاستى ئامالنىڭ يوقىدىن كىچىك ئالۋاستىلارنى باشلاپ غاردىن چىقتى. ئىككى تەرەپ بىر قەپەس ئېلىشتى، ھېچكىم ھېچكىمنى يېڭەلمىدى. ۋۇكۇڭ كىچىك ئالۋاستىلارنىڭ چېكىنمەي ئۆزلىرى بىلەن ئېلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىر تۇتام تۈكىنى يۇلۇپ پۈۋلەپ تۇرۇپ بىر توپ مايمۇنچاقلارنى پەيدا قىلدى. ئۇلار گورزىلىرىنى ئوينىتىپ جەڭگاھقا چۈشتى. ئىككى يۈزدەك كىچىك ئالۋاستىلار ئالدى - كەينىگە قارىماي جانلىرىنى ئېلىپ قېچىپ كېتىشتى. ۋۇكۇڭ بىلەن جۇباجيې كىچىك ئالۋاستىلارنى سۇر - توقاي قىلىپ راسا ئەدىپىنى بەردى. بۇ ھالنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەن قېرى ئالۋاستى شامالغا ئۆزگىرىپ غارغا كىرىۋالدى. تۇرشاۋۇل ۋۇكۇڭنىڭ گورزىسىنىڭ زەربىسى بىلەن ئەسلىگە قايتتى، ئۇ ئەسلىدە تۆمۈر دۈمبىلىك بۆرە ئىدى.

قېرى ئالۋاستى غارغا قېچىپ كىرىۋالغاندىن كېيىن، كى-

چىك ئالۋاستىلارغا تاش يۆتكىتىپ غارنىڭ ئاغزىنى مەھكەم ئەتكۈزۈپ، جەڭ قىلغىلى سىرتقا چىقماي قويدى.

ۋۇكۇڭ تاغ باغرىنى ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ، سۇنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى ـ دە، سۇنىڭ ئاۋازى كېلىۋاتقان يەرنى ئىزدەپ يۈرۈپ بىر غارنى كۆردى. غارنىڭ يېنىدا بىر ئىشىك بار ئىدى. ۋۇكۇڭ بۇنى غارنىڭ ئارقا ئىشىكى دەپ قىياس قىلدى. ئۇ سۇ چاشقىنىغا ئۆزگىرىپ ئىشىك يېنىدىكى ئېرىق ئارقىلىق غارغا كىرىپ، ئاندىن يەنە قاناتلىق ئۆمۈچۈككە ئايلاندى ـ دە، قاناتلىرىنى كىرىپ ئۇچۇپ غارنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە باردى. توساتتىن بىر كىچىك ئالۋاستى يۈگۈرۈپ كىرىپ، قېرى ئالۋاستىغا:

— خۇش خەۋەر پادىشاھىي ئالەم! سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن جۇباجيې ۋە شا شەيخ ھېلىقى ئادەم بېشىنى تاڭ سېڭنىڭ بېشى دەپ ئويلاپ، كۆمۈپ بولۇپ يىغلاپ قالدى، — دېدى.

ۋۇكۇڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇش بولدى، ئۇ ئۇستازىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇ بىر كىچىك ئىشىكنىڭ ھىم ئېتىكلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، يوچۇقىدىن ئىچىگە قارىدى. ئۇ بىر ھويلا بولۇپ، ھويلىنىڭ ئىچىدىن يىغا ئاۋازى كېلىۋاتاتتى. ۋۇكۇڭ ھويلىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، بىر دەرەخكە باغلانغان ئىككى ئادەمنى كۆردى، ئۇلارنىڭ بىرى ئۇستازى ئىدى. ئۇ تاقەت قىلالماي ئەسلىگە قايتىپ، ئۇستازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ قويدى ھەم ئازراق سەۋر قىلىپ تۇرۇشنى ئېيتتى.

ۋۇكۇڭ يەنە چۈمۈلىگە ئۆزگىرىپ بايامقى يەرگە كەلدى، قېرى ئالۋاستى بىلەن كىچىك ئالۋاستى ئۇستازىنى قانداق يېيىش توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىپ ئولتۇراتتى. قاتتىق غەزەپلەنگەن ۋۇكۇڭ تېنىدىن بىر تۈتام تۈكىنى يۇلۇپ ئۇخلاتقۇچى قۇرتقا ئايلاندۇرۇپ، قۇرتلارنى ئالۋاستىلارنىڭ بۇرۇنلىرىغا كى-

رىشكە بۇيرۇدى. بىردەمدىن كېيىن ئالۋاستىلارنىڭ ھەممىسى خورەك تارتىشىپ ئۇخلاپ كېتىشتى. ۋۇكۇڭ ئەسلىگە قايتىپ گۈرزىسى بىلەن ياندىكى ئىشىكنى ئۇرۇپ چىقىۋېتىپ ھويلىغا كىردى، ئاندىن ئۇستازىنى باغلاقتىن بوشاتتى. سەنزاڭ ۋۇ-كۇڭغا باغلاقتىكى ئوتۇنچىنىمۇ بوشىتىشنى ئېيتتى. ئۇچىسى كەينى ئىشىكتىن چىقىپ يارغا ياماشتى. جۇباجيې، شا شەيخ ئۇستازىنىڭ ساق - سالامەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن يىغلاپ كېتىشتى. ۋۇكۇڭ ئالۋاستى غارىغا قايتىپ قېرى ئال-ۋاستىنى پۇت - قولىنى باغلاپ، گۈرزىسىگە ئارتىپ ۋە ئۇنى يەلكىسىدە كۆتۈرۈپ كەينى ئىشىكتىن چىقىپ، ئوتۇنچى بىلەن جۇباجيېنى ئوتۇن يىغىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇ قېرى ئالۋاستى-نى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىشنى ئويلىغان ئىدى. جۇباجيې قېرى ئالۋاستىنىڭ ئويغانغانلىقىنى كۆرۈپ تىرنىسى بىلەن بىر-نى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى. قېرى ئالۋاستى ئەسلىگە قايتتى. ئۇ ئەسلىي گۈلدار يىلپىز ئالۋاستى ئىدى.

ھېلىقى ئوتۇنچى تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنى ئۆيىگە باشلاپ كەلدى، ئوتۇنچىنىڭ ئاپىسى ئۇلارنىڭ ئوغلىنىڭ نىجات-كارى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، رەھمەت - ھەشقاللا ئېيتىپ كەينى-كەينىدىن باش ئۇرۇپ تەزىم قىلدى، گۆشسىز تاماق ئېتىپ ئۇلارنى مېھمان قىلىشقا تەييارلاندى. غىزادىن كېيىن، ئوتۇنچى ئالدىدا ئۇلارغا يول باشلاپ ماڭدى، ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلى-رى مەغرىبكە قاراپ ئاتلاندى

## 44 - باب سۈن ۋۇكۇڭنىڭ ئەۋلىيا سۇمۇرغ ئايمىقىدا خاسىيەتلىك يامغۇر ياغدۇرغانلىقى

ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتتى، ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلى-رى بىر شەھەرگە كەلدى. شەھەر تولىمۇ چۆلدەرەپ كەتكەن

ئىدى. بىر كوچىنىڭ ئاغزىدا ئەمەلدار سىياقىدىكى بىر نەچچە كىشى ئۇقتۇرۇش چاپلاش ئالدىدا تۇراتتى. سەنزاڭ ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بۇ يەرنىڭ ئەنەتكەك دۆلىتىنىڭ ئەۋلىيا سۇمۇرغ ئايمىقى ئىكەنلىكىنى، ئۇدا نەچچە يىل يامغۇر ياغمىغانلىقتىن قورغاقچىلىق بولۇۋاتقانلىقىنى، بۇ بىر نەچچە ئەمەلدارنىڭ پادى- شاھنىڭ پەرمانى بويىچە بۇددادىن يامغۇر تىلەپ، ئەل - يۇرتنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇقتۇرۇش چاپلىغىلى كوچىغا چىققانلىقىنى بىلدى. تاڭ سېڭ ئۇقتۇرۇشنى كۆرۈپ:

— شاگىرتلىرىم، قايسىڭلار يامغۇر ياغدۇرالايسىلەر؟ يام- غۇر ياغدۇرۇپ ئەل - يۇرتنى ئازاب - ئوقۇبەتتىن خالاس قىلىۋەتكەن بولساڭلار ساۋاب بولاتتى، — دېدى.

— يامغۇر ياغدۇرۇش ئاسان گەپقۇ! مەن بۇنداق ئىشلارنى كىچىكىمدە كۆپ قىلغان، — دېدى ۋۇكۇڭ.

ئەمەلدارلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھال بېرىپ ئامبالغا مەلۇم قىلدى. ئامبال ئۇستىۋېشىنى تۈزەشتۈرۈپ، دەررۇ كوچا ئاغزىغا كېلىپ تاڭ سېڭ قاتارلىق كىشىلەرگە سالام قىلدى ۋە:

— ئۇستاز، رەھىم - شەپقەت قىلىپ ئەل - يۇرتۇمنى قۇتقۇزۇپ قالغان بولسىلا، — دېدى ۋە ئۇلارنى ئايماق مەھكى- مىسىگە باشلىدى. تاڭ سېڭ ماقۇل بولدى - دە، ئۇنىڭ بىلەن بىللە مەھكىمىگە قاراپ يول ئالدى.

ئامبال تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنى گۆشسىز تاماق بىلەن كۈتۈۋالدى. جۇباجېينىڭ قارنى يامان بولغاچقا، تاماق توشۇغانلار موكىدەك تىنماي قاتراپ يۈرۈشتى. غىزادىن كې- يىن، ۋۇكۇڭ ئەپسۇن ئوقۇدى. شۇئان شەرق تەرەپتىن بىر پارچە بۇلۇت ئاستا سۈرۈلۈپ كەلدى. شەرقىي دېڭىز ئەجدىھا پادىشاھى ئاۋگۇاڭ ئادەم شەكلىگە كىرىپ، ۋۇكۇڭغا سالام قىل- دى ھەم يامغۇر ياغدۇرۇشنىڭ ئاسان ئىكەنلىكىنى، ئەمما ئەرش- تىن پەرمان بولۇشى لازىملىقىنى ئېيتتى. ۋۇكۇڭ نائىلاج قې-

ـرى ئەجدىها پادىشاھنى شەرقىي دېڭىزغا قايتۇرۇۋېتىپ، ئاندىن
بىر موللاق ئېتىپ يۇشتپەلەك سارىيىغا چىقىپ، يۇرۇن سۇلـ
ـتانغا يامغۇر ياغدۇرۇش پەرمانىنى چۈشۈرۈشنى ئىلتىجا قىلدى.

يۇرۇن سۇلتان:

— ئەۋلىيا سۇمۇرغ ئايماق ئامبىلى ئۈچ يىل بۇرۇن نەزىرـ
گە ئاتالغان تائاملار بىلەن ئىت باقان. شۇ سەۋەبتىن مەن ئۈچ
تۇرلۇك ئەھدىنى ئىسرىقدان سارىيىغا ئېسىپ قويدۇم. سىلەر
ۋۇكۇڭنى باشلاپ ئەھدىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىڭلار، — دېدى.

تۆت نەپەر ئەۋلىيا ھەزرەت ۋۇكۇڭنى باشلاپ ئىسرىقدان
سارىيىغا كەلدى، ئۇن جاڭ ئېگىزلىكتىكى گۇرۇچتىن ھاسىل
بولغان تاغ تۇۋىدە بىر توخۇ دانلاپ يۇرەتتى، يىگىرمە جاڭ
ئېگىزلىكتىكى ئۇندىن ھاسىل بولغان تاغ تۇۋىدە بىر ئىت ئۇننى
ئاستا يالاپ تۇراتتى، تۆمۇر رامكىدا بىر ئالتۇن قۇلۇپ، رامكىـ
ـنىڭ تۇۋىدە بىر چىراغ يېنىقلىق ئىدى، چىراغنىڭ ئوتى بارماق
توملۇقىدىكى قۇلۇپ ئەگمىسىنى كۆيدۇرۇپ تۇراتتى. ۋۇكۇڭ
بۇلارنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىدى. ئەۋلىيا ھەزرەتلەر ۋۇكۇڭغا
توخۇ گۇرۇچتىن ھاسىل بولغان تاغنى چوقىلاپ يەپ، ئىت
ئۇندىن ھاسىل بولغان تاغنى يالاپ تۈگەتسە، چىراغنىڭ ئوتى
قۇلۇپنىڭ ئەگمىسىنى كۆيدۇرۇپ ئۈزۈۋەتسە، يۇرۇن سۇلتانـ
ـنىڭ ئاندىن ئەۋلىيا سۇمۇرغ ئايمىقىغا يامغۇر ياغدۇرىدىغانلىـ
ـقىنى دەپ بەردى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ۋۇكۇڭنىڭ چىرايى ئۆزگىـ
ـرىپ كەتتى. ئەۋلىيا ھەزرەتنىڭ بىرى:

— سىن دەرۋىش، قايغۇرماڭ، ناۋادا ئۇ ئاز - تولا ساۋابـ
ـلىق ئىشلارنى قىلىپ، ئەرش ئەۋلىيالىرىنى تەسىرلەندۇرەلىـ
ـسە، ھېلىقى گۇرۇچ تاغ، ئۇن تاغ دەرھال ئۆرۈلۈپ، قۇلۇپنىڭ
ئەگمىسىمۇ ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ، — دېدى.

ۋۇكۇڭ بۇلۇتتىن يەر يۈزىگە چۈشتى، ئامبال بىلەن ئۇنىڭ
چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلىرى ۋۇكۇڭنىڭ ئالدىغا چىقىشتى.

ۋوكوڭ ئامبالدىن بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن بولغان ئىشنى سورىدى. ئامبال ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن خوتۇنى بىلەن جېدەللىشىپ قېلىپ ئاچچىقىدا نەزىر شىرەسىنى ئۆرۈۋەتـ-كەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. ۋوكوڭ ئۇنىڭغا يۇرۇن سۇلتاننىڭ ئۈچ تۈرلۈك ئەھدىنى دەپ بەرگەندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— سىلى ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىپ، ئەتىسى - ئاخشىمى نوم ئوقۇپ، ئەرش ئەۋلىيالىرىنى تەسىرلەندۈرەلىسىلە، ئۇلار يامغۇر ياغدۇرۇشى مۇمكىن، — دېدى. ئامبال باش ئۇرۇپ تەزىم قىلىپ، بۇدداغا ئىقتىدا قىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق قەسەم ئىچتى ۋە شۇ يەردىكى راھىبلارنى يىغىپ سورۇن تۈزدى. ئامبال مۇلكىي ۋە لەشكىرىي ئەمەلدارلارنى ئەتراپىغا يىغىپ ھەر كۈنى كۆجە كۆيدۈرۈپ بۇتقا تېۋىنىدى، نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە پەرمان چۈشۈرۈپ شەھەر ئىچى - سىرتىدىـ-كى ئاھالىلارنى، مەيلى ئەر، مەيلى ئايال بولسۇن، ئىسرىق سېلىپ بۇتقا باش ئۇرۇشقا بۇيرۇدى.

ۋوكوڭ يەنە ئەرش ئوردىسىغا چىقىپ يۇرۇن سۇلتاندىن يامغۇر تەلەپ قىلىشقا ماڭدى. ئۇ ئەرش دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا تەڭرىقۇتقا يولۇقۇپ قالدى. تەڭرىقۇت ئۇنىڭغا:

— يۇرۇن سۇلتان ھېلىقى ئامبالنىڭ ساۋابلىق ئىشلىرىـ-دىن خەۋەر تاپتى، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىدى. توققۇز ئىلاھگاھ مەھكىمىسىدىكى چاقماق مۇئەككىلىـ-گە ئېيت، ھايال ئۆتمەي يامغۇر ياغىدۇ، — دېدى.

ۋوكوڭ توققۇز ئىلاھگاھقا بېرىپ، دېڭ، شىن، جاڭ ۋە تاۋ قاتارلىق چاقماق مۇئەككەللىرىنى ھەم گۈلدۈرماما ئايال ئەۋلىيانى تەكلىپ قىلدى ۋە ئۇلارنى باشلاپ ئەۋلىيا سۇمۇرغ ئايمىقىغا كەلدى. ئەۋلىيالار ئاسماندا سېھىر ئويناشقا باشلىدى. كۆپ ئۆتمەستىن، چاقماق چېقىپ، گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ چېلەكلەپ يامغۇر قۇيۇۋەتتى، يامغۇر سۈيى كوچىلاردا سەل

بولۇپ ئاقتى. ئاھالىلەر خۇشاللىقىدا كۆچە كويدۇرۇپ ئەۋلىيالارغا باش ئۇردى.

ۋۇكۇڭ بولۇتتىن يەر يۈزىگە چۈشۈپ ئۇستازىغا:

— يامغۇر يېغىپ ئەلنىڭ كۆڭلى تىندى، بىز ئەمدى يولغا چىقايلى، — دېدى.

ئايماقتىكى پۇقرالار ئۇلارنى يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ دېگەندەك ئېلىپ قالدى، ھەر كۈنى زىياپەت بېرىلدى. يېرىم ئايدىن كېيىن، چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلار يىغىلىپ، تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنى ئۇتتۇز چاقىرىمدىن ئارتۇق مەنزىلگىچە ئۇزىتىپ قويدى.

## 45 - باب سۇن ۋۇكۇڭنىڭ يۈيخۇا ناھىيەسىدە شىر ئالۋاستى بىلەن ئېلىشقانلىقى

بىر كۈنى، ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئەنەتكەك دۆلىتىنىڭ يۈيخۇا ناھىيىسىگە كەلدى. ناھىيە بېگى ئەنەتكەك پادىشاھىنىڭ تۇغقىنى ئىدى، پادىشاھ ئۇنىڭغا يۈيخۇا ناھىيىسىنىڭ بېگى، دەپ ئاتاق بەرگەن ئىدى. سەنزاڭ شاگىرتلىرىنى سارايدا دەم ئېلىشقا بۇيرۇپ، ئۆزى يولخېتىنى ئالماشتۇرغىلى يۈيخۇا بېگى مەھكىمىسىگە ماڭدى. يۈيخۇا بېگى يولخېتىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، سەنزاڭنىڭ شاگىرتلىرى بارلىقىنى بىلىپ، ئۇلارنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. بىردەمدىن كېيىن ۋۇكۇڭ، جۇباجيې ۋە شا شەيخ مەھكىمىگە كىرىپ، ئۇنىڭغا سالام بەجا قىلىشتى. بۇ ئۈچەيلەننىڭ ياۋۇز ھەم بەتبەشىرە قىياپىتىنى كۆرۈپ ھودۇققىنىدىن لاغىلداپ تىترەپ كەتتى - دە، ئۇلارنى سەدىقە تامىقى بىلەن كۈتۈشكە مەجبۇر بولدى.

ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى تاماق يەۋاتقان چاغدا، ئۈچ بەگزادە قوراللىرىنى ئوينىتىپ كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار:

— سىلەر ئادەممۇ ياكى ئالۋاستىمۇ، راستىڭلارنى ئېيتىڭ-لار، بىر قوشۇق قېنىڭلاردىن كېچىمىز! — دېدى.

جۇباجىي توققۇز چىشلىق تىرنىسىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ:

— سېنىڭ قولۇڭدىكى تىرنا مېنىڭ قولۇمدىكى تىرنىغا نەۋرە بولسا بولىدىكەن، - دېدى.

ۋۇكۇڭ ئالتۇن توقىلىق دىلىپسەن گۈرزىسىنى چىقىرىپ، بىردەم يوغانلىتىپ، بىردەم ئىنچىكىلىتىپ يەرگە سانجىپ قو-يۇپ:

— مۇشۇنى يەردىن يۇلۇپ ئالالىساڭ، ساڭا بېرىۋېتى-مەن، — دېدى چوڭ بەگزادىگە.

ھېلىقى بەگزادە ھەرقانچە قىلىپمۇ گۈرزىنى يەردىن يۇلۇپ ئالالمىدى. كەنجى بەگزادە قايىل بولماي ۋۇكۇڭنىڭ گۈرزىسى-نى گۈرزىسى بىلەن ئۇردى، شا شەيخ خاسىيەتلىك ھاسىسىنى تەگكۈزۈپ قويۇۋىدى، گۈرزىدىن ئوت چاقناپ كەتتى. بۇ ئۈچ بەگزادىلەر كۆز ئالدىلىرىدا تۇرغان ئەۋلىيالارنى تونىيالماي قال-غانلىقىنى بىلىپ، تىزلىنىپ سالام قىلدى ھەم ئۇلارنىڭ ئۆزلى-رىگە لەشكىرىي ماھارەت ئۆگىتىپ قويۇشىنى تەلەپ قىلدى.

ۋۇكۇڭ، جۇباجىي ۋە شا شەيخ بۇلۇڭقا چىقىپ ھەرقايسىسى ئۆز كارامەتلىرىنى كۆرسەتتى. شەھەردىكى لەشكەر ھەم پۇقرالار قورققىنىدىن كۆجە كۆيدۈرۈپ بۇتقا باش ئۇردى.

ئۈچ بەگزادە دەرھال ئوردىغا قايتىپ دادىسىغا ئۆزلىرىنىڭ شەھەرنى قوغداش ئۈچۈن ماھارەت ئۆگىنىدىغانلىقىنى، بۇنى تاڭ سېڭغا ئىلتىماس قىلىپ بېقىشنى دېدى. قېرى بەگ ماقۇل بولدى. ئۇ ئوغۇللىرىنى باشلاپ تاڭ سېڭنىڭ ھۇزۇرىغا باردى. ۋۇكۇڭ بەگزادىلەرنىڭ ماھارەت ئۆگىنىش خىيالى بارلىقىنى ئۇقۇپ دەررۇ ماقۇل بولدى.

قېرى بەگ تولىمۇ خۇشال بولۇپ داستىخان سېلىپ، تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى. ئەتىسى

بەگزادىلەر ئۇستازلىرىغا سالامغا كەلدى. چوڭ بەگزادە گۆرزە، ئوتتۇرانچىسى تىرنا، كەنجىسى ھاسا ئىشلىتىشنى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتى. ۋۇكۇڭ ئۇلارنىڭ كۈچلىرىنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئەپسۇن ئوقۇش ئارقىلىق ئۇلارغا مەدەت بەردى. بەگزادىلەر گۆرزىنى يەردىن يۇلۇپ ئالالىدى، توققۇز چىشلىق تىرنىنى ئوينىتالىدى، خاسىيەتلىك ھاسىنى ئىشلىتەلىدى. بەگزادىلەر نېمىلا قىلغان بىلەن ئادەم بولغاچقا، نەچچە رەت مەشىق قىلا - قىلماي ھالسىزلىنىپ ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كېتىشتى. ئۇلار ئۇستازلىرىنىڭ قوراللىرىغا ئوخشاش قىلىپ ئۈچ خىل قورال ياساتماقچى بولۇپ كېڭەشتى ھەم تۆمۈرچى ئۇستاملارغا بۇيرۇتتۇۋەتتى. ئەتىسى بەگ تۆمۈرچى ئۇستاملارغا تۈمەن جىڭ پولات تەييارلاشنى، مەھكىمىنىڭ ئىچىگە دۇكان قۇرۇپ ئىش باشلاشنى ئېيتتى. ۋۇكۇڭ، جۇباجيې ۋە شا شەيخنى چاقىرىپ گۆرزە، تىرنا ۋە ھاسىنى دۇكانغا قويۇپ قويۇشنى، تۆمۈرچى ئۇستاملار شۇ قورال - ياراغلارغا قاراپ قورال-ياراغ ياسايدىغانلىقىنى دېدى.

كېچىدە ھېلىقى ئۈچ خىل قورالدىن تارالغان نۇر بىر ئالۋاستىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. بۇ ئىش ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن ئىدى. ئالۋاستى بۇ قوراللارنىڭ خاسىيەتلىك قوراللار ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، بىرپەس شامال چىقىرىپ ئۈچ خىل قورالنى ئېلىپ كەتتى. تاڭ ئاتقاندا، تۆمۈرچى ئۇستاملار قوراللارنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ ئالدىراش كەنجى بەگزادىگە مەلۇم قىلدى. بەگزادىلەر دەرھال بېرىپ ئۇستازلىرىدىن ئۇلارنىڭ قورال - ياراغلارنى ئېلىپ كەتكەن - كەتمىگەنلىكىنى سورىدى. جۇباجيې بۇ ئىشنى تۆمۈرچىدىن كۆرۈپ، ئۇنى ئۇرۇپ كەتتى. تۆمۈرچى:

— مەن ئاددىي ئادەم تۇرسام، ئۇ قوراللارنى مەن قانداق كۆتۈرەلەيمەن؟ — دەپ يىغلىدى.

بۇ ئىش قىرى بەگنىڭ قۇلىقىغا يەتتى، قىرى بەگ بۇ ئىشنى سۈرۈشتە قىلىپ:

— مەن بۇ شەھەرگە بەشىنچى ئەۋلاد، شەھەرنىڭ قانۇنى قاتتىق، پۇقرالارنىڭ ھېچقايسىسى ئوغرىلىق قىلىشقا پېتىنال-مايدۇ، — دېدى. ۋۇكۇڭ:

— شەھەر ئەتراپىدا ئالۋاستى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى قىرى بەگدىن.

— شەھەرنىڭ شىمالىغا قىرىق چاقىرىم كېلىدىغان يىلپىز بېشى تېغىدا بىر يولۋاس غارى بار. بەزىلەر شۇ غاردا ئەۋلىيا بار، دېيىشىدۇ، ئۇنى ئالۋاستى دېگۈچىلەرمۇ بار، ئۇنىڭ قان-داقلىقى ئېنىق ئەمەس، — دەپ جاۋاب بەردى قىرى بەگ.

ۋۇكۇڭ قورال - ياراغلارنى شۇ ئالۋاستى ئېلىپ كەتتى دەپ پەرەز قىلىپ، جۇباجيې بىلەن شا شەيخكە ئۇستازغا ياخشى قاراشنى تاپىلاپ ئۆزى بىردەمدىلا كۆزدىن يىتتى.

ۋۇكۇڭ يىلپىز بېشى تېغىغا كەلدى، يىراقتىن كېلىۋاتقان ئىككى بۆرە باشلىق ئالۋاستىنى كۆردى. ئۇ بىرلا سىلكىنىپ كېپىنەككە ئايلىنىپ ئۇلارنىڭ قېشىغا ئۇچۇپ باردى. بىر ئال-ۋاستى:

— پادىشاھ ئۆتكەن ئاي بىر ساھىبجامالغا ئېرىشتى، ئاخ-شام يەنە ئۈچ خىل قورالغا ئىگە بولۇپتۇ، ئۇ نېمىدېگەن تەلەي-لىك - ھە! ئەتە «تىرنا يىغىلىشى» ئۆتكۈزۈلىدىكەن، بىزمۇ قاتنىشىپ ئاز - تولا پەيزى قىلىمىز، — دېدى.

— پادىشاھ بىزنى قوي، چوشقا ئەكېلىشكە ئەۋەتتى، — دېدى يەنە بىر ئالۋاستى، — زىغ - زىغ چىقىرىپ ئىككى - ئۈچ تەڭگىنى ئېلىپ قالايلى، قانداق؟

ۋۇكۇڭ بۇ گەپنىڭ نېمە گەپلىكىنى بىلىپ ئەسلىگە قايت-تى- دە، قاتۇرۇپ قويۇش چارىسى ئارقىلىق كىچىك ئالۋاستى-لارنى قاتۇرۇپ قويۇپ، ئۇلاردىن كۈمۈش تەڭگىنى ئېلىۋالدى،

يانلىرىغا ئىسىۋالغان تاختاينى يېشىپ قارىسا، تاختايغا: «دىياۋزۇەن غەلىتە»، يەنە بىرىگە «غەلىتە دىياۋزۇەن» دەپ يېزىلغان ئىدى. ۋۇكۇڭ بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ، بۇلۇڭقا چىقىپ يۇيخۇا شەھىرىگە يېنىپ كەلدى ۋە بولۇڭغان ئىشلارنى ئۇستازىغا ھەم بەگ ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا دەپ بەردى، بىر ھەميان كۇمۇش تەڭگىنى تۆمۈرچى ئۇستازغا تارتۇق قىلدى. ئۇ قېرى بەگكە بىرنەچچە تۇياق چوشقا ھەم قوي تەييارلاشقا، شا شەيخنى مال ساتىدىغان سودىگەر سىياقىغا كىرىشكە بۇيرۇدى. جۇباجيې دىياۋزۇەن غەلىتە، ئۆزى غەلىتە دىياۋزۇەن بولماقچى بولدى. پۈتۈن تەييارلىق پۈتتى، ئۇلار چوشقا ۋە قويلارنى ھەيدەپ تاغ ئىچىگە قاراپ يول ئالدى.

ئۇلار يول ئۇستىدە باغاق كۆتۈرۈۋالغان بىر كىچىك ئالۋاستىغا ئۇچرىدى. ئۇ ئالۋاستى پەنخۇەندۇڭ غارىدىكى ئەۋلىيانى تىرنا يىغىلىشىغا چاقىرغىلى ماڭغان ئىدى. ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ قولىدىكى باغاقنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ ئۆزىگە قايتۇرۇپ بەردى، ھەرقايسىسى ئۆز يوللىرىغا راۋان بولدى. ۋۇكۇڭ، جۇباجيې ۋە شا شەيخ ماللارنى ئۇدۇل يولۋاس ئاغزى غارىغا ھەيدەپ كەلدى.

ھېلىقى ئالۋاستى غارىدىن چىقىپ ماللارنى كۆزدىن كۆچۈردى، ۋۇكۇڭ ئۇنىڭغا مال ئىگىسىگە بەش سەر كۇمۇش تەڭگە قەرز بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. ئالۋاستى كۇمۇش تەڭگە ئېلىپ چىقىشقا بىر كىچىك ئالۋاستىنى بۇيرۇدى. ۋۇكۇڭ يەنە:

— بۇ سودىگەر بىرىنچىدىن كۇمۇش تەڭگە ئالغىلى، ئىككىنچىدىن نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن تىرنا يىغىلىشىنى كۆرگىلى كەلدى، — دېدى. ھېلىقى ئالۋاستى دەرغەزەپكە كېلىپ:

— سەن نېمىشقا بۇ گەپلەرنى قالايمىقان قىلىپ يۈرۈيسەن؟ — دېدى.

— بۇ سودىگەر ياقا يۇرتلۇق، يېمىۋەتمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ قورسىقى ئاچ، مۇكاپات ئورنىدا تاماق بېرىپ كەتكۈزۈۋەتسەك بولمامدىمۇ! — دېدى ۋۇكوڭ. شۇنداق قىلىپ ھەر ئۈچىلىسى غارغا كىرىپ كەتتى.

ئۇلار ئىككىنچى قەۋەتتىكى چوڭ زالغا كەلدى، ئوتتۇرىدىكى ئۇستەلدە ئۇلارنىڭ قورال - ياراغلىرى تۇراتتى. ئالۋاستى كەينىدىن كىلىپ:

— سودىگەر، ئوتتۇرىدىكى قورال تىرنا، بۇ يەردىن چىقىپ ھەرگىز قالايمىقان سۆزلەپ يۈرگۈچى بولما جۇمۇ، — دېدى.

جۇباجيې ئۆزىنىڭ تىرنىسىنى كۆرۈپ، تاقەت قىلالماي يۈگۈرۈپ بېرىپ قورالىنى ئالدى - دە، ئەسلىگە قايتتى ھەم ھېلىقى ئالۋاستى بىلەن ئېلىشىپ كەتتى. ۋۇكوڭ بىلەن شا شەيخمۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ قوراللىرىنى ئېلىپ ئەسلىي قىياپىتىگە قايتتى. ئالۋاستى ئالدىراش يارىغىنى قولىغا ئېلىپ:

— سىلەر نېمە ئادەملەر، مېنىڭ خاسىيەتلىك نەرسىلىرىمنى ئالداپ ئېلىۋېلىشقا نېمە ھەددىڭلار؟ — دېدى.

ۋۇكوڭ ئالۋاستىنىڭ ئۆزلىرىنى ئوغرى تۇتقانلىقىغا چىدىماي گۈرزىسىنى ئوينىتىپ جەڭگە چۈشتى. ئىككىسى كۈن غەربكە قىيسايغۇچە ئېلىشتى. ئالۋاستى كۈچ ئېلىشالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، بىر تۆشۈككە كىرىپ كۆزدىن يىتتى. ۋۇكوڭ ئۈچىسى نەچچە يۈز كىچىك ئالۋاستىنى يوقىتىپ، ماللارنى ھەيدەپ غاردىن چىقتى، ئۇلار غاردىن چىققاچ غارغا ئوت قويۇۋەتتى.

ئۇلار يۇيخۇا مەھكىمىسىگە كېلىپ، ئالۋاستىنى يوقىتىش جەريانىنى ئۇستازىغا ھەم بەگ ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا سۆزلەپ بەردى. ئۇ ئالۋاستى ئالتۇن توكلۇك شىر ئالۋاستى ئىدى. قېرى بەگ ھەم خۇشال بولدى، ھەم ئەندىشىدە قالدى. سېرىق شىر ئالۋاستى كېلىپ ئۆچ ئېلىش ئېھتىمالىغا يېقىن ئىدى.

ۋۇكۇڭ ئۇنى خاتىرجەم قىلىپ قويدى.
سېرىق شىر ئالۋاستى پەنخۇەندۇڭ غارىغا قېچىپ بېرىپ
بوۋىسى توققۇز باشلىق ئەۋلىيا پىر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزى
ئۇچۇن ئۆچ ئېلىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. قېرى ئالۋاستى
ماھارىتى ئۇستۇن، ئەرشنى مالىمان قىلغان سۇن ۋۇكۇڭنىڭ
چىشىغا تەگمەسلىكنى دەپ ئۇنىڭغا بىرمۇنچە كايىدى. شۇنداقتى-
مۇ ئۇنىڭ ئۆچىنى ئېلىپ بېرىشكە ماقۇل بولدى. ئۇ ئالۋاستى
لەشكەرلەرنى باشلاپ ئاتلاندى.
بىر توپ ئالۋاستى قارا بوران پەيدا قىلىپ ئۇدۇل يۇيخۇا
ناھىيىسىگە يېتىپ كەلدى، يۇيخۇا ناھىيىسىنى شۇ زامات بوران
قاپلاپ كەتتى، شەھەردىكى پۇقرا ۋە لەشكەرلەر قورققىنىدىن
تۆشۈك - تۆشۈكلىرىگە كىرىپ كېتىشتى. ۋۇكۇڭ قېرى بەگ
ئارقىلىق لەشكەرلەرنى سېپىل دەرۋازىسىنى تاقىۋېتىشكە، بەگ-
زادىلەرنى لەشكەرلەرنى باشلاپ شەھەرنى قوغداشقا بۇيرۇدى.
ئاندىن جۇباجيې ۋە شا شەيخ ئۇچىسى ئاسمانغا چىقىپ جەڭگە
تەييارلاندى. بۇلۇتلار ئارىسىدا ئوتتۇرىسىغا توققۇز باشلىق شىر-
نى ئېلىپ بىر توپ رەڭگارەڭ شىر ھىمايە قىلىپ كېلىۋاتاتتى.
باشتا جۇباجيې سېرىق شىر بىلەن تۇتۇشۇپ قالدى. بۇ قېتىم
يەتتە شىر ئالۋاستى، ئۈچ بۆرە سىياق شەيخ يۇيخۇا شەھىرىنى
بوران پەيدا قىلىپ كۆز بىلەن كۆرگۈسىز قىلىۋەتتى. جۇباجيې
ئېھتىيات قىلماي يىقىلىپ چۈشتى، ئۇنى كىچىك ئالۋاستىلار
باغلىۋالدى. ۋۇكۇڭ بىلەن شا شەيخ ئىككىسىمۇ سەپتىن چىق-
تى. ئالۋاستىلار قارا قاغىدەك يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى. ۋۇكۇڭ
تېنىدىن بىر تۇتام تۈكىنى يۇلۇپ بىرەر يۈزدىن ئارتۇق مايمۇن-
چاقلارنى پەيدا قىلدى. بۇ مايمۇنچاقلار ئالۋاستىلارنىڭ ۋەتۋەرد-
كىنى چىقىرىۋەتتى. ئالۋاستىلار قورققىنىدىن غۇجمەك بولۇۋې-
لىپ، ئاندىن تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. شا شەيخ بىلەن ۋۇكۇڭ
پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئالۋاستى شىردىن ئىككىنى تۇتۇۋالدى-

٥٠، شۇنىڭ بىلەن ئېلىشىش ئاياغلاشتى.

ئەتىسى، سېرىق شىر ئالۋاستى بىر توپ ئالۋاستىنى باشلاپ يۈيخۇا شەھىرىگە كەلدى ۋە ۋۇكۇڭنى جەڭگە چاقىردى. ۋۇكۇڭ بىلەن شا شەيخ ئېلىشىشقا چۈشتى. ئېلىشىۋاتقانلارنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرەلمىگۈدەك تەس ئىدى. بۇ چاغدا، شىر ئەۋلىيا بىر بوران چىقاردى، توققۇز باشلىق شىر قانلىق ئاغزىنى يوغان ئېچىپ نەرە تارتتى، تاڭ سېڭ بىلەن بەگ ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئالۋاستىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى.

ۋۇكۇڭ راۋاقتا بىرىنىڭ چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، بۇ-نىڭ ھىيلە ئىكەنلىكىنى بىلىپ، شا شەيخنى تەپسىلىي قاراپ بېقىشقا بۇيرۇدى، ئاندىن تېنىدىن بىر تۈتام تۈكىنى يۇلۇپ بىرەر يۈزچە مايمۇنچاقنى پەيدا قىلدى. بۇ مايمۇنچاقلار يوپۇرۇ-لۇپ بېرىپ بىر تالاي ئالۋاستىلارنى تۇتتى، سېرىق شىر ئالۋاس-تىنى ئۆلتۈردى. ئاندىن شەھەرگە خۇشال قايتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ۋۇكۇڭ بىلەن شا شەيخ جۇجېشەن تېغى-غا كېلىپ، پەنخۇەندۇڭ غارىنى تاپتى. غارنىڭ سىرتىدىكى ئالۋاستىلار بۇ ئەھۋالنى غاردىكىلەرگە مەلۇم قىلدى. شىر ئەۋ-لىيا بىر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ساۋۇت - دوبۇلغىسىنى كىيمەي، قورال - ياراغسىزلا ئالماي ئالچاڭلاپ غاردىن چىقتى. ۋۇكۇڭ بىلەن شا شەيخ قېرى ئالۋاستىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى. قېرى ئالۋاستى بېشىنى بىرلا سىلكىۋېدى، سەككىز باش پەيدا بولدى. سەككىز ئېغىز تەڭ ئۇ ئىككىسىنى دەم تارتىپ، غارغا ئەكىرىپ كىچىك ئالۋاستىلارغا باغلىتىپ قويدى. ئاندىن سېرىق شىر ئالۋاستىنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن ۋۇكۇڭنى راسا ئۇ-رۇشقا بىر كىچىك ئالۋاستى سەپلەندى. بىر دۈۋە تاياق سۇنۇپ كەتتى، ۋۇكۇڭ ھېچنېمە بولمىدى.

كەچتە، قېرى ئالۋاستى بىلەن كىچىك ئالۋاستىلار ئۇخلاپ قالغان پەيتىدىن پايدىلىنىپ، ۋۇكۇڭ كىچىكلەپ باغلاقتىن بو-

شاندى. ئۇ گۈرزىسىنى ئېلىپ ئۆزىنى ئۇرغان كىچىك ئالۋاستىنى ئانچىكى ئۇرۇپ قويۇۋىدى، ئۇ پوشكالدەك بولۇپ قالدى. ۋۇكۇڭ شا شەيخنى يەشتى. جۇباجيې گۈركىرىدى:

— نېمىشقا ئاۋۋال مېنى يەشمەيسىز؟

شۇنىڭ بىلەن قېرى ئالۋاستى چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى، ئۇ ئۇندەرەپ ئورنىدىن تۇرغىنىچە:

— كىمنى يېشىۋېتىمىدۇ؟ — دېدى.

ۋۇكۇڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھال چىراغنى ئۆچۈرۈپ، ھېچكىمگە قارىماي گۈرزىسى بىلەن قاتمۇقات ئىشىكنى ئۇرۇپ چېقىۋېتىپ جېنىنى قۇتۇلدۇردى.

ۋۇكۇڭ غاردىن قېچىپ چىقىپ يەر - زېمىن مۇئەككىلىنىڭ يېنىغا بېرىپ، قېرى ئالۋاستىنىڭ تېگى - تەكتىنى سورىدى. يەر - زېمىن مۇئەككىلى ئۇنىڭغا:

— قېرى ئالۋاستى ئالدىنقى يىلى يەر يۈزىگە چۈشۈپ جيۇجېشەن تېغىغا ئورۇنلاشقان. ئۇنى يوقىتىدىغان خىياللىرى بولسا، ئۇنىڭ ئىگىسى ئەۋلىيا ئۇلۇغنى ياردەمگە چاقىرغايلا، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ۋۇكۇڭ بىرلا مۇللاق ئېتىپ ئاسمانغا چىقىپ، ئەرشنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىدىكى ئەۋلىيا ئۇلۇغنىڭ يېنىغا ماڭدى.

ئەۋلىيا ئۇلۇغ ۋۇكۇڭنىڭ كېلىش مەقسىتىنى ئۇققاندىن كېيىن، شىرلار ئۆيىگە قارايدىغان مۇلازىمنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. ئەسلىدە مۇلازىم شاراب ئىچىپ ئۈچ كۈنگىچە يېشىلمىگەن، توققۇز باشلىق شىر مۇشۇ پەيتنى غەنىيمەت بىلىپ يەر يۈزىگە قېچىپ كەتكەن ئىدى. ئەۋلىيا ئۇلۇغ:

— ئەرش ئوردىسىدىكى بىر كۈن يەر يۈزىدە بىر يىل بولۇر، — دېدى - دە، مۇلازىمنى قېرى ئالۋاستىنى تۇتۇپ كېلىشكە ئۆزى بىللە بېرىشقا بۇيرۇدى.

ئۇلار جىيۇجېشەن تېغىغا كەلدى، ئەۋلىيا ئۇلۇغ ۋۇكۇڭنى ئالۋاستىنى غارنىڭ سىرتىغا ئاچىقىشقا دەۋەت قىلدى. قېرى ئالۋاستى غاردا تۇرۇپ ۋۇكۇڭنىڭ ئۆزىنى تىللاپ غارنىڭ ئىشىكىنى ئۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، غەزىپىگە پايلىماي غاردىن چىقىپلا ۋۇكۇڭغا ئېتىلدى. ۋۇكۇڭ بىرلا ئۆرۈلۈپ يارنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى ۋە:

— قاپ يۈرەك ئالۋاستى، جېنىڭ بىلەن ئويناشما، ئىگەڭ مۇشۇ يەردە! — دېدى. ئۇلۇغ ئىلاھ ئەپسۇن ئوقۇپ:

— يۈەن شىنئېر، مەن كەلدىم! — دېدى.

ئالۋاستى ئىگىسىنى كۆرۈپ دەرھال تىزلىنىپ باش ئۇردى. مۇلازىم يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى تۇتتى ھەم تىللىغان پېتى مۇشت بىلەن بىرەر يۈزنى ئۇرۇپ ئاندىن بولدى قىلدى. ئۇلۇغ ئىلاھ ئالۋاستى شىرنى مىنىپ، بۇلۇت ئۈستىگە چىقىپ ئوردىغا قاراپ ماڭدى.

ۋۇكۇڭ غارغا كىرىپ ئۇستاز، ئىنىلىرى ۋە بەگ بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى. جۇباجيې غارغا ئوت قويۇۋەتتى. ئۈچىسى ھەرقايسىسى ئۆز ھۈنەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ، بەگ بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى ھەم ئۇستازىنى شەھەرگە ئەكەلدى. ئەتىسى ۋۇكۇڭ قاسساپنى چاقىرىپ ئالتە تىرىك شىرنى بوغۇزلاپ، گۆشىنى پۇقرالارغا ئۆلەشتۈرۈپ بېرىشنى تاپىلىدى. بۇ چاغدا تۆمۈرچىلەرمۇ ئۈچ خىل قورالنى ياساپ بولدى. ۋۇكۇڭ، جۇباجيې ۋە شا شەيخ ئۈچ بەگزادىگە لەشكىري ماھارەت ئۆگەتتى. ئۈچ بەگزادىمۇ لەشكىري ماھارەتنى پۇختا ئۆگەندى. ئۇلار يولغا چىقىدىغان چاغدا، بەگ بىر پەتنۇس ئالتۇن - كۈمۈشنى يوللۇق تۇتۇپ ئۆز رەھمىتىنى ئىزھار قىلدى. ۋۇكۇڭ:

— راھىبلارغا ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ نېمە لازىمى؟ — دېدى. جۇباجيې:

— مېنىڭ كىيىمىمنى شىر يىرتىۋەتتى، ئالماشتۇرۇپ بەرسەڭلار قانداق؟ — دېدى.

بەگ، ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىغا بىرقۇردىن يېڭى كىيىم تىكتۇرۇپ بەردى.

## 46 - باب يۈەنشياۋ بايرىمىدا تۆت يۇلتۇزلۇق ئەۋلىيانىڭ كەركىدان ئالۋاستىنى تۇتقانلىقى

ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى يۈيخۇا شەھىرىدىن ئايرىلىپ، بەش - ئالتە كۈن ماڭدى. ئۇلار يەنە بىر شەھەرگە كەلدى، بىرنەچچە كوچىدىن ئۆتۈپ، توساتتىن بىر ئىبادەتخانىنى كۆرۈپ قالدى. سەنزاڭ دەم ئېلىش ئۈچۈن شاگىرتلىرىنى باشلاپ ئىبادەتخانىغا كىردى. باش راھىب ئۇلارنىڭ بۈيۈك تاڭ دۆلىتىدىن كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئالدىراش قارشى ئالدى. سەنزاڭ ئۇنىڭدىن بۇ يەرنىڭ قانداق يەر ئىكەنلىكىنى سورىدى. باش راھىب ئۇنىڭغا بۇ يەرنىڭ ئەنەتكەك دۆلىتىگە تەۋە جىنپىڭ ئايمىقى ئىكەنلىكىنى دېدى. سەدىقە تامىقى يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، سەنزاڭ يولغا چىقىشقا ئالدىرىدى. ئىبادەتخانىدىكى راھىبلار:

— يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن يۈەنشياۋ بايرىمى، يۈەنشياۋ بايرىمىنى ئۆتكۈزۈپ ماڭساڭلارمۇ بولىدۇ، — دېيىشتى.

تاڭ سېڭ رەت قىلالماي بايرامنى ئۆتكۈزۈپ مېڭىشقا قوشۇلدى. يۈەنشياۋ بايرىمى كۈنى ئىبادەتخانىدىكى راھىبلار تاڭ سېڭ بىلەن ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنى پانۇس سەيلىسىگە ئاچىقتى. ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى يول بويى پانۇسلارنى تاماشا قىلىپ ماڭدى. شەھەر كوچىلىرىدا رەڭگا - رەڭ چىراغلار چاقناپ، داقا - دۇمباق ساداسى ياڭراپ تۇراتتى. ئۇلار ئالتۇن چىراغ كۆۋرۈكى بېشىغا كەلگەندە، ئىدىش چوڭلۇقىدىكى ئۈچ

ئالتۇن چىراغنى كۆردى. چىراغ مېيىنىڭ خۇشبۇي پۇرىقى كوچىنى بىر ئالغان ئىدى.

سەنزاڭ يېنىدىكىلەردىن سوراپ چىراغ مېيىنىڭ ناھايىتى قىممەت ئىكەنلىكىنى، ئۈچ ئالتۇن چىراغقا كەتكەن مايىنىڭ باھاسى بەش تۇمەن ئاق كۇمۇش تەڭگە بولىدىغانلىقىنى بىلدى.

دەل شۇ پەيتتە، ئاسماندىن شامالنىڭ شەپىسى كەلدى، پانۇس كۆرۈۋاتقانلار قورقىنىدىن تەرەپ - تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. راھىب:

— شامال چىقتى، بۇددالار پانۇس كۆرگىلى كېلىدۇ، بىز دەرھال قايتايلى! — دېدى.

تاڭ سېڭ بۇددالارغا سالام بېرىش ئۈچۈن قېپقالدى. ئاردىن كۆپ ئۆتمەي، دەرۋەقە شامالدا ئۈچ بۇددانىڭ سىياقى زاھىر بولدى.

تاڭ سېڭ ئالدىراش تىزلىنىپ ئۇلارغا باش ئۇردى. ۋۇكۇڭ ئۇلارنىڭ ئۈچ ئالۋاستى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇستازىنى دەررۇ تارتتى. پانۇسلارنىڭ يورۇقى خىرەلىشىپ، ئەتراپنى بىرپەس شامال سىيپاپ ئۆتتى، شۇنىڭ بىلەن تاڭ سېڭ كۆزدىن غايىب بولدى. ۋۇكۇڭ جۇباجيې بىلەن شا شەيخكە:

— ئۇستازنى ئالۋاستىلار تۇتۇپ كەتتى! ئىككىڭلار ئىبادەتخانىغا قايتىپ يۈك - تاق بىلەن ئاتقا قاراپ تۇرۇڭلار، مەن ئالۋاستىلارنى قوغلاي! — دېدى - دە، شامالدەك كېتىپ قالدى.

ۋۇكۇڭ ئۇلارنىڭ كەينىدىن تاڭ ئاتقۇچە قوغلىدى. ئۇ بىر يارنىڭ تۈۋىگە چۈشۈپ يول ئىزدەپ كېتىۋېتىپ، ئۈچ قوينى ھەيدەپ كېتىۋاتقان تۆت ئادەمگە يولۇقۇپ قالدى. ۋۇكۇڭ ئوت چاقنىغان كۆزلىرى بىلەن سىنچىلاپ قاراپ، ئۇلارنىڭ يىل، ئاي، كۈن ۋە ۋاقىت تەرتىپى بويىچە ئۆزگەرگەن ئەۋلىيالار ئىكەنلىكىنى بىلدى. تۆت ئەۋلىيا ۋۇكۇڭغا:

— بۇ جاي قارا ئەجدىھا تېغى، تاغدا شۇمەنىڭ غارى بار، غاردا پادىشاھ بىخەن، پادىشاھ بىشۇ، پادىشاھ بىچېن ئىسىملىك ئۈچ ئالۋاستى تۇرىدۇ. ئۇلار كىچىكىدىن تارتىپ پانۇس مېيىغا ئامراق بولغاچقا، بۇددا سىياقىغا كىرىۋېلىپ ئادەم ئالداپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇلار پانۇس مېيى بىلەن تاڭ سېڭنىڭ گۆشىنى يېمەكچى بولۇۋاتىدۇ، — دېدى.

ۋۇكۇڭ تاغدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئالۋاستىلارنىڭ غارىنى تاپتى. ئۇ:

— پانۇس مېيى ئوغرىلىرى، ئۇستازىمنى چىقىرىپ بېرىڭلار، بولمىسا ئۇۋاڭلارنى چۇۋۇۋېتىمەن! — دېدى ۋارقىراپ تۇرۇپ.

ئۈچ ئالۋاستى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، قوراللىنىپ غاردىن چىقىپ ۋۇكۇڭغا ئېتىلدى. بىر مەيدان جەڭ قاراڭغۇ چۈشكۈچە داۋام قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچكىم ھېچكىمنى يېڭەلمىدى. پادىشاھ بىچېن بايراقنى بىرلا لەپىلدەتكەن ئىدى، بىر توپ كىچىك ئالۋاستىلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ۋۇكۇڭنى قورشىۋالدى. ۋۇكۇڭ ئەھۋالنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى پەملەپ بىرلا موللاق ئېتىپ بۇلۇتقا چىقىپ بەدەر تىكىۋەتتى.

ۋۇكۇڭ ئىبادەتخانىغا قايتىپ كېلىپ جۇباجيې بىلەن شا شەيخنى چاقىرىپ، ئاي يورۇقىدا بۇلۇتقا چىقىپ شۇمەنىڭ غارىنىڭ ئالدىغا باردى. ۋۇكۇڭ ئىنىلىرىنى بىردەم ئارام ئېلىشقا قويۇپ، ئۆزى بىرلا سىلكىنىپ يالتىراق قوڭغۇزغا ئايلىنىپ غارغا كىردى. ئۇ ئۇستازىنى تېپىپ، ئاندىن ئەسلىگە كەلدىدە، ئۇنى باغلاقتىن يېشىپ سىرتقا قاراپ ماڭدى. ئويلىمىغاندا، ئۇلار بىرنەچچە چارلىغۇچى كىچىك ئالۋاستىغا يولۇقۇپ قالدى. ۋۇكۇڭ گۈرزىسى بىلەن ئىككى كىچىك ئالۋاستىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى، لېكىن بىرى قېچىپ كەتتى. ئۇ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ:

— تـۇكلۇك يـۈز راهىب غـارغا كىرىپ ئادەم ئۆلتۈرۈۋا-
تىدۇ! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇچ ئالۋاستى بۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئاڭلاپ دەرھال ئورۇن-
لىرىدىن تۇرۇپ:

— تۇتۇڭلار! تۇتۇڭلار! — دەپ توۋلىدى.

تاڭ سېڭ قورقۇپ كېتىپ بەدەنلىرى بوشىشىپ كەتتى -
دە، پۇتلىرىنى مىدىرلىتالمىدى. ۋۇكۇڭ نائىلاج ئۇستازىنى
تاشلاپ گۇرزىسىنى ئوينىتقان پېتى ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى.

جۇباجيې ۋۇكۇڭنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تىرنىسى بىلەن غار-
نىڭ ئىشىكىنى ئۇرۇپ پاچاق - پاچاق قىلىۋەتتى. ئۇ:

— ماي ئوغرىلىرى! ئۇستازىمنى چىقىرىپ بېرىش! —
دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇچ ئالۋاستى غار ئىشىكىنىڭ ۋەيران قىلىۋېتىلگەنلىكىنى
كۆرۈپ، جەڭگە ئاتلاندى. ئۇچ راهىب بىلەن ئۇچ ئالۋاستى تازا
ئېلىشتى، ئۇلارنىڭ كىملىكىنى پەرق ئەتمەكمۇ تەس ئىدى.
پادىشاھ بىچېن بىرلا پەرمان چۈشۈرۈشى بىلەن كىچىك ئالۋاس-
تىلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ جۇباجيې بىلەن شا شەيخنى يىقىتتى
ۋە باغلاپ غارغا ئەكىرىپ كەتتى. ۋۇكۇڭ بىرلا موللاق ئېتىپ
بۇلۇتقا چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

ۋۇكۇڭ شۇەنيىڭ غارىدىن ئايرىلىپ، ياردەمگە لەشكەر
تەلەپ قىلغىلى ئەرش ئوردىسىغا كەلدى. ئۇ غەربىي ئەرش
دەرۋازىسى ئالدىدا تارىق چولپانغا يولۇقۇپ قالدى. تارىق چولپان
ۋۇكۇڭنىڭ بايانىنى ئاڭلاپ شۇنداق دېدى:

— ئۇ ئۇچ ئالۋاستى كەركىدان ئالۋاستىلار، ئۇلارنى تۇ-
تۇش ئويۇڭ بولسا، تۆت يۇلتۇزلۇق ئەۋلىيالارنى تاپ. بۇ ئەھ-
ۋالنى يۇرۇن سۇلتانغا دېسەڭ، ئاندىن ئۇلار بىلەن كۆرۈشەلەي-
سەن، — دېدى. ۋۇكۇڭ يەنە پۇشتىپەلەك سارىيىغا كېلىپ،
ئەھۋالنى يۇرۇن سۇلتانغا دېدى. يۇرۇن سۇلتان تۆت يۇلتۇزلۇق

ئەۋلىيالارنى باشلاپ ئالۋاستىلارنى تۇتقىلى يەر يۈزىگە چۈشۈشكە ئەۋلىيا ئۇستازنى ئەۋەتتى. بۇ تۆت ئەۋلىيا ئەسلىدە 28 يۇلتۇزلۇق ئەۋلىيالار ئىچىدىكى جاۋمۇجاۋ، دوۋمۇشې، كۇنمۇلاڭ، جىڭمۇگەنلەر ئىدى.

ھېلىقى تۆت يۇلتۇزلۇق ئەۋلىيالار ۋۇكۇڭ بىلەن بىللە شۇەنيىڭ غارىغا كەلدى. ئۇلار:

— سۇن دەرۋىش، سەن ھېلىقى ئالۋاستىلارنى غاردىن ئاچىق، ئاندىن كېيىن بىز قول سالىمىز، — دېدى.

ۋۇكۇڭ غارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ھېلىقى ماي ئوغرىلىرىنى راسا تىللىدى. ئالۋاستىلارنىڭ ئۈچ پادىشاھى كىچىك ئالۋاستىلارنى باشلاپ غاردىن ئېتىلىپ چىققان پېتى ۋۇكۇڭنى ئارىغا ئېلىۋالدى. بۇ چاغدا، تۆت يۇلتۇزلۇق ئەۋلىيالار كۆكتىن چۈشۈپ قوراللىرىنى ئوينىتىپ:

— ۋۇھ ھايۋانلار، قولۇڭنى تارتىش! — دەپ توۋلىدى.

كىچىك ئالۋاستىلار تۆت يۇلتۇزلۇق ئەۋلىيالارنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى ۋە ھەممىسى ئەسلىگە قايتتى. ئۇلار تاغدا قالايمىقان چېپىشىپ يۈرۈشتى. بۇ ئەسلي تاغ كالىسى، سۇ كالىسى ۋە سېرىق كالىدىن تەركىب تاپقان ئالۋاستى توپى ئىدى. ئۈچ ئالۋاستى ئەسلىگە قايتىپ شەرقىي شىمال تەرەپكە قاراپ قاچتى. ۋۇكۇڭ بىلەن ئىككى ئەۋلىيا ئۇلارنى قوغلاپ يۈرۈپ كەتتى. قالغان ئىككى ئەۋلىيا تاغدىكى ئالۋاستىلارنى يوقىتىشقا كىرىشتى ۋە غارغا كىرىپ تاڭ سېڭ، جۇباجيې ھەم شا شەيخنى قۇتقۇزۇپ چىقتى.

جۇباجيې ئوت قويۇپ شۇەنيىڭ غارىنى كۇل قىلىۋەتتى. ئۇستاز ئىككى شاگىرتنى باشلاپ ئىبادەتخانىغا قايتتى. ئىككى ئەۋلىيا تاغدىكى ئىشلىرىنى تۈگىتىپ ئالۋاستى پادىشاھلىرىنى تۇتۇشقا ۋۇكۇڭنىڭ قېشىغا ماڭدى. ئىككى ئەۋلىيا غەربىي دېڭىز بويىغا كېلىپ، دېڭىزدا ۋارقىراپ يۈرگەن ۋۇكۇڭنى

كۆردى. ئەسلىي ھېلىقى ئالۋاستىلار دېڭىزغا كىرىۋالغان، باش-
تا ۋۇكۇڭ بىلەن بىللە كەلگەن ئىككى ئەۋلىيا ئالۋاستىلارنى
دېڭىز ئاستىدا قوغلاپ يۈرگەن ئىدى. ۋۇكۇڭ سۇ يۈزىدە ئۇلار-
نى كۆزىتىپ يۈرەتتى. ۋۇكۇڭ ياردەمگە كەلگەن ئىككى ئەۋلىيا-
نى كۆرۈپ، ئۇلارغا مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇشنى ئېيتتى،
بىرئازدىن كېيىن ئۇلار سۇدىن ساقلىنىش ئەپسۇنىنى ئوقۇپ
دېڭىز تەكتىگە چۈشتى. ئۈچ ئالۋاستى بىلەن قاتتىق ئېلىشىۋات-
قان ئىككى ئەۋلىيانى كۆرگەن ۋۇكۇڭ:

— مەن لاۋسۇنمۇ كەلدىم! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئالۋاستىلار ۋۇكۇڭنى كۆرۈپ قورققىنىدىن كەينىگە ئۆرۈ-
لۈپلا بەدەر تىكىۋەتتى.

غەربىي دېڭىزنى چارلاپ يۈرگەن يەكشە كەركىدان ئالۋاس-
تىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ ئەھۋالنى ئەجدىھا پادىشاھقا
مەلۇم قىلدى. قېرى ئەجدىھا پادىشاھ ۋەلىئەھدىنى ھەمدەمگە
جەڭگە ئەۋەتتى. ۋەلىئەھد لەشكەرلىرىنى باشلاپ كەركىدان ئال-
ۋاستىنىڭ ئالدىنى توستى. كەركىدان ئالۋاستى يا ئالدىغا، يا
كەينىگە ماڭالماي قالدى. پادىشاھ بىچېننى ۋەلىئەھدىنىڭ لەش-
كەرلىرى يىقىتىپ، پۇت - قوللىرىنى مەھكەم باغلىۋەتتى.
ئەۋلىيا جىڭمۇگەن ئەسلىگە قايتىپ پادىشاھ بىخەننىڭ بوينىنى
چىشلەپ ئۈزۈۋەتتى، ئەۋلىيا جياۋمۇجاۋ پادىشاھ بىشۇنى تۇتتى.

ئەۋلىيالار كەركىدان ئالۋاستىنى ئېلىپ جىنپىڭ مەھكى-
مىسىگە قايتىپ كەلدى. ۋۇكۇڭ ھاۋادا تۇرۇپ شەھەردىكى
لەشكەر ھەم پۇقرالارغا ئالۋاستىلارنىڭ يوقىتىلغانلىقىنى، بۇن-
دىن كېيىن ئالۋاستىلارغا چىراغ مېيى ئىنئام قىلىشنىڭ ھاجى-
تى قالمىغانلىقىنى جاكارلىدى. تۆت يۇلتۇزلۇق ئەۋلىيالار رەڭ-
دار بۇلۇتتىن مەھكىمىگە چۈشتى. ئەمەلدارلار، لەشكەر ھەم
پۇقرالار ئالدىراش كۈجە كۆيدۈرۈپ، تەڭرى ئەۋلىيالىرىغا باش
ئۇردى.

تۆرۈپلا ئاچچىقى كېلىپ قالغان جۇباجىي قىلىچىنى ئېلىپ پادىشاھ بىچېن بىلەن پادىشاھ بىشۇنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى، مۇڭگۈزلىرىنى ھەرىدىۋەتتى. ۋۇكۇڭ:

— ئەۋلىيالار، بۇ تۆت پارچە مۇڭگۈزنىڭ ئىككىسىنى يۇرۇن سۇلتانغا ھەدىيە قىلىمەن، ئالغاچ كېتىشسىلە! بىرى مەھكىمىنىڭ خەزىنىسىدە قالسۇن، يەنە بىرىنى ساكيامۇنىغا ھەدىيە قىلىمەن، — دېدى.

تۆت يۇلتۇزلۇق ئەۋلىيالار مۇڭگۈزنى ئېلىپ ئەرش ئوردىسىغا چىقىپ كېتىشتى. جىنپىڭ ناھىيىسىدىكى ئەمەلدارلار ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنى ئېپقېلىپ، ئۇلارغا كاتتا زىيابەت بەردى. ئالۋاستىلارنى يوقاتقان تۆت يۇلتۇزلۇق ئەۋلىيالارنىڭ خاتىرىسىگە ئىبادەتخانا سېلىپ ئابىدە تىكلىدى. ئەتىسى تاڭ يورۇماستىنلا، تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئىبادەتخانىدىكى راھىبلارنىڭ ئۇخلاۋاتقان پەيتىدىن پايدىلىنىپ، يۈك - تاقلىرىنى جىمجىت يىغىشتۇرۇپ مەغرىب تامان يۈرۈپ كەتتى.

## 47 - باب توشقان مەلىكە

ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى يېرىم ئايدىن ئارتۇق يول ماڭغاندىن كېيىن بىر تاغ كۆرۈندى. ئۇلار بىرنەچچە تاغ چوققىلىرىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ بىر ئىبادەتخانىغا كەلدى. ئىبادەتخانىنىڭ ئىشىكىگە «ئالتۇن يېيىتىلغان ئىبادەتخانا» دېگەن خەتلەر يېزىلغان ئىدى. پەس تەرەپتە ئەپكەش كۆتۈرگەن، ھارۋا ئىتتىرىپ كېتىۋاتقان، يۈك - تاقلىرىنى كۆتۈرۈپ ماڭغان كىشىلەر نۇرغۇن ئىدى. سەنزاڭ شاگىرتلىرىغا ئەدەپلىك بولۇشنى جېكىلىدى. ئۇلار ئىبادەتخانىغا كىردى، ئالدىغا بىر راھىب چىقتى، ھېلىقى راھىب ئۇلارنىڭ بۈيۈك تاڭ دۆلىتىدىن كەلگەنلىكىنى بىلىپ، ئالدىراش ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلىپ، داستى-

خان سېلىپ مېھمان قىلدى.

سەنزالڭ راھىبتىن:

— پەستە نېمانداق ئادەم كۆپ؟ — دەپ سورىدى. راھىب:

— بۇ يەر مىڭئاياغ تېغى دەپ ئاتىلىدۇ، پەستە جىمىڭگۈەن دېگەن ئۆتكەل بار، يېقىندىن بۇيان بىرنەچچە ئالۋاستى كىشىلەرگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. كىشىلەر ئۇ يەردىن پەقەت توخۇ چىللىغان مەھەلدىلا ئۆتەلەيدۇ، شۇڭا ئۇلار مۇشۇ يەردە تۈنەپ تاڭ ئېتىشىنى كۈتىدۇ، — دېدى.

سەدىقە تامىقى يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن سەنزالڭ بىلەن ۋۇكۇڭ ئاي مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدى. شۇ ئارىدا ئىبادەتخانىنىڭ قېرى راھىبى تاڭ سېڭنى ئىزدەپ كەلدى. سالام- سەھەتتىن كېيىن، قېرى راھىب تاڭ سېڭنى كەينى ئىشىككە باشلاپ چىقتى، ئۇلار بىر پارچە قۇرۇق يەرگە كەلدى. توساتتىن قاندىلاقتۇر بىر جايدىن بىر مەزلۇمنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. سەنزالڭ راھىبتىن:

— كىمدۇر بىرى يىغلاۋاتامدۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى. قېرى راھىب ئالمان ـ تالمان يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ:

— بۇلتۇر دەل مۇشۇ كۈنى كەچتە تۇيۇقسىز بىرپەس چىققان شامالنىڭ ئاۋازى بىلەن بىرىنىڭ يىغا ئاۋازى كەلدى. كەينى ھويلىغا چىقتىم، قارىسام بىر ساھىبجامال قىز تۇرىدۇ. مەن ئۇنىڭ تېگى ـ تەكتىنى سورىدىم. ھېلىقى قىز ماڭا: «ئۆزىنىڭ ئەنەتكەك دۆلىتىنىڭ مەلىكىسى ئىكەنلىكىنى، ئاي يورۇقىدا گۈل سەيلىسىگە چىقىپ، شامالنىڭ ئۇچۇرۇشى بىلەن مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقى» نى دەپ بەردى. مەن ئۇنى بىر ئۆيگە سولاپ قويدۇم. تامىقىنى تۆشۈكتىن سۇنۇپ بېرىمەن. ئىبادەتخانىدىكىلەرگە بىر ئالۋاستىنى تۇتۇۋالدىم دېدىم. مېنىڭ مەقسىتىمنى ئۇ قىز چۈشىنىدۇ، ئۇ كۈندۈزى قەستەنگە ساراڭ بولۇۋالىدۇ. قاراڭغۇ چۈشۈشى ھامان ئاتا ـ ئانىسىنى سېغىنىپ

يوشۇرۇن يىغلايدۇ. مەن بىرنەچچە قېتىم شەھەرگە كىرىپ سۇرۇشتە قىلىپ كۆردۇم. ھەممە ئادەم مەلىكە ئوردىدا ئامان- ئېسەن، دېدى. بۇگۇن ئۆزلىرى بۇ يەرگە كېلىپ قالدىلا، بىر ئامال قىلىپ مەلىكىنىڭ راست - يالغانلىقىنى ئايرىپ بەرگەن بولسىلا، — دېدى. سەنزاڭ بىلەن ۋۇكۇڭ بۇ گەپلەرنى كۆڭۇل- لىرىگە پۈكۈپ قويىدى.

ئەتىسى، توخۇ چىللىشى بىلەن تەڭ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى چىراغ يېقىپ، تاماق ئېتىشكە تۇتۇندى. تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ يولغا جابدۇندى. ئۇلار تاڭ ئېتىشى بىلەن جىمىڭگۇەن ئۆتكىلىدىن ئۆتۈپ چۈش مەزگىلىدە شەھەرگە كىرىپ كەلدى.

ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئەنەتكەك دۆلىتىنىڭ ئاستا- نىسىغا كىرىپ دەم ئېلىپ، سەدىقە تامىقى يېيىش ئۈچۈن بىر سارايغا چۈشتى. ساراي ئىگىسى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، سالام- سەھەتتىن كېيىن چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى. ساراي ئىگىسى ئۇلارغا:

— سىلەر دەل ۋاقتىدا كەپسىلەر، بۈگۈن مەلىكە تۆت كوچىدا رەڭدار توپ تاشلاپ ئۆزىگە لايىق تاللايدۇ. پادىشاھ ھېلىھەم ئوردىدا. يولخېتى ئالماشتۇرۇش خىيالىڭلار بولسا، دەرھال بېرىڭلار! — دېدى.

سەنزاڭ ۋۇكۇڭ بىلەن بىللە ئوردىغا قاراپ يول ئالدى. جۇباجيې بارماقچى ئىدى، لېكىن ئۇنى شا شەيخ توسۇۋالدى. ئۇلار سارايدىن چىقتى. ۋۇكۇڭ تاڭ سېڭغا مەلىكىنىڭ رەڭدار توپ تاشلىشىنى كۆرۈپ بېقىشنى دېدى. تاڭ سېڭ ئۇنى- مىدى. ۋۇكۇڭ:

— بارساق مەلىكىنى كۆرەلەيمىز، ئۇنىڭ راست - يالغان ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈۋېلىشىمىز مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە پادىشاھ خۇش خەۋەر كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ، بىزنىڭ ئىشىمىزغا

ئۇنىڭ چولىسى يەتمەيدۇ! — دېدى. سەنزاڭ ماقۇل دېيىشكە مەجبۇر بولدى.

ئەسلىدە ھېلىقى مەلىكە ئالۋاستى ئىدى. ئۇ تاڭ سېڭنىڭ مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىنى بۇرۇنلا بىلەتتى، شۇڭا ئۇ راست مەلىكىنى ئەپسۇن ئوقۇپ ھەيدىۋېتىپ، ئۆزى مەلىكە سىياقىغا كىرىۋالغان، زىننەت راۋىقى ياساپ تاڭ سېڭغا تېگىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئىدى.

كۈن قايرىلغان چاغدا، سەنزاڭ بىلەن ۋۇكۇڭ كىشىلەر توپى ئىچىدە زىننەت راۋىقىنىڭ تۈۋىگە كەلدى. مەلىكە كەشتىلەنگەن توپنى ئاتتى. توپ تاڭ سېڭنىڭ بېشىغا چۈشتى. راۋاقتىكى كېنىزەكلەر تەڭلا:

— توپ بىر راھىبنىڭ بېشىغا تەگدى! — دەپ چۇقان سېلىشتى.

كوچىدىكى سودىگەر ۋە باشقا كىشىلەر كەشتىلەنگەن توپنى تالىشىپ كېتىشتى. ۋۇكۇڭ شۇندىلا ئەسلىگە قايتتى.

كېنىزەك ۋە ئاغۋاتلار تاڭ سېڭنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ:

— ئىبسىلزادە، مەپىگە مەرھەمەت، — دېيىشتى. تاڭ سېڭ:

— سەن مايمۇنەك، يەنە مېنى كولدۇرلاتتىڭ! — دەپ ۋۇكۇڭغا كايىدى.

— كەشتىلەنگەن توپ باشلىرىغا تەگدى، بۇنىڭ ماڭا نېمە مۇناسىۋىتى؟ — دېدى ۋۇكۇڭ. سەنزاڭ:

— ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېدى.

ۋۇكۇڭ ئۇستازىغا ئۇنىڭ ئوردىغا خاتىرجەم بېرىۋېرىشىنى، ئۆزىنىڭ پۇرسەت تېپىپ راست - يالغان مەلىكىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

تاڭ سېڭ كېنىزەك ۋە ئاغۋاتلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوردىغا كىرىپ، پادىشاھقا ئۆزىنىڭ تېگى - تەكتىنى، يولخېتىنى ئال-

ماشتۇرۇپ ئۆزىنى نوم ئالغىلى مەغرىبكە يولغا سېلىپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلدى. پادىشاھ مەلىكىنىڭ پىكرىنى سورىدى. مەلىكە كەشتىلەنگەن توپ ئۇنىڭ بېشىغا تەگكەنىكەن، بۇ دېگەن تەقدىر پېشانە، دەپ تۇرۇۋالدى. خۇشال بولغان پادىشاھ قۇتلۇق كۈننى تاللاپ مەلىكە بىلەن تاڭ سېڭنىڭ توي مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈش توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈردى. سەنزاڭ بۇنى جېنىنىڭ بارىچە رەت قىلدى، پادىشاھ:

— يەنە رەت قىلىدىغان بولسىلا، كاللىلىرىنى ئالىمەن! — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتكەن سەنزاڭ بىردىنلا ۋۇكۇڭنىڭ گېپىنى يادىغا ئېلىپ، ئالمان - تالمان باش ئۇرۇپ:

— ئۈچ شاگىرتىم سارايدا قالدى، شۇلارنى چاقىرىپ كەلگەن بولسىلا، يولخېتىنى ئالماشتۇرۇپ بەرسىلە، شۇلارغا تاپىلايدىغان گەپ - سۆزۈم بار، ئۇلار نوم ئالغىلى بالدۇرراق يولغا چىقسىكەن، — دېدى. پادىشاھ سۇن ۋۇكۇڭ باشلىق ئۈچ كىشىنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى.

كۆپ ئۆتمەستىن، ۋۇكۇڭ، جۇباجيې ۋە شا شەيخ ئوردىغا كەلدى، پادىشاھ ئۇلارنىڭ بەتبەشىرە سىياقىنى كۆرۈپ قورقتى، كېيىن سەل جۇرئەتلىنىپ ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ تېگى - تەكتىنى مەلۇم قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۈچىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۆزىنىڭ پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم، پەلەك سېپەھدارى، پەردە قايرىغۇچى سەركەردە ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. ھەيران قالغان ھەم خۇشال بولغان پادىشاھ ئالمان - تالمان شاھانە كۈرستىن چۈشتى. قىزىنىڭ ئۆزىگە بوددانى لايىق قىلىپ تاللىغانلىقىدىن خۇش بولسا، ئۈچ ئەۋلىيانىڭ ئۆزىگە تۇغقان بولۇپ قالىدىغانلىقىغا ھەيران بولدى. پادىشاھ كۈيئوغلى بىلەن ئۇنىڭ ئۈچ شاگىرتىنىڭ دەم ئېلىشى ئۈچۈن گۈللۈكنى تازىلاش توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈردى. ئۇلار زىياپەتتىن كېيىن

ئۇخلاشقا تۇتۇندى. سەنزاڭ ئەتراپىدا يات كىشىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ:
— سەن نەس مايمۇن! بۇ بالانى سەن تېرىدىڭ، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ — دەپ ۋۇكوڭنى تىللىدى. ۋۇكوڭ
— پادىشاھنىڭ چىرايىغا قارىسام، ئەپتىدىن شۇملۇق چىقىپ تۇرىدۇ. مەلىكىنى كۆرمىدۇق، راست - يالغانلىقى نامەلۇم. مەلىكىنى كۆرسەم ئۇنىڭ راست - يالغان مەلىكە ئىكەنلىكىنى ئايرىيمەن، — دېدى.
ئۈچ - تۆت كۈن ئۆتۈپ كەتتى. قۇتلۇق كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى. مەلىكە پادىشاھنى چاقىرتىپ كېلىپ، سۈن ۋۇكوڭ، جۇباجيې ۋە شا شەيخلەرگە يولخېتىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىپ، ئۇلارنى نوم ئالغىلى يولغا سېلىپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلدى. پادىشاھ دەرھال سۈن ۋۇكوڭ ۋە ئۇنىڭ ئىنىلىرىنى چاقىرىپ كەلدى ۋە يولخېتىگە تامغىسىنى باستى - دە، بىر پەتنۇس ئالتۇن - كۈمۈش بېرىپ نوم ئالغىلى مەغرىب تامان مېڭىشنى بۇيرۇدى. ۋۇكوڭ ئالتۇن - كۈمۈشنى ئالماي، يولخېتىنى ئېلىپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ ماڭدى. ھودۇقۇپ كەتكەن تاڭ سېڭ ۋۇكوڭنى تۇتۇۋېلىپ، قۇلىقىغا:
— سىلەر كېتەمسىلەر؟ — دەپ پىچىرلىدى.
ۋۇكوڭ ئۇستازىنىڭ قولىنى سىقىپ ئىما قىلدى. تاڭ سېڭ بىر ئىشىنىپ - بىر ئىشەنمەي تۇرۇپ قالدى، ۋۇكوڭنىڭ قولىنى قويۇپ بەرگۈسى كەلمىدى. ئوردا ئەمەلدارلىرى ئۇلارنىڭ ئايرىلغۇسى كەلمەيۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلىدى. پادىشاھ تاڭ سېڭنى تەختكە تەكلىپ قىلغان چاغدىلا، ۋۇكوڭنىڭ قولىنى قويۇپ بەردى.
ۋۇكوڭ جۇباجيې ۋە شا شەيخنى باشلاپ سارايغا كېلىپ:
— ئىككىڭلار مۇشۇ سارايدا ساقلاپ تۇرۇڭلار، سىرتقا چىقماڭلار، ماڭمۇ گەپ قىلماڭلار، مەن ئۇستازنى قوغداي-

مەن، — دېدى. ۋۇكۇڭ شۇنداق دەپ، تېنىدىن بىر تال تۈكىنى يۇلۇپ يالغان ۋۇكۇڭدىن بىرنى پەيدا قىلدى ـ دە، سارايدا قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى ھەسەل ھەرىسىگە ئايلىنىپ ئالتۇن ئوردىغا كەتتى. ۋۇكۇڭ تاڭ سېڭنىڭ تەلپىكىگە قونۇپ:

— ئۇستاز، مەن كەلدىم، — دېدى ئاستا پىچىرلاپ.

سەنزاڭ يېنىك تىندى. كۆپ ئۆتمەي، ئوردا ئەمەلدارى تاڭ سېڭنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن كۆرۈشۈشكە تەكلىپ قىلدى. پادىشاھ خۇشال ئىدى. ئۇ تاڭ سېڭنى ئېلىپ ھەرەمگە كەلدى. ھەرەمدە ناخشا ـ كۈيلەر ياڭراپ كەتكەن، خۇشبۇي پۇراقلار دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. ۋۇكۇڭ تاڭ سېڭنىڭ تەلپىكىگە قونغان ھالەتتە ئەتراپقا نەزەر سالاتتى.

بىر دەمدىن كېيىن، خانىش ۋە كېنىزەكلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا مەلىكە چىقىپ كەلدى. ھودۇقۇپ كەتكەن تاڭ سېڭ قورققىنىدىن تىترەپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. ۋۇكۇڭ مەلىكىنىڭ بېشىدا ئەگىپ يۈرگەن شۇملۇقنى كۆردى ۋە تاڭ سېڭنىڭ قۇلىقىغا:

ـ ئۇستاز، ئاۋۇ يالغان مەلىكە ئىكەن، مەن ئۇنى ئاشكارىلايمەن، — دېدى پىچىرلاپ. سەنزاڭ ئالمان ـ تالمان:

— بۇ يەردە ئاشكارىلىۋەتسەڭ، پادىشاھ بىلەن خانىش قورقۇپ كېتىدۇ، — دېدى.

ۋۇكۇڭ ئالدىراقسان بولغاچقا، بىرلا ۋارقىراپ ئەسلىگە كەلدى ـ دە، مەلىكىنى تۇتتى ۋە:

— ۋۇھ ھايۋان، سەن يالغان مەلىكە بولۇۋېلىپ، بۇ يەردە ھۇزۇر ـ ھالاۋەت سۈرۈپ شۇكۇر ـ قانائەت قىلماي يەنە ئۇستازىمنى ئالداۋاتىسەن، سېنى ئاشكارىلىۋېتىمەن! — دېدى.

پادىشاھ ھاڭۋېقىپ قالدى، خانىش بىلەن كېنىزەكلەر ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشتى.

ئالۋاستى ۋۇكۇڭنىڭ قولىدىن بوشىنىپ، كىيىم ـ كې-

چەكلەرنى سېلىۋېتىپ، گۈللۈكتىكى يەر مۇئەككىلى ئىبادەت- خانىسىغا كىردى ـ دە، شۇ يەردىن قىسقا گۈرزىنى ئېلىپ ۋۇكۇڭ بىلەن ئېلىشتى. ئىككىسى بىر قەپەس ئېلىشىپ كې- تىشتى. باشتا يەر يۈزىدە، ئاندىن ئاسماندا ئېلىشتى، پۈتكۈل شەھەردىكى پۇقرالار، مۇلكىي ھەم لەشكىرىي ئەمەلدارلار قور- قۇپ كېتىشتى. تاڭ سېڭ پادىشاھقا ئۇ مەلىكىنىڭ يالغان مەلى- كە ئىكەنلىكىنى دېدى.

ۋۇكۇڭ بىلەن ئالۋاستى ئېلىشىپ بىر ـ بىرىنى يېڭەلمە- دى، ۋۇكۇڭ گۈرزىسىنى تاشلاپ «ئۆزگەر» دېدى. شۇئان نەچچە مىڭ گۈرزە پەيدا بولۇپ، ئالۋاستىغا تەگكىلى تۇردى. ئالۋاستى ھودۇقۇپ كەتتى، ئۇ شامالغا ئۆزگىرىپ كۆپكۆك ئاسماندا قاچتى. ۋۇكۇڭ گۈرزىلەرنى يىغىشتۇرۇپ ئالۋاستىنى قوغلىدى. غەربىي ئەرش دەرۋازىسىغا يېقىن قالغاندا:

— دەرۋازىۋەن! ئالۋاستىنىڭ ئالدىنى توس! — دەپ توۋ- لىدى ۋۇكۇڭ.

غەربىي ئەرش دەرۋازىسىدىكى تۆت تەڭرىقۇت قوراللىرىنى تەييارلاپ ئالۋاستىنى توستى. ئالۋاستى ئامالسىزلىقتىن بىرلا سىلكىنىپ نۇرغا ئۆزگىرىپ جەنۇبقا قاراپ قاچتى. ۋۇكۇڭ ئۇنى قوغلاپ بىر تاغنىڭ تۈۋىگە كېلىپ قالدى. ئالۋاستى نۇرنى يىغىشتۇرۇپ، غارغا كىرىپ يوقالدى.

ۋۇكۇڭ ئەپسۇن ئوقۇپ يەر مۇئەككىلى بىلەن تاغ مۇئەككى- لىنى چاقىرىپ كەلدى. ئىككى مۇئەككەل ۋۇكۇڭغا بۇ يەر ماۋېنگشەن تېغى ئىكەنلىكىنى، ماۋېنگشەن تېغىدا ئۈچ توشقان غارى بارلىقىنى، لېكىن ئالۋاستى يوقلۇقىنى دېدى. ۋۇكۇڭ ئىككى مۇئەككەلنىڭ ئۆزىنى ئۈچ توشقان غارىغا باشلاپ ئاپىرى- شىنى ئېيتتى. ئۇلار تاغ چوققىسىغا كېلىپ بىر چوڭ غارنى بايقىدى، غارنىڭ ئاغزى يوغان ئىككى پارچە تاش بىلەن ئېتىۋې- تىلگەن ئىدى. ۋۇكۇڭ گۈرزىسى بىلەن تاشنى ئۇرۇۋەتتى.

ئالۋاستى غارغا يوشۇرۇنۇۋالغان ئىدى. ئۇ سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ گۈرزىسىنى ئوينىتىپ ۋۇكۇڭغا ئېتىلدى، ۋۇكۇڭنى باشلاپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن يەر مۇئەككىلى بىلەن تاغ مۇئەككىللىنى تىللاپ كەتتى.

ئىككىسى ئۇن نەچچە قەپەس ئېلىشتى، ئالۋاستى بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى، ۋۇكۇڭنىڭ گۈرزىسى بىلەن بىرنى سېلىپ ئۇنى جەھەننەمگە ئۇزىتىش خىيالى كۈچلۈك ئىدى. توساتتىن ئاسماندا بىرىنىڭ:

— سۇن دەرۋىش، رەھىم - شەپقەت قىل! — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

ۋۇكۇڭ كەينىگە ئۆرۈلۈپ قەمەر ئەۋلىيا بىلەن پەرىزات چاڭئېنى كۆردى. ئەسلىدە ھېلىقى ئالۋاستى گۇاڭخەن ئوردىسىنى مالىمان قىلغان توشقان ئىدى. قەمەر ئەۋلىيا ۋۇكۇڭغا ئەنەتكەك دۆلىتىنىڭ مەلىكىسى ئەسلىدە ئاي ئوردىسىدىن يەر يۈزىگە چۈشۈپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان كېنىزەك ئىكەنلىكىنى دەپ بەردى. ئۇ ئىلگىرى مۇشۇ توشقان بىلەن ئېلىشقان، توشقان بۇ ئۆچ - ئاداۋەتنى كۆڭلىدە ساقلاپ، بۇ كېنىزەكنى بولتۇر چۆللۈككە ئاپىرىپ تاشلىۋېتىپ، ئازاب - ئوقۇبەتكە سېلىپ قويغان ئىدى. قەمەر ئەۋلىيا ۋۇكۇڭغا مۇشۇ ئىشلارنى ئېيتىپ بېرىپ، ئالۋاستىنى ئەسلىگە قايتىشقا بۇيرۇدى. ئالۋاستى بىر دومىلىنىپ ئەسلىگە كەلدى.

پادىشاھ بىلەن تاڭ سېڭ شاھانە گۈللۈكتە ۋۇكۇڭنىڭ ئالۋاستىنى تۇتۇپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇلار بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسماننىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە كۆتۈرۈلگەن چىرايلىق ھەسەن - ھۈسەننى كۆردى ھەم ۋۇكۇڭنىڭ ئاسماندا تۇرۇپ:

— پادىشاھ ئالىيلىرى، ھەممىڭلار كۆرۈڭلار، بۇ ئىككى ئەۋلىيانىڭ بىرى قەمەر ئەۋلىيا، يەنە بىرى پەرىزات چاڭئې. ماۋۇ توشقان يالغان مەلىكە شۇ، — دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدى.

پادىشاھ ئوردا ئەمەلدارلىرى بىلەن بىللە ئاسمانغا قاراپ ئۇلارغا سالام بەجا قىلدى.

جۇباجىي چاڭئىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، تاقەت قىلالماي ئاسمانغا سەكرەپ چىقىپ، چاڭئىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

— ئاچا، بىز دېگەن كونا تونۇش، بىللە ئوينايلىچۇ! — دېدى.

ۋۇكۇڭ جۇباجىينىڭ قۇلىقىنى تولغاپ ئىككى تەستەك سالدى. جۇباجىي غودۇڭشىدى:

— مۇنداقلا پاراڭلىشايلى دېگەن ئىدىم!

ۋۇكۇڭ قەمەر ئەۋلىيا، پەرىزات چاڭئى بىلەن خوشلىشىپ، ئالتۇن ئوردىغا قايتتى. پادىشاھ ۋۇكۇڭغا رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن:

— مېنىڭ راست مەلىكەم نەدە؟ — دەپ سورىدى. ۋۇكۇڭ:

— سىلىنىڭ راست مەلىكىلىرى ھازىر ئالتۇن يېيىتىلغان ئىبادەتخانىدا. ئەتە مەن سىلىنى باشلاپ بېرىپ مەلىكىنى قايتۇرۇپ كېلىمەن، — دېدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، پادىشاھ ئالتۇن يېيىتىلغان ئىبادەتخانىغا قاراپ يول ئالدى. ئىبادەتخانىدىكى قېرى راھىب باشقا راھىبلارنى باشلاپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئۇ پادىشاھنى كەينى ھويلىدىكى ۋەيرانە بىر ئۆينىڭ ئالدىغا ئاپاردى. مەلىكە بىرىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئەتەي ساراڭ بولۇۋالدى. پادىشاھ قېرى راھىبقا ئىشىكنى ئېچىشقا بۇيرۇدى. ئۇ مەلىكىنى تونۇدى. پادىشاھ ۋە خانىش مەلىكىنى كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ مەينەت بولۇشىغا قارىماي قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. پادىشاھ مەلىكىنى يۇيۇندۇرۇپ، كىيىم - كېچەكلىرىنى يۆتكەشكە بۇيرۇق قىلدى. تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ شاپائىتىگە رەھمەت ئېيتتى. قېرى راھىبنىڭ ھىممىتىدىن

رازى بولدى. ئۇنى راھىبلارغا باش قىلىپ، ئىبادەتخانىنى رې-
مونت قىلىش توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈردى. ۋۇكۇڭنىڭ مەسلى-
ھەتى بويىچە، مىڭ خورازنى تاللاپ مىڭئاياغ تېغىغا قويۇۋەتتى.
بۇ خورازلار چوڭ - كىچىك سەكسەنپۇتلارنى پاك - پاكىز
يەۋەتسە، مىڭئاياغ تېغىنىڭ ئىسمى گۆھەر تاغقا ئۆزگەرتىلىدى-
غان بولدى.

ئەتىسى پادىشاھ رەسسامنى چاقىرىپ كېلىپ، تاڭ سېڭ
ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ رەسىمىنى سىزدۇردى، ئىبادەتخانا
تېمىغا ئاسقۇزۇپ رەسىملەرگە تاۋاپ قىلىدىغان بولدى. مەلىكى-
نى چىرايلىق ياسىنىشقا، تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ
شەپقىتىگە رەھمەت ئېيتىشقا بۇيرۇدى. ئاندىن كېيىن چوڭ
سورۇن تۈزۈپ تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنى مەغرىبكە
ئۇزىتىپ قويدى.

## 48 - باب دىلىڭ ناھىيىسىدە قاراقچى ئاتىلىپ ئۇۋالچىلىققا قېلىش

ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى يېرىم ئايدەك يول يۈرۈپ
ئەتىيازنىڭ ئاخىرلىشىپ يازنىڭ كىرگىنىنىمۇ تۇيماي قېلىش-
تى. ئۇلار بىر كۈنى بىر شەھەرگە كەلدى. سەنزاڭ ئاتتىن
چۈشۈپ يول سوراپ، بۇ جاينىڭ تۆكتەي ئايمىقىغا قاراشلىق
دىلىڭ ناھىيىسى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ناھىيىدە بىر دۆلەتمەن
كىشى بولۇپ، ئۆينىڭ ئىشىكىگە «راھىبلارغا ئىشىكىم ئو-
چۇق» دېگەن خەتلەر يېزىلغان تاختاي ئېسىلغان ئىدى. تاڭ
سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى بۇنىڭغا قىزىقىپ قېلىپ، ئۇنىڭ
ئۆيىدە سەدىقە تامىقى يېمەكچى بولدى.

ئۇلار بۇ دۆلەتمەن كىشىنىڭ ئۆيىگە كەلدى، دۆلەتمەن
كىشى ئۇلارنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى. جۇباجيې

بەك خۇشال بولۇپ كەتتى، ئۇ بىر قاچا سۇيۇقئاشنى بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى، ئۇنىڭ تاماقتا قارنىمۇ، كۆزىمۇ تويدى. سەدىقە تامىقىدىن كېيىن، تاڭ سېڭ يولغا چىقىشقا ئالدىرىدى، لېكىن ئۇنى دۆلەتمەن كىشى يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ يۇرۇپ تۇتۇپ قالدى. تاڭ سېڭ مېڭىشقا ئالدىراپ دۆلەتمەن كىشىنىڭ ئايالىنىڭ تەكلىپىنى قايتا - قايتا رەت قىلدى. ھېلىقى ئايال خاپا بولۇپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ كېتىپ قالدى. دۆلەتمەن كىشى تاڭ سېڭنى تۇتۇپ قالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئەل - ئاغىنە ۋە ئۇرۇق- تۇغقان، ئۇنىڭدىن باشقا تۆت - بەش راھىب، شەيخ ۋە سازچىلارنى يىغىپ، تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنى يولغا سېلىپ قويدى.

شۇ ئەتراپتا بىر توپ قاراقچىلار بار ئىدى، ئۇلار دۆلەتمەن كىشىلەرنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلايتتى. ئۇلار شۇ كۈنى دۆلەتمەن كىشىنىڭ تاڭ پادىشاھلىقىنىڭ راھىبىنى ئۇزىتىپ قويغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، يامغۇر ياغقان پەيتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە چۈشمەكچى بولۇشتى. شۇ كۈنى كەچتە، بۇ بىر توپ قاراقچىلار تولۇق قوراللىنىپ، قوللىرىدا مەشئەل كۆتۈرۈپ دۆلەتمەن كىشىنىڭ دەرۋازىسىنى چاقتى. ئۇلار ساندۇقلارنى ئاختۇرۇپ، ئۇستەل - ئورۇندۇقلارنى ئۆرۈپ ئالتۇن - كۈمۈشتىن تارتىپ تاكى ئەن رەخت ۋە كىيىم - كېچەكلەرگىچە ھەممىنى بۇلاپ ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى. دۆلەتمەن كىشى غەيرەتكە كېلىپ قاراقچىلارغا قىشتىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن بىرنەچچە قۇر كىيىم- كېچەكنى قالدۇرۇپ قويۇشنى ئىلتىجا قىلدى. لېكىن، قاراقچىلار ئۇنى تېپىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئىشىك ئالدىغا تاشلاپ قويۇشتى.

قاراقچىلار كەتكەندىن كېيىن، دۆلەتمەن كىشىنىڭ ئائىلىسىدىكى چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن ئۇنىڭ جەسىتىنى قۇچاقلاپ ھۆڭگىرەپ يىغلىشىپ كەتتى. ئۇ كىشىنىڭ خوتۇنى ئۇنىڭ

قولىدىن تاماق يېمىگەن تالڭ سىڭغا ئۆچ بولۇپ كەتكەن ئىدى، ئۇ بىز تالڭ سىلڭ ۋە ئۇنىلڭ شاگىرتلىرىنى ئۇزىتىپ قويۇپ ئۆزىمىزگە ئىنش تاپتۇق، دەپ گەپ تارقاتتى ۋە تالڭ سىڭغا زىيانكەشلىك قىلىش مەقسىتىدە، ئىككى ئوغلىغا:

— مەن ئاخشام كارىۋاتىنىلڭ ئاستىغا يوشۇرۇنۇۋالغان ئىدىم، تالڭ سىلڭ ئۆيگە مەشئەل، جوباجىي قىلىچ كۆتۈرۈپ كىردى. ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى شا شەيخ يۆتكىدى، ئاتاڭلارنى ۋۇكۇلڭ ئۆلتۈرۈۋەتتى، — دېدى. ئىككى ئوغۇل تالڭ سىلڭ ۋە ئۇنىلڭ شاگىرتلىرىنى مەھكىمىگە ئەرز قىلدى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى، تالڭ سىلڭ ۋە ئۇنىلڭ شاگىرتلىرى بىر ئېغىز ۋەيرانە ئۆيدە يامغۇردىن پاناھلاندى، ئەتىسى يامغۇر توختىغاندىن كېيىن، ئۇلار يولغا چىقتى. تالڭ سىلڭ شاگىرتلىرى بىلەن يولدا كېتىۋېتىپ ھېلىقى قاراقچىلارغا ئۇچراپ قالدى. قاراقچىلار تالڭ سىلڭ بىلەن ئۇنىلڭ شاگىرتلىرىنى كۆرۈپ، دۆلەتمەن كىشى ھەرقاچان ئۇلارغا نۇرغۇن دۇنيا بەردى، دەپ ئويلاپ، قوراللىرىنى يالىڭاچلاپ يولنىلڭ ئوتتۇرىسىدا قاتار تۇرۇۋالدى - دە:

— يول پۇلىنى چىقىرىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

تالڭ سىلڭ قورققىنىدىن لاغىلداپ تىترەپ كەتتى، جوباجىي بىلەن شا شەيخ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. ۋۇكۇلڭ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سىلەر نېمە قىلىدىغان ئادەملەر؟ — دەپ ئۇلاردىن سورىدى. قاراقچىلار:

— غوجاكالڭ سىلەردىن يول پۇلى ئالىدىغان ئادەملەر، — دەپ جاۋاب بەردى.

— بىز تۆت ئادەم، پۇلنى مەن تۇتىمەن، ماۋۇ ئۇچەيلەننى قويىۋېتىڭلار، پۇلنى سىلەرگە مەن بېرەي، — دېدى ۋۇكۇلڭ قورققان قىياپەتتە.

قاراقچىلار ۋۇكۇڭنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، تاڭ سېڭ، جۇ-باجيې ۋە شا شەيخىنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. ۋۇكۇڭ ئۇلارنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، بوپىنى ئاختۇرغان بولۇپ، يەردىن بىر ئوچۇم توپىنى ئالدى - دە، ئەپسۇن ئوقۇپ ئالدىغا چاچتى ۋە «قېتىپ قېلىش!» دەپ بىرلا توۋلاپ، قاراقچىلارنى جايىدىلا مىدىرلىماس قىلىپ قويدى.

ۋۇكۇڭ ئۇستاز ۋە ئىنىلىرىنى چاقىرىپ، تېنىدىن تۆت-بەش تال تۈكنى يۇلۇپ ئارغامچا پەيدا قىلدى، قاراقچىلارنى باغلاپ، ئاندىن ئەپسۇن ئوقۇپ ئۇلارنى بۇرۇنقى ھالىتىگە قاي-تۇردى. ئاندىن ۋۇكۇڭ ئۇستازىنى ئوتتۇرىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۈچىسى قورالللانغان ھالدا ياندا تۇرۇپ:

— ئوغرىلار! سىلەر قانچە قېتىم بۇلاڭچىلىق قىلدىڭلار؟ راستىڭلارنى ئېيتىڭلار! — دەپ توۋلىدى.

قاراقچىلارنىڭ ھەممىسى قىلمىشلىرىنى ياۋاشلىق بىلەن ئىقرار قىلدى. سەنزاڭ شاگىرتلىرىغا قاراقچىلاردىن زاڭ مال-لارنى تارتىۋېلىپ، دۆلەتمەن كىشىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىش-نى بۇيرۇدى. ۋۇكۇڭ زاڭ ماللارنى تارتىۋېلىپ بىر قىسمىنى ئاتقا ئارتتى، قالغان قىسمىنى بوپا قىلىپ چېگىپ جۇباجيېغا كۆتۈرگۈزدى، قاراقچىلارنى باغلاقتىن ئازاد قىلدى، ئۇلار جې-نىنى ئېلىپ قېچىپ كېتىشتى. تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلى-رى زاڭ ماللارنى ئىگىسىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇش ئۈچۈن كەينىگە ئۆرۈلۈپ مېڭىشتى.

ئۇلار مېڭىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىر توپ لەشكەرلەرگە ئۇچ-راپ قالدى. دۆلەتمەن كىشىنىڭ ئوغلى ئەرز قىلغاچقا، بۇ لەشكەرلەر تاڭ سېڭنى تۇتقىلى ماڭغان ئىدى. ئۇلار تاڭ سېڭ بىلەن ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنى ئورىۋېلىپ:

— بەللى، راھىب! خەقنىڭ نەرسىلىرىنى بۇلاپ، بۇ يەردە لاغايلاپ يۈرۈپسەن - دە! — دېدى. لەشكەرلەر ئاۋۋال تاڭ

سىڭنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ، پۇت - قولىنى باغلىدى، ئاندىن ۋۇكوڭ ۋە ئۇنىڭ ئىنىلىرىنى باغلاپ، ئەپكەشكە ئارتىپ شەھەرگە كۆتۈرۈپ ئەكەلدى.

تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى سوراقخانىغا ئېلىپ كېلىنگەندىلا ئۆزلىرىنىڭ تۆھمەتكە ئۇچرىغانلىقىنى بىلدى. ئۇلار بىر پەس قىيىن - قىستاققا ئېلىنغاندىن كېيىن زىندانغا تاشلاندى. يېرىم كېچىدە ۋۇكوڭ كىچىكلەپ باغلاقتىن بوشاندى - دە، كىچىك ھاشاراتقا ئايلىنىپ زىنداندىن چىقىپ كەتتى. ئۇ كوچىدىكى كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن دۆلەتمەن كىشىنىڭ خوتۇنىنىڭ جاڭ فامىلىلىك ئايال ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئەھۋالنى ئۇقۇپ باقماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە قاراپ ئۇچتى، ئۇنىڭكىدە ئۆيدىكىلەر گۇەنسەينى چۆرىدەپ يىغلاپ ئولتۇرۇشاتتى.

ۋۇكوڭ گۇەنسەينىڭ بېشىغا قونۇپ يۆتەلدى. دۆلەتمەن كىشىنىڭ ئۆيىدىكى ئۇلۇغ - ئۇششاقلارنىڭ قورقۇپ كەتكىنىدىن روھى چىقىپ كەتتى. ۋۇكوڭ دۆلەتمەن كىشىنىڭ ئاۋازىنى دوراپ:

— مېنى ئەزرائىلنىڭ مۇلازىمى سىلەر بىلەن سۆزلەشكىلى باشلاپ كەلدى. ھېلىقى جاڭ فامىلىلىك بىگۇناھ ئادەملەرگە زىيانكەشلىك قىلغاچقا، ئەزرائىل مېنى سىلەر بىلەن سۆزلەشكىلى ئەۋەتتى. سىلەر پەيتنى غەنىيمەت بىلىپ تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنى قۇتۇلدۇرۇڭلار، بولمىسا ھەممىڭلار جەھەننەمگە ئۇزايسىلەر، — دېدى.

دۆلەتمەن كىشىنىڭ ئىككى ئوغلى باش ئۇرۇپ يېلىنغان ھالدا:

— ئاتا، سەن قايتىپ كەت، بىز ئەتە مەھكىمىگە بېرىپ ئەرزنى قايتۇرۇۋالىمىز، — دېدى.

ۋۇكوڭ ئايماق بېگىنىڭ ئۆيىگە ئۇچۇپ بېرىپ قارىسا، ئايماق بېگى بىر ئادەمنىڭ رەسىمىگە يۈزلىنىپ تۇرۇپ كۆجە

كۆيدۇرۇۋاتاتتى. ئۇ رەسىمگە قونۇپ يۆتەلدى. ئايماق بېگى قورققىنىدىن ئالمان ـ تالمان كۇجە كۆيدۇرۇپ تۇرۇپ:

— بېگىم، كەمىنىلىرى كېچە ـ كۇندۇز روھلىرىغا ئاتاپ كۇجە كۆيدۇرۇپ كېلىۋاتىمەن، بۇگۇن نېمىشقا زۇۋان سۇرۇپ كەتتىلە؟ — دېدى. ۋۇكۇڭ:

— ۋاپادار ئىنىم، سەن نېمىشقا تۆت ئەۋلىيا راھىبنى ئوغرى تۇتۇپ سولاپ قويىسەن؟ سېنىڭ ئەنزە ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ ئۇلارنى تېزرەك قويۇپ بېرىشىڭ ئۇچۇن مېنى ئەزرائىلنىڭ مۇلازىمى يالاپ ئەكەلدى، — دېدى گېلىنى قىرىپ. ئايماق بېگىنىڭ بۇنىڭغا ماقۇل دېمەي ھەددىمۇ!

ۋۇكۇڭ ئۇچۇپ دىلىڭ ناھىيىسىنىڭ سوراقخانىسىغا كەلدى، بۇ چاغدا تاڭمۇ ئېتىپ قالغان ئىدى. ئۇ كۆكتە تۇرۇپ، بىر پۇتىنى سوراقخانىنىڭ ئۆگزىسىگە قويۇپ:

— ئاڭلاپ تۇرۇش، مەن يۇرۇن پادىشاھ ئەۋەتكەن جاھانكەزدى ئەۋلىيامەن. سىلەر نوم ئالغىلى ماڭغان بۇددانى ناھەق ئۇردۇڭلار، بۇنىڭغا قانداق چىداپ تۇرغىلى بولسۇن! ئۇنى چاپسان قويۇپ بېرىش، بولمىسا بۇ سوراقخانىنى تۇپتۇز قىلىۋېتىمەن، — دېدى.

ۋۇكۇڭ بۇ ئىشلارنى تۇگىتىپ بولۇپ، يەنە زىندانغا ئۇچۇپ بېرىپ ئەسلىگە قايتتى ـ دە، باغلاقتا چۇشۇۋالدى.

كۆپ ئۆتمەستىن، گۇندىپايلار كىرىپ ئۇلارنى قويۇۋەتتى. ئايماق بېگى، ئامبال ۋە چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلارنى باشلاپ ئۇلارنى كۇتىۋالغىلى زىندانغا كەلدى، ئارقا ـ ئارقىدىن كۆڭۇل سوراپ بارلىق گۇناھنى دۆلەتمەن كىشىنىڭ ئۆيدىكىلىرىگە ئارتىپ قويدى.

تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى بىلەن ئەمەلدارلار دۆلەتمەن كىشىنىڭ ئۆيىگە كەلدى، ۋۇكۇڭ مەرھۇمنىڭ خوتۇنىغا:

— يالغان گەپ قىلىدىغان ئانا، سەن يىغلىما! مەن ئېرىڭ-

نى چاقىرىپ كېلىمەن. ئېرىڭنى كىم ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئېرىڭ-نىڭ ئاغزىدىن ئاڭلا، سېنى بىر نومۇسقا قويايلى! — دېدى. ياندا تۇرغانلار ۋۇكۇڭنىڭ گېپىنى چاقچاق دەپ چۈشەندى.

ۋۇكۇڭ ئەمەلدارلارغا ئۇستاز بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرۇشنى تەۋسىيە قىلدى، جۇباجيې بىلەن شا شەيخكە ئۇستازنى قوغداشنى تاپىلىدى ـ دە، ئۆزى بىرلا موللاق ئېتىپ بۇلۇتقا چىقىپ ئەزرائىلنىڭ دەرگاھىغا كەلدى، باقىي ئالەم بۇدساتۋاسىدىن دۆ-لەتمەن كىشىنىڭ روھىنى سورىدى ۋە روھنى يېڭىگە تىقىپ يەنە بۇلۇتقا چىقىپ دۆلەتمەن كىشىنىڭ ئۆيىگە يېنىپ كەلدى. جۇ-باجيېغا گۆەنسەينىڭ ئاغزىنى ئاچقۇزدى، روھنى مەرھۇمنىڭ جەسىتىگە ئىتتەردى.

ئۇزاق ئۆتمەي مەرھۇمنىڭ تىنىقى كەلدى. ئۇ گۆەنسەيدىن چىقىپ، تاڭ سېڭغا باش ئۇرۇپ كەتتى، خوتۇنى بىلەن بالىلى-رىنىمۇ تاڭ سېڭغا باش ئۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئۇ ئاندىن كېيىن تاڭ سېڭنى تۇتۇپ قېلىشقا ئۇرۇندى، تاڭ سېڭ بۇنىڭغا قەتئىي ئۇنىمىدى، دۆلەتمەن كىشى ئۇلارنى نائىلاج داغدۇغا بىلەن يولغا سېلىپ قويدى.

## 49 ـ باب كامالەتكە يېتىپ ساكيامۇنىنىڭ دەرگاھىغا بېرىش

ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى سەپىرىنى داۋام قىلدى. ئۇلار ئالتە ـ يەتتە كۈن ماڭغاندىن كېيىن، ئالدى تەرەپتىن ئېگىز ئىمارەتلەر، كۆككە تاقاشقان راۋاقلار كۆرۈندى. ۋۇكۇڭ ئۇستازىغا:

— ئۇستازىم، سىلى يالغان بۇددا ھەيكىلى، يالغان مەنزىل-نى كۆرۈپلا تاۋاپ قىلىپ كەلدىلا. راست مەنزىل، راست بۇددا ھەيكىلى بار يەرگە كەلگەندە نېمىدەپ ئاتتىن چۈشمەيلا، بۇ

قانداق گەپ؟ — دېدى.

سەنزاڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاتتىن ئالدىراش چۈشتى. بىر بالا دەرۋىش ئىشىك ئالدىدا:

— سىلەر مەشرىقتىن نوم ئالغىلى كەلگەنلەرمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇلاردىن.

ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ لىڭشەن تېغى ئېتىكىدىكى يۈجېنگۇەندىكى ئەۋلىيا جىن شياڭ ئىكەنلىكىنى تونىدى ـ دە، ئۇستازىغا دېدى، تاڭ سېڭ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام قىلدى. ئەۋلىيا جىن شياڭ تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنى يۈجېنگۇەنگە باشلىدى ۋە بالا دەرۋىشكە تاڭ سېڭنىڭ يۇيۇنۇشى ئۈچۈن سۇ تەييارلاشنى تاپىلىدى، ئۇلار شۇ كۈنى كېچىنى يۈجېنگۇەندە ئۆتكۈزدى. ئەتىسى، تاڭ سېڭ ئالتۇن نۇر چېچىپ تۇرىدىغان كاسايانى كىيىپ، هاسىسىنى تۇتۇپ ئەۋلىيا جىن شياڭ بىلەن خوشلىشىپ دەرمە بولۇش يولىغا قاراپ ماڭدى.

تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئاستا قەدەم تاشلاپ تاغقا ياماشتى. بەش ـ ئالتە چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن يەتتە ـ سەككىز چاقىرىم كەڭلىكتىكى بىر دەرياغا يولۇقتى، تاڭ سېڭ دەريادىن قانداق ئۆتۈشنى بىلەلمەي قالدى. ۋۇكۇڭ يىراقتا تۇرغان بىر كۆۋرۈكنى كۆرۈپ، شۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈش ئۈچۈن ئۇستازىنى تارتتى. ئۇلار بۇ كۆۋرۈكنىڭ يالغۇز ئاياغ كۆۋرۈك ئىكەنلىكىنى ئويلىمىغان ئىدى. ۋۇكۇڭ كۆۋرۈكتىن ئىغاڭلاپ يۈرۈپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ، نېرىقى باشتا تۇرۇپ:

— ئۆتۈۋېرىڭلار، ئۆتۈۋېرىڭلار! — دەپ توۋلىدى.

تاڭ سېڭ، جۇباجيې ۋە شا شەيخ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالمىدى. بۇ چاغدا بىرەيلەن قېيىق هەيدەپ كېلىپ:

— قېيىققا چىقىڭلار! چىقىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

قېيىق قىرغاققا كەلگەندە، تاڭ سېڭ ئۇنىڭ تېگى يوق قېيىق ئىكەنلىكىنى بايقىدى ـ دە، چىقىشقا پېتىنالمىدى. ۋۇ-

كۆك نۇرلۇق كۆزلىرى بىلەن قېيىقچىنىڭ ئۆزلىرىنى ساكىيامۇنىنىڭ يېنىغا ئاپىرىدىغان بۇددا ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئىككىلىنىپ قېلىشۋاتقان ئۇستازىنى قېيىققا ئىتتىردى. تاڭ سېڭ جايىدا تۇرالماي دەرياغا چۈشۈپ كەتتى. تاڭ سېڭنى بۇددا تارتىپ قېيىققا چىقىرىۋالدى. ۋۇكۇڭ، جۇباجيې ۋە شا شەيخ ھەم ئاق ئات ھەممىسى قېيىققا چىقتى. بۇددا قېيىقنى قارشى قىرغاققا قاراپ ھەيدىدى. تۇيۇقسىز دەريانىڭ باش تەرىپىدىن بىر جەسەت لەيلەپ ئېقىپ كەلدى. تاڭ سېڭ بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. ۋۇكۇڭ، جۇباجيې ۋە شا شەيخ چاۋاك چېلىشىپ خۇشاللىقىدا:

— ئۇستاز، ئۇ دېگەن سىلىنىڭ تەنلىرى! سىلىنىڭ تەنلىرى! — دېيىشتى.

ئۇلار كۆپ ئۆتمەستىن قىرغاققا چىقتى. ۋۇكۇڭ ئۇستازىغا قېيىقچىنىڭ ئۆزلىرىنى ساكىيامۇنىنىڭ دەرگاھىغا باشلاپ كېتىۋاتقان بۇددا ئىكەنلىكىنى، ئۇستازىنىڭ كامالەتكە يەتكەنلىكىنى دېدى. سەنزاڭ رەھمەت ئېيتتى.

ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى لىڭشەن تېغىنىڭ ئۇستىگە چىقتى. سەنزاڭ لېيىن ئىبادەتخانىسىغا باردى. تۆت ئارخات تاڭ سېڭنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئالدىراش تەزىم قىلدى، بىر ئارخات مەلۇم قىلغىلى ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ساكىيامۇنى ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، سەككىز بۇددانى، تۆت ئارخاتنى، بەش يۈز ئارەدە كالامە قاتارلىق ئەۋلىيالارنى ئىككى سەپ بولۇپ تىزىلىشقا بۇيرۇدى، ئاندىن تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى سارايغا كىرىش توغرۇلۇق يارلىق چۈشۈردى.

تاڭ سېڭ شاگىرتلىرى بىلەن بۇدساتۋاخانىغا كىرىپ، ساكىيامۇنىنىڭ مۇبارەك دىدارىنى كۆردى ۋە يەرگە مەيدىسىنى يېقىپ ئۇنىڭغا سالام قىلدى ۋە يولخېتىنى سۇندى. يولخېتىگە: «بۇيۇك تاڭ پادىشاھىنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن، تاڭ سېڭ ھۇزۇر-

لىرىغا نوم ئالغىلى بارىدۇ. مەقسەت: ئاۋامنى نادانلىقتىن قۇ-
تۇلدۇرۇش. تالڭ سىڭغا رەھىم ـ شەپقەت قىلىپ، نومنى بېرىپ
بالدۇرراق يولغا سېلىپ قويۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن
سۆزلەر يېزىلغان ئىدى.

ساكيامۇنى سەنزاڭغا نوم توغرۇلۇق بىرقۇر چۈشەنچە بې-
رىپ، نومنىڭ ئون بەش مىڭ بىر يۈز قىرىق تۆت جىلد
ئىكەنلىكىنى دېدى. ئاندىن كېيىن ئانەن، جيايې قاتارلىق ئىك-
كى ئەۋلىيا ئۇستازنى تالڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىغا سەدىقە
تامىقى بېرىشكە، تاماقتىن كېيىن جىنلۇ بىناسىدىن نوم ئېلىپ
بېرىشكە بۇيرۇدى.

ئىككى ئەۋلىيا ئۇستاز تالڭ سېڭنى شاگىرتلىرى بىلەن
بىللە نوم كۆرۈشكە بۇدساتۋا راۋىقىغا باشلاپ كەلدى. ئىككى
ئەۋلىيا تالڭ سېڭدىن ئۆزلىرىگە سوۋغا ـ سالام ئېلىپ كەلگەن-
كەلمىگەنلىكىنى سورىدى. تالڭ سېڭ بەك يىراقتىن كەلگەنلىكى-
نى، شۇڭا ھېچ نەرسە ئالغاچ كېلەلمىگەنلىكىنى ئېيتتى. ئانەن
بىلەن جيايې كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بەللى! بەللى! نومنى بىكارغا بەرسەك، كېيىنكىلەر
ئاچارچىلىقتا ئۆلۈپ كېتىدۇ! — دېيىشتى.

ۋۇكۇڭ ئۇلارنىڭ نومنى بەرگۈسى يوقلۇقىنى كۆرۈپ:

— ئۇستاز، مەن بېرىپ ساكيامۇنىغا دەي، نومنى بىزگە
ئۆزى كېلىپ ئېلىپ بەرسۇن، — دەپ ۋارقىراپ كەتتى. ئىككى
ئەۋلىيا ئۇستاز:

— بولدى بەس! بۇياققا كېلىپ نومنى ئېلىۋېلىڭلار، —
دېدى.

جۇباجيې بىلەن شا شەيخ ۋۇكۇڭغا نەسىھەت قىلىپ، نوم-
لارنى جىلدلاپ بوپىغا سېلىپ ئاندىن ئاتقا ئارتتى، قالغانلىرىنى
ئىككى باغلام قىلىپ تاڭدى. بۇدساتۋاخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ
ساكيامۇنىغا رەھمەت ئېيتىپ، تاغدىن چۈشتى.

ئۇلار تۆۋەنگە قاراپ كېتىۋاتقاندا بىردىنلا ئەتراپقا خۇشبۇي پۇراق تارقالدى. كەينىدىن بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپ، كۆكتىن بىر دىنىڭ قولى چۈشۈپ، نوملارنىڭ ھەممىسىنى بۇلاپ ئېلىپ كەتتى. ئەسلىي بۇدساتۋا راۋىقىدىكى چىراغ ياقىدىغان قەدىمىي بۇددا ئانەن بىلەن جىايېنىڭ تاڭ سېڭغا خېتى يوق نوملارنى بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپ قېلىپ ئىچى ئاغرىدى، ئۇ تاڭ سېڭنىڭ قايتىپ كېلىپ خېتى بار نوملارنى ئېلىپ كېتىشى ئۈچۈن ئەۋلىيا ئۇستاز بەي شيۇڭنى خېتى يوق نوملارنى بۇلاپ كېلىشكە ئەۋەتكەن ئىدى. ۋۇكۇڭنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئەۋلىيا ئۇستاز بەي شيۇڭ قورقۇپ نوملارنى يىرتىپ ھاۋاغا چۆرۈۋەتتى. ئۇستاز بىلەن ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرگەن نوملارنى تەردى. ئېچىپ قارىسا، ھەممىسى ئاق قەغەز ئىدى. بۇ ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى خېلى بۇرۇنلا ۋۇكۇڭنىڭ كۆڭلى تۇيغاچقا، ئۇستازىنى بېرىپ ساكيامۇنىغا ئەرز قىلىشقا تەۋسىيە قىلدى.

ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى لېيىن ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ ۋارقىرىدى. ساكيامۇنى كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بولدى بەس! بۇ ئىشتىن خەۋىرىم بار، لېكىن نوم تارقىتىش ئاسان ئىش ئەمەس ھەم بىكارغا بەرگىلىمۇ بولمايدۇ. ئىلگىرى بىكشۇلار تاغدىن چۈشۈپ بىرىنىڭكىدە نوم ئوقۇپ ئۇچ كۆرە ئۇچ شېڭ ئالتۇن ئالغان. مەن ئۇلارنى ئەيىبلىمىگەن ئىدىم. سىلەر قۇرۇق قول نوم ئالغىلى كەپسىلەر، شۇڭا سىلەرگە خېتى يوق نوم بېرىلدى. خېتى يوق نوممۇ ياخشى، ئەمما مەشرىقتىكى نادان خەلق بۇنى چۈشىنەلمەيدۇ، — دېدى ـ دە، ئانەن بىلەن جىايېغا ئىككىسىنى بۇيرۇپ ئۇلارغا خېتى بار نوم ئالدۇرۇپ بەردى.

ئىككى ئەۋلىيا ئۇستاز بۇدساتۋا راۋىقىغا كېلىپ يەنىلا ئۇلاردىن سوۋغا ـ سالام سورىدى. تاڭ سېڭ ئامال يوق ئۆزىنىڭ

ئالتۇن چۆچىكنى بەردى. ئىككى ئەۋلىيا ئۇستاز تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىغا خېتىي بار نومدىن بەش مىڭ قىرىق سەككىز جىلد بەردى، تاڭ سېڭ ساناپ ئۆتكۈزۈۋالدى.
ساكيامۇنى تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنى يولغا سېلىپ قويدى، شەپقەتكار بۇدساتۋا ساكيامۇنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:
— شاگىرتلىرى يارلىقلىرىنى كۆتۈرۈپ نوم ئەكېلىدىغان ئادەمنى تېپىپ، ئىشنى پۈتتۈردۈم. ئارىدىن جەمئىي ئون تۆت يىل يەنى بەش مىڭ قىرىق كۈن ئۆتۈپتۇ، يەنە سەككىز كۈن كەم، — دېدى.
ساكيامۇنى سەككىز ۋاجراغا تاڭ سېڭلارنى بۇلۇت بىلەن سەككىز كۈنگىچە دۆلىتىگە ئاپىرىپ قويۇشنى بۇيرۇدى. سەككىز ۋاجرا تاڭ سېڭلارغا يېتىشىپ:
— نوم ئالغىلى كەلگەن كىشى، بىز بىلەن ماڭ! — دېدى.
تاڭ سېڭلار ئاق ئات بىلەن بىللە بۇلۇت ئۇستىدە دۆلىتىگە قاراپ يول ئالدى.

## 50 - باب سەكسەن بىر مۇشكۇلاتنى تۈگىتىپ ئەۋلىيا بولۇش

بىرقانچە ئەۋلىيا شەپقەتكار بۇدساتۋانىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا تاڭ سېڭ سەپەر داۋامىدا ئۇچرىغان مۇشكۇلاتلار خاتىرىلەنگەن دەپتەرنى بەردى. شەپقەتكار بۇدساتۋا دەپتەرنى كۆرۈپ، بۇددا مۇخلىسىنىڭ سەكسەن بىر مۇشكۇلاتنى يەڭگەندىلا، ئاندىن ئەۋلىيا بولالايدىغانلىقىنى، تاڭ سېڭنىڭ سەكسەن مۇشكۇلاتقا ئۇچرىغانلىقىنى، بىر مۇشكۇلاتنىڭ كەم قالغانلىقىنى بايقىدى. ئۇ تاڭ سېڭنى يەنە بىر مۇشكۇلاتقا ئۇچرىتىش ئۈچۈن ئۇنى ئېلىپ كېتىۋاتقان سەككىز ۋاجراغا ئادەم ئەۋەتتى. ئۇ بىر

كېچە- كۈندۈزدىن كېيىن سەككىز ۋاجراغا يېتىشىۋېلىپ، ئۇ-
لارنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ قويدى. ۋاجرالار بۇ گەپنى ئاڭلاپ
شامالنى توختاتتى، تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئاق ئات
بىلەن بىللە يەر يۈزىگە چۈشۈپ كەتتى.

تاڭ سېڭ شاگىرتلىرى بىلەن يەرگە چۈشۈپ سۇنىڭ شار-
قىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۆزلىرىنىڭ تۇڭتيەنخې دەرياسىنىڭ
غەربىي قىرغىقىغا كەلگەنلىكىنى بىلدى. ئەتراپتا ئادەم يوق
ئىدى، ئۇلار دەريادىن قانداق ئۆتۈش توغرۇلۇق باش قاتۇرۇپ
تۇرغان چاغدا، بىرى ئۇلارنى چاقىردى:

— ئەۋلىيا تاڭ سېڭ، بۇياققا كەلسىلە!

ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى دەريادا ئۈزۈپ كېلىۋاتقان
يوغان بىر بىروننىنى كۆردى. ئۇ تاڭ سېڭغا يەنە:

— ئۇستاز، سىلى ئەمدى كەپتىلا، سىلىنى نەچچە
يىل كۈتتۇم، — دېدى.

تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى بىروننىنىڭ دۈمبىسىگە
چىقتى. بىرونى شەرقىي قىرغاققا ئۈزۈپ كەتتى. ئۇ دەريادا
ناھايىتى سىلىق ئۈزۈپ كېتىۋاتاتتى، قىرغاققا ئاز قالغاندا بى-
رونى تاڭ سېڭدىن:

— ئۆتكەندە، سىلىدىن بۇددا بىلەن كۆرۈشكەندە قاچان
قاپتىن قۇتۇلۇپ ئادەم سىياقىغا كىرىدىغانلىقىمنى سوراپ بې-
قىشنى ئىلتىماس قىلغان ئىدىم، بۇددادىن سوراپ باقتىلى-
مۇ؟ — دەپ سورىدى.

نەچچە يىلدىن بېرى ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى نوم ئەكې-
لىش بىلەن بولۇپ كەتكەچكە، بۇنى بۇددادىن سورىمىغان ئىدى،
يالغان گەپ قىلىشقا پېتىنالماي، بېشىنى سىلىپ گەپ قىلماي
تۇرۇۋالدى. بىرونى ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن بۇددادىن سورىمىغانلى-
قىنى بىلىپ، بىرلا سىلكىنىپ سۇ ئاستىغا كىرىپ كەتتى.
ئۇستاز ۋە شاگىرت تۆتەيلەن، ئاق ئات بىلەن نوملارنىڭ ھەممى-

ىسى سۇغا چۇشۇپ كەتتى.
بەختكە يارىشا، تاڭ سىڭ قايتىدىن تۆرەلگەنلىكى ئۇچۇن سۇغا چۆكۈپ كەتمىدى، ئاق ئات بولسا ئەجدىھا ئىدى، جۇباجيې بىلەن شا شەيخ سۇنى ياخشى ئۈزەتتى، ۋۇكۇڭ ئاجايىپ بىر ماھارەت ئىگىسى ئىدى، ئۇلار ئۇستازنى شەرقىي قىرغاققا ئا- چىقتى. تۇيۇقسىز قارا قۇيۇن چىقىپ، چاقماق چېقىپ، گۇل- دۇرماما گۇلدۇرلەپ، تاش ـ شېغىللارنى ئۇچۇرۇشقا باشلىدى. ئۇستاز ۋە شاگىرت تۆتەيلەن نوم سىلىنغان بوپىنى چىڭ بېسىپ تۇرۇۋالدى، ۋۇكۇڭ گۇرزىسىنى چىقىرىپ ئۇلارنى قوغداپ تۇر- دى. ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى بىر كېچە ھەرەج تارتتى. تاڭ ئاتقاندا جۇدۇن توختىدى. كۈن چىققاندىن كېيىن، ئۇلار بوپىنى ئېچىپ، نوملارنى ئاپتاپقا سالدى. ئۇلارنى كۆرۈپ بىر- قانچە بېلىقچى يۇگۇرۇپ كېلىشتى ھەم چېن فامىلىلىكلەر جاڭ- زىسىدىكى چېن چېڭلارنى چاقىرىپ ئەكېلىشتى. پۈتۈن كەنتتى- كى ئەر ـ ئايال ۋە قېرى ـ ياش ئۇلارنى كەنتنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قارشى ئېلىشتى. تاڭ سىڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى چېن ئائىلىسىدە غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار خوشلاشماقچى بولدى، لېكىن چېن فامىلىلىك ئاكا ـ ئۇكا بىلەن كەنتتىكىلەر ئۇلارنى قويۇپ بەرمىدى. تاڭ سىڭ شاگىرتلىرى بىلەن شۇ كەنتتە قونۇپ قالدى.
يېرىم كېچە بولغان مەھەلدە، سەنزاڭ شاگىرتلىرىنى ئويى- غىتىپ، ئاتنى يېتىلىتىپ، يۈك ـ تاقلارنى كۆتۈرتۈپ چېن فامىلىلىكلەر كەنتىدىن جىمجىت چىقىپ كەتتى. ئۇلار كېتىۋا- تاتتى، بىر چاغدا ئاسماندىن سەككىز ۋاجرانىڭ:
— قېچىپ كېتىۋاتقانلار، بىز بىلەن مېڭىڭلار! — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.
شۇنىڭ بىلەن تاڭ سىڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى تۆتەيلەن، ئاق ئات بىلەن بىللە ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. بىر كۈنگە يەتمىگەن

ۋاقىت ئىچىدە، سەككىز ۋاجرا ئۇلارنى مەشرىققە ئاپىرىپ قويدى، يىراقتىن چاڭئەن غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سەككىز ۋاجرا:

— ئەۋلىيا راھىب، بىز چۇشمەيلى. شاگىرتلىرىڭىزنىڭ چۇشۇشىمۇ ھاجەتسىز. سىز بۇ نومنى تارقىتىپ بولۇپ كەينىڭىزگە يېنىڭ، بىللە لىڭشەن تېغىغا قايتىمىز، — دېدى.

ۋۇكۇڭ:

— سىلەرنىڭ گېپىڭلار ئورۇنلۇق بولسىمۇ، لېكىن ئۇستاز ئەپكەش كۆتۈرەلمەيدۇ، ئات يېتىلىيەلمەيدۇ. ئۇنى چوقۇم بىز ئۇزىتىپ قويۇشىمىز كېرەك، — دېدى. سەككىز ۋاجرا:

— شەپقەتكار بۇدساتۋا بېرىپ - كېلىش ئۇچۇن سەككىز كۈن بەلگىلەپ بەرگەن، يەنە تۆت كۈندىن ئارتۇق ۋاقىت بار. سىلەر تېز بېرىپ، تېز قايتىڭلار، ھايال بولۇپ قالساڭلار بولمايدۇ، — دېدى - دە، تاڭ سېڭلارنى يەر يۇزىگە چۇشۇرۇپ قويدى.

تاڭ تەيزۇڭ تاڭ سېڭلارنى جىنگۇەننىڭ 13 - يىلى ئۇزىتىپ قويۇپ، چاڭئەنگە بىر كۆزىتىش راۋىقى سالدۇرغان ئىدى. شۇ كۈنى، تاڭ تەيزۇڭ ئورنىدىن چىقىپ كۆزىتىش راۋىقىغا كەلدى. ئۇشتۇمتۇت ئاسماننىڭ غەربىدە رەڭدار بۇلۇت پەيدا بولۇپ، خۇشبۇي شامال چىقتى. يىراقتىن تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى كۆرۈندى. پادىشاھ مۇلكىي ھەم لەشكىرىي ئەمەلدارلارنى باشلاپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. تاڭ سېڭ پادىشاھنى كۆرۈپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ سالام قىلدى. تاڭ تەيزۇڭ تاڭ سېڭنى قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرۇپ:

— ئاۋۇ ئۇچەيلەن كىم؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن.

تاڭ سېڭ ئۆزىنىڭ سەپەر ئۇستىدە قوبۇل قىلغان شاگىرتلىرى ئىكەنلىكىنى دېدى، تاڭ تەيزۇڭ قالتىس خۇش بولۇپ، ئۇلارنىمۇ ئوردىغا تەكلىپ قىلدى. پۇتكۇل شەھەردىكىلەر نوم

ئالغىلى كەتكەنلەرنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنى قارشى ئالغىلى كوچىلارغا چىقىشتى. تاڭ سىيىڭ بۇرۇن تۇرغان خۇڭفۇ ئىبادەتخانىسىدىكى چوڭ - كىچىك راھىبلار ئالاھىدە خۇرسەن بولۇپ كېتىشتى. ئوردىغا كىرگەندە، تاڭ سىيىڭ ۋۇ-كۇڭ، جۇباجيې ۋە شا شەيخكە نوملارنى چىقىرىپ پادىشاھقا كۆرستىشنى تاپىلىدى ۋە ۋۇكۇڭنى يولخېتىنى تاڭ تەيزۇڭنىڭ قولىغا بېرىشنى بۇيرۇدى.

ئەتىسى ئەتىگەنلىك قوبۇلدا، تاڭ تەيزۇڭ ئەتراپىدىكىلەرگە:

— مەن ئۇلارنىڭ كاتتا ئەمگىكىنى ئويلاپ كېچىچە كىرپىك قاقماي چىقتىم. ئاشۇ تۆھپىسىنى كۆزدە تۇتۇپ «خانلىق دىندىنىڭ بېشى» ماقالەم بىلەن ئۇز رەھمىتىمنى بىلدۇرۇش نىيىتىدىگە كەلدىم، — دېدى - دە، ئاغزاكى دېيىشكە باشلىدى، بۇنى خەتتات كۆچۈردى. ئاندىن پادىشاھ تاڭ سىڭنى ئوردىغا چاقىرىپ، ماقالىنى تاڭ سىڭغا بەردى. تاڭ سىيىڭ باش ئۇرۇپ پادىشاھقا رەھمەت ئېيتتى. تاڭ تەيزۇڭ تاڭ سىڭنى نومنى ئوقۇشقا دەۋەت قىلدى. تاڭ سىيىڭ:

— نومنى ئوقۇش ئۈچۈن مۇقەددەس يەرنى تېپىش كېرەك، ئوردا نوم ئوقۇيدىغان يەر ئەمەس، — دېدى.

تاڭ تەيزۇڭ بىرقانچە نومنى ئەمەلدارلارغا كۆتۈرگۈزۈپ، تاڭ سىيىڭ بىلەن ياۋا غاز مۇنارى ئىبادەتخانىسىغا باردى. تاڭ سىيىڭ پەشتاققا چىقىپ نوم قىرائەت قىلىۋاتقاندا، تۇساتتىن سەككىز ۋاجرانىڭ ئاۋازى كەلدى:

— هوي، قىرائەتخان، بىز بىلەن مېڭىڭ!

شۇنىڭ بىلەن پەستە تۇرغان ۋۇكۇڭ، جۇباجيې، شا شەيخ ۋە ئاق ئات هەممىسى تەڭلا كۆككە كۆتۈرۈلدى. تاڭ سىڭمۇ قولىدىكى نومنى تاشلاپ يەتتە قەۋەت ئاسمانغا چىقىپ كەتتى. بۇ هالنى كۆرۈپ هودۇقۇپ كەتكەن تاڭ تەيزۇڭ ۋە ئۇنىڭ

ئەمەلدارلىرى ئالدىراش كۆككە قاراپ باش ئۇرۇشتى.

سەككىز ۋاجىرا خۇشبۇي شامال بىلەن تاڭ سىڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنى ئاق ئات بىلەن بىللە لىڭشەن تېغىغا قايتۇرۇپ كەلدى، بىرىش ـ كېلىشكە سەككىز كۈن كەتتى. بۇ چاغدا لىڭشەن تېغىدىكى بارلىق ئەۋلىيالار ساكيامۇنىنىڭ قىرائىتىنى ئاڭلاۋاتاتتى. سەككىز ۋاجىرا، ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنى بۇدساتۋاخانىغا ئەكىردى. ئۇلار ساكيامۇنىغا سالام بەردى ۋە يارلىقنى ئالدى. ساكيامۇنى ئۇلارغا ۋەزىپە بەردى. تاڭ سىڭ ساۋاب ئەۋلىياسى، سۇن ۋۇكۇڭ يېڭىش ئەۋلىياسى، جۇباجيې پاكلىق ئەلچىسى، شا شەيخ ئالتۇن تەنلىك ئارخات بولدى. ئاق ئاتنى سەككىز جەننەت ئەرش ئەجدىھاسى قىلدى. ئۇلار ئەۋلىيالىق مەقامىغا يەتتى. تاڭ سىڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئالەمچە خۇش بولۇشۇپ ساكيامۇنىنىڭ شەپقىتىگە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ رەھمەت ـ ھەشقالللا ئېيتىشتى. سۇن ۋۇكۇڭ ئۇستازىغا بېشىدىكى چەمبىرەكنى ئېلىۋېتىشنى ئىلتىماس قىلدى. تاڭ سىڭ:

— سەن ھازىر ئەۋلىيا بولدۇڭ، ئەمدى بېشىڭدا چەمبىرەك يوق، — دېدى ۋۇكۇڭغا.

ۋۇكۇڭ بېشىنى سىلاپ باققان ئىدى، ئالتۇن چەمبىرەك يوق بولۇپ چىقتى. شۇندىن كېيىن ئەۋلىيالارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىشتى.

# «غەربكە ساياھەت» (ئەسلي ئەسەر)تىن بەھرىلىنىش

ئېلىمىزدىكى تۆت كاتتا كلاسسىك ئەسەرنىڭ بىرى بولغان «غەربكە ساياھەت» ئەۋلىيا ۋە ئالۋاستىلار توغرۇلۇق يېزىلغان ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئاجايىپ ئەسەر. بۇ ئەسەرنىڭ ئاجايىپ ئەسەر بولۇشى، بىرىنچىدىن، ئۇ جىددىي ۋەقەلىكلەرگە تولغان. ماھارەتلىك سۇن ۋۇكۇڭ ئاسمانغا چىقالايدۇ، يەر ئاستىغا، دېڭىز تېگىگە كىرەلەيدۇ، بىرلا موللاق ئېتىپ 180 مىڭ چاقىرىم يول باسالايدۇ، يەتمىش ئىككى خىل نەرسىگە ئۆزگىرەلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا سان ـ ساناقسىز جىن ـ ئالۋاستىلار، ئەۋلىيالارنىڭ ئەپسۇنلىرى ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. قويۇق رومانتىك تۈس بۇ ئەسەرنىڭ بەدىئىي سېھرىي كۈچىنى مەڭگۈ تارقىتىپ تۇرۇشى ئۈچۈن كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ.

«غەربكە ساياھەت» نىڭ كلاسسىك ئەسەر سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزدا جۇلالىنىپ تۇرغان تەرىپى بۇلا ئەمەس، ئاجايىپ ۋەقەلىكلەردە رېئاللىقنىڭ نۇرلىرى ناھايىتى روشەن چاقناپ تۇرىدۇ. بۈيۈك پادىشاھ يۇرۇن سۇلتان ھۆكۈمرانلىقىدىكى ساماۋى دۆلەتتە پارىخور ئەمەلدارلار، كۆزى كىچىك ئەۋلىيالار بايان قىلىنغان. بۇندىن باشقا نوم ئالغىلى ماڭغان تۆتەيلەنمۇ تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا قاتمۇقات زىددىيەتكە پېتىپ قالىدۇ، ئۇلار بەزىدە بىر ـ بىرى بىلەن ناھايىتى ئىجىل ـ ئىناق بولۇپ كېتىدۇ، بەزىدە قاتتىق ئارازلىشىپ قالىدۇ، كىشىلىك تۇر-

مۇشتىكى تراگېدىيە كۆز ئالدىمىزغا نامايان بولىدۇ.
«غەربكە ساياھەت» دېگەن بۇ ئەسەردە ئەڭ مۇھىمى، ئېپىگىلمەس-سۇناس مىللىي خاراكتېر، روشەن مۇھەببەت-نەپرەت، گۈزەل غايە ۋە ئۇلۇغ ئىجادكارلىق ئىنچىكىلىك بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن. تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى مىڭلىغان تاغ-دەريالاردىن ئۆتۈپ، سەكسەن بىر مۈشكۈلاتنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاخىرى نومغا ئېرىشىپ، پۇقرالارغا بەخت يارىتىدۇ. ناۋادا ئۇلاردا قەتئىي ئىرادە، مۇستەھكەم ئىشەنچ بولمىسا، ئۇلار ئاللىقاچان ئۇركۈپ كەتكەن قۇشلاردەك پىتىراپ، نەرسە-كېرەكلىرىنى بۆلۈشۈپ ھەرقايسى ئۆز يولىغا راۋان بولاتتى. جۇباجيې گاۋلاۋ كەنتىگە، سۇن ۋۇكۇڭ خۇاگوشەن تېغىغا قايتىپ كېتىپ ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن مەشغۇل بولۇپ يۈرەتتى. سۇن ۋۇكۇڭ ئالتۇن نۇرلار چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن جاھاندىكى تەڭسىزلىكلەرنى، ئالۋاستىلارنىڭ رەزىللىكلىرىنى كۆردى. ئۇنىڭ ھەرقانداق نوپۇزدىن قورقماي ئەركىنلىككە، تەڭلىككە ئىنتىلىشتەك جاسارىتى ھەقىقەتەن «يەر-زېمىننى لەرزىگە سېلىپ، جىن-شاياتۇنلارنى يىغلىتىدۇ».
«غەربكە ساياھەت» مىڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كىتاب بولۇپ مەيدانغا چىققان. بۇ ئەسەر ئەۋلىيا-ئالۋاستىلار تەسۋىرلەنگەن باشقا ئەسەرلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ، لېكىن ئۇ كۆپلىگەن ئەپسانىۋى چۆچەك ۋە ئەل ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەتلەر ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان. سۇڭ سۇلالىسى، يۈەن سۇلالىسى دەۋرلىرىدە «نوم ئەكېلىش ھەققىدە پاراڭ»، «غەربكە ساياھەت توغرىسىدا قىسسە»، «غەربكە ساياھەت» قاتارلىق تەختىراۋان تىياتىرلىرى ئەدەبىي ئەسەر سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. «غەربكە ساياھەت»نىڭ ئاپتورى ۋۇ چېڭئېن يوقىرىقى ئەسەرلەرنىڭ جەۋھەر قىسمىنى قوبۇل قىلىپ،

ئىجادىي ئىشلەپ، بۈگۈن بىز كۆرۈۋاتقان بۇ مەشھۇر ئەسەرنى يارانقان.
تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ۋۇ چېڭئېن ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن باشلاپلا ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلارغا قىزىقىدىكەن. ئۇ كېيىن مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىدا «غەيرىي رەسمىي تارىخىي ئوچېركلار»نى يوشۇرۇنچە ئوقۇغان، چۈنكى ئۇستازى ياكى ئاتا - ئانىسى بىلىپ قالسا بەك كايىپ كېتەتتىكەن. كېيىن بىر خىل قىزىقىش چوڭ بولغانسېرى سۇسلاشماي، بەلكى كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ بارغان. ئۇ بارغانلا يېرىدە بۇنداق ھېكايىلارنى ئىزدەپ يۈرگەن، ئاڭلىغان. ئۇنىڭ كاللىسى ئەۋلىيا، ئالۋاستىلار توغرىسىدىكى ئىشلار بىلەن تولغان. ۋۇ چېڭئېننىڭ تەسەۋۋۇرىنى قانات يايدۇرۇپ ئاسمانغا چىقىش، يەرگە كىرىشكە ئوخشاش ئىقتىدارغا ئىگە ئاجايىپ - غارايىپ ئەۋلىيا - ئالۋاستىلارنىڭ ئوبرازىنى ئىپادىلەپ بېرەلىگەنلىكىنى ئۇنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ رىۋايەتلەرگە قىزىققانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئۇ رەڭگارەڭ سىرلىق ۋەقەلىكلەردىن «قەلبىگە تولدۇرۇۋالغاچ»قا مول مەزمۇنلۇق خام ماتېرىياللار ئارقىلىق جەلپكار ھەم سىرلىق دۇنيانى بىمالال ھالدا ئوخشۇشلۇق يارىتالىغان.
لېكىن، «غەربكە ساياھەت» ئەپسانىۋى ئەسەر بولسىمۇ، ۋۇ چېڭئېن ئۆزىنىڭ بۇ ئەسەرنى «كىشىلىك دۇنيادىكى ئۆزگىرىشلەر»نى ئەكس ئەتتۈرۈش مەقسىتىدە يازغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەپسانىۋى ئەسەرلەردە كۆپ ھاللاردا بىر قىسىم جىن - ئالۋاستىلارنى يۈزەكىي تەسۋىرلەشكە ئېتىبار بېرىلىدۇ، رېئاللىقنىڭ رولىغا سەل قارىلىدۇ. ۋۇ چېڭئېن ئۆز ئەسىرىنىڭ مەخسۇس «ئاشكارا جىن - ئالۋاستىلار»غا قارىتىلغان ئەمەسلىكىنى تەكىتلەيدۇ. بۇ ھال «غەربكە ساياھەت»نى رومانىنىڭ تۇسكە باي ئەسەر بولۇپلا قالماي، بەلكى رېئاللىققا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان

ئەسەرگە ئايلاندۇرغان، ئەسەردە تۇرمۇشتىكى غايىۋىلەشتۇرۇلگەن ئوبرازلار ئارقىلىق تاۋلاپ يارىتىلغان ئەسەر قەھرىمانلىرى راستەك ھەم تېپىكلىككە ئىگىدەك بىلىنىدۇ. پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئوبرازىنى ئالايلۇق، ئۇ شوخ بىر مايمۇن، پۈتكۈل بەدىنىنى تۈك قاپلىغان، قوڭى قىزىل، قۇيرۇقى ئۇزۇن، كۈن بويى قۇلىقىنى قاشلاپ ئولتۇرىدۇ. ئۆرە ماڭالايدۇ، تىرىكچىلىك يوللىرىنى بىلىدۇ. ئەڭ غەلىتە يېرى شۇكى، ئۇ يەر - زېمىندىن ئىلاھىي ئىلھام ئېلىپ، كۈن - ئايلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەۋلىيالىق ماقامىغا يېتىپ، ئۆزگىرىشچان، كارامەت ئىگىسىگە ئايلىنىدۇ. يازغۇچى بۇ ئوبرازنىڭ ۋۇجۇدىغا باتۇرلۇق، سەمىمىيلىك خاراكتېرى بىلەن چېچەن ۋە يۇمۇرىستىك خۇلق ئاتا قىلىدۇ. يازغۇچى مۇشۇنداق ئاجايىپ تەپەككۇر بىلەن كىشىنى ھوزۇرلاندۇرىدىغان، پارلاق قەدىمىي بەدىئىي تېپىنى ماھىرلىق بىلەن يارىتىدۇ.

«غەربكە ساياھەت» «كىشىلىك دۇنيادىكى ئۆزگىرىشلەر»نى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن يېزىلغانىكەن، ئۇنداقتا بىز بۇ ئەسەردىن ئەسەر مەيدانغا كەلگەن تارىخىي كۆرۈنۈش بىلەن مەدەنىيەت كۆرۈنۈشىنى كۆرۈۋالالايمىز.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا دەۋرلىرىدە پۈتكۈل مەدەنىيەت ئېقىمى بۇددا دىنى، داۋجياۋ دىنى ۋە كۇڭزىچىلار تەلىماتىدىن ئىبارەت ئۈچ ئېقىمغا مەركەزلەشكەن. بۇ ئۈچ ئېقىم بىر - بىرىگە سىڭگەن، بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ ھەم ۋۇ چېڭئېننىڭ دىنىي تۈسكە تولغان ئەۋلىيا ۋە ئالۋاستىلار تەسۋىرلەنگەن «غەربكە ساياھەت» ناملىق ئەسىرىنى يازغان چاغدىكى ئىجادىيەت پىكىر يولى. ئەسەردە گەرچە بۇددا مۇخلىسى بولغان تاڭ سېڭنىڭ نوم ئەكېلىش جەريانى پۈتۈن ئەسەرگە سىڭدۈرۈۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇددا دىنى، داۋجياۋ دىنى ۋە كۇڭزىچىلار ئېقىمى ئاپتورنىڭ قەلىمى ئاستىدا بىر - بىرىگە سىڭ-

شىپ كەتكەن. يۇرۇن سۇلتان داۋجياۋ دىنىنىڭ باش ئىلاھى سۇپىتىدە ئەرش تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەمنىڭ مالىمانچىلىق قىلىشىغا چىدىماي، بۇددا دىنى پېشۋاسى ساكيامۇنىنى ياردەمگە چاقىرىپ كېلىدۇ. شەپقەتكار بۇدساتۋا خان ئانىنىڭ پىرونۇس شاپتۇلى بەزمىسىگە بارىدۇ. پىركامىل چىراغ ياققۇچى قەدىمىي بۇدداغا دەيدۇ، ئالتۇن تاغ ئەۋلىياسى لىڭشەن تېغىدىكى لېيىن بۇتخانىسىنىڭ دەرۋازىۋىنى بولۇپ قالىدۇ.

يازغۇچى ۋۇ چېڭئېن ئۇچۇن ئېيتقاندا، داۋجياۋ دىنىنىڭ كارامىتى ۋە كۇڭزىچىلار ئەنئەنىسى چۇشەنمەك قىيىن بولغان بۇددا دىنى تەرىقەتلىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ تونۇشتەك كۆرۈنىدۇ. بىز تاڭ سېڭنىڭ مىڭبىر جاپا ـ مۇشەققەت تارتىپ «مەغرىبتىن نوم ئەكېلىشتىن» مەقسىتى نېمە؟ مۇشۇنىڭغا قاراپ باقساق كۇپايە. «ئۇچ ئېقىمدىن بەش ئاناسىر پۇتىدۇ»، «قازا قىلغان ئەرشكە چىقىدۇ، مۇشكۇلنى يەڭگەن قايتىدىن تىرىلىدۇ، كامالەتكە يەتكەن ئۇزۇن ئۇمۇر كۆرىدۇ، ئەۋلىيا ھەممە يەرگە توسالغۇسىز بارىدۇ» بۇ ئاتالمىش بەش ئاناسىر تەلىماتى، ئەرشكە چىقىش، مۇشكۇللۇكتىن ئۆتۈش، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش دېگەنلەر بۇددا دىنىنىڭ تەلىماتى ئەمەس، بۇ خەلق ئارىسىدا ئەزەلدىن بار بولغان داۋجياۋ دىنىنىڭ تەسىرى.

ساكيامۇنىنىڭ بۇددا دىنى بىلەن مەشرىقنى ھىدايەت يولىغا باشلاش ئۇستىدە توختالغانلىقىنىڭ سەۋەبى شۇكى، كىشىلەرنى «ساداقەتسىزلىكتىن، ۋاپاسىزلىقتىن، شەپقەتسىزلىكتىن ۋە ئىنساپسىزلىقتىن، نادانلىقتىن، كۆزى كىچىكلىكتىن، بىھۇدە قان تۆكۇشتىن ۋە چەكسىز گۇناھ ـ كېبىرغا پېتىپ قېلىشتىن قۇتۇلدۇرۇش» ئىدى. ساداقەت، ۋاپادارلىق، شەپقەتلىك، ئىنساپلىق بولۇش كىشىلەرگە كۇڭزىچىلار تەلىماتىنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىنى ئەسلىتىدۇ.

كۇڭزىچىلار تەلىماتى، داۋجياۋ دىنى ۋە بۇددا دىنى قاتار-

لىقلاردىن تەركىب تاپقان ئېقىمدىن باشقا، مىڭ سۇلالىسىنىڭ
ئوتتۇرا دەۋرلىرىدە جەمئىيەت ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشى
بىلەن ئىجتىمائىي قاراش جەھەتتە بەلگىلىك دەرىجىدە ئۆزگى-
رىش بولغان. گەرچە ئەنئەنىۋى ھاكىمىيەت يەنىلا مۇستەھكەم
بولغان بىلەن، ئەمما ئۆزلۈك ئاڭ ئويغىنىشى ئېقىم سۈپىتىدە
داۋالغۇشقا باشلىغان. سۇڭ ۋە مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىد-
راكشۇناسلىقنىڭ ۋەكىللىك خاراكتىرغا ئىگە ۋەكىلى ۋاڭ ياڭ-
مىڭ «قەلبشۇناسلىق تەلىماتى»نى تەشەببۇس قىلغان. «قەلب»
دېگەنلىك «مەن» دېگەنلىك. «مەن»نى ئاساس قىلغان ھالدا
كائىناتتىكى مەۋجۇداتلارنى كۆزىتىش دېگەنلىك. مەن ئىدراكىم
بىلەن زېمىندىكى جىن - ئالۋاستىلارغا خوجايىنلىق قىلىمەن.
مېنىڭ ئىدراكىم بولمىسا، كۆكتىن كىم مەدەت تىلەيدۇ؟ مې-
نىڭ ئىدراكىم بولمىسا، كىم يەرگە قاراپ باش ئۇرىدۇ؟ مېنىڭ
ئىدراكىم بولمىسا، كىم ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ، ئاپەت
بىلەن ئامەتنىڭ پەرقىنى ئايرىيالايدۇ؟» ۋاڭ ياڭمىڭ مۇشۇنداق
دېگەن.

«غەربكە ساياھەت»تىكى ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان، ئۆزى-
نى پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم دەپ ئاتىۋالغان سۈن ۋۇكۇڭ
دەل مۇشۇنداق كۈچلۈك ئاساسىي ئاڭغا ئىگە ئوبراز ئەمەسمۇ؟
ئۇ ئەزەلدىن ئۆزىنى باشقىلاردىن تۆۋەن ھەم باشقىلاردىن ئۈس-
تۈن ئورۇنغا قويۇۋالغان ئەمەس، ئۇ پەقەت ئەركىن ياشاشنى
ئىزدەيدۇ. بۇ ئەركىن، باراۋەر ياشاشقا ئىنتىلگەنلىك بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ. ئۇ دەرىجە تەرتىپى تۆمۈردەك قاتتىق بولغان
بۈيۈك پادىشاھ يۇرۇن سۇلتان ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئەرش
دۆلىتىدە ھېچكىمگە پەرۋا قىلمايدۇ، ئۆزىنى ئاجايىپ مەغرۇر
ھەم ئەركىن ھالەتتە تۇتىدۇ. شۇڭا، سۈن ۋۇكۇڭ خورلۇققا
ھەم ئېزىلىشكە ئۇچرىغاندا، قىلچە ئىككىلەنمەي قارشىلىق كۆر-
سىتىدۇ.

«غەرىبكە ساياھەت» تىن ئىبارەت بۇ ئەسەرنى مەيدانغا كەل-
تۈرگەن مۇشۇنداق بىر مەدەنىيەت كۆرۈنۈشى بۇ ئەسەرنىڭ
ئىدىيىۋى مەزمۇنىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ ئەسەرنىڭ
ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئىنسان خاراكتېرى دىن ۋە
ئەپسانە تۈسىنى ئالغان ئاجايىپ - غارايىپ دۇنيادا ئەسلىگە
قايتىپ، يازغۇچىنىڭ رېئاللىقنى تەنقىد قىلىشىغا ۋە رېئاللىقا
ئىنتىلىشىگە تۈرتكە بولغان.

«غەرىبكە ساياھەت» تە، مەغرىبتىكى ساكيامۇنى ھەرقايسى
جايلاردىكى بۇددا مۇخلىسلىرىگە باشچىلىق قىلىدۇ. بۈيۈك پادى-
شاھ يۈرۈن سۇلتان ئەرشكە، يەر يۈزىگە ۋە ئۇ ئالەمگىمۇ
ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ۋۇ چېڭئېن بۇ يەردە كىشىلىك دۇنيادى-
كى سىياسىي ئاپپاراتلارنى ئۆرنەك قىلىپ، ئىلاھلار دۇنياسىدى-
كى سىياسىي ئاپپاراتلارنى خىيالىي يۇسۇندا مەيدانغا كەلتۈرىدۇ
شۇنداقلا ئىنسانلار دۇنياسىدىكى سىياسىي ئاپپاراتلاردا مەۋجۇت
بولۇپ تۇرۇۋاتقان بىر قىسىم غەلىتە شەكىللىك نەرسىلەرنىمۇ
تەڭرى ئوردىسىغا كۆچۈرۈپ كېلىدۇ.

بۇنىڭغا ئەڭ تىپىك مىسال شۇكى، تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ
شاگىرتلىرى ساناپ تۈگەتكۈسىز جەبىر - جاپالارنى تارتىپ ئا-
خىرقى مەنزىلگاھ — لىڭشەن تېغىغا يېتىپ بارىدۇ. ساكيامۇنى
شاگىرتلىرىدىن ئانەن بىلەن جىيايېنى تاڭ سېڭ بىلەن ئۇنىڭ
شاگىرتلىرىغا سەدىقە تامىقى بېرىش، ئاندىن نوم ئېلىپ بېرىشكە
بۇيرۇيدۇ. كىم بىلسۇن، بۇ ئىككى ئەۋلىيا نومۇس قىلماستىن
تاڭ سېڭدىن، ئۇنىڭ مەشرىقتىن مۇشۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى،
ئۆزلىرىگە بىرەرنىڭ سوۋغا - سالام ئەۋەتكەن - ئەۋەتمىگەنلى-
كىنى سورايدۇ. تاڭ سېڭ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ
قالىدۇ. ئۇ ئىككىسى: «نومنى بىكارغا بېرىۋەتسەك، بىزدىن
كېيىنكىلەر ئاچ قېلىپ ئۆلمەمدۇ! » دەيدۇ. توغرا سۆزلۈك
سۇن ۋۇكۇڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇلارنى ساكيامۇنىغا ئەرز قىلىدى-

غانلىقى توغرۇلۇق داۋراڭ سالىدۇ. ھېلىقى ئىككىيلەن قورقۇپ كېتىپ ئۇلارغا نومنى بېرىدۇ.

ھېلىمۇ ياخشى، نوم قويۇلغان راۋاقتىكى چىراغ ياققۇچى قەدىمىي بۇددا ھېلىقى ئىككىيلەننىڭ تاڭ سېڭلارغا خېتى يوق نومنى بەرگەنلىكىنى بىلىپ، دەرھال سېھىرنىڭ كۈچى ئارقى-لىق ئۇلارنى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلىدۇ. تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى نائىلاج لىڭشەن تېغىغا يەنە قايتىپ كېلى-دۇ. سۈن ۋۇكۇڭ: ئۇلار ساكيامۇنىغا چاققۇچە، دەرھال بېرىپ ئۇلارنىڭ پارا يېمەكچى بولغانلىقىدىن ھېساب ئېلىشنى ئوي-لايدۇ.

لېكىن، سۈن ۋۇكۇڭ يۇقىرىدىكى ئىشلارنى غەزەپ بىلەن ساكيامۇنىغا دېگەندە، ساكيامۇنى نوم تارقىتىشنىڭ ئاسان ئە-مەسلىكىنى، بىكارغا بەرگىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ يەنە قىرائەت قىلغان بىرىنىڭ ئۈچ كۈرە ئۈچ شېڭ ئالتۇنغا ئېرىشكەنلىكىنى مىسال قىلىدۇ. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى-نىڭ مۇشۇنداق قاپ يۈرەك ھەم مۇشۇنداق داپ يۈز ئىكەنلىكى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئاخىر تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئالتۇن چۆچەكنى ئانەنگە تەقدىم قىلىپ خېتى بار نومنى ئېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. كىشىلىك جەمئىيەتتىكى پارىخور ئەمەلدارلار ئەۋلىياگاھدىمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن!

ئەۋلىيا پېشۋا ئۆزىنىڭ ئىسكىر - نايابلىرىنى ئوغرىلىقچە يەۋالغان سۈن ۋۇكۇڭدىن ھەر ۋاقىت يۈرىكى سۇ ھالدا تۇرىدۇ. ئۇ پۇرسەت كەلگەن ھامان سۈن ۋۇكۇڭنى تۇتۇپ رەم ئوچىقىغا سېلىپ ئوتتا 49 كۈن كۆيدۈرۈشنى ئىستەيدۇ. بۇ ئەۋلىيادا كەڭ قورساقلىق نېمە قىلسۇن، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىچى تار، كۆزى كىچىك بىر زات ئىدى. سۈن دەرۋىشنىڭ جېنى چىڭ چىقىپ قالىدۇ، ئەۋلىيا پېشۋا ئۇنى كۆيدۈرۈپ ئىسكىر - ناياب قىلىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە سۈن ۋۇكۇڭ رەم ئوچىقىدىن كۆزلە-

ىرىدىن ئۇت چاقنايدىغان بولۇپ چىقىدۇ.
خەلق ئارىسىدا «ئىت ئىگىسى بىلەن كۆچلۈك» دېگەن گەپ بار. بۇ ئەۋلىيالارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى مەخلۇقلار ئۆزلىرى-نىڭ ئەۋلىيا خوجايىنلىرىغا تايىنىپ يەر يۈزىگە چۈشۈپ ھەممە ئەسكىلىكنى قىلىشىدۇ. مەسىلەن، ئەۋلىيا پېشۋانىڭ كۆك كالىسى، پۈشەن ئىلاھىنىڭ كۆك شىرى، ۋېنشۇنىڭ ئاق پىلى، چاڭئېنىڭ توشقىنى... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى نۇرغۇن گۇناھ-لارنى ئۆتكۈزىدۇ. ئىگىلىرى ئۇلارنى سۈرۈشتە قىلمايدۇ، ھەتتا بەزىدە سۇن ۋۇكۇڭ ئۇلارنى غەزەپ ئاچچىقىدا گۇرزىسى بىلەن بىرنى سېلىپ ئاچچىقىنى چىقارماقچى بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئىگە-لىرى سۇن ۋۇكۇڭنى توسىدۇ.
ئەرش ئوردىسى — ھۆكۈمران سىنىپلار ئەزەلدىن جەننەتكە ئوخشاش گۈزەللەشتۈرگەن، ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مۇ-قەددەس جاي. لېكىن، بۇ جاي ۋۇ چېڭئېننىڭ قەلىمى ئاستىدا ئالدامچىلىققا ۋە ساختىلىققا تولغان جاي دەپ تەسۋىرلەنگەن. بۈيۈك پادىشاھ يۈرۈن سۇلتان ۋە ئۇنىڭ مۇلكىي ھەم لەشكىري ئەمەلدارلىرى يەر يۈزىدىكى ھۆكۈمرانلارغا ئوخشاش ۋەھشىي، رەھىمسىز، چاكىنا ھەم قابىلىيەتسىز. شا شەيخ بىر روجەك ئەينىكىنى چېقىپ قويغانلىقى ئۈچۈن جازالىنىدۇ. ئۇ ئەسلىي خىسلەتدار قەسىردىكى پەردە قايرىغۇچ سەركەردە ئىدى. خان ئانىنىڭ پىرونۇس شاپتۇلى بەزمىسىدە ئېھتىياتسىزلىقتىن شاھا-نە روجەك ئەينىكىنى چېقىپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۈيۈك پادىشاھ ئۇنى سېھىرلىۋېتىدۇ. ھېلىمۇ ياخشى يالاڭ ئاياغ ئەۋلى-يا ئارىغا كىرىپ شا شەيخنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇۋالىدۇ، ئۇ يەنىلا سەكسەن قامچا يەپ، ليۇشاخې دەرياسىغا پالىنىدۇ.
ئۇلار سۇن ۋۇكۇڭغا تېخىمۇ شەپقەتسىزلىك قىلىدۇ. ئۇنى ئالۋاستىلارنى بويسۇندۇرىدىغان تۇۋرۈككە باغلاپ قويۇپ قىلىچ ئۇرىدۇ، پالتا بىلەن چاپىدۇ، نەيزە تىقىدۇ، كۆيدۈرىدۇ. ھەتتا

ئەۋلىيا پەيشۋانىڭ ئوچىقىدا 49 كۈن ئوتقا سالىدۇ. ئاخىر، ساكيامۇنى ۋۇجىشەن تېغىغا باستۇرۇپ قويىدۇ. ئۇ تۆمۈر ساقا يەپ، مىس شەربىتى ئىچىپ، تاغ ئاستىدا بەش يۈز يىل بېسىلىپ ياتىدۇ.

ئۇلار رەھىمسىز بولۇپلا قالماي، بەلكى يۈزسىز ھەم ھىيلىگەر. ئۇلار سۈن ۋۇكۇڭغا يالغان ئەمەل بېرىپ، ئۇنى ئاتلارغا قارايدىغان «مىراخور» قىلىپ قويىدۇ. كېيىن پىرونۇس شاپتۇلى بېغىغا قارىتىدۇ. ئالدانغانلىقىنى بىلگەن سۈن ۋۇكۇڭ ئەرشنى مالىمان قىلىدۇ. ئۇلار شۇندىلا سۈن ۋۇكۇڭنىڭ تەلىپىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا «پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم» دېگەن نامنى بېرىدۇ.

قابىلىيەتسىز ۋايجىراۋانا، قۇرۇق ھەيۋىسى بار زور ئەۋلىيا، قېرى مەككار تارىق چولپان بوۋاي··· قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يازغۇچى مەسخىرە قىلىدىغان ئوبيېكتقا ئايلىنىدۇ.

«غەربكە ساياھەت» ناملىق بۇ ئەسەرگە سىڭدۈرۈلگەن شان- شەرەپ نۇرى سۈن ۋۇكۇڭغا ئوخشاش ئەپسانىۋى قەھرىمانىنىڭ ۋۇجۇدىدا چاقنايدۇ. ئىلگىرىكى نوم ئېلىشقا دائىر ئەنئەنىۋى ھېكايىلەردە سۈن ۋۇكۇڭ بۇددانىڭ جازاسىغا ئۇچرىماستا، قابىلىيەتتە تەڭدىشى يوق، ھەممە يەردە ئەسكىلىك قىلىپ يۈرۈيدىغان مەخلۇق ئىدى.

«غەربكە ساياھەت»تە، ئۇ سەبىي، باتۇر ھەم زېرەك، شوخ ئۆسمۈر ئوبرازى بىلەن مەيدانغا چىقىدۇ. ئۇ «پاراغەتلىك خۇاگوشەن تېغىنىڭ سۇ پەردىلىك غارى» نى تېپىپ، مايمۇنلار تەرىپىدىن ھۆرجامال مايمۇن پادشاھ بولىدۇ. ئۇ ئۆزى خان، ئۆزى بەگ بولۇپ ياشاشتىن قانائەت ھاسىل قىلماي «قېرىماسلىقنىڭ ئامالىنى ئۆگىنىپ، ئەزرائىلنىڭ ئازابى» دىن قۇتۇلۇشنى ئويلاپ، ئۆزى يالغۇز «جاھان كېزىپ دۇنيانىڭ چېتى» گە بارىدۇ.

ئەرش ئوردىسىدىكى قاتتىق دەرىجە تەرتىپىگە قارشى تۇ-

روش، ئۆزىنىڭ كىشىلىك غۇرۇرىنى قوغداش ئۈچۈن، سۇن ۋۇكۇڭ ئەرشنى مالىمان قىلىۋېتىدۇ، «توققۇز نۇرلۇق يۇلتۇز ئىشىك ـ دېرىزىلىرىنى ئېتىۋالىدۇ، تۆت ئەرش پادىشاھى ئىز-تىزسىز يوقاپ كېتىدۇ». سەلتەنەتلىك ھەم سۇرلۇك ساماۋى ئوردىنىڭ سۇن ۋۇكۇڭ ئەبجىقىنى چىقىرىۋېتىدۇ. ھۆرمەتكە سازاۋەر يۇرۇن سۇلتان قورققىنىدىن چارىسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇنى كۆرۈپ تۇمەن ئەرش لەشكەرلىرى لاغىلداپ تىت-رەپ كېتىدۇ. سۇن ۋۇكۇڭنىڭ نەزىرىدە نە نوپۇز، نە يۇقىرى-تۆۋەنلىك بولمايدۇ. ئۇ تۇنجى قېتىم تارىق چولپان بىلەن سۇر-لۇك پۈشتپەلەك سارىيىغا بارغان چاغدا، «تەزىم بەجا كەلتۈرمەي بىر چەتتە مەيدىسىنى كېرىپ» تۇرىدۇ. ئەتراپتىكى ئەۋلىيالار ئۇنىڭغا «يۇرۇن سۇلتانغا ھەشقاللا دېگىن» دەپ تۇۋلىغاندا، ئۇ «غەزەل ئوقۇش بىلەن چەكلىنىدۇ».

سۇن ۋۇكۇڭ ئەرشنى مالىمان قىلغاندىن كېيىن، يۇرۇن سۇلتان ساكيامۇنىنى تەكلىپ قىلىدۇ. ساكيامۇنى سۇن ۋۇ-كۇڭنى سوراق قىلىدۇ، سۇن ۋۇكۇڭ قىلچە تەپ تارتماي: «مەن زېمىندىن يارالغان خىسلەتلىك ئەۋلىيا، خۇاگوشەندىكى قېرى مايمۇنمەن… خۇاگوشەن پۈشتپەلەك ئوردىسىدىنمۇ قەدىم جاي، تارىختا ئۆتكەن پادىشاھلارغا پادىشاھلىق باشقىلاردىن قال-غان. كۈچلۈكلەر ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان بۇ زاماندا پادىشاھ-لىقنى ماڭا ئۆتىنىپ بېرىش كېرەك، باشقىلارنى بېسىپ چۈ-شۈش پەقەت باتۇرلارنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ» دەپ جاۋاب بېرى-دۇ. ئۇ ھۆكۈمرانلارنى كۆزگە ئىلمايدۇ، ھەتتا ۋارقىراپ تۇ-رۇپ: «پادىشاھلىقتا نۆۋەتلىشىپ ئولتۇرىمىز، كېلەر يىلى ئەرش ئوردىسىغا مەن خوجايىن بولىمەن» دەيدۇ. بىز مۇشۇ گەپتىن بىر غەيۇر ئىسيانكار قەھرىمانىنىڭ ئوبرازىنى كۆرەلەي-مىز.

كېيىن بېشىغا ئەپسۇن چەمبىرىكى كىيىلىپ قالغان بول-

سىمۇ، سۇن ۋۇكۇڭ يەنىلا ئۆزىنىڭ «ئەسلىي ئەقىدىسى»نى ساقلاپ قالىدۇ. ئۇ شۇەنزاڭنى «يارىماس»، ساكيامۇنىنى «ئال-ۋاستىنىڭ جىيەنى»، ئەجدىھا پادىشاھىنى «مۇڭگۈزلۈك سازاڭ قۇرت، قاسىراقلىق لاي يېگەك» دەپ مەسخىرە قىلىدۇ. پەدەر-بۇزرۇكۋارلارنى چاقچاق ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرۇۋالىدۇ. بۇ خىل شۆھرەت ئېڭى سۇن ۋۇكۇڭنىڭ گۈزەل خىسلىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

سۇن ۋۇكۇڭ ھاكاۋۇر بولسىمۇ، لېكىن نوم ئەكېلىش سەپىرىدە «ئالتۇن توقىلىق دىلىپسەن گۈرزىسىنى ئوينىتىپ، خېيىمخەتەرگە تولغان مۇشكۇل سەپەرنى ئاسان قىلىدۇ». ئۇ يول بويى جىن - ئالۋاستىلارنى يوقىتىپ، نوم ئەكېلىشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. يازغۇچى بۇ يەردە ئۆزىنىڭ تالانتلىقلار نۇقتىئىنەزىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا دەۋرىدە ھۆكۈم سۈرگەن قالايمىقانچىلىق ۋە بىر تۈركۈم ناكەس-لەر دەۋر سۈرگەن ۋەزىيەتتە زادى كىم ھەقىقىي نىجاتكار؟ ئەرش ئوردىسىدىكى خۇشامەتچى ئەمەلدارلار، مەسىلەن: ساختا رەھىمدىللىكنىڭ ئۈلگىسى بولغان تارىق چولپانمۇ ياكى باشقى-لارغا ھەيۋە كۆرسىتىدىغان ۋايجىراۋانامۇ؟ مۇشۇ مەسىلە ھەققى-دە يازغۇچىنىڭ كۆڭلىدە ئەنئەنىۋى ئىدىيە ئاسارىتىگە چىرمى-لىپ قالمىغان ھەم يۇقىرى ئىقتىدارغا ئىگە بولغان سۇن ۋۇ-كۇڭغا ئوخشاش تالانت ئىگىلىرىلا ھەقىقىي قەھرىمان، دېگەن ئۇقۇم بار. ئەمەلىيەتتە يازغۇچى سۇن ۋۇكۇڭدىن ئىبارەت بۇ ئوبرازدىن پايدىلىنىپ، دەۋرنىڭ ئىللەتلىرىنى داۋالايدىغان بىر رېتسېپنى جىددىي ئىدىيە سۈپىتىدە ئەپسانىۋى تۈس ئالغان بۇ بۈيۈك ئەدەبىي ئەسەرگە سىڭدۈرگەن.

«غەربكە ساياھەت»نىڭ بىزنىڭ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلى-شىمىزغا ئەرزىيدىغان يەنە بىر تەرىپى شۇكى، كىتابتا ئىنسان ماھىيىتىگە ئىلتىجا قىلىنغان، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مۇتە-

پەككۇر لى جى ئۆزىنىڭ «براھمانەمە» دېگەن ئەسىرىدە ھۆكۇ-
مەت تەرەپىنىڭ ئىدىيە ياقتىن چىرىتىشىگە ئۇچرىمىغان ساددا
ھەم سەمىمىي روھىي ھالەتنى تەرىپلەپ، ئىنساندا ئەركىن يا-
شايدىغان تۇغما خاراكتېر بولۇشى كېرەك دەيدۇ. سۇن ۋۇكۇڭ
بىلەن تەڭ ئاپىرىدە بولغان شۆھرەت گۈزەللىكى دەل «سەبىي
قەلب» نىڭ ئىنكاسى، بۇ ئەمەلىيەتتە، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە
يېڭىدىن گۈللەنگەن شەھەر ئاھالىلىرى قاتلىمىنىڭ ئىللەت ئى-
دىئولوگىيىسى ۋە كىشىلىك ھاياتقا بولغان يېڭىچە قاراش.

رېئاللىقنى مازاقلاش ۋە تەنقىدلەشتىن باشقا، «غەربكە سا-
ياھەت» نوم ئالغىلى غەربىي دىيارغا بېرىش جەريانىدىكى مۇشكۇ-
لاتلاردىن پايدىلىنىپ، ئىنسانلارنىڭ ئېتىقاد، ئىرادە ۋە قەلبىگە
قىلىنغان رىقابەت ۋە ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلىشقا ئوقۇلغان
مەدھىيە ناخشىسىنى ياراتتى. نوم ئالغىلى ماڭغان تۆتەيلەننىڭ
ئىچىدە، سەنزاڭ رەھىمدىل ھەم ئاجىز، سۇن ۋۇكۇڭ ماھارىتى
ئۈستۈن، جۇباجيې نەپسانىيەتچى، شا شەيخ ياۋاش ھەم سادىق.
ئۇلارنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ئوخشىمايدۇ، سالاھىيىتى ئاسمان -
زېمىن پەرقلىنىدۇ، بىر - بىرىنىڭ بېشىنى سىلايدۇ، ئوتتۇرد-
سىدا زىددىيەتلەرمۇ ساماندەك كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ نوم
ئالغىلى بارىدىغان ئىشى سۇغا چىلىشىپ قالغىلى تاس- ماس
قالىدۇ. ئوقۇرمەنلەر بۇ چاغدا ئىختىيارسىز ئەندىكىپ كېتىدۇ،
ھېلىگەر پاسىق سۆڭەك ئالۋاستى تاڭ سېڭنىڭ رەھىمدىللىكد-
دىن پايدىلىنىپ نەچچە قېتىم ئۇنىڭ ئىشەنچىگە ئىگە بولۇۋال-
دۇ، لېكىن ئۇ سۇن ۋۇكۇڭنىڭ نۇر چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلد-
رىدىن قۇتۇلالمايدۇ، سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنى كۆرگەن ھامان «گۇر-
زىسى بىلەن ئۇرىدۇ» . ئەمما، ھېلىقى مەخلۇق جەسەت پارچىلا-
ش ھىيلىسىنى قوللىنىپ، تاڭ سېڭنى ئازدۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ.
جۇباجيې بولسا ئارىغا سوغۇقچىلىق سېلىپ: «ئاغام بىگۇناھ
ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ چەمبىرەك چىڭىتىش ئەپسۇنىنى ئو-

قۇشلىرىدىن قورقۇپ، قەستەنگە سېھىر ئىشلىتىپ، تاماقنى بۇ نەرسىلەرگە ئايلاندۇرۇۋەتتى، ئۇ كۆزلىرىنى باغلاۋاتىدۇ» دەيدۇ. تاڭ سېڭ جۇباجيېنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، چەمبىرەك چىڭىتىش ئەپسۇنىنى ئوقۇيدۇ، بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ توپنىڭ ئارىسىدا زىددىيەت تولا، ئاخىر تاڭ سېڭ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ سۇن ۋۇكۇڭنى شاگىرتلىقتىن بوشىتىۋېتىدۇ. سۇن دەرۋىش «كۆزلىرىنى ياشلاپ، دەردىنى يۇتۇشقا مەجبۇر بولىدۇ».

لېكىن، بۇ توپ بۆلۈنۈپ كەتكەن چاغدا، ئۇلارنىڭ بېشىغا تۆپە - تۆپىلەپ پاراكەندىچىلىك كېلىدۇ، سەنزاڭنى قاراڭغۇ ئورمانلىقتا ئالۋاستىلار تۇتۇۋالىدۇ، جۇباجيې ئالۋاستىلارغا تەڭ كېلەلمەي، سۇن ۋۇكۇڭنى جەڭگە تەكلىپ قىلىپ خۇاگوشەنگە بارىدۇ. جۇباجيې قىزىقتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ سۇن ۋۇكۇڭنى نىيىتىدىن ياندۇرىدۇ. سۇن ۋۇكۇڭ ئالۋاستىلارنى پەم بىلەن يېڭىدۇ. نوم ئالغىلى بېرىش يولىدا ئوبيېكتىپ مۇشكۇللەردىن باشقا، نوم ئالغىلى بارغانلارنىڭ قەلبىنى چىرمىۋالغان ئىللەتلەردىن غالىب كېلىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۆزئارا ئىشىنىش ۋە سەممىي ھەمكارلىق بولغاندىلا مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ.

تاڭ سېڭچۇ؟ ئالۋاستىلار ئۇنىڭ گۆشىنى يېمەكچى بولىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا ئۇ شەھۋەت ئۇچقۇنلىرىنىڭ ئازدۇرۇشىغا دۇچ كېلىدۇ، چاشقان ئالۋاستى ئۇنى ئۆزى بىلەن تويلىشىشقا قىستايدۇ، ئاياللار دۆلىتىنىڭ پادىشاھى ئۇنى نازۇ كەرەشمە بىلەن ئېلىپ قېلىش قەستىدە بولىدۇ. ئۇلار تاڭ سېڭنىڭ ئېتىقادى بىلەن روھىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولىدۇ، ئۇلار ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىمۇ دەل مۇشۇ ئىدى. يازغۇچى مۇشۇ ئارقىلىق غايە ۋە ئېتىقادقا بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىش يەنى ھاياتنىڭ پىشىپ يېتىلىشى، ئەڭ ئاخىرىدا ھاياتنىڭ شانۇ شەۋكەتلىك پەللىسىگە يېتىشنى ئىپادىلىمەكچى بولغان. بىراق، بۇ

خىل روھنىڭ ئەڭ يۇقىرى چوققىسىغا يېتىش تەبىئىي ياۋايىلىق-
نى جارى قىلدۇرۇشتىن قانچىلىك تەس ـ ھە!

يۇقىرىدا بىز «غەربكە ساياھەت» ناملىق بۇ ئەسەرنىڭ ئىدە-
يىۋى مەزمۇنىنىڭ موللۇقى ھەم چوڭقۇرلۇقى توغرىسىدا توخ-
تالدۇق. بىر بەدىئىي ئەسەرنىڭ ئالاھىدە بەدىئىي سېھرىي كۈچ-
كە ئىگە بولالىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب شۇ يەردىكى، مەزكۇر
ئەسەر ئەۋلادمۇ ئەۋلاد كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدۇ.

«غەربكە ساياھەت» نىڭ سېھرىي كۈچى توغرىسىدا توختى-
لىشقا توغرا كەلسە، ئالدى بىلەن ئالاھىدە يارىتىلغان پېرسوناژ-
لار ئۈستىدە توختىلىش كېرەك. «غەربكە ساياھەت» جىن -
ئالۋاستىلار تەسۋىرلەنگەن ئەسەر. ئەسەردە تالاي جىن ـ ئالۋاس-
تىلار مەيدانغا چىقىدۇ. مەزكۇر ئەسەردە رېئال تۇرمۇشقا نىسبە-
تەن چوڭقۇر ئىستىئارە قىلىنغان بولغاچقا، بۇ ئالۋاستىلارنىڭ
ۋۇجۇدىدا ئادەملەرگە خاس پەزىلەت بار. ئەمەلىيەتتە، ھايۋانىي،
ئادىمىي ۋە ئىلاھىي ئامىللارنىڭ بىرلىشىپ كېتىشى ئوبراز
يارىتىشنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى.

باش قەھرىمان سۇن دانىشنى ئالايلى، ئۇنىڭ ئاغزى ئۇچ-
لۇق، مەڭزى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن، قوڭى قىزىل، ئۇزۇن
قۇيرۇقلۇق، ئىچ مايماق، ئىغاڭلاپ ماڭىدۇ. ئۇ چاققان، جىم
تۇرالمايدۇ، دەل ـ دەرەخلەرگە يامىشىپ چىقىپ مېۋىلەرنى
ئۈزۈپ يەيدۇ. ئۇ خان ئانىنىڭ شاپتۇللىرىنى ئوغرىلىقچە يەپ،
بويى بارماقچىلىك كېلىدىغان پاپىغا ئايلىنىپ شاختا ئۇخلايدۇ،
ئۇ ئەۋلىيا پېشۋانىڭ قاپاقلىرىدىكى ئىسكىر ـ نايابلىرىنى «گويا
پۇرچاق قومىچىنى يېگەن پەدىدە يەيدۇ»، خەتەرلىك پەيتلەردە
ياۋ بىلەن ئېلىشقان چاغدىمۇ، ئۇ مايمۇنغا خاس مىجەزىنى، پەم-
پاراسىتىنى ھەم سالاپىتىنى ئۆزگەرتمەيدۇ.

سۇن دانىش ئالتۇن مۇڭگۈزلۈك پادىشاھ، كۈمۈش مۇڭ-
گۈزلۈك پادىشاھ بىلەن ئېلىشقاندا، ئېلىشىشقا ئويۇن ئورنىدا

مۇئامىلە قىلىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن ئاجايىپ ئاماللارنى ئويلاپ تاپىدۇ. «سون ۋۇكۇڭ ئالتۇن توقىلىق دىلىپسەن گۈرزىسىنى كۆتۈرۈشىگە، ھېلىقى ئالۋاستى پۈتلىشىپ يىقىلىپ كېتىدۇ». سون ۋۇكۇڭ ئۇ ئالۋاستىغا «شاكىچىك دەرۋىش مېنىڭدەك كاتتا دەرۋىشنى كۆرۈپ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن يىقىلىپ بەردى» دەپ مازاق قىلىدۇ. بۇ كۆرۈنۈشتىن ئوقۇرمەنلەر ئۇنىڭ دانىشمەنلىكىگە قايىل بولماي تۇرالمايدۇ. سون ۋۇكۇڭ يۇقىرى ماھارەت ئارقىلىق ھىيلە ئىشلىتىپ، ئالۋاستىلارنىڭ خاسىيەتلىك قىزىل ئالتۇن قاپىقى بىلەن قوي مېيىدا مايلىغان قاشتېشى كوزىسىنى ئالداپ ئېلىۋالماقچى بولىدۇ. لېكىن، ئۇ قىزىل ئالتۇن قاپاق بىلەن قوي مېيىدا مايلىغان قاشتېشى كوزىنى «كۈچ سەرپ قىلماي ئېلىۋېلىپ»، «نامىنى بۇلغاشنى خالىمايدۇ» ـ دە، ئەپچىل چارە ئويلاپ، يالغان قاپاقتىن بىرنى ھازىرلايدۇ. بۇ قاپاققا ئەرشنى قاچىلىغىلى بولىدىغانلىقىنى دەپ، ئىككى كىچىك ئالۋاستىنى ئالدايدۇ، نەتىجىدە ھەقىقىي قاپاققا ئېرىشىدۇ. بىز بۇ يەردە سون ۋۇكۇڭنىڭ چېچەنلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايمىز.

سون ۋۇكۇڭ سىياقىنى ئۆزگەرتىپ ئالتۇن مۈڭگۈزلۈك پادىشاھ بىلەن كۈمۈش مۈڭگۈزلۈك پادىشاھنىڭ ئانىسى قىياپىتىگە كىرىۋالىدۇ، ئۇ ئېڭىشىپ تۇرۇپ ئوغۇللىرى بىلەن كۆرۈشكەن چاغدا قىزىل قوڭى كۆرۈنۈپ قالىدۇ، جۇۋاجىيى سون ۋۇكۇڭنى «قوڭى» دىن تونۇۋالىدۇ. سون ۋۇكۇڭنىڭ مايمۇنلارغا خاس قىياپىتىنى يوشۇرۇپ كەتكىلى بولمايدۇ!

سون ۋۇكۇڭ ئالۋاستىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن، سون دەرۋىشكە ئۆزگىرىپ ئالۋاستىلارنىڭ خاسىيەتلىك نەرسىلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئالداپ ئېلىۋېلىپ، ئۇلارغا ئىغۋاگەرچىلىك قىلىدۇ. ئۇ قارىتىپ قويۇپ يالغان قاپاقنى راست قاپاققا ئايرىۋاشلايدۇ، يەنە راست ـ يالغاندىن ئۆزىنىڭ قاپىقى

ئەركەك قاپاق، ئالۋاستىنىڭ قاپىقىنى چىشى قاپاق دەيدۇ. ئالۋاستى «بۇ قاپاقمۇ ئەركىكىدىن قورقىدۇ! چىشى قاپاق ئەركەك قاپاقنى كۆرسە، ئەركەك قاپاقنى قاچىلاشقا قانداق پېتىنالىدۇ!» دەپ سۇن ۋۇكۇڭغا ئەخمەق بولىدۇ. مانا بۇ يەرگە كەلگەندە ھەرقانداق بىر ئادەم كۈلمەي تۇرالمايدۇ. مۇشۇنداق خەتەرلىك ھەم ئۆزگىرىشچان ۋەزىيەتكە قويۇق يۇمۇرىستىك تۈس سىڭدۈرۈش پەقەت سۇن دانىشىنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ.

ئەمما، سۇن دانىش پەقەتلا بىر مايمۇن بولماستىن، ئۇ ئۆزگىرەلەيدۇ، ماھارەتلىك، كارامىتى تەڭداشسىز. ئوقۇرمەنلەر سۇن ۋۇكۇڭغا ئوخشاش مۇشۇنداق بىر ئوبرازدىن زوقلىنىۋېتىپ تۇرۇپ ھەيران قالىدۇ، تۇرۇپ تېلىقىپ-تېلىقىپ كۈلۈپ كېتىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، ئۇ ئادەملەرگە خاس مىجەزگە ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتقا ئىگە. ئۇ خالىس، ھەققانىي، ئاكتىپ ھەم ئۈمىدۋار، قارشىلىق قىلىشقا باتۇر. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ يەنىلا ئاجىز تەرەپلىرى بار. مەسىلەن، ئۇ ھاكاۋۇر، ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئامراق، ئالدىراڭغۇ. جۇباجيې ئۇنىڭ مۇشۇنداق يېتەرسىزلىكلىرىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى دەيدەيگە سالىدۇ. جۇباجيې ئالۋاستىنىڭ ئاۋازىنى دوراپ «سۇن دەرۋىشمىكەن؟ ماڭا تېگىش قىلىشقا جۈرئەت قىپتىمۇ؟ ناۋادا ئۇ كەلسە تېرىسىنى شىلىمەن، پېيىنى قىرقىيمەن، ئۇستىخىنىنى غاجىلايمەن، يۈرىكىنى يەيمەن» دەيدۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان سۇن ۋۇكۇڭ «تېرىككىنىدىن مەڭزىلىرىنى قاشلاپ چىچاڭشىپ كېتىدۇ». شۇنىڭ بىلەن ئۇستازىنى قۇتقۇزۇشقا ماقۇل بولىدۇ. سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ۋۇجۇدىدا يەنىلا ئازدۇر-كۆپتۇر «ماڭا بىر كۈن ئۇستاز بولغان كىشى مېنىڭ مەڭگۈلۈك ئاتام» دەيدىغان ئەخلاق قارىشى ساقلانغان. بۇنىڭدىن ئاپتورنىڭ سۇن ۋۇكۇڭنى بىر ئادەم سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

خۇددى «دونكىخوت» رومانىدىكى دونكىخوت بىلەن ئۇنىڭ

سادىق خىزمەتكارى سانچۇغا ئوخشاش سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن جۇ-
باجيېمۇ قوشكېزەكتەك بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. جۇباجيې
ئەبجەش ئەۋلىيالارنىڭ ئەڭ ئەبجەش ئەۋلىياسى. ئۇ شەھۋانىي-
لىقنى، ئىنسانلاردا بولىدىغان تۇرلۇك ئاجىزلىقلارنى ئۆزىگە
سىڭدۇرۇۋالغان ئەۋلىيا. ئۇ ئەسلىدە ئەرشتىكى پەلەك سىپىھدا-
رى، يەتتە يۇلتۇز بىلەن ياردەمچى ئىككى يۇلتۇزدىن تەركىب
تاپقان توققۇز يۇلتۇزنىڭ پىرى بولغان، ئۇنىڭ ئەۋلىيالار دۆلى-
تىدە تۇتقان ئورنى ناھايىتى يۇقىرى بولغان.

يازغۇچى چاقچاق قىلغان ئۇسلۇبتا ئۇنى چوشقا قوتىنىغا
بەند قىلىپ قويىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ سىرتقى قىياپىتى تۇمشۇقى
ئۇزۇن، قۇلىقى يوغان، كالامپاي، ھەرىكىتى سۇس قاتارلىق
ئالامەتلەرگە ئىگە. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ئاچ كۆز، ئۇيقۇغا ئام-
راق، ھۇرۇن، ئۇنىڭدىكى بۇ ئالاھىدىلىكلەر چوشقىنىڭ ئالاھى-
دىلىكىگە ئوخشايدۇ.

ئەمما، جۇباجيې ئادەتتىكى چوشقا ئەمەس. ئۇ ئوتتۇز ئالتە
خىل ئۆزگىرەلەيدىغان، بوران مىسالى، بۇلۇت ئارا جاھان كې-
زىپ يۇرۇشتەك كارامەتكە ئىگە، بەش مىڭ تۆت يۇز سەككىز
جىڭ ئېغىرلىقتىكى توققۇز چىشلىق تىرنا كۆتۇرۇپ يۇرۇيدى-
غان، نوم ئالغىلى بېرىش سەپىرىدە سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ياراملىق
ياردەمچىسى بولغان چوشقا ئىدى.

جۇباجيې دۆت، ئاچ كۆز، شەھۋەتپەرەس، ھۇرۇن. بۇ
ئىللەتلەر ئادەملەرگە مەنسۇپ. ئۇ ئەرشتە چاڭئېغا چاقچاق قى-
لىپ قويۇپ، يەر يۇزىگە پالانغان. تۆتتە پەرز قىلىنغان جۇبا-
جيېنىڭ ئىپادىسىگە كىشىلەر ئارتۇق بىرنېمە دېيەلمەيدۇ. ئۇ
ئاياللارنىڭ ئېسىلزادىلىكى ھەققىدىكى گەپلەرنى ئاڭلاپ «ئىچى-
نى بىر نەرسە تاتىلىغاندەك بولۇپ، خۇددى يىڭنە ئۇستىدە
ئولتۇرۇۋالغاندەك سەۋرسىزلىنىپ ئولتۇرالماي قالىدۇ» . ئۇ
يەنە «ئۇستازىنىڭ قولىدىن ئىش كەلمەيدۇ، گەپنى ئوچۇق

قىلماي» دەپ تاڭ سېھٔدىن ئاغرىنىدۇ. ئۆزىنى خۇپسەن تۇتۇپ
«ئۇزاق پىلاندىن گەپ ئاچىدۇ» . ئۇ يەنە «ھەممىسىنىڭ شۇنداق
قىلغۇسى بار تۇرۇقلۇق مېنى شەرمەندە قىلىدۇ» دەيدۇ.

جۇباجيې ئەخمەق قىلىنىش داۋامىدا كۇلكىلىك ئويۇن ئوي-
نايدۇ، ھەتتا ئۇچ قىزنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى ئالماقچى بولىدۇ.
«ئاپا، تالاش - تارتىشتىن ئەنسىرىسىلە، ئۇ ئۇچلا قىزلىرىنى
ماڭا بەرسىلە، بۇنىڭدا جېدەلمۇ چىقمايدۇ، ئائىلە يوسۇنىمۇ
بۇزۇلمايدۇ. » دەيدۇ. قاپ يۇرەك جۇباجيې ئاخىرى «دەرەخكە
باغلىنىپ ئازابلىنىش» تەك ئاقىۋەتكە قالىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن جۇباجيېنىڭ سېلىشتۇ-
رۇلمىسى، نوم ئالغىلى بېرىش داۋامىدىكى ئۇزاق سەپەرگە تۇ-
گىمەس قىزىقچىلىقلارنى ئاتا قىلىدۇ. جۇباجيې يېمەك، ئۇيقۇ،
مال - دۇنيا ۋە شەھۋەتپەرەسلىكتىن پەرھىز قىلىنغان. ئۇ
كۆزىگە ئۇيقۇ ئىلىنغان ھامان دۇنيادىكى ھەممە ئىشنى ئۇنتۇي-
دۇ. ئالدىغا تائام كەلسە، ئوخشىغان - ئوخشىمىغانلىقى بىلەن
كارى يوق، كالىدەك يالماپ يۇتىدۇ. بىر نامرات دەرۋىش،
«دۇنيانى دوست تۇتمايدىغان» بىر راھىب سۇپىتىدىكى جۇباجيې
ئامال بار يوشۇرۇن پۇل يىغىدۇ، تۆت مىسقال ئالتە پۇڭ
كۇمۇشنى بىر قىلىپ قورسىقىغا تىقىۋالىدۇ. بۇ مەنزىرە سۇن
ۋۇكۇڭنىڭ خالىسانىلىقى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما شەكىللەن-
دۇرگەن. ئېلىشقان مەزگىلدە، جۇباجيې كۆكرەك كېرىپ مەي-
دانغا چۇشۇشكە پېتىنالمايدۇ، تۆھپىنى باشقىلارنىڭ ئېلىپ
كېتىشىدىن قورقىدۇ. سۇن ۋۇكۇڭ ئالۋاستىنى ئۇرۇپ ئۆلتۇ-
رۇۋەتكەندىن كېيىن، جۇباجيې تىرنىسىنى كۆتۇرۇپ كېلىپ،
ئۆزىنى تۆھپىكار قىلىپ كۆرسىتىپ تۇرۇۋالىدۇ. ئۇ ھەمىشە
مۇشۇنداق قىلىدۇ. پاسىق سۆڭەك ئالۋاستىغا ئۇچ قېتىم زەربە
بېرىشتە، جۇباجيې نەچچە نۆۋەت شۇم ئېغىزلىق قىلىپ، ئۇستا-
زىغا چەمبىرەك چىڭىتىش ئەپسۇنىنى ئوقۇتۇپ، سۇن ۋۇكۇڭنى

داغدا قويىدۇ، ھەتتا ئۇستاز سۇن ۋۇكۇڭنى ھەيدىۋېتىدۇ. ئال-
ۋاستى يوقىتىلمىغاچقا، سۇن ۋۇكۇڭ كېتىشكە ئۇنىمايدۇ. جۇ-
باجيې ھىممەتسىزلىك قىلىپ، بىرنەچچە قۇر ئەسكى - تۈسكى
كىيىم - كېچەكنى تەقسىم قىلىپ، ئاندىن كېتىمىز دەپ سۇن
ۋۇكۇڭنى ھاقارەتلەيدۇ.

يازغۇچى «دۆت چوشقا» ئالاھىدىلىكىنى تۇتۇپ جۇباجيېنى
ياراتقان. ئۆزگىرىشنى ئالساق، سۇن ۋۇكۇڭ ھەسەل ھەرىسى-
گە، كېپىنەككە، چىرايلىق قىزغا ئۆزگىرەلەيدۇ. جۇباجيې
بولسا كېلەڭسىز نەرسىلەرگە ئۆزگىرەلەيدۇ. مەسىلەن، يوغان
دەرەخ، توپا دۆۋىسى، قورام تاش، قېرى تۆگە، ھەتتا سېرىق
كېسەل تەككەن خام سېمىز راھىب قاتارلىقلارغا؛ تۆت - بەش
دورەم ئۇيان - بۇيان ئىغاڭلاپ باشقا نەرسىنىڭ سىياقىغا كىرە-
لەيدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى، خام سېمىز تېنى ۋە كالامپاي
خاراكتېرىگە ناھايىتى ماس كەلگەن.

شۇنداقتىمۇ، جۇباجيې سۇن ۋۇكۇڭنىڭ كەم بولسا بولماي-
دىغان ھەمكارى.

سۇن ۋۇكۇڭ ئۇستازىدىن ئايرىلىپ خۇاگوشەنگە كەلگەندە،
جۇباجيې ئۇنى دەيدەيگە سېلىپ ياندۇرۇپ ئەكېلىدۇ. سۇن ۋۇ-
كۇڭ ئۇلار بىلەن بىللە نوم ئالغىلى بېرىش سەپىرىنى قايتىدىن
باشلايدۇ. ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى دولقۇنلۇق تۇڭتيەنخې
دەرياسىغا كېلىپ، دەريا سۈيىنىڭ تېيىز ياكى چوڭقۇرلۇقىنى
بىلەلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالىدۇ. بۇ چاغدا زېرەك سۇن ۋۇ-
كۇڭنىڭ كاللىسىغىمۇ بىرەر ئامال كەلمەيدۇ. جۇباجيې دەرياغا
تاشنى ئېتىپ دەريا سۈيىنىڭ تېيىز ياكى چوڭقۇرلۇقىنى سىناي-
دۇ. ئالۋاستىلار بىلەن ئېلىشىش جەريانىدا، جۇباجيې سۇن
ۋۇكۇڭ بىلەن ماسلىشىشقا كېلىدۇ، سۇن ۋۇكۇڭ جۇباجيېنى
تۇرۇپ - تۇرۇپلا ئەخمەق قىلىدۇ، ئۇنى تۇرۇپ قىزغا، تۇرۇپ
سوۋغا - سالامغا ئۆزگىرىشكە بۇيرۇيدۇ، جۇباجيې باغلاقتا،

قاسقانغا چۈشۈپ قالىدۇ، ھەتتا توغرىلىپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ
كېلىدۇ. ئالتۇن مۈڭگۈزلۈك پادىشاھ بىلەن كۈمۈش مۈڭگۈز-
لۈك پادىشاھ ھۇزۇرىدا جۇباجيې سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ھەقىقىي
قىياپىتىنى بىلىپ قالىدۇ، مۇشۇنداق خەتەرلىك ئېلىشىشتا
سۇن ۋۇكۇڭ جۇباجيېنى مازاق قىلىشنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ:
«تاڭ سېڭنىڭ گۆشىنى يېمەيمەن، ئاڭلىسام جۇباجيېنىڭ قۇلى-
قى تاتلىقمىش، شۇڭا جۇباجيېنىڭ قۇلىقىنى پىشۇرۇپ شارابقا
زاكۇسكا قىلىپ يېگۈم كېلىۋاتىدۇ» . بۇ گەپنى ئاڭلاپ قورقۇپ
كەتكەن جۇباجيې «ھوي ناكەس! سەن ئەسلىي قۇلىقىمنى يېگى-
لى كەپسەن - دە! مەن بەك سەت ۋارقىراپ سالىمەن! » بۇ
ئىككى پېرسوناژ بىر - بىرىگە مانا مۇشۇنداق ھەزىل قىلىپ،
يول بويى قىزىقچىلىق بىلەن ماڭىدۇ.

تاڭ سېڭنىڭ شاگىرتلىرى ئىچىدە شا شەيخنىڭ ھېچقانداق
ئارتۇقچىلىقى يوقتەك كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە مۇشۇ توپ ئىچى-
دە، شا شەيخ مۇھىم تەڭشەش رولىنى ئويناپ كېلىۋاتقان پېر-
سوناژ. ئۇ ئالۋاستىلارنى يوقىتىشتا ياخشى ھەمكار بولۇپلا قال-
ماي، بەلكى سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن جۇباجيېنى كېلىشتۇرۇپ،
ئۇلارغا تەسەللى بېرىپ، ئوتتۇرىدىكى توقۇنۇشنى پەسەيتىدۇ.
شا شەيخ ئورۇنلۇق گەپ، سالماق ئىش قىلىدۇ، ئۇنى سۇن
ۋۇكۇڭ بىلەن جۇباجيې ئوتتۇرىسىدا سۇۋاقچىلىق قىلىدۇ دېسە
بولىدۇ.

مۇشۇ توپتا تاڭ سېڭ ھەقىقەتەن «نامدا بار، ئەمەلدە يوق»
رەھبەر. ئۇ رەھىمدىللىك ھەم يۇمشاقلىق قىلىپ، ھەمىشە
پالاكەتلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ. لېكىن، «باشچى-
سى ئاجىز، ئەگەشكۈچىلىرى كۈچلۈك» بولۇشتەك بۇنداق ھا-
لەتنىڭ ئىپادىلىنىشى دەل يازغۇچىنىڭ ماھارىتىگە باغلىق. تاڭ
سېڭ يارامسىز بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ شاگىرتلىرىغا ئۆز رولىنى
جارى قىلدۇرىدىغان چەكسىز زېمىن ھازىر بولغان. دەل ئۇنىڭ

ئاجىزلىقىدىن، پۈتكۈل سەپەر داۋامىدا ناھايىتى كۆپ خەۋپ ـ خەتەر مەيدانغا كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن «غەرىبكە ساياھەت خاتىرىسى» نىڭ ۋەقەلىكى ئەگرى ـ توقاي، ئاجايىپ قىسمەتلەرگە باي، بۇ ھال تەسۋىرنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى بىلەن سالمىقىنى ئاشۇرغان.

پېرسوناژلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، «غەرىبكە ساياھەت» كە، يازغۇچى نۇرغۇن ئاجايىپ مۇھىت ۋە ئاجايىپ ـ غارايىپ ۋەقەلىكلەرنى ئورۇنلاشتۇرغان. سۇن ۋۇكۇڭ «ئون ئايماقنىڭ تومۇرى، ئۈچ ئارالنىڭ يۈرىكى» بولغان خۇاگوشەندە تۇغۇلىدۇ. ئۇ ئەۋلىيا تاشتىن تۆرەلمە بولىدۇ. «بىر كۈندە يېرىلىدۇ، بىر كۈندە تاش تۆرەلمە بولىدۇ. تۆرەلمىنىڭ چوڭلۇقى شارچىلىك كېلىدۇ. شامال تەگكەن ھامان، تاش مايمۇنغا ئايلىنىدۇ». ئۇ پادىشاھلار بولمىغان ئەركىنلىك ئالەمدە ياشايدۇ، تۇرمۇشى باياشاتچىلىقتا، ئىسسىق- سوغۇقنى كۆرمەي ئۆتىدۇ. خۇاگوشەندىن ئىبارەت بۇ شېئىرىي ھېسسىياتقا تولغان شارائىت ئارقىلىق يازغۇچى رېئال جەمئىيەتتىكى زۇلمەت ۋە پاسكىنىچىلىقنى قاتتىق سۆكىدۇ.

يازغۇچى يەنە ئەرش ئوردىسىنى، دوزاخ مەھكىمىسىنى، ئەجدىھا سارىيىنى، ھەرقىسما خەتەرلىك تاغ ۋە دولقۇنلۇق سۇ ۋە جىن ـ ئالۋاستىلارنى خىيالىيلاشتۇرۇپ چىقىدۇ. ئەسەر سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئەرشنى مالىمان قىلىشى بىلەن باشلىنىدۇ، يازغۇچى سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئەجدىھا پادىشاھ ئوردىسىغا بۆسۈپ كىرىشكە، دوزاخ مەھكىمىسىنى قالايمىقان قىلىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. ئۇ يۇرۇن سۇلتاننىڭ پۇشتىپەلەك ئوردىسىغا، ئىنسانلارنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك دوزاخ مەھكىمىسىگە كىرىدۇ، بۇلار سۇن ۋۇكۇڭ ئىختىيارىي كىرىپ ـ چىقىدىغان مۇھىت. نوم ئالغىلى بېرىش يولىدىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ مەنزىرىلەردىن قارا قۇيۇن تېغى، سېرىق قۇيۇن چوققىسى، قارا

ئورمان، توڭتيەنخې دەرياسى قاتارلىقلارنى دېمەي تۇرايلى، ئە-
سەردە يەنە سەككىز چاقىرىم ئەتراپتا «گىياھ ئۆنمەيدىغان»
«ساۋۇت - دۇبۇلغا كىيىۋالغان بولسىمۇ، ئېرىتىپ پولات ئې-
رىتمىسى قىلىۋېتىدىغان» يالقۇنتاغ، بىر يەلپۈش بىلەن ئادەم-
نى سەكسەن تۆت تۇمەن چاقىرىم يىراقلىققا ئاپىرىۋېتىدىغان
«بانان يەلپۈگۈچ»، پۇت - قولى ۋە بەش ئەزاسى مۇكەممەل،
تۇرقى ئۇچ ياشلىق بالىنىڭ تۇرقىغا ئوخشايدىغان، بىر تال يېسە
قىرىق يەتتە مىڭ يىل ياشايدىغان «ئادەمگىياھ»، تېخىمۇ كۆل-
كىلىك يېرى شۇكى، تاڭ سېڭ بىلەن جۇباجيېنى ھامىلىدار
قىلىپ قويغان «ئانا دەريا» سۈيى قاتارلىقلار تەسۋىرلىنىدۇ.
ئاجايىپ ئادەملەر بىلەن ئاجايىپ كۆرۈنۈشلەر گىرەلىشىپ كەت-
كەن بۇنداق تەپسىلاتلارنى ھەقىقەتەن ساناپ تۈگەتكىلى بول-
مايدۇ.

ئاپتور بىر تالاي ئالۋاستىلارنى بىر تۈرۈپ قارىسا خىيال-
دەك، بىر تۇرۇپ قارىسا راستتەك قىلىپ يارىتقان. ئۇلاردا
ئادەملەرگە خاس ئىستەك، ئادەملەرگە خاس ئىدىيىۋى ھېسسى-
يات بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھايۋانلارغا خاس ئالاھىدىلىكمۇ
بار. شاپتۇل چېچىكى ئالۋاستى شاپتۇل چېچىكىنى قىسىپ
ئالىدۇ، ئۇنىڭ يۈزى ھال رەڭ. ئېشەك قۇرتى ئالۋاستىنىڭ
پۇتلىرى ئامبۇرغا ئوخشاش، ئۇ ئۇچ ئاچىماق ئارا ئىشلىتىدۇ،
ئىلمەك قۇيرۇقى زەھەر قويۇپ بېرىدۇ. تاڭ سېڭنى ئۆزى بىلەن
تويلىشىشقا قىستىغان ئاق چاشقان ئالۋاستى تۇۋى يوق ئۆڭكۈردە
تۇرىدۇ. قورقۇنچلۇق يۆگىمەچ تور غارىدىكى ئۆمۈچۈك ئالۋاس-
تى كىندىكىدىن ساناقسىز يۇمشاق مەشۇت چىقىرىدۇ. ئۇلار
قۇرت - قوڭغۇز، ھەسەل ھەرىسى تۇتۇپ يەيدۇ. لېكىن، ئۇلار
ئادەتتىكى جانلىقلار ئەمەس. خىيالىيلاشقان ئالۋاستىلار، شۇڭا
ئۇلار ئەپسانىۋىلىككە تولغان.

لېكىن، يازغۇچى ئەپسانە بىلەن دىنىي تەسۋىرلىگەن چاغ-

دا، ئۇلارنىڭ ماھىيىتى بىلەن چەكلىنىپ قالمىغان. ئەپسانە، ئالۋاستى ۋە ئادەمنىڭ چەك - چېگرىسى، پەرقى مۇتلەق تۇرغۇن ئەمەس، نىسپىي، ئۆزگىرىشچان، ھەتتا بىر - بىرى بىلەن باغلانغان، ئۆزئارا بىر - بىرىگە ئايلىنالايدۇ دەپ قارىغان. ئالۋاستىلارنىڭ ئارىسىدا بەزىلەر ھايۋاندىن ئۆزگەرگەن، ئۆمۈچۈك ئالۋاستى، ئېشەك قورتى ئالۋاستى، ۋۇگوڭ ئالۋاستى قاتارلىقلار، بەزىلىرى ئادەملەرگە ئوخشاش سەۋداسى تۇپەيلى يەر يۈزىگە چۈشۈرۈلۈپ ئالۋاستى بولۇپ كەتكەن ئەرش يۇلتۇزلىرى، بۇندىن باشقا بۇددا ساتۋا، ئەۋلىيا پېشۋا، شەپقەتچى، ئەۋلىيا ئۇستاز قاتارلىقلارنىڭ خىزمەتكارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۇچۇپ كەتكەن ياكى قېچىپ قالغان ئۇچار قاناتلار ۋە ھايۋانلار بار.

«غەربكە ساياھەت» ئېلىمىز دىن تەرەققىياتىنىڭ پاراسەتلىرىنى قوبۇل قىلغان. ۋۇ چېڭئېن «سىرتتىن ئىچىگە كىرگەن ھەم ئىچىدىن سىرتقا چىققان». ئۇ ئەمەلىيەتتە دىنىي تۇسكە ئىگە ئەپسانىلەر بىلەن خىيالىي تۇسكە ئىگە رىۋايەتلەرنى يىغىنچاقلاپ ئاجايىپ قىزىقارلىق «ئەپسانە» نى ياراتقان. بۇ يەردە نە دەرىجە، نە قائىدە - يوسۇن يوق، ئالۋاستى ھەم ئادەمنىڭ ماھىيىتى يازغۇچىنىڭ سىنىقىنى قوبۇل قىلغان. تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى نوم ئالغىلى بېرىش يولىدا سىرتتىكى ئالۋاستىلارنى يوقىتىشتىن باشقا، ئەڭ مۇھىمى كۆڭۈلدىن ئورۇن ئالغان ئالۋاستىلارنى يوقاتقان. «نىيەت تۈز بولسا ھېچكىم چېقىلالماس» دېگەندەك ئەمەلىيەتتە بۇ بىزنىڭ شەخسىي ئىرادىمىزگە بولغان مۇئەييەنلەشتۈرۈش.

«غەربكە ساياھەت» نىڭ بەدىئىي سېھرىي كۈچىنىڭ ناھايىتى چوڭ بىر قىسمى ئەسىر قۇرۇلمىسىنىڭ پۇختىلىقىدىن كەلگەن. «غەربكە ساياھەت» تە ئەسەر سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئەرشنى قالايمىقان قىلىشىدىن باشلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن «نوم ئالغىلى بېرىش سەۋەبلىرى» تىلغا ئېلىنىپ، ئاخىرىدا «مەغرىبكە نوم

ئالغىلى بېرىش» رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. «ئەرشنى مالىمان قىلىش»تا قوتراپ كەتكەن سوُن ۋۇكوڭ ئەرش بىلەن زېمىننى پاراكەندە قىلىپ، بارلىق ئەۋلىيالارنى خاۋاتىرسىزلەندۇرۇۋېتىدۇ. يازغۇچى بۇ يەردە بىزگە بىر گۇرۇپپا كارتىنىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئەۋلىيا ۋە بۇدساتۋالار تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ نوم ئالغىلى كېتىۋاتقان سەپىرىدە قايتا پەيدا بولىدۇ. سوُن ۋۇكوڭ نوم ئالغىلى بېرىش سەپىرىدە «ئېلىشمىغۇچە تېپىشالمىغان» ئەرش ۋە زېمىندىكى ئەۋلىيالارنى ئالۋاستىلارنى يوقىتىپ بېرىشكە ياردەمگە چاقىرىدۇ ۋە ئۇلارغا ئىلتىماس قىلىدۇ، ئۇ بۇ جەرياندا نوم ئالغىلى ماڭغان كىچىك ئەترەتنىڭ مۇناسىۋەت مىنىستىرى بولۇپ قالىدۇ. سوُن ۋۇكوڭغا تەڭ كېلەلمىگەن ئەۋلىيا ئېرلاڭ سوُن ۋۇكوڭنىڭ توقۇز باشلىق قۇرتقا تاقابىل تۇرۇشىغا ياردەم قىلمىدىمۇ؟

قارىماققا ئەسەرنىڭ بۇ قىسمى بىلەن كەينىدىكى نوم ئالغىلى بېرىش جەريانى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى چوڭ ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە يۇقىرىقى بۆلەك ۋەقەلىكنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ئۈچۈن يول هازىرلاپ بېرىدۇ.

ئەرشنى مالىمان قىلىش پۈتكۈل ئەسەرنىڭ مۇقەددىمىسى، مەغرىبكە نوم ئالغىلى بېرىش پۈتكۈل ئەسەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى دېيىلسە، نوم ئالغىلى بېرىش سەۋەبى ئەسەرنىڭ مۇقەددىمىسى بىلەن ئاساسىي گەۋدىسى پارچىلىنىپ كەتكەن كۆندىلەڭ بۆلۈت بولۇپ هېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ رولى نېمە؟ ساكيامۇنى شەپقەتكار بۇدساتۋانى نوم ئالغىلى بارىدىغان كىشىنى تېپىش ئۈچۈن مەشرىققە ئەۋەتىدۇ. لېكىن مەشرىقتىن مەغرىبكە بارىدىغان يولدا، لىڭشەن تېغىدا لېيىن ئىبادەتخانىسىغا، خەتەرلىك تاغ ـ دەريا، قەبىھ جىن ـ ئالۋاستىلارغا يولۇقماي مېڭىش مۇمكىن ئەمەس. مەغرىبكە نوم ئالغىلى ماڭغان تاڭ سېڭنى كىم قوغدايدۇ، بۇ ئېغىر ۋەزىپىنىڭ هۆددىسىدىن كىم چىقىدۇ؟ ئۇ باشقا بىرسى

ئەمەس، ئۇ بولسىمۇ ئەرشنى قايتا ـ قايتا مالىمان قىلىپ، ئەۋلىيالارنىڭ قورشاۋىدا قولغا چۈشۈپ ۋۇخاڭشەن تېغىغا باس-تۇرۇلغان سۈن دانىش. كۆزى قەھرىمانلارنى تونۇيدىغان شەپ-قەتكار بۇدساتۋا سۈن دانىشقا كارامىتىنى كۆرسىتىدىغان پۇر-سەتلەرنى بېرىدۇ. سۈن دانىشنىڭ خاراكتېرىدە سەل ـ پەل ئۆزگىرىش بولىدۇ. ئەرشنى مالىمان قىلغاندا ئۇنىڭ خاراكتې-رىدە باتۇرلۇق تەركىبى كۆپرەك ئىدى، مەغرىبكە نوم ئالغىلى ماڭغاندا سۈن دانىش كۆرەشتە پىشىپ يېتىلىپ، ئۇنىڭدىكى پاراسەت باتۇرلۇقتىن ئېشىپ كېتىدۇ. مۇشۇنىڭدىن كۆرۈۋې-لىشقا بولىدۇكى، نوم ئالغىلى بېرىش سەۋەبى سۈن ۋۇكۇڭنىڭ ئىدىيىۋى خاراكتېر تەرەققىياتىنىڭ بەلۋېغى بولۇپ قالغان.

«ئەرشنى مالىمان قىلىش»، «نوم ئالغىلى بېرىش سەۋە-بى»، «مەغرىبكە نوم ئالغىلى بېرىش» قاتارلىق ئۈچ بۆلەك ئورگانىك بىر گەۋدىگە ئايلانغان. پۈتكۈل ئەسەردىكى ئاساسلىق بۆلەك «مەغرىبكە نوم ئالغىلى بېرىش» تا جەملىي 41 مۇستە-قىل ھېكايە بار. بىر غاردا بىر ئالۋاستى پادىشاھنىڭ، بىر ئورمانلىقتا بىر ئورمانلىقنىڭ ھېكايىسى پۈتۈلگەن. يازغۇچى نوم ئالغىلى ماڭغان كىچىك ئەترەتنى يىپ قىلىپ، مۇستەقىل ھېكايىلەرنى بىر ـ بىرىگە باغلىغان. يازغۇچى ئالدى ـ كەينىنى بىر ـ بىرىگە باغلاشقا ماھىر. ساكيامۇنى شەپقەتكار بۇدساتۋاغا ئۈچ چەمبىرەك بېرىدۇ، ئۇ ئۈچ چەمبىرەكنى ئېلىپ نوم ئالغى-لى بارىدىغان ئادەمنى تېپىش ئۈچۈن مەشرىققە بارىدۇ، ئۇ ئۈچ چەمبىرەك كېيىن جايىدا ئىشلىتىلىدۇ. بىر چەمبىرەكنى تاڭ سېڭغا بېرىدۇ. تاڭ سېڭ بۇنىڭ بىلەن سۈن ۋۇكۇڭنى بويسۇن-دۇرۇپ، ئۇنى ياۋاشلاشقا مەجبۇر قىلىدۇ. شەپقەتكار بۇدساتۋا ئالتۇن چەمبىرەك بىلەن قارا قۇيۇن تېغىدىكى ئېيىق ئالۋاستى-نى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈپ تاغ ئەۋلىياسى قىلىدۇ. ئاخىرقى چەم-بىرەكنى خوڭ خەيئېرنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ

بايلىق ئىزچىسى قىلىۋالىدۇ.

يازغۇچىنىڭ يەنە بىر ئۇستىلىقى شۇ يەردىكى، ئۇ «تەك-رارلىق ئىچىدىكى قارشى تەكرارلىق» ئۇسۇلىدا بايان قىلىش ئىستراتېگىيىسىنى قوللانغان. نوم ئالغىلى بېرىش يولىدا سەك-سەن بىر مۇشكۇلات كۆرۈلىدۇ، ھەربىر مۇشكۇلاتتا تاڭ سېڭ تۇتۇلۇپ قالىدۇ، ئۇنى سۈن ۋۇكۇڭ بىر ئامال قىلىپ قۇتقۇ-زۇپ چىقىدۇ. ۋەقەلىك مۇشۇنداق بايان قىلىنسا، ئوقۇرمەنلەر ئەسەرگە قىزىقمايدۇ. ئەمما، مۇشۇنداق يۈزەكى تەكرارلىقتا يازغۇچى ھەربىر ۋەقەلىكنى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك بىلەن يازغان. شەپقەتكار بۇددساتۋانىڭ نوم ئالغىلى ماڭغان تۆت كىشى-نى خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇشى ئەسەردە يەتتە يەردە كۆرۈلىدۇ. ئېيىق ئالۋاستى، لىڭگەن پادىشاھ، خۇڭ خەيئېرنى تەسلىم قىلىش قاتارلىق تەپسىلاتلارنىڭ ھەربىرى قىزىقارلىق ھەم جان-لىق سۈرەتلەنگەن.

سۈن ۋۇكۇڭ ھەمىشە ئالۋاستىلارنىڭ قورسىقىغا كىرىۋې-لىپ نۇسرەت قازىنىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۇسۇلىدا تەكرارلىنىش بولمايدۇ. ئۇ ئېيىق ئالۋاستىنىڭ قورسىقىغا كىرىدىغان چاغدا شىپالىق دورىغا، سېرىق قاشلىق پادىشاھنىڭ قورسىقىغا كىرى-دىغان چاغدا، ئۇنىڭ چاڭقاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ يوغان تا-ۋۇزغا ئايلىنىدۇ. تۆمۈر يەلپۈگۈچلۈك مەلىكىنىڭ قورسىقىغا ئۇ كىچىك قۇرتقا ئايلىنىپ چاي بىلەن بىللە كىرىپ كېتىدۇ، بىراق بۇ ئامال ئاق چاشقان ئالۋاستىنىڭ ئالدىدا ئاقماي قالىدۇ. ئۇ كىچىك قۇرتقا ئايلانغان سۈن ۋۇكۇڭنى چېكىپ بىر چەتكە چىقىرىپ قويىدۇ. سۈن ۋۇكۇڭ ئامالسىزلىقتىن باشقا چارە ئىزدەيدۇ. ئۇ تاڭ سېڭنى يالغاندىن ئالۋاستىغا مۇھەببەت بې-رىشكە ئۈندەيدۇ. ئالۋاستى تاڭ سېڭ نىيىتىدىن يېنىپتۇ دەپ خۇشال بولۇپ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدۇ - دە، شاپتۇلغا ئايلانغان سۈن ۋۇكۇڭنى يەۋېتىدۇ. ئۇستاز بىلەن شاگىرت

بىرلىكتە ئويۇن ئوينايدۇ. ئەڭ كۈلكىلىكى شۇكى، شىتۇشەن تېغىدا، سۈن ۋۇكۇڭنى كۆك شىر پادىشاھ بەۋېتىدۇ، شۇ قېتىم سۈن ۋۇكۇڭ ئۆزىنىڭ كەپسىزلىكىگە تايىنىپ كومېدىيىلىك كۆرۈنۈشتىن بىرنى يارىتىدۇ.

«غەربكە ساياھەت» نىڭ قۇرۇلما ئورۇنلاشتۇرۇشىدا سان ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئەسەردە سان كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، سۈن ۋۇكۇڭ ئاپىرىدە بولغان خاسىيەتلىك تاش «ئۈچ جاڭ ئالتە چى بەش سۇڭ ئېگىز، ئىككى جاڭ تۆت چى چوڭلۇق-تا، توققۇز تۆشۈك بار» دەپ يېزىلغان. بۇ تولىمۇ ئەھمىيەتلىك سان، بۇ سۈن ۋۇكۇڭنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئادەتتىكى ئىش ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ زېمىندىن كۈچ - قۇدرەت ئالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بىر قاتار غەلىتە سانلاردىن بىر قەھرىمان شەخس دۇنياغا كېلىدۇ.

سۈن ۋۇكۇڭ ئەۋلىيا پېشۋانىڭ رەم ئوچىقىدا 49 كۈن تاۋلىنىپ، ئاخىر كۆزلىرىدىن ئالتۇن نۇرلار چاچراپ تۇرىدىغان ھالەتكە يېتىدۇ، ئۇ پىر ئۇستازىنىڭ يېنىدا ئۇرۇپ 72 خىل نەرسىگە ئۆزگىرىشنى ئۆگىنىدۇ. سۈن ۋۇكۇڭ بىر موللاق ئېتىپلا 180 مىڭ چاقىرىم يىراقلىققا بارالايدۇ. بىر قاتار غەلىتە رەقەملەردىن سۈن ۋۇكۇڭدىن ئىبارەت بۇ قەھرىمان شەخسنىڭ يۇقىرى ماھارەت، يۈكسەك خاسىيەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى كۆ-رۈۋالالايمىز.

بولۇپمۇ نوم ئالغىلى بېرىش يولىدىكى سەكسەن بىر مۇش-كۈلات بۇ سەپەرنىڭ ئۇزۇن، ئەگرى - توقاي، جاپالىق ھەم خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يازغۇچى ئاخىرقى بىر مۇشكۈلاتنى مەقسەتلىك ھالدا تۇڭتيەنخې دەرياسىغا ئورۇن-لاشتۇرىدۇ. تۇڭتيەنخې دەرياسى نوم ئالغىلى بېرىش سەپىرىدى-كى پۈتكۈل مۇساپىنىڭ نۇقتىسى. بۇدساتۋا تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ مۇشكۈلاتقا ئۇچراش ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن دەپ-

تېرنى كۆرۈپ شۇئان: «بۇددا سەكسەن بىر مۇشكۈلاتقا يولۇقسا كامالەتكە يېتىدۇ. تاڭ سېڭ سەكسەن مۇشكۈلاتقا يولۇقۇپتۇ، يەنە بىرى كەم بولۇپ قاپتۇ، سان توشمىسا بولمايدۇ» دەيدۇ.

تۇڭتيەنخې دەرياسى بويىدىكى ئاخىرقى بىر مۇشكۈلات «توساتتىن چىققان قارا قۇيۇن، قاراڭغۇلۇق قاپلىغان يەر - جاھان، ھەريان ئۇچۇپ يۈرگەن قۇم - شېغىل» بىلەن باشلىنى- دۇ. كىشىنى لەرزىگە سالىدىغان بۇ كۆرۈنۈش نوم ئالغىلى بېرىش سەپىرىنى يېڭى بالداققا كۆتۈرۈۋېتىدۇ، مۇشۇنداق يې- شىم پۈتكۈل نوم ئالغىلى بېرىش سەپىرىنىڭ جىددىي، ھەيران قالارلىق كەيپىيات ئىچىدە ئاياغلىشىشىغا تولۇق شارائىت يارى- تىپ بېرىدۇ.

كىشىلەر «غەربكە ساياھەت»نىڭ ۋەقەلىكى ۋە ئۇستىلىق بىلەن يارىتىلغان پېرسوناژلاردىن باشقا، ئەسەر ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرگەن يۇمۇرلۇق تۈسكە ئىگە كومېدىيىلىك ئۈنۈمىنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. «غەربكە ساياھەت»تە كۆپلىگەن كومېدىيە چول- پانلىرى بار، سۈن ۋۇكۇڭ ۋە جۇباجىيېدىن سىرت، ھەرقايسى ئالۋاستى، ھەتتا بۇدساتۋا، ئەۋلىيالارنىڭ ۋۇجۇدىدىمۇ كومېدىك ئامىل باردەك كۆرۈنىدۇ. سۈن ۋۇكۇڭ بىلەن ساكيامۇنى ھا- يات- ماماتلىق دو تىكىشنى قارار قىلىدۇ. بۇنىڭدا سۈن ۋۇكۇڭ- نىڭ يېڭىلىدىغانلىقى ئوقۇرمەنلەرگە ئېنىق. لېكىن، قۇۋ سۈن ۋۇكۇڭ ساكيامۇنىنىڭ بارماقلىرىغا خەت يېزىپلا قالماي، بار- ماقلىرىنىڭ ئارىلىقىغا سىيىپ قويىدۇ. بۇنىڭدىن كىشى يا كۈ- لۈشنى، يا يىغلاشنى بىلمەي قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كەسكىن ئېلىشىش كۆرۈنۈشى كىشىنىڭ يادىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. سۈن ۋۇكۇڭدا مايمۇنغا خاس خاراكتېر بار، ئۇ باشقىلارنى كولدۇرلىتىشقا ئامراق، شۇڭا سۈن ۋۇكۇڭ بار يەردە كۈلكە بولماي قالمايدۇ.

«ئۈچ ئەقتابخانىسىدا سۈيدۈكنى دېمىدە سۈيى قىلىش»

دېگەن ھېكايىدە سۇن ۋۇكۇڭ باشلىق ئۇچەيلەن يولۋاس كۈچلۈك پىركالان، بۇغا كۈچلۈك پىركالان، قوچقار كۈچلۈك پىركالانلارنىڭ نەزىر تائاملىرىنى يەپ تۈگىتىدۇ. بۇ ئۈچ پىركالانلار سۇن ۋۇكۇڭلارنى ئەۋلىيا قاتارىدا ساناپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە دېمىدە سۈيى قالدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىشىدۇ. بۇ ئۈچ ئەخمەق ئىدىش، تەڭنە ۋە لوڭقا ئەكېلىدۇ. بۇنىڭدىن خۇش بولۇپ كەتكەن سۇن ۋۇكۇڭ، جۇباجيې ۋە شا شەيخ سىيىدۇ - دە، ئۇچەيلەنگە دېمىدە سۈيىنى ئېلىشنى بۇيرۇيدۇ. ئۈچ ئەخمەق دېمىدە سۈيىدە غەيرىي پۇراق بارلىقىنى، دېمىدە سۈيىنىڭ چوشقىنىڭ سۈيدۈكىدەكلا تېتىيدىغانلىقىنى بىلىپ قالىدۇ، بۇ چاغدا سۇن ۋۇكۇڭ: «بۇ قانداقمۇ دېمىدە سۈيى بولسۇن، سىلەرنىڭ ئىچكىنىڭلار سۈيدۈك!» دەيدۇ.

«غەربكە ساياھەت» تە قىزىقارلىق ئىشلار قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ، سۇن ۋۇكۇڭ كالا ئالۋاستى پادىشاھىغا ئايلىنىپ تۆمۈر يەلپۈگۈچلۈك مەلىكىنى كولدۇرلىتىدۇ. جۇباجيېنى دېمەيلا قويايلى، ئۇنىڭ پەلپەتىش سۆزلىرى كىشىنى سۇن ۋۇكۇڭنىڭ سۆزلىرىدىنمۇ بەكرەك كولدۇرلىتىدۇ.

جۇباجيې ۋۇجۇاڭ ئىبادەتخانىسىدا ئادەمگىياھ مېۋىسىنى يېگەندە، ئۇرۇقى بارمۇ - يوق، تەمى قانداق سوراپ باقمايلا «قولىغا ئېلىپ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ يۇتۇۋېتىدۇ»، يەپ بولغاندىن كېيىن كۆزىنى پارقىرىتىپ سۇن ۋۇكۇڭ، شا شەيختىن ئۆزىنىڭ بايا نېمە يېگەنلىكىنى، تەمىنىڭ قانداقلىقىنى سورايدۇ. ئۇلار جۇباجيېنىڭ خۇپسەنلىكىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايدۇ، ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك غودۇراپ كېتىدۇ.

بىز «غەربكە ساياھەت» تىن ھوزۇرلانغىنىمىزدا، ئەسەرنىڭ كىشىنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلىدىغان ئالاھىدىلىكى بىلەن پېرسوناژلاردىن باشقا، تىلىنىڭمۇ ئاجايىپ سېھرىي كۈچكە ئىگە

ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

«تۆت ئەۋلىيانىڭ تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ نىيەت - ئىقبالىنى سىنىغانلىقى» دېگەن ھېكايىدە جەنۇبىي دېڭىزدىكى شەپقەتكار بۇدساتۋا باشلىق تۆت ئەۋلىيا بويىغا يەتكەن ئۈچ قىز ۋە ئۇلارنىڭ ئانىسىغا ئايلىنىدۇ، قىزلارنىڭ ئانىسى ئاۋۋال ئۆزىنىڭ مال - دۇنياسى، ئاندىن كېيىن قىزلىرىنىڭ چىرايلىق ھەم قولىدىن ئىش كېلىدىغانلىقى توغرۇلۇق گەپ ئېچىپ، تاڭ سېڭ قاتارلىق تۆت كىشىنىڭ ئۆزلىرىگە ئەر بولۇشىنى ئۆتۈنىدۇ. تاڭ سېڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، پەرھىزىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، لاغىلداپ تىترەپ ھېچنېمىنى بىلمىگەن قىياپەتتە ئولتۇرىدۇ.

تاڭ سېڭ باشتا «ھېچنېمىنى ئۇقمىغان قىياپەتتە كۆزىنى پارقىرىتىپ جاۋاب بەرمەيدۇ»، كېيىن «ھاڭۋاقتىغا ئوخشاش گەپ قىلمايدۇ»، قارىشى تەرەپ بارغانسېرى قىستاۋەرگەندىن كېيىن، «سەنزاڭ چاقماق ئاۋازىدىن قورقۇپ كەتكەن بالىدەك، يامغۇردا قالغان پاقىدەك بىچارە ھالەتتە كۆزىنىڭ ئېقىنى چىقىرىپ ئاسمانغا قاراپ ھاڭۋېقىپ ئولتۇرىدۇ».

«ھېچنېمىنى ئۇقمىغان قىياپەت»، «ھاڭۋاقتى ئادەمنىڭ ھالىتىگە چۈشۈپ قېلىش»، ئاخىر بېرىپ «كۆزىنىڭ ئېقىنى چىقىرىپ ئاسمانغا قاراپ ئولتۇرۇش» قاتارلىق تەسۋىرلەر ئار-قىلىق يازغۇچى تاڭ سېڭنىڭ ئاياللارنىڭ ھۆسن - جامالى ۋە مال - دۇنيا ئالدىدا دۇچ كەلگەن سىناق ئازابىغا تاقابىل تۇرغان قەتئىي ئىرادىسىنى جانلىق ئىپادىلىگەن، قاتلاملىرى ئېنىق چىققان.

تاڭ سېڭنىڭ ھەرىكەتلىرىگە سېلىشتۇرغاندا، جۇباجيېنىڭ ئەپت - بەشىرىسى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. «جۇباجيې شۇنچە دۆلەت، شۇنچە ساھىبجاماللار ئالدىدا ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالغان، نۇرغۇن ۋاقىتتا خۇددى يىڭنىنىڭ ئۈستىدە

ئولتۇرغاندەك قىمىرلاپ، ئۆزىنى باشقۇرالماي قالغان». بىز
سېمىز جۇباجىينىڭ ئولتۇرغان چاغدىكى ئازابلىق ھەم كۈلكى-
لىك ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. جۇباجيې زادىلا تاقەت
قىلالماي ئالدىغا بىر قەدەم مېڭىپ ئۇستازىغا: «ئۇستاز! بۇ
ئايال سىلىگە گەپ قىلىۋاتسا، بىر پاي كارىلىرى يوق تۇرىلىغۇ؟
گېپىگە قۇلاق سېلىپ قويسىلا يامان بولماسىدى» دەيدۇ. مۇشۇ
كۆرۈنۈشتىن جۇباجيېنىڭ بىتاقەت بولۇۋاتقان روھىي ھالىتى
ئاشكارا بولىدۇ. ئۇنىڭ ھاياسىز ھەم شەھۋەتكە تولغان روھىي
دۇنياسى تولۇق ئىپادىلىنىپ بېرىلىدۇ.

كېلىن تاللاش ئويۇنىدا جۇباجيې پىرقىراپ كېتىدۇ، «ئۆ-
زىنى ئىككى تەرەپكە تاشلايدۇ. ئۇيان - بۇيان چاپىدۇ»، «بىر-
دەم تۇۋرۇكنى قۇچاقلايدۇ، بىردەم تامنى سىيلايدۇ. ئىككى
تەرەپكە قاتراپ، ئورنىدا تۇرالماي يىقىلىپ چۈشىدۇ». ئۇ ئاخى-
رى «سوقۇلۇپ يۈرۈپ يىقىلىپ چۈشۈپ يۈز - كۆزى كۆكىرىپ
كېتىدۇ». قۇچاقلاش ۋە سىيلاش، سەنتۈرۈلۈش ۋە يىقىلىپ
چۈشۈش، بۇ بىر گۈرۈپپا پېئىل بېشى قايغان، كۆز ئالدى
قاراڭغۇلاشقان جۇباجيېنىڭ ئوبرازىنى يارقىن سۈرەتلەپ بەر-
گەن.

ھەرىكەت تەسۋىرىگە ئىشلىتىلگەن سۆز - ئىبارىلار جانلىق
بولۇشتىن باشقا «غەرىبكە ساياھەت» تىكى پېرسوناژلارنىڭ دىئا-
لوگلىرىمۇ خاسلىققا ئىگە. بولۇپمۇ سۈن ۋۇكۇڭ، جۇباجيې ۋە
تاڭ سېڭ قاتارلىق ئاساسلىق پېرسوناژلارنىڭ تىلى روشەن ئىن-
دىۋىدۇئاللىققا ئىگە.

سۈن ۋۇكۇڭ چاققان، كىشىنى ئەخمەق قىلىشقا ئامراق؛
جۇباجيې ئاچ كۆز، قۇۋ؛ شا شەيخ ياۋاش، سەمىمىي؛ بۇ ئالاھى-
دىلىكلەر ئادەمگىياھ مېۋىسىنى ئوغرىلاپ يېيىش جەريانىدىكى
دىئالوگلاردا ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

جۇباجيې ئالدىغا تائام كەلگەندە، يەپ تۈرۈقلۇق «كۆزىنىڭ

پاختىسىنى چىقىرىپ مۇتتەھەملىك قىلىدۇ» ، مۇتتەھەملىك
ئاقمىسا يالۋۇرىدۇ. ئۇ دۆت ھەم كۈلكىلىك، شۇنداقتىمۇ ئۇ
ئۆزىنى ئەقىللىق چاغلايدۇ. شا شەيخ ياۋاش ھەم سەمىمىي،
جۇباجىيېنىڭ مەقسىتىنى بىلىپ يېتەلمەيدۇ. جۇباجىيغا راستـ-
چىللىق بىلەن جاۋاب بېرىدۇ. سۇن ۋۇكۇڭ شا شەيختىن كۆپ
چېچەن، ئۇ جۇباجىيېنىڭ يالغان سۆزلەۋاتقانلىقىنى بىلىۋېلىپ،
ئۇنى ئۆزىگە يالۋۇرۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

«غەربكە ساياھەت» ئامىباب ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەسەر.
ئەسەردە كۆپلىگەن يەرلىك دىئالېكت ھەم يەرلىك سۆزلەر بار.
چاڭجياڭ ۋە خۇەيخې ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ يەرلىك دىئالېكتى
ئەسەرنىڭ تىلىنى جانلىق ھەم پاساھەتلىك قىلغان.

«غەربكە ساياھەت» نىڭ ئامىبابلىقى يالغۇز ۋەقەلىكنىڭ
مەنبەسىلا ئەمەس، بەلكى نۇرغۇن ۋەقەلىكلەر خەلق ئارىسىدا
تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەتلەردىن كەلگەنلىكى بىلەن خاراكتېرلە-
نىدۇ. تاڭ سېڭ، سۇن ۋۇكۇڭ، جۇباجىيې قاتارلىقلارنىڭ
ئوبرازى نەچچە قېتىم ئۆزگەرگەن. سۇن ۋۇكۇڭنى ئېلىپ ئېيـ-
تايلى، بەزىلەر ھۆرجامال مايمۇن پادىشاھ پۈتۈنلەي «ئۆزىمىز-
نىڭ» ، ئۇ مىللىي غۇرۇر، مىللىي ئۇسلۇب ۋە مىللىي روھنىڭ
رىۋايەتتىكى قەھرىمانى، دەيدۇ. يەنە بەزىلەر سۇن ۋۇكۇڭ ئىمـ-
پورتنىي، يىراق ھىندىستاندىن جۇڭگوغا كەلگەن، دەيدۇ. ئەمـ-
ما، ئەمەلىيەتتە «نوم ئالغىلى بېرىش يولىدىكى نەزمىلەر» دە
سۇن دانىش، كارامەتتىن سەل خەۋىرى بار ھۆرجامال مايمۇن
پادىشاھ، ئۇ خان ئانىنىڭ شاپتۇللۇقىدىن شاپتۇل ئوغرىلاپ
يېگەن، خان ئانا ئۇنىڭ «سول قوۋۇرغىسىغا سەككىز يۈز قېـ-
تىم، ئوڭ قوۋۇرغىسىغا ئۈچ مىڭ قېتىم» يەڭگىل ئۇرغان،
بۇ تاياقنىڭ ئازابى يىگىرمە يەتتە يىلغىچە كەتمىگەن. «غەربكە
ساياھەت» ناملىق تىياتىردا سۇن دانىش ماھارەتتە يېتىلىپ
«بىرلا موللاق ئېتىپ 180 مىڭ چاقىرىم يىراقلىققا بارالايدۇ-

غان» بولغان، لېكىن جۇباجىيېنى قوبۇل قىلىشقا ماغدۇرى يەتمەي ئەۋلىيا ئېرلاڭدىن ياردەم سورايدۇ. «غەربكە ساياھەت» ناملىق بۇ ئەسەردە سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ماھارىتى كامالەتكە يېتىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئوبرازى ۋە ئۇنىڭ ماھارىتى ئاستا ـ ئاستا شەكىللەنگەن. ئۇزۇن تەرەققىيات باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرگەن.

ئەمەلىيەتتە «غەربكە ساياھەت» ناملىق ئەسەر دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، ئۆسمۈرلەرنىڭلا ئەمەس، چوڭلارنىڭمۇ ياخشى كۆرۈشىگە سازاۋەر بولدى، شۇڭا ناھايىتى كەڭ تارقالدى. ئەسەردىكى ھېكايىلەر مۇستەقىل، رىۋايەت تۈسى قويۇق، ئەدەبىيات ۋە سەنئەتنىڭ تۈرلۈك ژانىرلىرى بۇ ئەسەردىن پايدىلانغان. جىڭجۈي، تۈرلۈك يەرلىك تىياتىرلاردا، قونچاق تىياتىرى، تېرە قونچاق ئويۇنى قاتارلىق باللار ياخشى كۆرىدىغان فىلىملەردىمۇ «غەربكە ساياھەت»تىكى ۋەقەلىكلەر بار.

«غەربكە ساياھەت»تە دېيىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن گەپ بار. ئۇ ئىنتايىن مول مەدەنىيەت مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ ئەسەرنى ئۆزىڭىز ئوقۇپ چىقسىڭىز، ئەسەردىن ھەقىقىي ھۇزۇر ئالالايسىز!

本书根据中国少年儿童出版社 2000 年 12 月第一版山东第一次印刷版本翻译出版。

بۇ كىتاب جۇڭگو ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2000 ـ يىل 12 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان 1 ـ نەشرى شەندوڭ 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

مەسئۇل مۇھەررىر : قەيسەر قۇربان
مەسئۇل كوررېكتور : خەيرىنىسا روزى
كىتاب ئىسمىنى يازغۇچى: دولقۇن قادىر

ۋۇ چېڭئېن (مىڭ سۇلالىسى)

# غەربكە ساياھەت

قىسقارتىپ يازغۇچى: جياڭ تىڭخۇەي

تەرجىمە قىلغۇچى: ياسىن سېيىت ئارچىن

---

**نەشر قىلغۇچى** : مىللەتلەر نەشرىياتى
**ئادرېسى** : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى : 100013، تېلېفون نومۇرى : 64290862 ـ 010
**ساتقۇچى** : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
**باسقۇچى** : دىشىن باسما زاۋۇتى
**نەشرى** : 2005 ـ يىل 7 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
**بېسىلىشى** : 2005 ـ يىل 7 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
**ئۆلچىمى** : 850×1168م م. 32كەسلەم
**باسما تاۋىقى** : 10.75
**سانى** : 0001 ـ 3000
**باھاسى** : 13.00 يۈەن

---

责任编辑：凯赛尔.库尔班
责任校对：海仁沙.肉孜

图书在版编目(CIP)数据

西游记/（明）吴承恩；张延辉缩写；卡德尔译.北京：民族出版社，2005.6
ISBN 7-105-06895-7

Ⅰ.西... Ⅱ.①吴...②张...③卡... Ⅲ.章回小说—中国—明代—缩写本—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.1242.4

中国版本图书馆CIP数据核字(2005)第064229号

出版发行：民族出版社　　http://www.e56.com.cn
社　　址：北京市和平里北街14号　　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京迪鑫印刷厂
版　　次：2005年7月第1版　2005年7月北京第1次印刷
开　　本：850毫米×1168毫米
印　　张：10.75
印　　数：0001-3000册
定　　价：13.00元

责任编辑：凯赛尔·库尔班



ISBN7-105-06895-7

9 787105 068951 >

ISBN 7-105-06895-7/I·1532
民文（维222）　定价：13.00元